# كاسساندرا تامغىسى

Т а в р о К а с с а н д р ы

# چىڭگىز ئايتماتوۋ (قىرغىزىستان)


(رومان)

يۈسۈپ ئىگەمبەردى تەرجىمىسى

قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى تىل فاكۇلتېتى


## بىرىنچى بۆلۈم

كاسساندرا ئاپوللوننىڭ مۇھەببىتىنى قوبۇل قىلمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاپپوللون كاسساندراغا غەزەبلىنىپ، ئۇنىڭ سەگەكلىك بىلەن ئېيتقانلىرىنى ھېچكىم ئىشەنگۈسىز قىلىپ قويىدۇ.

— قەدىمكى يۇنان ئەپسانىسىدىن

پانىي دۇنيالىق ئۆچۈن ئەسلا نېسىپ بولمىغان، ئاسمان ئاستىدا، يەر ئۈستىدە يۈز بېرىپ تۇرغان ھارام ئىشلارنى كۆرمىگەن جانىنىڭلا قالغىنى ھېلىقى ئىككىسىنىڭ بەختى ئىدى.

- ئىككىلېسىئاست (تەۋراتنىڭ مۇتەپسىرى)

بۇ سەپەرمۇ بايىقىدەك ئىش تەسۋىرلەنگەن كەلىمىلەردىن، كەلىمىنىڭ

ئۆزىدىن باشلاندى. دۇرۇست.بۇ بايىقى قاچاندۇر بىر بولۇپ كەتكەن دۇنياغا بۇ مەلۇم بىرمەڭگۈلۈك ۋەقەلىكتەك بولۇپ تۇراتتى.

ئۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسى ئەشۇنداق ئېيتىلغان كەلىمىلەردىن كېلىپ چىقمىدىمۇ؟...

شۇنداق بولسىمۇ بۇ كۈتۈلمىگەن ئەھۋالغا بىرىنچى بولۇپ قاپسىلىپ قالغان ئادەملەرنىڭ كۆپچىلىكى كېيىن ياشاپ يۈرۈپ دەل شۇ ۋەقەنى ئۆز ھاياتىدىكى ئەڭ بىلىنەرلىك،گەۋدىلىك ۋەقە، ھادىسە دەپ بىلىشىپ تارىخي ئەستىلىك يېزىشنىمۇ ھېچقاچان ئويلاشقان ئەمەس. ئۇنىڭدىن قالسا يەنە بىر قىزىقسىنارلىق ئىش بار. شۇ ۋەقەگە شاھىد بولغانلارنىڭ ھەممىسى نېمە دېيىشنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ قالغاندەكلا قىلىشىپ ئۆز بايقاشلىرىنى «مۇشۇ كەمگىچە يۈزكۆرۈلمىگەن بۇ ۋەقەلەر رازىۋېدكا رومانىدىكىدەك راۋاجدا بولدى» دەپ باشلاشقا مەجبۇر بولىدۇ.

ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق بولدى. «مۇنبەر» گېزىتىنىڭ خىزمەتكارلىرى ئويلىمىغان يەردىن رەھبەرلىك جايلاشقان قەۋەتتە ئالدىراپ - سالدىراپ ئۇچراشقان تەھرىر ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرىنىڭ جىددىي چاقىرىلغان كېڭەش يىغىنى ۋاقتىدا «ئۇيان - بۇيانغا چېپىشقا، تېلېفوننىڭ جىرىڭلىشىشىغا، فاكسقا جاۋاب بېرىشكە، بۇندىن باشقا يەنە ئاللىقانداق كىشىلەرنىڭ تەھرىرات بوسۇغىسىدىن ئاتلاپ كىرىشى مەنئى قىلىنىسۇن!» دېگەن باش مۇھەررىرنىڭ بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋېلىشتى.

شۇنداق قىلىپ، ھەممە ئىش شۇ جىددىي چاقىرىلغان كېڭەشتىن باشلاندى. بۇنىڭغا ئوخشىمىغان باياناتنىڭ گېزىت يۈزىدە ئېلان قىلىنىشى نەچچە كېچە ئۇخلىسىمۇ چۈشكە كىرىدىغان ئىشمۇ؟! بىراق، ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىر - بىرلەپ ماقۇلغا كېلىشى كېرەك ئىدى. ئەمەلىي ھەرىكەتلىنىش كېرەك ئىدى. يابار - يا يوق مەسىلە مانا مۇشۇنداق قىردىن چىقتى، شۇنداق قىلىپ «بارلىق قورۇقلۇقلاردا تەپەككۇرنى ئويغاتقۇچى» دېگەن ئاتاق ئالغان «مۇنبەر»مۇ ئازدۇرۇلماي قالمىدى. (ئەلۋەتتە، «شەيتاننىڭ ئازغۇرلۇقى»

دەپ كېيىنكى قارشى چىققۇچىلار دېگەنگە ئوخشاش ئىش بولدى) بىرەر خەۋەرنىڭ دۇنيانى زىلزىلىگە سالىدىغان خەۋەر بولمىقى ئوڭايمۇ؟ تەھرىراتتىكىلەر بۇ ماتېرىيالغا ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقى ئالدى - دە، ئادەمزاتى تارىخىدا بۇرۇن كۆرۈلۈپ باقمىغان يازما ماتېرىيالنى ئۆز ئەينى ئېلان قىلىپ ئەۋەتىشكە تەۋەككۇل قىلىشتى.

مانا مۇشۇنداق ۋەقەلەرنىڭ بىسمىللاسىدا تەھرىرات ئاخباراتچىلىرى ئىچىدىن كىمدۇر بىرى كۆپچىلىكنىڭ ئېسىدە بار بولغان ،لېكىن ھېچكىممۇ دېيەلمىگەن بىر گەپنى ئېيتىپ تاشلىدى؛

- مانا، يىگىتلەر بولار ئىش بولدى - دېدى ئۇ قولىدىكى سىرى قۇراي دەپ قالغان ۋاراقنى كۆرسىتىپ - تارىختىكى ئادەم بالىسىنىڭ خىيالىغا كەلمەيدىغان ۋەقەنى مانا بىزنىڭ«مۇنبەر» ئېلان قىلىش ئالدىدا تۇرماقتا، پۈتتى. ئەمدى بىزگە ھېچكىم يېتەلمەيدۇ. ئەمدى قالغان ئىشلارنى كۆرىمىز. تۇرمۇش بىزگە كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىشنىڭ ئاخىرى نېمە بولىدۇ دەيدىغانسىلەر بەلكىم. كۆرىمىزغۇ! - ئۇ بېشىنى چايقاپ قويدى - دە سىرلىق تەرزدە سۆزنى تولۇقلىدى؛

- چۈنكى، خىزمەتداشلار، كەچۈرۈڭلار. ئەسكەرتىپ قوياي، بۇندىن كېيىن باشقا ھەركىم ئۆزى ئۈچۈن بەكرەك ئويلىنىشى تېگىشلىك بولىۋاتىدۇ، بىر سائەتتىن كېيىن نېمە ئىش يۈز بېرىشى نائېنىق.

- راستتىن ئېيتقاندا خەۋپلەنمەي تۇرۇشقا بولمايدۇ. بۇ گەپلەرنى ھەممەيلەن چۈشىنىپ تۇراتتى. تەھرىراتتا شۇ كۈنى ھەممىسىنىڭ يەنى باش مۇھەررىرىدىن تارتىپ كېلەچەكتە تەپسىلىي خەۋەر يازغۇچى بولۇش ئۈچۈن بۇ يەرگە ئاخبارات فاكۇلتېتىدىن كېلىشكەن بىلىم ئاشۇرغۇچىلارغىچە ھەممىسىنىڭ كەيپىياتى سائەتسايىن ئۆزگىرىپ تۇردى. بىردەم جىمىسى ئالدىراپ يۈرسە ،ياكى ئولتۇرغان ئورۇنلىرىدا ھاڭۋېقىشسا ،بىر - بىرىنىڭ گېپىگە سۆز قېتىشتىن قېچىشسا، بىردەم ئۇنداق قىلىشنىڭ تەتۈرسىچە كارىدورلار بىلەن ئىشخانىلاردا نېرى - بېرى پاي - پېتەك بولۇشۇپ

هاياجاندىن كۆزلىرى ئويناقشىپ قىزغىن هالدا گەپكە چۈشۈپ كېتىشتى. بىراق، هازىر باشقا نەرسە  هەققىدە ئويلىنىشنىڭمۇ پايدىسى كېلىپ بولىدىغان بولۇشى مۇمكىن. قەھرىلەنگەن قارام كىشىلەردىن قوغدىنىش ئۈچۈن ئىشىك - دېرىزىلەرنى چىڭ تاقاش مۇھىم بولۇپ يۈرمىسۇن يەنە؟ بۇنداق ئەھۋالنى يۈز بەرمەيدۇ دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى كوچىدىكى قەھرىلەنگەن بىر توپ كىشىلەر تەھرىراتقا بۆسۈپ كىرىپ  (ئۇلارنى هېچقانداق بىر ساقچى توختىتالمىسا كېرەك) ئەينەكلەرنى چېقىپ،ئەمگەك قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ مىجىقىنى چىقىرىپ، چاتاق چىققان يەرگە چېپىپ بارغان تېلېۋىزىيە خادىملىرىنىڭ تېلېكامىراسىنىڭ  ئالدىدا ، قاش بىلەن قاپاقنىڭ ئارىلىقىدىلا پۈتكۈل دۇنيانى زىلزىلىگە سالغان، ئادەمنى تەڭرىنىڭ ئۆزى بىلەن تەڭلەشتۈرگەن مۇخبىرلارنى ياقىسىدىن قارماپ هالىنى كەتكۈزگۈدەك باھانەلەر بىلەن كاچاتلاپ ،ئۇرۇپ سېلىشى ئېنىق ئىدى. بىراق هازىرغىچە هېچنەرسىدىن خەۋىرى يوق چۈمۈلىدەك يايلىغان كىشىلەر  ئامېرىكىنىڭ چوڭ شەھەرلىرىنىڭ كوچىلىرىدا كۆككە تاقاشقان ،پۈتۈن سۈرۈك ئەينەكتىن ياسالغاندەك ئۆي - ئىمارەتلەرنى بويلاپ مىدىرلىشىپ يۈرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن قاتار تالاشقان رەڭگارەڭ ماشىنىلار تىنىمسىز رەۋىشتە دەريا دولقۇنلىرىدەك ئۇيان - بۇيان ئېقىشىپ يۈرىدۇ. كۆك قەھرىدە كۆزنى چاقنىتىدىغان تىك ئۇچارلار ئۇچۇپ يۈرۈشىدۇ.

يەنىلا  هېچكىم ئەقلىدىن ئاداشقىنى يوق. هازىرغىچە  ئۆزلىرىنىڭ مەڭگۈلۈككە شەك كەلتۈرمىگەن هايات ئېقىمىنىڭ تىلسىمغا ۋىجدانسىزلىق بىلەن يول ئالغان، قارا سانىغان گېزىتلەرنى قوللىرىدا پۇلاڭلىتىپ، كەڭرى سەينالارغا هېچكىم چۇقان-سۈرەن سېلىپ چىقالمىدى. يەنىلا هېچكىممۇ ھەممە ئادەمنى توپىلاڭغا كۈشكۈرتۈپ  «دوزاقنىڭ يولىنى تورايلى!» دەپ چۇقان سالمىدى.

«مۇنبەر» گېزىتىدىكىلەر «باشقا بىرسى بىزلەردىن ئېشىپ -ئوزۇپ كەتمىسۇن» دېيىشىپ ئالدىراشتى. قايتىدىن تېرىلىپ - چېچىلىپ تۇرغان

گېزىت ماقالىلىرى يېرىم سائەت ئىچىدىلا قۇراشتۇرۇلۇپ بىر سان گېزىت پۈتتى. كائىناتتىن كەلگەن بۇ ماتېرىيالنى دۇنيانىڭ باشقا يېرىدىكى ھەرقانداق گېزىتتىكىلەر بولمىسۇن ئۆزلىرىنى تەۋەككۇلغا سېلىشىپ دەررۇ ئېلان قىلىۋېتىشىدۇ. ھەتتا بۇ ئىشنىڭ كاساپىتىدىن مەيلى يەر يۈزىنى توپان بالاسى قاپلاپ، ئۇچارلىق ـ تىنارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى يالماپ كەتسىمۇ، ئۇندىن كېيىن بىردىنلا گېزىتنىڭ ھېچكىمگە، ھېچيەردە كېرىكى يوق بولۇپ قالسىمۇ بەرىبىر،مەيلى بۇ بىر كەلگەن پۇرسەتنى «مۇنبەر» گېزىتدىكىلەر قولدىن بېرىۋېتىشىدىغاندەك ئەمەس...

شۇنداقلا كېلەچەكتىكى قىيامەت قايىم كەبى ھامىنى بىر كۈنى ھەممىسىنى تۈگەتكۈچى توپان بالاسىنىڭ مەنبەسى بولغان ئوكيان بولسا مەھشەر كۈنى قۇرۇقلۇقلار ئارىسىدىن ئۆركەشلىنىپ، تارقىلىپ زور قۇۋۋەتلىك ھەرىكەت ھەجىمى بىلەن يەر شارىنى چايقاپ، ئۆزلۈكىدىن قوزغىلىپ، كۆز ئېچىپ يۇمغىچە پەيدا بولغان سۇرلۇك بەھەيۋەت دولقۇنلارئۆزلىرىنىڭ كۆپ تاراملىرى بىلەن ئويناقلىشىپ، چېكىگە كۆز يەتمىگەن ئۆز تەكشىلىكىدە خەندان ئۇرۇپ، نەرە تارتىپ چالقىپ تۇردىغاندەك قىلاتتى.

كېلەچەكشۇناس كۆكتە تۇرۇپ ئوكياننىڭ قايناۋاتقان ماگمىسىغا كۆز چاپتۇرۇپ ئاتلانتىك، ئوكيان ئۈستىدىن ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ئايروپىلاننىڭ دېرىزىسىدىن مەنزىرىلەرگە ھەيرانۇ ھەس بولۇپ قاراۋاتاتتى . بۈگۈنكى ھاۋا ئوچۇق كۈندە ئۇنىڭ كۆز قىرىغا چۈشكەن مەنزىرەلەردە ئادەتتىن تاشقىرى، باشقىچە بىرەر نەرسە بولمىسىمۇ تۆۋەن تەرەپتە ھېلىلا چالقىغان ئوكيان، سۇ، مەۋج ئۇرغان دولقۇنلار بىر قىسما ،ئۆزگىچە كۆرۈنۈش ئىدى. كۆزنى تالدۇرىدىغان جىمجىت ئۇپۇق سىزىقىمۇ، يۈزلىگەن ئايروپىلان يولۇچىلىرى ئۈچۈن قارىماسلىققا مۇمكىن بولماس مەنزىرىمۇ كېلەچەكشۇناسىنىڭ ھەۋىسىنى قوزغىدى. «ئادەمنىڭ ئويماقتەك كۆزىنىڭ دۇنيانىڭ چەكسىز كەڭلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالالايدىغانلىق ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك» دەپ ئويلىنىۋاتاتتى ئۇ، بۇمۇ بىكاردىن پەيدا بولغان ئەمەس، ھېچبىر

جانلىقۇا، ھەتتا ئاق بۇلۇت ئالدىدا ئايىنلىپ يۈرگەن بۈركۈتكىمۇ دۇنيانىڭ بۇنداق كەڭرى ئىكەنلىكىنى پۈتۈنلەي كۆرەلەش خاسىيىتى ئاتا قىلىنغان ئەمەس. بەرھەق، تېخنىكىۋى مۇۋەپىقىيەتلەرگە ئۇلىنىپ ئەقلىدىن پۈتكەن ئىككىنچى چىنلىق بولۇپ قالغان ئادەم ئالەمگە يۈزلەنگەندىن كېيىن يېڭى بايلىق مەنبەلىرىنى تاپتى - دە، تەڭرىگە تەڭداش قۇدرەتكە يەتتى. ئۇندىن قالسا ئادەم ئالەمنىڭ كۆزگە كۆرۈنمەس ئېگىزلىكىدە كۆزگە ئىلىناشماس قۇيۇن بولۇپ ئۇيان - بۇيان چېپىپ يۈرۈپ پۈتكۈل يەر يۈزىنى كۆرەلەشكىمۇ بۇيرۇلغان ئەمەسمۇ! ئايروپىلاننىڭ بىرخىل ئۇچۇشىدىكى بىكارچىلىقتا كېلەچەكشۇناس شۇ ئىشلار ھەققىدە ئويلىنىپ قالدى. ئۆزۈڭ يالغۇز قالغان ۋاقىتلىرىڭ بەزىدە بەكمۇ گۈزەل ۋاقىتلارغۇ! چوڭ قىيانىڭ ئۈستىدىن مۇزئارىلاش قۇيۇلۇشقا باشلىغان شۇرمەل تاشقىنىنىڭ ئېقىن بويى سىرغىپ چۈشكىنىدەك ئاققان گۈرەن تومۇرىدىكى قېنىنىڭ يېقىملىق كۈۋەجەشلىرى ئاڭا قارشىلىق قىلمىدى.

كېلەچەكشۇناس ياۋروپادىكى شۇ نۆۋەتلىك سەپىرىدىن قايتىپ كېلىۋاتقان ئىدى. ھەتتا بايىقى خەلقئارالىق يىغىن ، مۇتەخەسسىلەرنىڭ مەجلىسى، شۇنداقلا كائىناتىي مۇھىتنىڭ ھاياتلىق ئىمكانىيىتىگە ئايلانغان، تېخى باياتىنلا بولۇپ ئۆتكەن تۈگىمەس - پۈتمەس بەس - مۇنازىرىلەر، ئوي - پىكىرلەر بىلەن مۆلچەرلەشلەرنى چۆرىدىگەن بىرىدىن يەنە بىرىگە ئاغقان تالاش - تارتىشلار، نۇتۇقلار يەنىلا بايىقى دۇنياۋى مەدەنىيەتنىڭ كېلەچىكى ھەققىدە، بىر قۇتۇپلۇق تەرەققىياتنىڭ ۋەزىيىتى ۋە باشقا شۇنىڭغا ئوخشايدىغان مەسىلىلىرى ھەققىدە بولغان ئىدى. بۇلار دائىما جىددىي، غولدىن چۈشۈپ قېلىۋاتقان مەسىلىلەر ئىدى. ئۇنداق مەسىلىلەر دەل ئاشۇنداق قىيىن مەسىلىلەرنى تېپىپ بىلگۈچى خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ زىيالىيسىنى پۈتكۈل ھاياتىنى سەرپ قىلىشقا مەجبۇر قىلىۋاتقان ئىشلار ئىدى. ۋە يەنە ئۇنداق مەسىلىلەر يىلسايىن بۇ زىيالىي ئۈچۈن پالچىلىقنىڭ كىتابىدەك ئىلىملەرنى قانچىلىك چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرگەنسېرى، ئەزەلدىن ياشاپ كېلىۋاتقان ئادەم

ئەۋلادىنىڭ كېلەچەكىنىڭ تەتقىق قىلىنىپ پۈتۈشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى سېزىشى شۇنچىلىك كۈچلۈك بولۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭدىن مەڭگۈلۈك تەقدىرنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئۇمتۇلۇش، بۈگۈنمۇ ، ئەتىمۇ، مىڭ يىلدىن كېيىنمۇ ھېچقاچان، ھېچكىمگە سىرى ئېچىلمايدىغان ھاياتنىڭ ماھىيىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئىزلەپ مەڭگۈ قىيلىنىش نېمە دېگەن بىر ئاۋارىچىلىك، نېمە دېگەن بىپەرۋالىق،ھە؟ بەزىدە ئۇ مۇشۇنداقمۇ ئويلىنىپ قالىدۇ. بىراق شۈكرى ـ سانا قىلماي كېلەچەككە ئۇمتۇلغان ئاخىرى چىقماس، كۈلۈك ئاتەك چېپىپ يۈرگەن تەپەككۇردىن باش تارتىپ كۆرەر بولساڭ، ھېلىقىدەك ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق يېڭىلا بالقىغان نەرسىنى كۆرسەم دەپ ئۇياق ـ بۇياققا چاپماي تۇرۇشقا ، جان سەكراتقا چۈشمەي تۇرۇشقا ، قىينالماي تۇرۇشقا ئىمكانىيەت بولامدىكىن، زادى؟!

ھەر كىشىنىڭ ئۆزكېلەچىكىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمىگەن تەقدىرى ۋاپاسىز تەقدىر. بىراق، ئىلىم جەھەتتىكى سەۋرچانلىقنى ساقلاش ، غەملەشكە مۇۋەپپەق بولماي قالسىلا ھېلىقىدەك تارىخنىڭ چاقى دېگەن بىر نېمە نەدە؟ تاپقىلى بولمايدۇ، قانداق ھاڭغا ئېلىپ بارىدىغان، كۆز يۇمماس ھەققەت ئۇ، مۆلچەردىكىنى ئالدىنئالا ئېيتىشقا بەل باغلاش ئايرىم پەيتتەنېمەدېگەن قىيىن!؟ بولدى بەس! ئۇمۇ چاق بولامدىغان ـ ھە، بەلكىم ھېچنېمىسىز دىگىلەپ بېرىشقا ئىقتىدارسىزلىق قىلىپ قاتتىق ئۇرۇلۇشتىن كېيىن جابدۇقلىرى چېچىلىپ كېتىپ، سالپىيىپ قالغان ھارۋىنىڭ چاقىدەك بىر نەرسىدۇر، ئۇندىن قالسا ھاياتلىق پائالىيىتىنىڭ بۇ شەكلىگە ئىلىمدە تولۇق قايىل قىلارلىق بىر ئېنىقلىما تېپىلماي قالمىدىمۇ؟! بۇ مۆلچەرلەش، تەشۋىقات يەنە ئۆزنۆۋىتىدەتەجرىبىچانلىق، دراممىلىق خۇسۇسىيەتكىمۇ ئىگە. شۇنىڭغا قارىماي يەنە ھەممىنى ھەل قىلىشقا، ھەممىنى ئالدىنئالا ئېيتىشقا نىشانلىنىش كېلەچەكشۇناسلىقنىڭ ئاساسي ماھارەتلىرى ھېسابلىنىدۇ. بىراق، بۈيۈكلۈكتە تۇرۇپ قىلغان ئايرىم بىر قىياسلار ئادەمنى بەز يەپ سالغاندەك چۆچۈتۈپ، يۈرىكىنىڭ سوقۇشىنى تېزلىتىۋېتىدۇ. ئۆز پەرزىڭدىن، تارىخنىڭ ئالا

سالمىدەك تەقدىر- يازمىشنى سىزىشنىڭ باشقا ،ھەممىدىن ئۇنۇملۇك بىرەر چارىسى بارمۇ ياكى يوقمۇ؟ ھەممە يەردە ئوچۇقتىن ئوچۇقلا يۈكسەكلىككە، پەقەتلا يۈكسەكلىككە ئىنتىلگەن باش ئەگمەس كۈچلۈكلەرنىڭ ھالسىراتقانلىقىدىن قۇيقا چىچىڭ تىك تۇرىدۇ. مەيلى قانداقلا يۈكسەكلىك بولمىسۇن، ئۇ قانچىلىك مەقسەتنى بۈيۈكلۈك قاتارىدا ھېسابلىمىسۇن، ئۇنىڭ كۆزلىگىنى يالغۇزلا بۈيۈكلۈكنى ئىجرا قىلىش. دېمەك، ئۇ كونا قاراشنىڭ ئورنىغا باشقىسنى، يېڭىسنى بەرپا قىلىشقا بەك ئۇستا، ھەممىگە قايىل بولۇپ، چىنلىق بىلەن خىيال ئارىلىقىدىكى مەپكۇرەۋىلىكنى چاڭقاپ ئىزدىگەن جانىغا كېلەچەكشۇناسلىقنىڭ ئۆزى ئېنىق باش قاتۇرۇشى ئازاب ھېسابلانامدۇ؟ گەرچە ئۇ ئىشلار شۇنداق بولسىمۇ ئەڭ قەدىمىي دەۋردىكى ھېلىقىدەك پۈتىدىغان، ئادەم ئاتىدىن باشلانغان كېلەچەكنى ئالدىنئالا كۆرۈش ھەرىكىتىدىن باش تارتىش پىشانىسىگەتەقدىرى پۈتۈلمىش ئادەم بالىسىغا كەلگۈسىدىكى تەرەققىيات يولىدىن قىلچىلىك پايدا كۆرۈش ئىمكانىيىتى بەرمەيدۇ. بەلكىم ھەزرىتى ئېيسانىڭ تىلىكى بىلەن بىشارەت بېرىشتىن باش تارتىش كېلەچەكشۇناس ئۈچۈن قىيىن ئىش ئەمەس. ئۆز جېنىنى ئۆزى قىينىغانغا باراۋەر ئىش. بۇنداق ئىشقا قانچىلىك ئادەملەرنىڭ ئۆمرى سەرپ بولمىدى؟!

ھازىرقى ۋاقىتدىكى پايداخۇمار جەمئىيەتنى، «سەگەكلەر» نىڭ بۈيۈك ئەھۋالىنى ساقلاپ قېلىش ئوڭاي ئىش ئەمەس. دېلفي ـ پىفىيلىرى ئىلاھلارنىڭ نامىدىن ئەجەلنىمۇ، ئازابنىمۇ، نام ـ شۆھرەتنىڭ سەلتەنەتىنىمۇ سەگەكلىك بىلەن ئېيتىۋەرگۈچى پەيزى مەزگىللەر ئۆتكەن.

20 ـ ئەسىردە بىشارەتچىلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ ئالدىن بىشارەت بېرىدىغان كىتابلىرىغا تەكەببۇرلۇق بىلەن مەسخىرىلىك قارايدىغان ۋاقىتلارمۇ بولىدىغۇ، ئېسىت!

ئۇنداق بولغىنى بىلەن بۇمۇ ئانچە قورقۇنچلۇق ئەمەس. كېلەچەكشۇناس ۋە ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرى ئۆز ئۆپچۆرىسىدە ئۆزلىرىنىڭ كەسپىي مەنپەئەتلىرى

ئۆچۈن، يالغۇزلا خەلقئارالىق مۇھاكىمە يىغىنى ئۆچۈنلا بۇ ئىشقا ئىشتىراك قىلغان ئەمەس ئىدى. بۇلار ئۇنىڭ بىلەن ياشاپ كېلىشتى. مىسالى، ئۇنىڭ شۇ قېتىمقى ياۋروپادا ئالغان قەدىمى فىرانكفورت ـ نا ـ مايىنندە نەشرىدىن چىققان يېڭى كىتابىنىڭ بىرىنچى قېتىم كىشىلەر ئالدىدا  نامايىش قىلىنىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى.  «نامايىنە» غا مۇناسىۋەتلىك سەلتەنەتلىك پەيتتە كىمدۇر بىرىسى «//ئۆزۈمنى ئۆزۈم تەقىبكەئېلىشقا مۇرجىئەت// ناملىق زور كىتابىنى نەشرىدىن چىقاردى» دېدى ھەق سۆزلەپ،  ئەلۋەتتە بۇنى مۇئەللىپىنىڭ ئۆزىدىن باشقا  ھېچكىم چەتكە قاقالمايدۇ. كېلەچەكشۇناس ئۆز كىتابىدا بويىنىدىن چىرماقنى ئېلىپ تاشلىغاندەك سولچىللىقنى سىلكىپ تاشلىغان ئىدى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئۆزگۆشىنى ئۆز يېغى بىلەن قورۇشقا دەۋەت قىلىش، تېخىمۇ ئېنىق ئېيتقاندا ، ئۆتۈپ كەتكەن ياش ۋاقتىدىكى مۇددىئالىرىنى قايتىدىن تونۇش  ھېسابلىنىدۇ. يۈزلىگەن يىللار داۋامىدا پەيدا بولغان چەكتىن ئاشقان كۆزقاراشنى ياقلاشنىڭ  زەربىسىدىن قول ئۈزۈشنى ئۆزىدىن باشلاشقا توغرا كەلدى.

رەھبەرلەر بىلەن ئۇچرىشىشدىن كېيىن ئۇ ئىلمىي مۇھاكىمە ئۆتكۈزدى. تەرجىمھالىنى تارقاتتى. ئۇندىن كېيىن رېيىندا قىسقا مۇددەتلىك ھاردۇق سەيلىسىدە يۈرۈپ قولۋاقتا كېتىۋېتىپ گېرمانچە  «شپىگېل» ناملىق ژۇرنالىنىڭ ئەدەبىي سۆھبەت خاتىرىسىگە جاۋاب بەردى.كىشىلەر ئۇنى يەنە باشقا كېلەچەكشۇناسلىقنىڭ  يېشى  بىر  يەرگە  بېرىپ  ئېڭىشىپ  قالغان قوللىغۇچىلىرىغا يانداشتۇرۇپ، لەيلەپ يۈتكىلىۋاتقاندەك كۆرۈنىدىغان رېيىن ساھىلىدىكى تاغلارنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان مەنزىرە بار يەرلەردە سۈرەتكە چۈشۈرۈشتى؛ ھەتتا، ئۇنىڭغا «ھەيۋەت تاغلار بوي تۇرقىڭىزغا خېلى ئوبدانلا ماس كېلىپ تۇرىدۇ. ئۆزىڭىزمۇ ھەيۋەت تاغلارغا ئوخشاش گەۋدىلىك، قىرلىق، بەھەيۋەت تۇرامسىز؟!» دېگەندەك تەكەللۇپ ، چاقچاق ئېيتىلدى.

بۇ چاقچاقلارغا ئۇ مىيىقىدا كۈلۈمسىرەپ «ئۇنداق بولسا ئەدەبىي سۆھبەت خاتىرىسىنىڭ ماۋزۇسىنى // بەھەيۋەت تاغنىڭ تەپەككۇر ئىلھامى//دەپ

قويساقلار بولغۇدەك» دېدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئاۋالقى ئويلىرىنى ئوتتۇرىغا سالدى. ھەرخىل سوئاللار سورالدى. ئىلىمدە، ھاياتتا ئۆزىگە جەڭ ئېلان قىلىش، كۈرىشىشكە چىقىش دېگەن نېمە؟ ئۆز تەجرىبىسىگە ۋە ئېتىقادىغا قايتىدىن قاراپ چىقىش دېگەن شۇمۇ ئەمەسمۇ!؟كېلەچەكشۇناسلىقنىڭ قوللىغۇچىلىرىنىڭ ئويى قانداق؟قايغۇزىم دائىما ھاياتلىق ئۈچۈن مەۋجۇت بولمىسا بولمايدىغان خۇلاسىسىمۇ؟ كېلەچەكشۇناسلىقتىكى تەۋەككۈلچىلىك ھەققىدە ئۆزىڭىزنىڭ ئويىڭىز قانداق؟ ئۇندىن كېيىنچۇ؟ قوللىغۇچىلارنىڭ ئۆز ئەھۋالى قانداق؟ مانا بۇ قېتىمقى رېيىن بويىدىكى شاراپ زىياپىتى ھەققىدە نېمە دېمەكچى بولۇۋاتىسىز؟! ئۇنداق بولسا ئىلىمدەپۇختا ئىكەن، ئامېرىكانلارغا چارە بارمۇ؟ ئۇلارنىڭ ئايرىملىرىنىڭ تېگى،ئەسلى - ۋەسلى گېرمان بولسىچۇ؟ۋەھاكازا.....

مانا ئەمدى روبېرت بورك ئېغىر، سالماقلىق ئويلىنىشتىن كېيىن تېزراق كىيىم ئالماشتۇرىدىغان جايغا يېتىپ بېرىپ ئۆزىنى كۆيىشەككە تاشلاي دەپ شاش يۈرگەن تەنھەرىكەتچىدەك، ئايروپىلاندا ئۇچۇپ كېلىۋېتىپ دائىما خىيالىدىن نېرى كەتمىگەن نەرسىلەردىن ۋاز كېچىشكە تەمشىلىپمۇ باقتى، بىراق چارەبولمىدى. يېڭى، ئاخىرقى خاس ئەسىرى ھەققىدە ئويلىنىپ باقتى. ئۇنىڭ ئالدىدا پۈتمەس نەرسىنى پۈتتۈرىدىغان ئىش ئاخىرقى سىر بولۇپ تۇرۇپتۇ. ئەلۋەتتە مۇمكىنچىلىك يار بەرسە ، ئەگەر كۆپ يىلدىن بېرىكى تەتقىقاتلىرىنىڭ ئاساسىدا ئۆز تەپەككۇرىنى يېڭى ئىلمي ياقتىن كەلگۈسىنى ئالدىن بىلىشنىڭ بوسۇغىسىغا يەتكۈزۈۋشكە مۇمكىنچىلىك يەتسە،روبېرت بوركنىڭ خىيالى بويىچە ھازىرقى ۋاقىتتىكى ئادەم بالىسىنىڭ ئالدىدا بولسا پۈتۈنلەي تەلتۆكۈس ھەل قىلىنىدىغان يېڭى مەسىلىلەر ۋە تەپرىقىچىلىكلەر تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ ئىشلار ھازىرغىچە بىلىنمىدى. چوقۇم ھەممە ئىشقا ئومۇميۈزلۈك رەۋىشتە قىيىن سىناقلار بىلەن قايىسلىش كېلىپ چىقىدۇ. بۇ توساتتىن كۈن تەپتىنى يوقىتىپ سوغۇق باشلانغاندا ياكى ئەكسىچە زىيادە ئىسسىپ كەتكەن چاغدا ئاخىرلىشىشىدىكى تراگېدىيىلىك مۇمكىنچىلىكنى

سىزنىش قابىلىيىتىنىڭ ئۆزلىرىدە بار ئىكەنلىكىنى تېپىۋېلىشى ئوڭاي بولماستىن بەلكى شۇنى سەزگەندىكى ئامان قېلىش بىلەن تەرەققىياتنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇلارنىڭ يوللىرىنى ھەم فورمىلىرىنى ئىزدەپ تېپىشنىڭ يېڭى قېلىپلىرىنى تېپىشقا تۇرتكە بولۇشى لازىم.

بۇنى ئۆز نۆۋىتىدە ھايات كەچۈرۈشنىڭ يېڭى ئوڭايلىقىغا، تەپەككۇرنىڭ يېڭى يولىغا باشلاپ بارىمىز ھەم ئۇلارمۇ بىزنى باشلاپ بارىدۇ. مانا مۇشۇ ھەقتە قەلەم تەۋرىتىش كېلەچەكتىكى تەرەققىيات يولىدىن قىياسەن بىشارەت بېرىدۇ. روبېرت بوركىنىڭ ھېلىقى ئاخىرقى تىلسىماتى شۇنىڭدىن ئىبارەت....

بىراق، ئۆلگۈرەرمىكىن؟ ئىش بەكمۇ كۆپ........ ئاھ، ۋاقىت دېگەن ئۇچقان قۇش.......

ئوكيان تۆمۈرقانات ئالدىدا بايىقىدەك جىمىرلاپ رەڭگارەڭ نۇرسىزىقلىرىنى پەيدا قىلسا، دولقۇنلارنىڭ چاچراندىسى نۇر بىلەن چاراقلاپ يۈرۈپ پايانسىزلىققا ئۆزلىرىنى ئۇرۇۋاتاتتى. قۇياش، بۇلۇتسىز ھاڭغىرىقاي ئاسمان ،بىپايان كەڭلىك، تېزلەشكەن ئۇچۇش، ئوكيان ئۈستىدە توختاپ قالغاندەك قىلاتتى. بىر يېرىم سائەت چامىسىدىن كېيىن قۇرۇقلۇق كۆرۈنىدۇ. مانا مۇشۇ ئايروپىلان ئۇنىڭغا قونىدۇ. ئۇندىن كېيىن بۇ ئاسماندىكى تىنىملار تۈگەيدۇ. ئۇندىن كېيىن قايتىدىن زۇۋۇلداپ چۈشۈپ ئايروپورتتىكى دەسلەپكى قەدەمدىن باشلاپ ئادەملەرنىڭ ئىرىم - جىرىمىغا بوي سۇنىدۇ.

ئۇچۇش داۋام ئېتىۋەردى. كېلەچەكشۇناسنى سەپەردە قانداقتۇر بىر كۈتۈلمىگەن، ئالاھىدە بىر نەرسە كۈتۈپ تۇردى.

ئۇ يارامسىز، ئۆگەنچى فوتوگراف ئىدى. ئۇنىسىغا باقماي فوتو ئاپپاراتىنى دائىما يېنىدا ئېلىپ يۈرىدۇ. ھېچ نەرسىنى ئىلغىماي كۆزگە كۆرۈنگەننىڭ ھەممىنى چىرق - چىرق قىلىپ تارتىۋېتىدۇ. بولۇپمۇ ئۇ ئاسماندىكى ھەر قانداق مەنزىرىگە مېھىرلىك ئىدى. ئۆيىنى لىق ئالغان ھېچنەرسىگە يارىمايدىغان فوتو ئەسەرلەرنى نېمە قىلىشنى بىلمەي قالغان ئايالى جېسسىنىڭ ئىمانى ئۇچاتتى. ھېچنەرسە خۇش ياقماي تۇرغان چاغلاردا جېسسى ئۇنى تاشلاندۇق

نەرسە دەپ ئاچچىقلىنىپ، ئۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈرۈۋېتىمەن دەپ پوپوزا قىلاتتى. بىراق، ئايالىنىڭ گەپ- سۆزلىرى ئۇنىڭ بېرىلگەن ئىشىدىن راينى ياندۇرالمايتتى. ئۇ توساتتىن ئۆزىنى ئۆزى مەسخىرە قىلىپ: « ئىلىم ساھەسىدىمۇ دېگىنىز يۈزىدىن 9ـ10 كىلومېتىر يۇقىرى ئاتموسفىرا قاتلىمىنىڭ تەتقىقاتچىسىمەن، مەۋھۇملۇقتىن ئايلىنىپ چىقالمايمەن. شۇ ۋەجىدىن فوتو سۈرەتچىلىكتە ئوبيېكت قىلغىنىم پەقەت بۇلۇت» دەپ شىۋىرلاپ سالغان ئىدى. مانا مۇشۇ تەرىقىدە ئاسماندا ئەركىن لەيلىگەن قانداقتۇربىر، ئالىنېمىلەرگە ئوخشىغان بۇلۇتنى تارتىۋېلىپ فوتوسۈرەتلىرىمنى توپلاپ تولۇقلىسام بولاتتى دەپ ئويلاپ ئۇ فوتو ئاپپاراتىنى تەييارلاپ دېرىزىگە تەڭلىدى. تىلەككە قارشى،كۆڭلىنى توختاتقۇدەك ھېچ نەرسە كۆرۈنمىدى. ئەتراپتىكى ئاسمان كۆپكۆك، ئاۋۇ تۆۋەن تەرەپتىلا بىر نەچچە پارچە - پۇرات بۇلۇت لەيلەپ يۈرىدۇ.

مانا مۇشۇ مەھەلدە ئايروپىلان كۆزلىگەن نىشاننى بويلاپ بۇرۇلۇۋەرگەندە سەل قىڭسايغان يان تەرەپتىن ئۇ توساتتىن ئوكياندا ئۈزۈپ كېتىۋاتقان كىتلارنىڭ چوڭ توپىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ كىتلارنىڭ شۇنچىلىك دانىمۇ - دانە، شۇنچە چوڭ دائىرە بىلەن ،ماس ھەرىكەتلىرى بىلەن، ئېنىق كۆرگەنلىكتىن ئۇلارنىڭ ئاجايىپ مەنزىرىسى خۇددى بىر ھەيران قالارلىق مۆجىزە بولۇپ تۇيۇلدى. پەقەت بۇ مەنزىرىلا ئەمەس ئۇنىڭ چۈشىگە بۇرۇن غۇۋا ھالدا ئوكياندا ئۈزۈشۈۋاتقان كىشىلەر كىرگەن. ئۇلار «بىز بىلەن بىللە ئۈزۈ!»دەپ چاقىرىۋاتقاندەك سېزىلگەن ئېدى. مانا ئەمدى ئۇ كىتلارنى ئوڭىدا كۆرۈپ ئولتۇرۇپتۇ. بۇ بىر ئاجايىپ كۆرۈنۈش! كىتلار ئاسماندىكى تۇرنىلاردەك قاتاردىن ئازماي ئۈزۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلار يىگىرمە ئەتراپىدا ئىدى. ئايروپىلان بۇرۇلۇپ بېرىپ ئۆز يولىنى تۈزلىدى. بىراق تۆۋەن تەرەپتە كىتلار يەنىلا كۆرۈنۈپ تۇردى. دولقۇننى زور قۇۋۋەت بىلەن يېرىپ سۇ فونتاننى بېشىدىن ئېگىز پۈركۈپ بىردەم ئوكيان ئاستىغا شۇڭغۇپ كېتىشىپ، بىردەم داۋانلاردەك قايتىدىن لەيلەپ چىقىپ كۆزلىگەن نىشانغا كانىدەك چاپلىشىدىغاندەك

ئېزىشماي،ئۆز راھەتلىرىنى بۇزۇشماي بىرخىل رىتىمدا ئۇزۇپ كېتىۋاتاتتى.
ھەممىنى ئۇنۇتۇپ قېلىپ كىتلار توپىنىڭ ئەركىگە لال بولغان روبىرت بورك ئۆزىنى توساتتىن شۇ كىتلارنىڭ ئارىسىدىكى كىت ئادەمدەك، ئۇلار بىلەن سەپەردە ئۇزۇپ بېرىۋاتقاندەك، ئۆز يولىدا قارا يامغۇردىن كېيىنكى ئېدىر بويلاپ ئاققان سۇدەك، ئوكياننىڭ سۈيى بىلەن قوشۇلۇپ يالتىراپ ئاققاندەك سەزدى. شۇنداق قىلىپ ئۇمۇ شۇنىڭدىن باشلاپ بۇنىدىن كېيىن ئۆز ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ھاياتىنىڭ كىتلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشىنى توساتتىنلا كۆڭلىنىڭ تېگى - تېگىدىن ئويغانغان تۇيغۇسى بىلەن چۈشىنىپ ئۆزىنى داۋالغۇپ تۇرغان ئوكياندا ئۈزۈپ بېرىۋاتقاندەك ھېس قىلدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا شۇ يولۇقۇشنىڭ سىرلىق تۈگۈنى يېشىلدى. بۇنىڭدىن كېيىن كىتلار نېمىگە دۇچار بولسا روبىرت بوركمۇ شۇ قىسمەتكە دۇچار بولىدۇ. كىتلار نېمىگە قاپسالسا روبىرت بوركمۇ شۇنىڭدىن قاپسىلىدۇ.
دېمەك، كىتلار ئۇنىڭ چۈشىگە بىكاردىن - بىكار كىرمەپتۇ - دە! ياق! بىكاردىن ئەمەس، بىراق ئۇلار بۇ ۋاقىتتا نەگە ئۈزۈشۈپ بېرىشىدىكەن بۇنچە ئالدىرىشىپ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇلار روبېرت بوركنىمۇ بىللە يۈر دەپ چاقىرىشىدىكەن، نېمە مەنا بىلەن شۇنچە يىراق يەردىن بىر نەرسە چىقىشىغا ئۇ ئانچە ئىشىنىپ كەتمىسىمۇ يەنىلا فوتوئاپپاراتىنى «چىرق» قىلىپ قويدى.
شۇنىڭدىن كېيىن روبىرت بورك دەررۇ ئۆيىگە خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن كىرسلونىڭ بوش يېرىدىن تېلېفوننىڭ تروپكىسىنى ئالدى. تېلېفوندىكى مەلۇمات بېرىپ تۇرغۇچى ئېلېكترونلۇق يېزىقلار تىزىقىدىن بانكا ھېسابات نومۇرىنى، شەھەر، رايون نومۇرىنى، ئۆيدىكى تېلېفوننىڭ نومۇرىنى تېرىپ، يىغىۋېتىپ قايسىدۇر بىر رەقەمدە يېڭىلىشتى. قايتىدىن تېرىپ تەرمىدى. ھازىرقى كۆرۈۋاتقانلىرىنى ئايالىغا ئېيتىشى بەكمۇ زۆرۈر تۇيۇلدى.
روبىرت بورك ھازىر باشقىلار بىلەن گەپ قىلىشمىسا بولمايدىغان، كىمدۇر بىراۋلار بىلەن بۇ مەسىلە ھەققىدە تەڭ كۆڭۈل بۆلۈشمىسە بولمايدىغان

ئەھۋالدا ئىدى. «نېمە ئۈچۈن جېسسى تۇرۇپكىنى ئالمايدۇ، نەگىمۇ كەتكەندۇر؟ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن؟ مېنى كۈتۈۋالغىلى چىقتىمۇ؟ ئەتە بارىمەن ئەمەسمۇ؟ ماشىنىغا تېلېفون بېرىش كېرەك» دەپ ئويلىدى. كىتلارنى كۆرگەنلىكى ھەققىدە ئايالىغا ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا دەپ بەرگۈسى كەلدى. بارغاندا ئېيتىپ بەرسە كېچىكىپ قالىدىغاندەك قىلاتتى.

يېقىن بۇرادەرلىرى ئۇنى، «رەپىقىسىنى ئوڭىدا ھەتتا چۈشىدىمۇ ئالدىيالايدۇ.» دەپ مەسخىرە قىلىشى بىكاردىن ئەمەس.

كىتلار ئوكياندا بارا ـ بارا قارىسى يىراقلاپ كۆزگە كۆرۈنمەي كېتىۋاتاتتى...

- جېسسى، ـ دەپ ۋاقىرىدى ئۇ ئايالى تۇرۇپكىدىن جاۋاب قىلغان زامات ـ ئېسىڭدىمۇ، چۈشۈمگە كىتلار كىردى، دەپ ئېيتقانلىرىم؟!
- شۇنداق، نېمە بولدى، ساڭا نېمە بولدى! نەدىسەن؟
- ئۇلارنى ھازىرلا كۆردۈم . كىتلارنى ئوكياندىن كۆردۈم. ھە، دېمەيسەنغۇ، مەن بۇنداق ئەھۋالنى ئۆمرۈمدە بىرەر قېتىم كۆرگەن ئەمەس، بۇ بىر خاسىيەتلىك كۆرۈنۈش، بۇ بىر مۆجىزە.....بۇ......
- قوي سېنى، قوي سېنى، سەن نېمانچە ئالاقزادە بولىدىغانسەن.دېمىگىنى باس. خۇدا ئۇرغۇر. ئۇ ئىشنى ئۆيگە كەلگەندە ئېيتارسەن. كىتلار دەيسەنغۇ؟.... بۇ يەردە ئۇنىدىن بەدتەر نېمە بولۇۋاتىدۇ دېمەيسەن تېخى، نېمە دېيەرىمنى بىلمەيمەن ساڭا، ھەممە ئادەم، ھەممىسىنىڭ ئوقۇغىنى ھېلىقى «مۇنبەر» ، ئايروپلاندىكى سورۇنۇڭلاردا بۇگۈنكى گېزىتلار بارمۇ؟ نەدىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ..... سىلەر ئاسماندا ئۇچۇۋاتقان بىلەن بۇ يەردە مۆجىزە بولۇۋاتىدۇ. بۇ «مۇنبەر» نىڭ تېز نۇسخىسىدا بېسىلغان، بۇ ھەقتە ھازىرلا رادىئو ـ تېلېۋىزوردا سۆزلىدى. جىمىكى ئادەم تالىشىپ ئوقۇۋاتقان چېغى.....
- باسقىنى نېمە ئىكەن؟ سىياسىي ئوبزورمۇ؟
- ياق، ئۇنداق بولسىلا مەيلىتتىغۇ، قانداق دەپ چۈشەندۈرۈشۈمنى

بىلمەيۋاتىمەن. يېڭىدىن ھازىرلا ئوقۇشقا باشلىدىم. بۇ پەقەتلا باشقا بىر ئىش.

- شۇنداق بولسىمۇ مەزمۇنى نېمە ھەققىدە ئىكەن؟ تېگى ـ تەكتى نېمە؟
- كائىناتتىكى كاھىننىڭ رىم پاپاسىغا يازغان مەكتۇپ. ئەمەلىيەتتە بولسا پۈتكۈل خەلقئالەمگە مۇراجىئەت:
- نېمىلەرنى دەپ يۈرىدىغانسەن، نېمە دېدىڭ؟ كائىناتتىكى كاھىن قانداق كاھىن ئىكەن ئۇ، كۈلكەمنى كەلتۈرمىگىن جېنىم، كائىناتنىڭ كاھىنى دەيدىغان گەپ بولامدۇ؟
- مەن چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيمەن. ئۇ گېزىتتىكى خېلى چوڭ يازما ئىكەن، ھەممە ئادەم شۇنى ئوقۇۋاتىدۇ.
- ئۇ مەكتۇپى نېمە ھەققىدە يېزىلغان ئىكەن، ئۇ خەتنىڭ مەزمۇنى زادى نېمە؟ ئىككى ئېغىز گەپ بىلەن ئېيتىپ باقچۇ!
- ھېلىقى كائىنات كاھىنى زور ئىلمىي كەشپىيات بايقىۋالغان ئىمىش، كىشىلەر ئەمدى تۇغۇلۇش ياكى تۇغۇلماسلىقنى ئۆزلىرى بەلگىلەيدىغان بولۇشۇپتۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا....
- نەدىكى شۇملۇقلارنى دەپ يۈرىسەن جېنىسى؟!، ـ كېلەچەكشۇناس گاڭگىرىدى،
- دېگىنىڭنى چۈشەنسەم كاشكى. بۇ قانداق گەپ، بۇنىڭغا كىم ئىشىنىدۇ؟ ئۇنداق بولسا خۇدا نەدە؟ بىلەلمىدىم، بۇنىڭغىمۇ خۇدا ماقۇل بولغان بولسا كېرەك.
- دېگىنىم مۆجىزە ئەمەسمىكەن، سەن نېمە دەۋاتىسەن، نېمە دەۋاتقىنىڭنى ئۆزۈڭ چۈشىنەمسەن؟ نېمە بولۇۋاتىدۇ، سىلەردە؟
- كەلسەڭ ئوقۇيسەن كىشىلەر بىر ـ بىرىگە تېلېفون بېرىشىپ، جىمىسى نېمە قىلارىنى بىلىشمەي گاڭگىراپ قېلىشتى. ھەتتا بىر قىسىم دورا ساراڭلىرى كېلىشىپ «مۇنبەر» نى يەر بىلەن يەكسان قىلىمىز دەپ يۈرۈشىدۇ، دوستلىرىڭ سېنىڭ ئويۇڭنى بىلگەچكە كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، بۇ نېمە دېگەن

شۇم ئىش. يەنە بۇ ئىشنىڭ ئاخىرى نېمە بولار. ھەممىسگە ئەقىل ئىشلىتىپ ئاندىن بىر نېمە دېيىش كېرەك دەپ تۇرماقتا.

- ئۇ ئۆزى كىم ئىكەن، ھېلىقى كائىناتتىكى كاھىن دېگىنىنىڭ ؟ ئوربىېتادا يۈرۈپ ئەقلىدىن ئازغان ئالەمكارلارنىڭ بىرىغۇ؟
- ئۇ ھېلىقى يەر يۈزىگەقايتىپ كەلمەس  بولغان، ئېسىڭدىمۇ، كائىناتتىكى ئىلمىي پونكىتنىڭ ئەزاسىنىڭ بىرى،يەرگە قايتىپ كېلىشتىن باش تارتقانلىقى ھەققىدە قايسى بىر ۋاقىتتا مەتبۇئات يۈزىدە ئۇ توغرۇلۇق «يالت» قىلىپلا بىر ماتېرىيال قالغان ئىدىغۇ؟
- ئېسىمدە ، ئەلۋەتتە، شۇنداق يېزىلغىنىغا قارىغاندا ئۆزى رۇس بولۇشى مۇمكىن،ئامېرىكانلار ياكى ياپونلار بىلەن بىرگە ئۇچقان. بىراق ئىسمى ئېسىمدىن چىقىپ قاپتۇ. مەكتۇبىدە ئۇ ئۆزىنى كاھىن فىلوفېي دەپ ئاتاپتۇ.
- فىلوفېي بۇ ئۇنىڭ ھەقىقىي ئىسمىمىكەن؟
- بۇ رۇسلارنىڭ ئېتى، ھازىر رۇسلاردىن ھەممىنى كۈتۈشكە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆرمىگىنى قالدىمۇ؟!..... كائىناتتىكى بوشلۇقتا بېكىنىۋېلىپ، ئاستا ـ ئاستا ئەقلى ـ ھوشىنى يوقۇتۇۋاتقان، ھاياتتىن بەزگەن ئادەم دېمەمسەن؟ شۇ خەۋەر ئىكەن.

① كاسساندرا ـ يۇنان ئەفسانىلىرىدىكى تروياشاھىنىڭ مەلىكىسى، ئاڭا ئالدىن بىشارەت بېرىش كارامىتىنى رېۋىسنىڭ (يۇنان ئەفسانىلىرىدىكى ئىلاھلارنىڭ ئىلاھى) ئوغلى ئاپپوللون (يۇنان ئەفسانىسىدا دانىشمەن ھەم دورىگەر ئىلاھ، سەنئەت پىرى ) ئاتا قىلغان.

# ئىككىنچى بۆلۈم

## رىم پاپاسىغا مەكتۇب

*ھەزرىتى بۇزرۇكۋارىم، ئالەمدىكى ناھايىتى ئۇزاق يەردىن يەنى ئۆزۈم ئۇچ يىلدىن بېرى كائىناتتىكى پەن  تەتقىقات پونكىتىدا قىدىرىشتا يۈرگەن يەردىن، بىر لېنىيىلىك ئوربىتادىن تىنچىڭىزنى بۇزغانلىقىم ئۇچۇن كەچۈرۈم سوراشتىن بۇرۇن ئىچ-ئىچىمدىن ئالدىڭىزدا خاسىيەتلىك ئاتا، ئالدىڭىزدىلا*

تېز پۈكـىـمەن ھەم چـىـن ئىخلاسـىـم بـىـلەن قولـىـمىزغا سۆيـىـمەن. گۇناھقا پاتقان قاقشال جېنىم ئۇچۇن مەغپىرەت بېرىڭ، يەنە ئەگەر مۇمكىن دەپ قارالسا قارىغۇلارچە، سەپسەتە— ساندىراق نەرسىدەك، يەنە تېخى ئىمانىي، تارىخىي تەجرىبىسىنىڭ مەۋقەسىدىن چىققان زىياندەك كۆرۈنۈشى مۇمكىن بولغان ئەمەلىي بايقاشلارنىڭ خۇلاسىلىرىنى يەنە كۈندۈزدىكى تىنىق، كېچىدىكى ئۇيقۇدىن ئاجراپ يۈرۈپ، مۇمكىن بولسا، ياراتقان خۇدانىڭ ئۆزىنىڭ ئەركى ۋە بۇيرۇقى بىلەن يارالغان، نازىل قىلىنغان مەپكۇرەلەرنى نەزەرىڭىزنى بۆلۈپ ئاڭلاپ قويۇڭ. بولمىسا سىزگە مۇراجىئەت قىلىشىمنىڭ ئۆزى قانچىلىك ھەددىدىن ئاشقانلىق، جاھىللىق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ تۇرۇپ تىنچىڭىزنى بۇزماس ئىدىم. خاسىيەتلىك ئاتا! شۇنداق بولسىمۇ مۇراجىئىتىمنىڭ سەۋەبى مەكتۇبىنىڭ مەزمۇنىدىن ئايدىڭ بولار دېگەن ئۈمىدتىمەن.

شۇنداق قىلىپ ،گەپنى دەررۇ پوس پاللىسىدىن باشلاي، تەقدىر ئىكەن، ئۇ ماڭا ئوخشاش ئۆز جۈپتىگە بولسا بەندىلىرىگە ئەلمىساقتىن يارىلىپ كېلىۋاتقان جاننىڭ— ئادەم ھامىلىسىنىڭ رىفلىكىس ئىقتىدارىنىڭ بۇرۇنقى نائېنىق سۈپىتىنى تونۇپ بىلگۈزسۇن دەپ بۇيرۇپ قويۇپتۇ. ئۇنىڭ ئاشكارىلىنىشى ۋە مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى تۇيۇشنى، بىزنى تەڭرىنىڭ قۇدرىتىنىڭ باتىن سىرلىرىغا ئىمكانىيەت سۈپىتىدە يېقىنلاشتۇرىدۇ. بۇنى بۇ چاغقىچە بىلىنمەي كەلگەن بۇ رىفلىكىس ئىقتىدارىنى تەجرىبە يولى بىلەن تېپىپ چىقتىم. بۇنى مەن ئادەم بالىسىنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتىدىكى يېڭى ئىمكانىيىتى دەپ ھېسابلايمەن.

مانا شۇ سەۋەبتىن گېپىمنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلاپ قويۇشىڭىزنى سىزدىن بېشىمنى ئېگىپ سورايمەن، خاسىيەتلىك ئاتا.

يەنە قايتا ئېيتاي، ئۇلۇغ كەشپىيات-ئىختىرا پەيدا قىلدىم. ئۇنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسىنىڭ ئادەمزاتنىڭ بۇندىن كېيىنكى ھايات - ياشامىغا تەسىر ئېتىشى شەك -شۈبھىسىز. ئۆزۈم ھەققىدە مانا مۇشۇنداق زىيادە ئاشۇرۇپ سۆزلەشكە مەجبۇر بولۇپ قالدىم. چۈنكى، قولۇم ۋە قۇربۇم يەتكەن كەشپىياتنى باھالاشقا ھازىرچە ھېچكىمنىڭ قۇدرىتى يەتمەيدۇ. يەنەكېلىپ، ھېچقانداق بىر ئوخشىشى يوق بۇ كەشپىياتنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ھەققىدە ھېچكىمنىڭ چۈشەنچە-چۈشىنۇكى يوق.

ئادەم ھامىلىسى قورساقتا تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان دەسلەپكى ۋاقىتلاردا كېلەچەكتىكى ھايات - ياشامدا ئۇنى نېمە كۈتۈپ تۇرىدىغانلىقىنى سوقۇر - قارىغۇ سېزىم بىلەن بىلىشتە ۋەئۇنىڭ كەلگۈسى تەقدىرىگە ئۆزىنىڭ مۇئامىلىسىنى بىلدۈرۈشتە ھامىلە پۈتۈنلەي ئىقتىدار-جۆندەملىك دەپ ئىشەنچ بىلەن ئېيتالايمەن. ئەگەر بۇ مۇئامىلە ياماندىن بىشارەت بەرسە ئۇنداقتا كېلەچەكتە يورۇق دۇنياغا كېلىشكە ھامىلىنىڭ قارشىلىقى پەيدا بولىدۇ.

تۇغۇلۇشقا قارىتا ئۆزىنىڭ بۇ خىل يامان مۇئامىلىسىنى بىلدۈرگۈچى ھامىلىنىڭ بەلگىسىنى تاپتىم. بۇ بەلگە ھامىلىدار ئايالنىڭ پىشانىسىگە كىچىككىنە سەپكۈن ياكى داغ ھالىتىدە پەيدا بولىدۇ. بۇ داغنى كاسساندرانىڭ دېغى دېدىم. شۇنداقلا، ئىگاتىۋلىق بەلگە بەرگەن ھامىلىگە كاسساندرا ھامىلەسى دەپ نام بەردىم.

بۇ كېلەچەككە ئۆز خاھىش-مۇئامىلىسىنى بىلدۈرگۈچى ۋە ئاپەت بەلگىسىنى بىلدۈرگۈچى بىلىمداندەك ئىقتىدارلىق بولۇپ ئادەم بالىسى روىى زېمىندا پەيدا بولغاندىن بېرى داۋاملىشىۋاتىدۇ. بىراق ئايرىم ئىككىقات ئاياللارنىڭ ماڭلىيىدىكى سەپكۈن، داغقا ھېچكىم ھېچقانداق ئەھمىيەت بەرگەن ئەمەس ۋە ھازىرمۇ ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. مەن بۇنداق داغنىڭ مەناسىنى

يېشىپلا جىم بولماستىن ئۇنى دانەرەك، بايقىلارلىق قىلىپ كۆرسىتىش يولىنى تاپتىم. ئۇنىڭ ئۇچۇن نۇر بىلەن قىدىرىش پائالىيىتىنى يۈرگۈزۈۋاتىمەن. كائىناتتىن ئۇنى كۆزلەپ تاپقۇچى تاپقۇر نۇرنى چاچىمەن. ئوربېتالىق پونكېتتىن ئىبەرتىلگەن نىشان تاپقۇچى نۇر ئانىنىڭ قورسىقىدىكى كاسساندراھامىلىسىنىڭ جانلىنىشىنى كەچەيتىدۇ. شۇندىلا كىشىلەر بۇرۇن ئىششىق دەپ يۈرگەن كىچىككىنە سەپكۈن، داغ تاپقۇچى تاپقۇر نۇرنىڭ تەسىرىدە ئۆچۈپ يەنە پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ. ئۆز نىشانىنىنى تاپقۇچى تاپقۇر نۇر ئاتموسفېرادا كۆزگە كۆرۈنمەيدۇ. ئورگانىزمغا زىيانى يوق ئۇنداق نۇرلارنى كائىناتتىن يېتەرلىك رەۋىشتە بارلىق قۇرۇقلۇقلارغا، پۈتكۈل سەييارىگە ئىبەرتىپ تۇرىمەن. مۇنداق نۇرلاندۇرۇشنىڭ مەقسىتى كاسساندرا ھامىلىسىنى تەكشى تېپىپ چىقىشتىن ئىبارەت. ھامىلىدارىن «كائىناتىي جاۋاب ئېلىش» يۈرگۈزۈلىدۇ. كاسساندرا ھامىلەسى بەرگەن جاۋابنىڭ مەزمۇنى مۆلچەر بىلەن تۆەندىكىدەك: «ئەگەر ئەرك ئۆزۈمدە بولسا، تۇغۇلماسلىقنى ئەلا بىلەتتىم. سوئاللىرىڭلارغا جاۋاب سۈپىتىدە بەلگە بېرىمەن. سىلەر ئۇنىڭدىن مېنى، مېنىڭ يېقىنلىرىمنى ھەم كېلەچەكتىكى تەقدىرنىڭ ئېغىر تەقدىر ــ يازمىشىنى، زور يوقىتىشىنىڭ مانا مەن دەپلا كۈتۈپ تۇرغانلىقنى بىلەلەيسىلەر. ئەگەر ئۇ بەلگىلەرنى يېشىپ ئالالايدىغان بولساڭلار ئۇنداقتا بىلىپ قويۇڭلار! مەن كاسساندرا ھامىلىسى، ھېچكىمگە ئارتۇق يۈك بولماي، تۇغۇلماي تۇرۇپ تۇنجۇقۇشنى،چاچراندى بولۇشنى ئەلا بىلىمەن، سىلەر سورىدىڭلار، جاۋاب بەردىم، ياشىغۇم كەلمەيدۇ. بىراق، ئەركىمگە قويماي، يورۇق دۇنياغا كېلىشكە مەجبۇر قىلساڭلار، ئۇنداقتا مەن جىمىكى ئادەملەردەك پېشانىسىگە قانداق تەقدىر يېزىلسا شۇ تەقدىرنى تۇشمۇ ــ تۇشتىن قوبۇل قىلىمەن. نېمە قىلىش كېرەك؟ ئۇنى ئۆزۈڭلار بەلگىلەڭلار،

ھەممىدىن بۇرۇن بۇنى مېنى ئۆز بويىغا ئېلىپ تۇرغان ئانام ھەل قىلسۇن، ئۇنىڭغىچە ئېيتقىنىمنى ئاڭلاشقا ۋە چۈشىنىشكە ھەرىكەت قىلىڭلار. مەن كاسساندراھامىلە بولىمەن! مەندىن قۇتۇلۇشنىڭ ۋاقتى - سائىتى كېچىكمىدى. مەن ئاڭا تەييار، مەن كاسساندرا ھامىلىسى، ھەتتا خېلى بىر كۈنلەرگىچە سىلەرگە بەلگە بېرىپ تۇرىمەن، مەن كاسساندرا ھامىلىسى،تۇغۇلغۇم كەلمەيدۇ. كاسساندرا ھامىلىسىمەن!».

كاسساندرا ھامىلىسى بەرگەن سىگنالنى مۇنداق يېشىش، ئەلۋەتتە ھەر بىر ئايرىم ئۇچرۇ— پەيتنىڭ ئۆزىدە ھېچكىمنى ھېچنەرسىگە مەجبۇرلىمايدۇ، پەرزلەندۇرمەيدۇ. بويىدا قالغان ئايالنىڭ پېشانىسىدىكى ئۆچۈپ يانغان نەرسە كاسساندرانىڭ تامغىسى. ئۇ كۆپ ئۇزارماي ئۆڭىدۇ، بۇنىڭغا ئۇلىنىپلا ئىزسىز يوقىلىدۇ. ئەگەر ئۇنتۇپ تاشلىغۇسى كەلسە ھېچقانداق نەرسە ھەققىدە ئويلىماي مۇرىسىنى قىسىپ قويۇپلا جىم بولسا بارى ئۇنتۇلىدۇ- دە، يوقىلىدۇ. . . .

بىراق، پەن ساھەسى مۇرىسىنى قىسىپ قويۇپلا جىم بولالمايدۇ، كائىناتتىكى كومپيۇتېرغا كېلىپ چۈشكەن ستاتىستىكا - سەيلەنمىلىك ھېسابات كاسساندرا ھامىلىلىرىنىڭ سانىنىڭ يىلسايىن ئاۋۇپ بېرىۋاتقانلىقىنى مەلۇملاپ تۇرىدۇ.

كۆزگە كۆرۈنمىگەن ئاپەتنىڭ مۇشۇ يوسۇندا داۋاملىشىپ بېرىشىدىن ھامىلىلەرنىڭ ھايات ئېقىمىدىن باش تارتىشقا، تۇپ يىلتىزىدىن يوق بولۇشقا، ھاياتلىق ئۇچۇن كۈرەشكە كىرمەسكە تەييار تۇرغانلىقىنىڭ سەۋەبى نېمىدە؟ يەنە بۇنىڭ ئارقىسىدىن قانداق ئىش يۈز بەرمەكچى؟ بىزنىڭ كۈن ئۆتكۈزۈشتىنلا ئىبارەت بەندىچىلىكىمىزنىڭ تەجرىبىسىنىڭ سىرتىدا تۇرغان قايغۇ - ھەسرەتنىڭ ئىستىخىيىسىدىن ساۋاق ئېلىشنىڭ كېرىكى بارمۇ

زادى؟ بار بولسا يېڭىدىن پەيدا بولۇشقا باشلىغان ئورگانىزمىنىڭ قورقۇنچىنى سىرتتىكى رېئال ـ چىنبار تۇرمۇشنىڭ ئورنىغا سېلىش توغرا بولامدۇ؟ ئانىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئۇرۇغنىڭ ئۆز كېلەچىكىنى سەگەكلىك ـ كۆز ئوچۇقلۇق بىلەن سېزىشىنىڭ باشلامچى سەۋەبى دەل شۇ رېئال ـ چىنبار تۇرمۇشنىڭ ئۆزى ئەمەسمۇ؟ ئانا— بۇبىر ئۆزگىچە بىر دۇنيا. دېمەك، ئۇرۇغقا سىرتتا قورشاپ تۇرغان چىنلىقنىڭ، بالايى ـ ئاپەتلىك تەسىرلەرنىڭ ئارغاسىز— چارىسىز ۋاستىچىسى دەل شۇ ئانىنىڭ ئۆزى بولۇپ يۈرمىسۇن يەنە؟

مانا شۇ سوئاللارنىڭ ھەممىسى جاۋاب تەلەپ قىلىدۇ. سۆزۈمنى داۋاملاشتۇرۇشتىن بۇرۇن، مۇنداق زىددىيەتنىمە نېمە ئۈچۈن سىزدەك رىم كاتولىك چېركاۋنىڭ باشچىسىغا مۇراجىئەت قىلىپ سۇنۇپ تۇرغىنىمنى چۈشەندۈرۈشكە ھەرىكەت قىلاي، ھەزرىتى ئۇلۇغۇم.

سىزگە، پەيغەمبەرگە، ھەممە جانغا مۇراجىئەت قىلىپ ئولتۇرغىنىمنىڭ سەۋەبى، سىز روھۇللاھ ئېيسانىڭ يەردىكى ۋەكىلى،بۈيۈك پېتىرنىڭ ئورۇنباسارى. سىز شۇنىڭغىلا كۈپايەلىنىپ قالماستىن، دۇنياۋى قەدر ـ قىممەتكە سازاۋەرسىز. بۇ مانا مەن دەپلا تۇرغان ئىش. بۇلا ئەمەس، ئىنسانىي خاسىيىتىڭىز رويى زېمىندا ياشىغان كۆپلىگەن ئادەملەرنىڭ ئەقىدە— ـ ئېتىقادلىرىنى ۋە روھانىي ئېسىل بايلىقلىرىنى ئۆز ئىچىگە سىغداپ تۇرىدۇ. مۇشۇنداق سىزگە مۇراجىئەت بىلەن ئۆزۈمنىڭ بارلىق زاماداشلىرىمغا، كىم بىلىدۇ؟ بەلكىم، بىزنىڭ كېلەچەكتىكى بوغۇنلارغا مۇراجىئەت قىلىۋاتقاندۇرمەن.

ئەلۋەتتە، بۇ مۇراجىئىتىمنى ئورۇنسىز دەپ ئۆكتەملىك ۋە باشقا، يەنە باشقا بىر نېمىلەرنى دەپ ساناشقا ھەقلىقسىز. بىراق، مەيلى قانداق بولغان پەيت ـ ئۈچرۈدا بولمىسۇن يوقىرىدا ئېيتىلغان «ھامىلىۋى تىلسىمات»

مەسىلىسىگە دىققەت ئاغدۇرۇش ياراتقان ئىگەمنىڭ ئەركىنى، تۆرىلىشىنىڭ مەخپىي سىرلىرىنى، كارامىتىنى، كاتولىك دىنىي چۈشەنچىسى دېگەن تېمىنى چارىسىزلىك ـ ئارغاسىزلىق بىلەن ئۆز ئىچىگە ئېلىپ تۇرىدۇ.

مەن كاتولىك دىنى مۇخلىسى ئەمەس، بىراق، بۇ ئەھۋال كاتولىك دىنىنى جان دىلىمدىن ھۆرمەتلىگىنىمگە شەك كەلتۈرەلمەيدۇ. تەكەببۇرلۇقتىن ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ كېلىۋاتقان ھەر قانداق بىرىنىڭ مەۋقەسىدىن بولمىسۇن ئۇئاسمان كەبى ھەر خىل ئۇچارلىق ـ تىنارلىقلارنىڭ ھەر يانغا ئۇچۇشى ئۇچۈن كەڭلىك بولۇپ خىزمەت قىلغان سىياقتا، ئۇ يەنە ھەر تۈرلۈك ئاۋازلارنىڭ ئۈنلۈك ياڭرىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. شۇ مەنادىن ئالغاندا مەن كاتولىك ئاسمىنىنىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇش بولۇپ قالسام ئۆزۈمنى بەختلىك سېزەر ئىدىم.

دەرھەقىقەت، مەن ھەمىشە ئىچىمدە كاتولىك دىنىنىڭ ئىمانى، ئەدەب ـ ئەخلاقى، ئەقىدىلىرىنى ياقتۇرۇپ كەلگەن ئىدىم. ئۇلاردىن تۇرمۇشنىڭ مەنتىقىسىگە ماس كەلگەن، ھەممىباب مەناغا ئىگە، ھەممە ئادەم، ھەممە ئىش ،بارلىقى ئۈچۈن ئومۇميۈزلۈك قوبۇللانغۇچى ئۆلچەملىرىنى تاپماقچى ئىدىم. ئالاھىدە ھالدا ۋۇجۇدىمىزنى زىيادە گۇمانغا سېلىپ ئويلاندۇرۇپ، دائىم قىيناپ كېلىۋاتقان نەرسە، يەنى ھامىلە چۈشۈرۈش مەسىلىسى ھەققىدە گەپ ـ سۆز بولغاندا، كونسىرۋا قۇتىسىنى ئاسانلائاچقاندەكلا كۆنۈككەن ئىش بولۇپ قالغان شۇ زۆرۈر پائالىيەت بىز ئۈچۈن ھەر قاچان تەقدىرنىڭ ئازابلىق كۆرسەتمىسى بولۇپ تۇرغىنى يوقمۇ؟! دېمەك، ئادەم بالىسىنىڭ بار ياكى يوق بولۇشى شۈنچىلىك ئاددىي، شۇنچىلىك ئوڭاي ھەل بولىدىكەن ـ ھە! ئۇنىڭ تۇغۇلۇشى ياكى تۇغۇلماسلىقى، ياشىشى ياكى ياشىماسلىقى شۇ يوسۇندا ھەل بولىدىكەن ـ دە! جىمىسى ھەر قانداق سەۋەبلەرگە، قارىغۇلارچە ئۆتكۈزگەن

تۇرمۇشنىڭ ئورمىلىق، مول ـ ھوسۇللۇق ئەھۋاللىرىغا مۇناسىۋەتلىك، كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ ئەمدى خۇدانىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بار؟ دەپ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلايمەن، بۇنىڭغا يەنە خۇدانى ئاۋارە قىلىشنىڭ ئورنى يوق. خۇدا يورۇق دۇنياغا ھاياتلىق ئاتا قىلدى. ئۇندىن كېيىنكىسىنىڭ ھەممىسىنى بىز، ئادەملەر ئۆزلىرىمىز بىلىمىز. ئۆز نەسلىمىزنى ساقلايمىزمۇ ياكى يوق قىلىمىزمۇ؟ ئەركىمىز ئۆز قولىمىزدا، مانا مۇشۇنداق كۆپچىلىكنىڭ بېسىلماس تالاش ـ تارتىشىدا ھامىلە چۈشۈرۈشكە پۈتۈنلەي قارشى چەكلىمە سېلىشنى ياقلىغان كاتولىك دىنى چېركاۋنىڭ پوزىتسىيىسىنى مەن لايىق كۆرىمەن. مەن ئۇنى ھاياتلىقنىڭ ئەڭ دەسلەپكى زاماندا يارالغان چاغدىكى ئەھۋالغا لايىق كېلىدۇ، دەپ ئويلايمەن. چۈنكى، ھەر بىر كىچىككىنە ھامىلىنىڭ ھەر بىر قايتىدىن يېڭىلىنىپ تۇرغۇچى ھۇجەيرىسىدە مەڭگۈلۈك ھەرىكىتىنىڭ قايتىلانماس شىفرى بار، ھەر بىر تۇغۇلغان مەخلۇق ئۆزىگە ئوخشىغان مەخلۇقنى يارىتىش بىلەن زامانىنىڭ ئېقىمىدا رەقەمگە سېلىنغان. يەنە بۇنىڭ ھەممىسىنى خۇدا بۇ ئىشنىڭ بېشىدىن تارتىپ ئاخىرىغىچە كائىنات تۈزۈلۈشىنىڭ قۇرۇلمىسىغا كىرگۈزگەن. . . .

بەرھەق، مانا شۇنىڭدىن باشلاپ كاتولىك دىنى مۇخلىسلىرىغا قوشۇلۇپ ھامىلە چۈشۈرۈش خۇدانىڭ ئەمىر ـ مەرۇپىنى تۈزدىن ـ تۈز بۇزغانلىق بولۇپ سانىلىدۇ دەپ ئەسكەرتكۈك كېلىدۇ. ھامىلە چۈشۈرۈش ـ بۇ كىشىنى ئاتايىن ئۆلتۈرگەنگە باراۋەر زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلمىشى، ھامىلە چۈشۈرۈشنىڭ «ئۆلتۈرمە» دېگەن ئەڭ دەسلەپكى ۋەسىيەتكە، تەۋراتتىكى «باللىق بول، يەنە كۆپەيگىن!» دېگەن ئايەتكە تۈپتىن قارىمۇ ـ قارشى ئىكەنلىكى ھەققىدە كۆپ قېتىم ئېيتىلغان.

ئەلۋەتتە ھەممىسى مۇشۇنداق، بىراق باشقا پوزىتسىيىمۇ بار. بويىدا بار

ئايال نىمە قىلسا ئۆز ئەركى، يە بولمىسا بۇ قىلمىش بەزىدەبىۋاستىلا، ئۇدۇللا داۋراڭۋاز بىرەرئادەمنىڭ ۋە قوۋمنىڭ قىزىقچىلىقى، مەنپەئەتى ئۇچۇن ئىمىش. ھېچبىر ئارىسالدى بولماي تۇرۇپ ھاملە چۇشۇرۇش كېرەك، دېگەندەك گەپلەر ھەممىلا يەردە ئېيتىلىپ تۇرامدۇ... ئۇندىن قالسا يېڭىلا بويىدا قالغان مەخلۇقنىڭ كېلەچەك تەقدىرى ۋاقتى سائىتىدىن بۇرۇن ئۇنى كۇتۇپ تۇرغان دۇنيادىكى قايغۇ ـ ھەسرەت، بايلىق بىلەن نامراتلىق ۋە ئاغرىق ـ سىلاق، زورلۇق ـ زومبۇلۇق، ئىپلاسلىق، خورلىنىش بىلەن شەرتلەنسە ئاڭا قارشى بىر نەرسە دېيىشىمۇ قىيىن...

شۇڭلاشقا ،ئايالالار ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ ئىشتىراكچىلىرىنىڭ كۆككە كۆتۈرۈۋېلىشقان « قورسىقىمدىكى مېنىڭكى!» دېگەندەك لەۋھەلىرى ئوچۇقلا «ھەممىڭلار پالاكىتىمگە قېلىڭلار!» دېگەننى بىلدۇرۇپ تۇرسىمۇ ھېچكىمنىڭ ۋۇجۇدىنى تىترىتەلمەيدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش ئىچىپ مەست بولۇپ، كەتكەن ئېغىرئاياغ ئايالالرنىڭ ئۆز ئار-نومۇسىغا قارىماي يەنىلا ئىچىمەن، ئىچىۋېرىمەن، ئەتىلەردە مانا بۇ ئىپلاس، ھارامتاماق شۇمنى بويۇمدىن ئالدۇرۇۋېتىمەن- دە، كۆڭۈل ئاچىمەن، ئويناپ كۈلىمەن، شادلىنىمەن، باشقىسىنىڭ ماڭا قىلچىلىك كېرىكى يوق... خۇدايىڭلار ماڭا نىمە قىلىپ بېرىپتۇ. گۇناھكارلىقىڭلار بىلەن نىمە كارىم بار؟! جىمىكى ئادەم ماڭا تۇكۇردىمۇ؟ مەنمۇ جىمى ئادەمگە تۈكۈرىمەن... دەپ ئەزۋەيلىگىنىمۇ ھېچكىمنى يىرگەندۇرمەيدۇ.

شۇنداق قىلىپ، كېلەچەكتىكى ئادەمنى ئەخلەتتىن بەدتەر بىر نەرسە قاتارىغائىرغىتىپ تاشلاپ كېتىۋېرىشىدۇ... شۇنداق ئەھۋالغاماس، كەسكىن مەنتىقىگە باش ئەگدۇرۇلگەن ،ئۇنداق ئىشنى ئاقلىغۇچى كۆپلىگەن باھانىلەرمۇ بار.

بالىنىڭ تۆرىلىشىگە ئامىتۇى قارشى چىقىشلار ھەممە يەردە بىر ـ بىرىگە ئۇلىنىپ بېرىۋاتىدۇ. ئۇلار پارلامېنتلاردا باياناتلار بىلەن، ئاياللار ھوقۇقى، ئازادلىقى ھەرىكەتلىرىدە، سورۇنلاردا، رەستە ـ كوچىلاردا كىشىلەر توپلانغان يەرلەردە چۇقان— سۈرەن سېلىشىپ بىر— بىرىگە قاتتىق قىر كۆرسىتىشىپ، يۇز—كۆزىنى كۆكۈرتۇشۇپ، ئىششىتىپ تۇرماقتا. . . كۆپلىگەن مەمىلىكەتلەردە نەسىل قالدۇرۇش ياكى قالدۇرماسلىق ئەركىنلىكى تەلەپلا قىلىنماستىن، بەلكى تارتىۋېلىنغان، يۇلۇۋېلىنغان بۇ ھايات ئەركىنىڭ يار لېۋىگە قىستالغىنى بولماي نېمە؟

شۇ پەيت ـ ئۇچرۇدا بارلىق يەردە باغرى تاش تەقدىرنىڭ تاشقىنىغا تاشلانغان ئىككىنقات ئاياللارنىڭ كۆرگەن كۈنى ھەممىمىزگە مەلۇم، ئۇلارنىڭ بويىدىكى بالىلارنىڭ كىمگە كېرىكى بار؟ ئافرىقىنىڭ كەڭرى چۆللىرىدە، قايناپ تۇرغان شەھەرلەرنىڭ كوچا ـ سوقاقلىرىدا كۆپچىلىكى، زور كۆپچىلىكى شۇنداق ئويلىشىدۇ. زۆرۈرىيەت بىلەن مۇمكىنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى ھاڭ بارغانسېرى چوڭقۇرلاشماقتا. شۇنىڭ بىلەن بىرلا ۋاقىتتا ،شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىز توغرا ياشاۋاتىمىزغۇ؟ ئادەم بالىسىنىڭ نەسلى قۇرۇماسلىقى ئۇچۇن قولىدىن كەلگەننىڭ ھەممىسىنى ياساپ بېقىۋاتىمىزمۇ،يوقمۇ؟ دېگەن سوئاللار ۋە تىڭىرقاشلار بىزنىڭ جېنىمىزنى ئارامىدا قويماۋاتىدۇ.

بىراق، يەر يۇزىدە بەختلىك بولالمىغاندىن كېيىن نەسىل قالدۇرۇشنى توختاتساقمۇ ياكى بۇنىڭغا تېگىشلىك بىرەر قارار چىقىرىلغان بولسا باشقا سەييارىلەرگە كېتىپ قالساقمۇ ئاشۇنداق غەمگە پېتىپ قىينىلىپ جان ئاچچىقىنى تارتىپ، كۆزىمىزنى ياشلاپ قاچانغىچە يۇرۇپ قالارمىز؟ چارىسىز قالغىنىمىز. شۇ ـ دە!

بۇلار خۇسۇسىدا كۆپ سۆزلەندى. تالاش ـ تارتىش پايانىغا چىقىپ

تۇگىدى. ھەممىسىنىڭ شەرمى ـ ھاياسىزلىقىنىڭ دەردىنى، مەززىسىنى تېتىپ كۆرەي دەيدىغان كۆڭلى، كۆزى يوق بولۇپ قالغان. مەن بولسام ئەرشتىن چۈشۈپ تۇرغاندەك ھالەتتە .شۇنىڭ ھەممىسىنى قايتىدىن ئېيتىپ ئولتۇرۇپتىمەن. مەن سىز ئارقىلىق ئادەمزاتىغا مۇراجىئەت قىلىشقا چارىسىز بولدۇم، چۈنكى ھەممىمىزنىڭ بېشىمىزغا بۇ چاغقىچە نائېنىق، يېڭى بالا ـقازا چۈشكىلىۋاتىدۇ. ھامىلىلەرنىڭ بىزنى يېلىنىپ ياردەمگە چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئۇقتۇم. ئەمدى بۇ ھەقتە ئويلانماسلىققا بولمايدۇ!

بۇ بەلكىم بالا ـ قازا ئەمەس، ئادەم بالىسىنىڭ بۇندىن كېيىنكى يولىنى ئالدىن بىلگۈچى، بىزگە يوقىرى ئورۇندىن ئىبەرتىلگەن روھنىڭ يېڭى سىنىقىدۇر. بىراق بۇ نائېنىق يول بىزنى قاياققا ئېلىپ بارىدۇ؟ بىزنى ئالدىمىزدا نېمىلەر كۈتىدۇ؟ ئىچىمىزدە تۇگۈلۈپ يېتىپ بىز ھەققىدە قىيىقىراۋاتقان كاسساندرا ھامىلىسىدىن قاچاندا قېچىپ قۇتۇلالايمىز؟

بىز ئويلاپمۇ باقمىغان ھاڭغا چۈشتۇق. دۇنيانىڭ ئۆزگەرتىلىش مەھەلى يېتىپ كەلدى، چىنلىقتىن ئۆزىمىزنى قاچۇرۇپ ياشىيالايمىزمۇ؟

ئادەمزاتى ئۇچۇن ئۆزى كۆرۈپ بىلىپ يۈرگەن كۈننىڭ يېنىدا توساتتىن يەنە بىر خىل كۈننىڭ پەيدا بولۇشى قانداق ئەقىلگە سىغماس ھادىسە بولسا دەل شۇنداق كۈتۈلمىگەن ھادىسە بولۇپ كۆرۈنگۈچى، مەن ئاچقان، ئاشكارىلىغان ھادىسىنى ئەگەر كېرەكلىك دەپ ھېسابلىسىڭىز، سىزنىڭ ئېنىق، ئوچۇق باھالىشىڭىز ئۈچۈن مۇشۇ مەكتۇپ بىلەن ئۆزىڭىزگە مۇراجىئەتنامە قىلىپ ئولتۇرۇۋاتىمەن. خاسىيەتلىك ھېيقارلىق ئاتا.

كاللامنى جايىدا ئەمەس، ئىستانسىنىڭ نۇر ئىشلىتىش جابدۇقىنى مېنى يەرگە بەكمۇ يېقىنلات دەرسىز، يەردىكى تۇرمۇشنى قوبۇللاپ كۆرۈشتە ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق ھېچقانداق رول ئوينىمايدۇ دېسىمۇ بولىدۇ. بىراق

شۇنداق بولسىمۇ تىرىك جان ھېسابىدا مەن كائىناتتا، ئۇنىڭدىن ئادەمزاتنى ئىشىنىڭ چىن ئەھۋالىنى توساتتىن چۈشەنگەن شۇ پەيت ـ ئۇچرۇدا بىزنىڭ گۇناھقا پاتقان يېرىمىزدە، ئەلنىڭ ئارىسىدا بولۇشنى خالايتتىم. بىراق، ۋەزىيەم قاراۋۇللۇقتا تۇرۇش. ئوربىتا ئىسانىسىسىدا تۇرۇش بۇرچۇم بار؟ چۈنكى مەن كائىناتنىڭ كاھىنى فىلوفىي. ئۆزۈمنىڭ ئىجادىي ئىشلىرىنىڭ تولۇق جاۋابكارلىقى، شەرھىلەپ ئېيتىقاندا، كاسساندراھامىلىلىرىنىڭ ئالامەتلىرىنى تېپىپ چىقىشقا ئىشانلانغان تاپقۇر نۇرلارنى نۇرلاندۇرۇش پائالىيەتلىرىنى تەمتىرىمەي ۋە سېستېمىلىق تۇردە ئۆتكۈزۈپ تۇرغانلىقىمنىڭ تولۇق جاۋابكارلىقى بوينۇمدا. كاسساندرانىڭ تامغىسىنى كۆرەلەيدىغان بولۇشقا ئېزىتقۇلۇق نۇرلاندۇرۇشنىڭ مەن ئىشلەپ چىققان ئۇسۇلى ـ مېنىڭ ۋىجدانىي ئىشىم.

يەردىكىلەرنىڭ بۇنىڭغا قارىتا جاۋابى مېنى قاتتىق ھەرىكەتلەندۇردى. ئادەم مۇنداق تۇرمۇشقا ھېچقاچان قايىسالمىغان. ئادەم ئۆزى ئىچ ـ ئىچىدىن غىجىرلىشىدۇ، قايغۇرىدۇ .

مەن كىشىلەرنىڭ پىسخىكىۋى ئەھۋالىدىن قورقىمەن. كېلەچەكتىكى ئانىلارنىڭ پېشانىسىدىكى پىلىلداپ، كانىدەك چاپلاشقان نوقۇتىسىمان نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلگىنىمدە جىمىكى ئىنسان ئاغزىدىن سۆزى چۈشۈپ، گەپ قىلالماي ئۆزىنى دالدىغا ئېلىشىدۇ.

بەندىچىلىكىم بوينۇمغا مىنگەن ۋاقىتتا ئەجەللىك ھامىلىلەرنىڭ سىرىنى چۈشىنىش، كاسساندرانىڭ بەلگىسىنى ئېرىسىيەتنىڭ قاتلاملىرىدا يوشۇرۇپ، ئەمدىلا تېپىلغان <u>ئاشۇ ياۋۇزلۇقنىڭ ئىنسان</u> ئىچىدىكى بەلگىسىنى تونۇپ بىلىش بىرىنچى بولۇپ دەل مۇشۇ ماڭا نېسىپ بولغىنىغا ئاچچىقلىنىپ، ئىچىمدە خۇدادىن ياردەم سوراپ يىلىنىمەن، تەقدىرىمگە

ئىچىمنىپ يىغلايمەن، ئۆكتەملىكتە تەڭداشسىز شەيتاننىڭ ئۆزىنى كۆرگەن فائۇستمۇ مېنى ئاياپ كېتەر،ھە. مەن خۇدادىن مېنى ئايا! دەپ يالۋۇرۇپ ماڭا ئوخشىغان يارامسىز بەندىسىنى بۇ ئازابدىن قۇتقۇزۇشنى تىلەيمەن، مۇنداق قىيناش ھېچقاچان، ھېچكىمنىڭ بېشىغا چۈشكەن ئەمەس، بىراق ئۇ مەن ئۇچۇن بېشىمغا چۈشىدۇ.

ھەزرىتى ئۇلۇغۇم، سىزگە مۇراجىئەت قىلغان بىلەن ھازىرقى ئىشقا مېنى ھېچكىم مەجبۇرلىغىنى يوق! ماڭا ئىچىلغان بۇ سىرنى بەلكىم، ئۇن چىقارماستىن يوشۇرۇپ گۆرگە قوشۇپ ئىلىپ كەتسەم بولاتتىمۇ؟ شۇنداق قىلغان بولسام ئۇنى كىم بىلەتتى، كىم مېنى ئاقلاپ، كىم مېنى گۇناھكار ھېسابلايدۇ؟

ئۇنداق بولسا قۇلاق ئاڭلىمىغانلىقىدىن مۇنداق بىمەنىلىك ۋە ساندىراقنى نېمە ئۇچۇن كىشىلەردىن يوشۇرىمەن.بۇ ئەلنى ئەقلىدىن ئاداشتۇرۇپ، ۋۇجۇدىغا ۋەسۋەسە سېلىپ، ئالاتوپىلاڭغا چۈشۈرۈش ئۇچۇن ئائىلىلەرنى بۇزۇپ بۆلگەندە ئەۋلادلارنىڭ، گەپنى يەڭگۈشلەپ ئىيتقاندا،بۇ يەرنىڭ ئۇستىدە نەسىل قالدۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتى بارمۇ؟ دەپ ئويلىنىپ قالغان، ھەمدە ئەقلىدىن ئازغان ھەر بىر ئادەمنىڭ كۆڭلىگە خۇدۇك چۈشۈرۈش ئۇچۇن ئەمەسمۇ؟ بۇندىن باشقا نېمە قىلغۇلۇق؟ ھېلىقى ئادەم ئاتا، ھەۋۋا ئانىدىن بېرى تەۋەرۈك بولۇپ كېلىۋاتقان ھاياتلىق قېلىپىنىڭ قولدىن كەتكەن تۇراقلىقىنىڭ ئورنى نېمە بىلەن تولدۇرىلىدۇ؟

كۆپ قېتىم ئۆزۈمگە سوئال قويۇپ كۆردۈم، ھەمدە كۆپ رەت ئۆزۈمگە جاۋاب بەردىم، مەيلى قانداق بولمىسۇن، قانداق ئوي، مەقسەت باشقا كەلمىسۇن ھامىلىنىڭ يوشۇرۇن ستىخىيىسىدىكى ماڭا ئىچىلغان سىرلارنى ئىيتماي تۇرۇشقا ھەققىم يوق. چۈنكى، يەنە قايتىلسام كاسساندرا ھامىلىلىرىنىڭ

سانى كۆپەيگەندىن كۆپىيىپ بېرىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ سەۋەبى قاچانلا بولمىسۇن ھەددىدىن ئېشىپ تۇرغان ئادەم ھاياتىنىڭ ئىپلاسلىقىنى ۋە قايتىپ كەلمەس ئۆلۈمگە كېتىۋاتقانلىقىنى دۇنيالىق ئاڭ-سېزىمنىڭ تېخىمۇ كۈچەپ سېزىلىشكە باشلىغانلىقىدا، كاسساندرانىڭ تامغىسى بولسا ئانىسىنىڭ قورسىقىدا يېتىۋېلىپ، قىيامەت قايىمنى جاقىلداپ تىترەپ كۈتكەن ھامىلىۋى زاۋاللىقىنىڭ ئىچىنىشلىق ئۈنى، شۇنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭ ھاياتقا بولغان ئۈنتۈلۈشنى ئۆچۈرىدۇ.

ئۇنداقتا ھازىرنىڭ ئۆزىدە، ئۆزدەۋرىمىزدە بۇزۇق جەمئىيەتنى، مۇشۇنداق ئەھۋالنى قانداق قىلىپ يوشۇرۇپ يۈرۈشكەبولىدۇ؟ ياق! بولمايدۇ، مۇنداق يوشۇرۇپ قويۇشنىڭ ئۆزى ئادەمزاتىغا قارشى، ئۆزىمىزگە قارشى قىلىنغان قىلمىش بولۇپ چىقىدۇ.

ھازىر ئۆز ئاڭ، سېزىمىمىزنىڭ يېڭى ئۇچقۇن چاچرىتىپ يېلىنجىشىنىڭ بوسۇغىسىدا تۇرۇۋاتىمىز. چۈنكى بۈندىن باشقا بىزئۆزىمىز خالىمىغان كۈندە، ھال - ئەھۋالدا ھە! ھامىلە ھاياتلىق بەرپا قىلغۇچى باشلىنىش، بىز - دەۋر، بىز - ئىنسان. مۇشۇنداق بولۇش ئۈچۈن ھەرقانداق ئىرسىي نۇقتىدا مەھرۇم قالماي تۇرغىنىمىزغا كۆز يۇممايمىز. ئۇ كېلەچەكتىكى ھاياتلىق دېڭىزىدا مەۋج ئۇرۇپ كېتىۋاتقان سۇ ئاستىدىكى پاراخوتتەك پەقەت ئۆز تەقدىرىنىڭ چۆكمەكۆزىتىش ئەسۋابىدىن ئاچ رەڭ قانغا قارايدۇ. كاسساندرا ھامىلىسىنىڭ چۆكمە كۆزىتىش ئەسۋابىدىن ئۆزىمىزگە قاراپ كۆرسەك بولامدۇ؟ مىجىقىمىزنى چىقىرىپ تۇرغان دولقۇنلارنىڭ سەۋەبكارى ئۆزىمىز بولمىدۇقمۇ؟

ئويلىسام قورقىمەن، يارالغاندىكى ئۆز پەرزلىرىمىزدىن ئۆزىمىزنىڭ باش تارتقانلىقىمىزنىڭ كاساپىتى ئەشۇ كاسساندرا ھامىلىسى بولۇپ يۈرمىسۇن؟

خۇدانىڭ ياخشى كۆرگەن مەخلۇقى دەپ بىز شۇ ئەھۋالغا يەتتۇقمۇ؟ تەدرىجى تەرەققىياتنى ھامىلە ۋاقتىدا شۇنداق ئىلھامىي ئۆزگىرىشكە يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئادەملەر نېمىنى ئىشلەپ، نېمىنى ئويلىشى كېرەك؟

بۇ شۇندىن بېرى نەچچىلىگەن يىللار، نەچچىلىگەن ئەسىرلەر بويى كومپيۇتېرنىڭ ئىچكى ساقلىغۇچىغا يىغىلغاندەك قانغا يىغىلىپ ئولتۇرۇپ شۇ ئەھۋالغا ئېلىپ كەلگەنلەر ھەققىدىكى نەرسىلەرنى بىلدۈرىدۇ. بۈگۈن بىزنىڭ ھامىلىنىڭ شۇ رىفلىكس ئىقتىدارى، كاسساندرانىڭ تامغىسىنىڭ ئېكراندا پەيدا بولۇشىنى تېپىشىمىزغا قۇدرىتىمىز يېتىپ تۇرۇۋاتىدۇ. شۇنداق قىلىپ تەقدىرنىڭ يارلىقى بىلەن شۇ تامغىنى تاپقۇچى تاپقۇر نۇرلىرى كائىناتتىن دەپ ئۆزۈم ئىبەرتىۋاتىمەن. شۇڭا بۈگۈن سۆز مەندە، شۇنداق قىلىپ مەن، كائىنات كاھىنى فىلوفېي ئېيتماقچى بولغىنىمنى ئاخىرىغىچە ئېيتماي بولمايدۇ، بۇ مۇقەددەس ۋەزىپەم.

ھەزرىتىم، ۋاقتىڭىزنى ئېلىپ قويغانلىقىم ئۈچۈن كۆپتىن - كۆپ كەچۈرۈم سوراش بىلەن بىرگە ئۆزۈمنىڭ، مۇمكىن بولسا، كۆپ سۆزلۈك مەكتۇپۇمنى ئۇلاپ يېزىشقا رەھىم قىلىڭ.

كاسساندرانىڭ تامغىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، بىز ئەمدى بۇندىن باشقا نېمە قىلالايمىز؟ بۇنى چۈشىنىش ئۈچۈن ھەقىقەتەندىمۇ بار بولغان ئوچۇقتىن ئوچۇقلا رېئال - چىنبارلىقىنى بويىنىمىزغا ئېلىشىمىز كېرەك. بەندە پەيدا قىلغان يامانلىق ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرلىشىشى بىلەن تۈگىمەيدۇ. ئېڭىكى قىلغان يامانلىقى بىلەن بىرگە تېڭىلمايدۇ، ئۇ ئېرسىيەتنىڭ چىتىر - توقايلىرىدا بىر - بىرىگە ئۇلانغان نەسىلدەك بولۇپ ئاستا - ئاستا ھەرىكەتكە كىرگۈچى مىنادەك، پارتلاش ئۈچۈن قەرەللىك ۋاقىت -سائەتنى كۈتۈپ تۇرىدۇ.

ھېلىقى، ئاستا ـ ئاستا ھەرىكەتكە كىرگۈچى مىنا ھەققىدە كۆچمە مەنادىكى مىنا ئەمەس، ھەقىقىي مىنا ھەققىدە.... بۇ ئافغانىستاندا سوۋېت ئىتتىپاقى ئەسكەرلىرىنىڭ رۇسچە К о н т и н г е н т(كونتىنگېنت) دەپ ئاتالغان ئەسكەرلىرى شۇ ياققا ئىبەرتىلگەندە بولغان ئىش. ئۇنىڭدىكى ۋەقەلەرنىڭ سىياسىي مۇددىئالىرى بىزگە بەكمۇ مەلۇم. مەن بولسام سوقۇشقۇۋاتقان كەلگۈندىلەرنىڭ «مېيىت»دەپ ئاتالغان ھىيلە ـ مىكىرلەرنى قانداق قىلىپ ئۇيۇشتۇرغانلىقى ھەققىدە كونكرېت سۆز يۇرگۈزۈپ تۇرۇۋاتىمەن. دۈشمەنلەر ئۆلۈكنىڭ ئالدىغا مەخسۇس ئوقلانغان مىنانى يوشۇرۇپ ئۇلارنىڭ قىشلاقلىرىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك، كۆرۈنەرلىك يېرىگە كۆمۈشىدۇ. К о н т и н г е н т(كونتىنگېنت)لىكلەر بولسا يۈز بېرىدىغان ۋەقەنىڭ ھەممىسىنى سۈرەتكە ئېلىش ئۈچۈن تېلېكامېرالىرى بىلەن بۆكتۈرمىدا يېتىشىدۇ. مېيىتنى يەرلىكىگە قويۇش ئۈچۈن كەلگەن كىشىلەر ئۆلۈككە تەگكەن زامات مىنا پارتلاپ كەلگەنلەرنى تۇرغان يېرىدە يوق قىلىدۇ. ۋەقەنى ئەڭ يوقىرى تېخنىكىۋى سەۋىيىدىكى لېنتىدا ھەممە پارچە ـ پۇرات مەنزىرىلىرىگىچە ئاخىرقى چىملىدىشىغىچە سۈرەتكە ئېلىشىدۇ. مانا ئۆلگەن بىر ئافغانغا ئايالى يۈگۈرۈپ كەلدى. يېنىدىكىلەر ئۇنى توسۇپ ئالماقچى بولۇشتى، بىراق كۆز ياشلىرى بىلەن چىلىق ـ چىلىق بولغان ئايال ئۆزىنى ئۇ ئېرىنىڭ ئۆلۈكىگە تاشلىدى. شۇنداق تەرزدە يۈز بەرگەن پارتلاش ئايالنىمۇ، ئۇنىڭ يېنىدىكىلەرنىمۇ يەر بىلەن يەكسان قىلدى. شۇنداق قىلىپ كىشىلەرنىڭ يوق بولغىنى قالدى، شۇ ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسى سۈرەتكە ئېلىنىدى، باشقا بىر سۈرەتتە، رەڭگى رويى تاتارغان باللار، ئۇلار يەردە سۇنايلىنىپ ياتقان ئاتىسىنى كۆزلەپ بوتىلاقتەك بوزلىشىپ، يۈگۈرۈپ كېلىشتى، بۇ، يەنىلا بايىقىدەك پارتلاش بىلەن قىزىل قانغا بويالغان

بەدەنلىرىنى تەرەپ ـ تەرەپكە چاچرىتىشتى. . . يول بويىدا مىدىرلىماي ياتقان مېيىتتىن يانداپ ئۆتۈشكە كۆڭلى بارمىغان يولۇچىنىڭ بىرى ئاتتىن چۈشتى «بۇ كىمدۇر؟» دەپ ئېڭىشىپ مۇرىسىدىن قارماپ ئۆرۈپ كۆرمەكچى بولدى، يەنىل كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك ئوت چاچقان پارتلاش، يەنىلا بايقىدەك ئۆلۈم، بېشى يارىلانغان ئات ئۈركۈپ تاغ قاپتىلىنى بويلاپ دىككاڭشىپ چېپىپ جۆنەيدۇ. ئۇندىن كېيىن غۇلاپ چۈشۈپ پۈتلىرىنى دىرت ـ دىرت قىلىپ تېپچەكلەيدۇ، خىرقىرايدۇ. شۇ مەنزىرىلەرنىڭ ھەممىسى سۈرەتكە ئېلىنغان، شۇ ئۇسۇلدا «مېيىت» ھىيلىسىنى ئۇيۇشتۇرۇش بويىچە جەڭنىڭ ئەڭ جەلپكار يەرلىرى سۈرەتكە تارتىلىپ ئېلىنغان، ئەنە شۇنداق يول بىلەن مۇقەددەس ۋەزىپىنىڭ ئاتقۇرۇلۇشى ھېسابلانغان قايسى بىر قۇماندانلىق شىتابلىرىدا شەرەپلىك نەتىجە تۈرىدە باھالىنىدۇ، لېنتىنى قاراپ كۆرۈشكەن قايسى بىر كىشىلەر تارتىلغان سۈرەتلەرنى ئۆزلىرىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە مەقسەتلىرىنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇلغانلىقى دەپ بىلىشتى. بىراق ئېكراندىكى ۋەقەلەرنى كەسىپىي قانائەت سەۋەبىدىن كۆرگەنلەر، زادى كىملەر؟ ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىنىڭ نەتىجىسىنى كىنو لېنتىسىغا تەپسىلىي ئېلىپ ئۆلۈمگە شۇنداق ئازدۇرۇشنى جىنايەتكارانە ئۇيۇشتۇرغانلار زادى كىملەر؟ نەدىن كەلگەن كىشىلەر؟ ئۇلارنىڭ ئەسلى ـ ۋەسلىنىڭ تايىنى يوق. ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكى نائېنىق، پەقەت ئۆتكەن مەزگىلنىڭ قۇملىرىغا سىڭگەن ئىزلارنى ئىزدىگەندەك ئەجدادىنى قىياس قىلىشالايدۇ.

ئۇنىڭدىن سوئال تۇغۇلىدۇ، قاچان بولسا پايدىنىلا كۆزلىگەن يەنە تېخى تۈگىمەس مېھرىبانلىقتىن ئىنسابسىز پايدىلىنىش بىلەن، دىلىمىزدا ئۈمىد دۇئاسىنى قايتىلاتقۇزۇپ ئەڭ مۇستەھكەم گىرانت قاتارىدا ئىشەنچىگە ئىگە قىلغان. خۇدانىڭ ئۆزىگە دائىما قارشى ھالەتتە ياشاشقان ئۇلار زادى نەدىن

پەيدا بولغان.

بىزدە تەييار تاپ يامان، يوسۇنلارنىڭ ئۆلگۈر ئىرسىي، مەنبەسىنى قوچۇپ يامراتقانلار نەدىن چىقىشتى؟ نەدىن چىقىشتى؟ ئۇلارنىڭ نەسلى نەدىن؟ ئەلۋەتتە بۇ قۇرۇق سوئال. بىراق بۇ سوئال شادلىقتىن سورىلىۋاتقىنى يوق، شۇنىڭ ھەممىسى نەدىن ئۇلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. ياكى تىرىكلا كۆمۈلگەنلەرنىڭ سۆڭىكىنى ئۆڭكۈردە كۆيدۈرۈشكەن ئەۋۋەلىي تارىخنىڭ ئادەملىرىدىنمۇ؟ ياكى ئادەمنى قىيناپ ئۆلتۈرۈش بىلەن ياۋۇزلۇق كېسەللىنىڭ پۇخاسىدىن چىققان، مېڭىسى قوداڭشىپ كەتكەن ئالاجوقىدىنمۇ؟ ھەتتا ياكى باشقا بىرسىدىنمۇ؟ ئۇندىن قالسا مىڭلىغان يىللارنىڭ مابەينىدە يىغىلىپ كېلىۋاتقان جاھىلىيەت بىلەن تاجاۋۇزچىلىقنىڭ شۇ ئاپەتلىك ھاڭلىرىدا كىم سەۋەبىدىن بولغانلىقىنى ئۇقۇپ ئۇلگۈرەلەيمىزمۇ؟ ئۇنىڭ شۇ پايانسىز تەرتىپ ـ تىزمەكىنىڭ ئىچىدىكى قانلىق تەختىدە ئازادە ئولتۇرغان جاللاتلارنىڭ ئايىغى ئالدىدا شۇنداقلا شۇ جاللاتلار ھەققىدە ياكى بىزگە ئۆز تەجرىبىمىزنىڭ تونۇش ھۆكۈمرانلىقىنى قانچىلىك خۇمارلىنىپ، بېرىلىپ سېغقانسېرى دەھشەتلىك ئىنقىلاب بىلەن ئۇرۇشنىڭ ئوتىنى يېقىپ، پېشايۋانلاردا ۋە مۇنبەرلەردە بۇلبۇلدەك سايرىغان پىرقە ـ پارتىيىلەرنىڭ جىنىنى ئېلىپ جاڭگالدا قويغان باياناتچىلىرى ھەققىدە قانداقمۇ ئەسلىمەي تۇرالايسەن؟!

قانلىق ھۆكۈمرانلىق ئەزەلدىن يامانلىقنىڭ ئۇرۇغىنى ئۇندۇرۇپ چىقىرىۋاتقان چىرىك تۇپراقنىڭ ئۆزى شۇ. ئۇ يامانلىق بىلەن ئالمىشىپ، يەنە بىر ئۇرۇغدىن كېيىنكى بىريامانلىق ئۇچۇن بىخ بولۇپ كېلىۋاتىدۇ.

بۇ جەھەتتىن بىزگە كۆپ نەرسىلەرنى ئېيتىپ بېرىپ كېلىۋاتقان دەۋر ـ ستالىنچىلارنىڭ ياكى ئۇنىڭ تەتۈرسىچە، ھېتلىر ۋە ستالىنىنىڭ دەۋرى. شام كۆتۈۋۈۋېلىپ ئۆتكەندىكى ئۆلگەنلەرنىڭ ئىچىدىن گۇناھلارنى ئىزلەشنىڭ

زۆرۇربيىتى بارمۇ؟! ئۇلارنىڭ ئىككىسىنىڭ بىرگە يۇغۇرۇلۇشقان، ئۆز ـ ئارا مۇجەسسەملەشكەن خۇي ـ پەيلى ئادەم قېنىنى شۇنچە كۆپ ئاققۇزغان ئىكەن. دۇنياۋى سەيلەنمە ـ سىتاتىستىكا تارماقلىرى قانچە ئونلىغان يىللاردىن كېيىن يالماۋۇزنىڭ بەدىنىدىكى ئىككى باشنىڭ بىر ـ بىرىدىن جان تالىشىپ ئۆلمىگەن يەردە قېلىشى ئۇچۇن بىر ـ بىرىنىڭ ھەلقۇمىغا ئېسىلغان ھالدىكىدەك پەيدا قىلغان قانلىق دۇنياۋى، ئۆز ئارا ئۇرۇشقا تارتىلىپ ئۇلارنىڭ كاساپىتىدىن قۇربان بولغانلارنىڭ سانىنى ھېسابلاپ بىلەلمەي ھاڭۋېقىشماقتا. بولشېۋىمسىز فاشىزم بولارمۇ؟ ستالىنىسىز ھېتلىر ياكى ھېتلىرسىز ستالىن بولارمۇ؟ ئۇلارئايرىم ـ ئايرىم تۇغۇلۇشقان. بىراق، دوزاقنىڭ بوسۇغىسىدا كىندىكلىرى بىللە كېسىلگەن ستالىن ھېتلىر ۋە ھېتلىر ستالىن ھەققىدە ئويلانغاندا 20 — ئەسىردە ياشىغانلارنىڭ قۇيقا چېچى تىك تۇرۇشىدۇ.

كىم بىلىدۇ، يورۇق دۇنياغا ياكى ھېتلىر ياكى ستالىن بولۇپ تۇغۇلۇش ۋەھىمىسىنى سەزگەن كاسساندراھامىلىسى كېلەچەكتىكى ئادەمخورنىڭ شۇم ھامىلىسى كاسساندرا تامغىسى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كېلەچەكتىكى تەقدىرىنى سېزىپ ياتقانلىقى تاشقى دۇنياغا ۋە ھەممىدىن بۇرۇن قورسىقىدا كۆتۈرۈپ يۈرگەن ئانىسىغا خەۋەرلەندۈرۈشكە ئۆز پەيت ـ ئۇچرۇسىدا ھەرىكەتلەندىمىكىن، كېلەچەكتە دۇچار بولىدىغان ئاپەتلىك رولىنى سەزگەندە تەشەببۇسكارانە يالت ئېتىپ ئاندىن كېيىن باش تارتقۇسى كەلدىمىكىن؟!

ئۇلار يورۇق دۇنياغا كەلگەندە، نېمە ئىشلار يۈز بېرەر، ئېيتىش قىيىن. . . بۇنداق پەيت ـ ئۇچرۇدا تارىخنى قايتىدىن ياسىيالمەيسەن دەپ قويىدۇ ئەمەسمۇ؟ شۇنداق بولغاندىمۇ ئۇ سۆزسىزلا بۇنىڭغىچە ئۆتكەن مەزگىللەرنىڭ ھېچبىرسىدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان تاجاۋۇزچىلىق بىلەن ھايۋانىيلىقنىڭ

قانلىق تۇغ چوققىسىغا چىقىش ئۈچۈن ھېتلىر بىلەن ستالىن سىزغان قانلىق ئەگرى سىزىق بويىچە تەرەققىي قىلىش كېرەكمۇ؟ تىرناقلىرى قانغا بويالغان كىندىكداش ئىككى زالىم مىليۇنلىغان ئادەملەرنى ئۆز ئارا جېدەللەشتۈردى. ئۇنىڭ ئاقىۋىتى يەنە ئىنسانلارنى ئۆز ئارا جېدەلگە سالدى. شۇ چاغدىكى سەييارىنىڭ خەلقى ئالدىدا ئۆزىنى ئۆزى يوقىتىشنى، ئاخىرقى رەت ئادەمنى يىرگەندۈرىدىغان ئىشلارنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىپ يەنە پۈتۈنلەي يوقىلىپ كېتىشنى مەقسەت قىلىغاندەك ۋەقەلەر يۈز بەردى. ئەگەردە تارىخنى شۇنداق پاسىقلىققا پاتۇرۇۋەتكەن بارلىق سەۋەبلەرنى تېرىپ ئېيتىپ ئولتۇرغۇمىز كەلمىسە ئۇندا ئۆزى بېشىغا ئېلىپ ستالىنىزم بىلەن ھېتلىرىزمنى ئەتىۋارلاپ بېقىپ، پەيلەپ يېتىشتۈرگەن شۇ چاغدىكى ئادەملەر، شۇ چاغدىكى دۇنياۋى ئاڭ ـ سېزىم، سۆزسىز، گېپى بولۇپ تۇرغان سۇبيېكتلارنىڭ نەسلىنىڭ قۇرۇپ كېتىشىدە تىترىتىلگەن، دەھشەتلىك زۇلۇم ھالقىلىق ئىشنى نەتىجىلىك ئورۇنلاش ئۈچۈن قانچىلىك لايىق بولغانلىقى ھەققىدە ئويلىسا بولىدۇ.

ئۆتتى، كەتتى بىر مەزگىل، تارىخ، جەريان ۋە ئاساپىشلىقىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋالغۇسىز قانچە مۇمكىنچىلىكلەرنى قولدىن چىقارغانلىقىنى ئادەملەر سەگەكلىكىنىڭ، كۆز ئوچۇقلۇقىنىڭ ئىلمىي ئۇسۇلىغا ئىگە بولۇپ بىلگەن بولسا، يەنە مەسىلەن: كاسساندرانىڭ تامغىسى ئارقىلىق بەلگە بېرىشكەن، كاسساندرا ھاملىلىرى ھەققىدە بىلىشكەن بولسا ئىدى ـ ھە! ئادەمنىڭ قانچە قايغۇ ـ ھەسرەتلىرىنى، قانچە بەختسىزلىكلىرىنى يۈز بەردۈرمەي ئالدىنى ئېلىشنى ھېچكىم ئېيتالمايدۇ، شۇڭا، ئۆزىنىڭ ئىرىسىي قۇرۇلۇشىنى نېمىنىڭ بوغۇپ تۇرغانلىقىنى ئادىمىزاتى بەكمۇ كېچىكىپ بىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ.

مانا ئەمدى هامىلىلەرنىڭ تۇغما ئىقتىدارلىرىنى تونۇپ بىلىش يولىدا يېڭى گەپلەر ئېيتىلدى. بۇ بايقاشلار ئارقىدىن بىزنى مۆجىزىلەر كۈتەمدۇ؟ يوق، ئادەمزاتقا ۋاقتى-سائىتىدىن بۇرۇن بېغىشلانغان ياخشىلىقنىڭ قۇۋۋىتىنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىر سەپتىكى ۋە ئاڭا قارشى يامانلىقنىڭ قۇۋۋىتىنى ھېچكىم ئۆزگەرتەلمەيدۇ. بىراق ئادەمگە مەڭگۈلۈكنىڭ تۇگىمەس - پۈتمەس ھەرىكىتىنى قۇۋۋەتلەندۈرىدىغان ئەقىل ئارتۇقچىلىقى بېرىلگەن، ئەگەر ئادەم ھاياتلىقنى داۋاملاشتۇرىمەن دېسە، ئەگەر مەدەنىيەتنىڭ تۇغ چوققىسىغا يېتىمەن دېسە، ئۇنداقتا ئۇ ئۆزىدىكى يامانلىقنى يېڭىشى زۆرۈر. چۈنكى، ئادەم ئۆمرى پۈتۈنلەي شۇنى يېڭىش ھەرىكىتى بىلەن داۋاملىشىپ كېلىۋاتامدۇ؟ بىزنىڭ يارىلىشىمىزدىكى ۋەزىپىمىزمۇ شۇ ئەمەسمۇ!

مانا بىزنىڭ ئۆزىمىزدە بۇرۇن بار بولغانلىقى نائېنىق بولۇپ كەلگەن مەخپىي سىرنىڭ تۈگۈنى يېشىلدى، بۇ ئىنسان ۋۇجۇدىنىڭ بۇرۇن تەلەپ قىلىنمىغان نىشانلىرىغا مۆجىزانە سۇڭگۇپ كىرىش ئەمەسمۇ؟

شۇنداقمۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ بۇنىڭغا بىر نېمە دېمەك تەس. بىراق كاسساندرا ھامىلىسىنىڭ تۇغۇلۇشى بىزنىڭ ھاياتىمىزغا بىز بۇرۇن ئويلاپمۇ باقمىغان بىر خىل يېڭىلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ،مەن شۇنىڭ ئۈچۈن جامائەتچىلىكنىڭ دىققىتىنى يەنە بىر رەت بۆلگۈم كەلدى.

كاسساندرا ھامىلىسىنىڭ بەرگەن بېشارىتىگە نەدىن جاۋاب بېرىش كېرەكلىكىنى كىم دېيەلەيدۇ. ئاتا-ئانا نېمە قىلىشى كېرەك، كاسساندرانىڭ تامغىسىغا تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى كېرەكمۇ؟ ياكى تەتۈرىسىچە قول سىلكىپ، ئېرەن قىلماي ئۆتۈپ كېتىش كېرەكمۇ؟ شۇنداق قىلسا بولارمۇ، چۈنكى ئېغىر ئۇستىخان ئايال تۇن نىسبىدە ئۇخلاپ ياتقاندا بىنورمال دانەك پەيدا بولۇپ قالغان، ھەمدە مەخپىي ئۆچۈپ يانغان، ھەيران قالارلىق

نوقۇتسىمان نەرسە كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۆزلۈكىدىن ئۆچۈپ يوق بولغان، پۈتتى! خۇدا بۇيرۇسا شۇنداق تېز ئۇنتۇلۇپ كېتىلىدۇ.

ھەئە! بەلكىم شۇنداق بولسىمۇ بولار، بىراق بەربىر مەزگىلى يېتىپ بوۋاق يورۇق دۇنياغا كەلگەندە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئېسىگە چۈشمەي قالمايدۇ، ئۇلارنىڭ يادىغا يېتىدۇ، ئۇندىن كېيىن ھەر قانداق ئاچچىق قىسمەتلەر يۈز بېرىدۇ، مانا شۇنداق ھەر بىر پەيت ـ ئۇچرۇدا چاقىرتىلماي كەلگەنلەرنىڭ ئەسلىمىلىرىدىن يۈرەك سېزىپ بايىقى يالت قىلىپ يوق بولغان داغ ھەققىدە ھەر قانداق ئويلار باشقا كېلىپ ئامالسىزلىقتىن سوئاللارنى پەيدا قىلىدۇ، قىزىق! نېمە ئۇچۇن ئانىلاردا بولۇشىدىكىن؟ ئۇ ئەگەر پەيدا بولسا ئانىلارمۇ ئۇنى ئۆز ئادەملىرىدىن ۋە ئۆزگە ئادەملەردىن يوشۇرۇشىدىغان بولۇشتىمىكىن؟ ئۇلار قانداقتۇر بىر سىرلىق نەرسە سۈپىتىدە ئۇنى ئەسلىمەسلىككە، ئۇنتۇشقا ھەرىكەتلىنىشىدىغان بولۇشتىمىكىن؟ بەلكىم، نېمە ئۇچۇندۇر بالا ئۇنىڭ ئۇچۇن شەك ـ شۈبھە بولۇپ يۈرمىسۇن، مەيلى بۇ بىز كۆرگەن چۈشتەك غۇۋا، مەيلى ئانىنىڭ سوقۇر-قارىغۇ سېزىمىدە بولسۇن، ئۇندىن باشقا ئۇ بالىنىڭ خۇلق ـ مىجەزى ئانىغا قانداقتۇر بىر تەسىر يەتكۈزەر بولدىمىكىن، بىراق بۇ سوئاللار بىلەن شۈبھىلىنىشلەردىن بۇرۇنقى ۋە بېرىكى بىزنىڭ بۇ تەرەپتە، ھېلىقى يىراقتىكى گورزىنتال ـكۆندىلەڭ تەكشىلىكتە ئۇلار خىلمۇ خىل ۋە ناھايىتى مۇرەككەپ. بۇنداق پەيت-ئۇچرۇدا ئاتا ـ ئانىلار ئۆزلىرى ھەققىدە ئۆزلىرىنىڭ تۈزدىن-تۈز ياكى ئەگرى-بۈگرى گۇناھلىرى ھەققىدە ئويلاشمايدۇ، دېدىڭمۇ؟ بەلكى، ھەممىسىگە ئۇلار، ئايالى، ئېرى گۇناھكاردۇر؟ مانا ئەڭ قىيىنى شۇ. چۈنكى ئۆزىنى ـ ئۆزى گۇناھقا پاتۇرۇشتىن ئېغىر ئازاب يوق. مانا شۇ يەردە ئوي ـ خىيالىمىزنى بۆلۈپ تۇرغان سوئال تۇغۇلىدۇ، نېمە تەسىر قىلىشى مۇمكىن، شۇ ئىشلاردىن ئۇلارنىڭ ھامىلىسى ئاپەت

بېشارىتىنى بەرگەنلىكىنى قانداق چۈشىنىشكە بولىدۇ؟ ئاتا-ئانىلار مانا مۇشۇلارنى ئويلىشىدۇ. ئۇنىڭ قانداقتۇر بىر سەۋەبلەر بىلەن ھامىلىگە تەسىر قىلغان ھەر قانداق ئامىللارنىڭ قاتارىغا بىئولوگىيىۋى باشلىنىش سوپىتىدە ئۆزلىرىنىلا ئەمەس، ئۆزلىرىنىڭ تېرىكچىلىكىگە، جەمئىيەتتىكى تۇرمۇشىغا تېگىشلىكىنىڭ ھەممىسىنى-- ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى، تۆھمەتنى، غورۇرنى،ئېتىقادىنى، ئىش قىلىپ ھەققانىيلىقى قايسى؟ ھەققانىيسىزلىقى قايسى؟ ياخشىسى قايسى، يامىنى قايسى ۋە باشقا، يەنە باشقا ھايات چۈشەنچىلىرى كېلىپ چىققان ئادەمزاتنىڭ تۇرمۇشىنى شەرتلىگەن، قېلىپلاشتۇرغان ۋە قاپچىخايغا قاپسىغان نەرسىنىڭ ھەممىسىنى بىرگەقوشۇپ بېرىشىنى ئەسكە سېلىش قىيىن ئەمەس.

تېرىكچىلىكتىكى ھەر قانداق كۆرۈنۈشلەرنىڭ بۇنىڭغا ئوخشاش ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى ئۇرۇغنىڭ ھامىلىگە ئايلىنىشى زامان ۋە ماكاندىكى باشلامچى ۋەقە ئىكەنلىكىدىن، بۇ تەبىئەتنىڭ ئەسلى قىياپىتىگە باغلانغان تارىخنىڭ مېۋىسى ئىكەنلىكىدىن كېلىپ چىقتى.

كاسساندرا ھامىلىسىنىڭ ئىچكى سېزىمى ناھايىتى ئۆتكۈر، كېلەر دەۋرنى ئالدىنئالا سېزىشى ئۆزگىچە، شۇڭلاشقا، ئۇنىڭ مۇددىئالىرىنى پەملەپ چۈشىنىش بولسا ھەممە ئىشتىن بۇرۇن بىز سىرتتا ۋە ئىچىمىزدە ئالىتوپىلاڭ پەيدا قىلغان دۇنيانى بىرلا ئۆزىمىزنىڭ پەملەپ چۈشىنىشىمىز ئۈچۈن سەۋەب بولالايدۇ، بۇ جەھەتتىن ئالغاندا، كاسساندرا مۆھۈرى بەلكىم چىنلىقنىڭ ماھىيىتىگە يېڭىدىن سۇڭگۈشقا، بۇرۇن بىز يېتىشكە مۇمكىن بولمىغان نەرسىنى تاللاشقا تۈرتكە سوپىتىدە ياراتقان خۇدانىڭ ئەركى بىلەن بولغان كەشپىياتتۇر. شۇ يوسۇندا ھەر بىر ئادەم ئۆز چۈشەنچىسى ۋە ئىخلاسىغا يارىشا خۇلاسە چىقىرىشتا ھەقلىق.

ئاشۇ خىل ئادەملەرنىڭ بىرى هازىر هوقۇقىدىن پايدىلىنىپ.... ھەتتا مەن، كائىناتىي كاھىن فىلوفېي، ئوربېتلىق يەردىن بايقاش يۈرگۈزۈش بىلەن ئېيتىۋاتىمەن. يەر يۈزىدىكىلەرگە مۇراجىئەت قىلىمەن. بىزگە ياراتقان خۇدا ھەدىيە قىلغان ھاياتلىقنىڭ كىشىلەر تەرىپىدىن ئىزلىنىپ كېلىۋاتقان ماھىيەتلىك ئىشلىرىنىڭ ھۆرمىتىگە، بىز ياشاۋاتقان دۇنياغا كاسساندرا ھامىلىسىنىڭ دەسلەپكى يېقىنلىشىشىدا قىيامەتلىك ئۇچرىشىشنىڭ نېمە پەيدا قىلارى ھەققىدە ئويلىناتتى.

بۇ ھەقتە تۇرلۇك قىياسلار بولۇشى مۇمكىن، ئۇنداق قىياس مەندىمۇ بار. كائىناتىي ئىستانسىسىنىڭ ناھايىتى يۇقىرى سەۋىيىدىكى ئىمكانىيىتى ماڭا ھەر قانداق ۋاقىتتا ھەر قايسى قۇرۇقلۇقلاردىن ئىبەرتىلىپ تۇرغان تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى قوبۇللاشقا مۇمكىنچىلىك بېرىدۇ. ئوپتىكىلىق ئەسۋابلار يەر يۈزىدىكى يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ھەر قانداق توچكىلاردىن ۋە ھەر قانداق كىچىكلىتىلمە كۆرۈنۈشكىچە كۆرۈشكە مۇمكىنچىلىك بېرىدۇ. كۆز ئالدىمدا يەريۈزىدىكىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنىڭ مەنزىرىسى ـ ئۇ، مەن ئۇنى يەردە تۇرۇپ قارىغاندىكىدىن تېخىمۇ كەڭ كۆرۈنىدۇ، مەن پەقەتلا تاماشا ئۈچۈن ئىلمىي بايقاش يۈرگۈزگەن ئادەم ئەمەس. پروگرامما ھەم كائىناتىي ھەم ئالەمشۇمۇل پروگرامما .مەن بۇ سۆزنى ...مەن ئېيتىشتىن چۆچىمەيمەن، مەن ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى ئادىمىزاتى ئالدىدا بۈيۈك ۋەزىپىنى زىممەمگە ئالغان تەجرىبىچىمەن، بۇ ئېغىزنىڭ ئۇچىدا ئېيتىپ قويغان سۆز ئەمەس. بۇ ھەقىقەتەنمۇ چىن مەسىلە. شۇڭلاشقا، بولغان چىنلىققا جاۋاب بەرمەي تۇرۇپ گەپ قىلىشقا مەن ئۆزۈمگىمۇ رۇخسەت قىلالمايمەن، تەتقىقاتلىرىم ۋۇجۇدىمىزنى، ئۆزىمىز بەرپا قىلىۋاتقان ئاخىرى زامانىنى ئالدىنئالا بىشارەتلەپ بېرىشكە نىشانلانغىنىغا

ئىشىنىمەن، مەن مەڭگۈ بىزنى چۇلغاپ ئالغان ئۆزۈمچىلىك بىلەن زىيادە تەقۋادارچىلىقنىڭ سەۋەبىدىن ئۆزىمىز ئۆزىمىزگە ئېيتالماي كەلگەنلەرنى ئېلان قىلغۇم كېلىدۇ.

مەن. . . كاسساندرادىن خەۋەرسىز ئاياللار بىلىشمەيدۇ. بۇنىڭ ھەممىسى يامغۇر ياغقاندا تالادا قالغاندەك ئىش، ھېلىقى تاپقۇر نۇرلار سالامەتلىككە قىلدەك زىيان كەلتۈرمىسىمۇ، كىشىلەرنىڭ غەمگە سېلىپ تۇرغانلىقىمنى ئويلىغانسېرى جېنىمنى قويغۇدەك جاي تاپالماي كېتىمەن.

كائىناتىي «تەلەپ»كە جاۋاب سۈپىتىدە كاسساندرا ھامىلىسىنىڭ بەرگەن بېشارىتى دانەك ھالىتىدە كۆرۈنگەن پەيت ـ ئۇچرۇدا ئۇلارنى خىيالدىن قاچۇرالمىدىم، بۇ تەقدىر، بۇنىڭدىن قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس، بۇ تەقدىر ھەر بىر ئادەمنىڭ بېشىغا چۈشكەن ئېغىركۈندەك بولۇپ تۇرۇپ، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە بارلىقىنى، جىمىكى قوۋمنى قۇچىقىغا ئالىدۇ، چۈنكى بۇ بالايىئاپەتنىڭ سەۋەبى دۇنياۋى سەۋەب، شۇنى چۈشىنىپ يېتىش ئەھمىيەتلىك.

خالىساقمۇ، خالىمىساقمۇ كاسساندرا ھامىلىلىرى بىلەن كاسساندرا تامغىسى ھەقىقەتەندە بار نەرسە. بۇ سەۋەبتىن مەن يەر يۈزىدىكىلەردىن بۇنىڭغا دۇچار بولۇۋاتقانلارغا ياكى ئاللىقاچان دۇچار بولغانلارغا ئىچ ئاغرىتىش بىلەن بۇ ھەقتە ئوچۇق باياتات ئېلان قىلىپ، كائىناتىي تەتقىقاتلىرىمىزنى يولدىن ئازماي ئۇلاۋېرىمەن،ئادەملەر ئۆزلىرى ھەققىدىكى چىنلىقنى بىلىشكە تېگىشلىك، خۇدا ئالدىدىكى ۋەزىپەم شۇ، بىراق مانا مۇشۇ بۇرچۇمدىن ئازابلىق غەم ـ غۇسسەم باشلىنىدۇ، مۆھتىرەم ئاتا، ئۇلار ھەققىدە مەن گەپ قىلمىسام بولمايدۇ، شۇڭا مۇشۇلارنى ئوتتۇرىغا سالدىم.

تەكرارلايمەن، سىرى ئېچىلغان ۋە باياناتى ئېلان قىلىنغان (بايانات

قىلىشقا ئۆزى يالۋۇرۇپ تۇرامدۇ؟) كاسساندرا ھامىلىلىرىنىڭ ئالدىدىمۇ، ئۇنى ئۆز باغرىدا يېتىلدۈرگەن ئانا ئالدىدىمۇ جاۋابكارلىقنىڭ مېنىڭ بوينۇمدا ئىكەنلىكىنى چۈشىنىمەن، چۈنكى، ئۇ ئانا كاسساندرا تامغىسىنىڭ مەناسىنى، ماھىيىتىنى بىلمىگەن بولسابىخەۋەر ياشاۋېرەتتى.

ئۇ ئىشتىن باشقا ھازىرمۇ، مانا بۇ كومپيۇتېردا قۇرلارنى يۇگۇرۇتۇپ تېرىپ تۇرغىنىمدىمۇ ئۆتە جان قىيناقتا تۇرۇۋاتىمەن، مۇشۇنداق ئىشنى قىلىشقا ھەققىم بارمۇ؟دېگەن ئوي مېنى غەم ـ غۇسسىگە سالىدۇ.

ئوربېتا پونكىتىنىڭ ئىچىدە يەر شارى تەرەپكە قاراپ تۇرىمەن، ھاۋاسىز تەڭپۇڭسىزلىققا كومپيۇتېر ئالدىدىن لەيلەپ سۇرۇلۇپ يۇرىمەن، ئۆزۈمنىڭ كەشپىياتى ھەققىدە پۇتكۇل دۇنياغا جارسالغانلىقىمنىڭ توغرىلىقىغا ئىچكى ئىشىنىشىمنى ساقلاپ تۇرغان، مېنى ئالاقىستىپ تۇرغان بىر نەرسىنى ئىزلەپ كۆزلىرىم ئالاڭ ـ بۇلاڭ بولىدۇ، ئۇنىڭغىچە كۆزۈم كائىناتىي ئىستانسىسىنىڭ ھوجۇرىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تېلېۋىزىيە ئېكرانىغا تاشلىنىدۇ. ئېكرانلارنىڭ ھەممىسى پارقىرايدۇ، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ، ھەر قايسى تىللاردىكى تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى قويۇلىدۇ، مانا يەردىكى ھاياتلىق، يەر يۈزىدىكى تىرىكچىلىك، پۈتكۈل مەناسى، ماھىيىتى ۋە تەكرارسىزلىقى، سان ـ ساناقسىزلىقى بىلەن قايناپ تۇرىدۇ، ئېلان ـ سەنئەت ئۇچۇرلىرىدىن تارتىپ تەنھەرىكەت پروگراممىلىرىغىچە، سوت، قانۇننىڭ تەپسىلىي خەۋەرلىرىدىن تارتىپ رەھبىرىي خادىملارنىڭ ئايروپىلان ئىستانسىسىدىكى ئۇچرىشىشىغىچە ۋە باشقا شۇ سىياقتىكى كۆرۈنۈشلەر مۇكەممەل تۇرىدۇ.

مانا مۇشۇنداق يەر شارى مەنزىرىسىنىڭ ئىچىدىن كۆڭلۈمنى قانداقتۇر بىر چۇقان ـ سۈرەنلەرنى سالغان، تەلۋىلىكى قوزغالغان، كوچىلاردا ئۇيان ـ

بۇيان چېپىپ يۈرگەن نامايىشچىلار ئۆزىگە تارتتى. ئۇلارغا ئەگىشىپ نېمە ئۈچۈندۇر ساقچىلار، زور بىر توپ، شۇ نارازىلىق بىلدۈرگەن نامايىشچىلار بىلەن بىرگە كېلىشمەكتە، كوچىلارنىڭ ھەممىسى توسۇلغان، ھەممە ياقتىن، شۇنىڭ بىر ۋاقىتتا ھەم كوچىلارنىڭ ئۈستى تەرەپلىرىمۇ قامال قىلىنغان، ئاچچىقلانغان ئۈنلەر ئاڭلىنىپ تۇرماقتا. ۋەقە بولۇپ تۇرغان يەردىن سۆزلەپ تۇرغان مۇخبىرنىڭ، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ دىكتورلىرىنىڭ، رىياسەتچىلىرىنىڭ ئۈنى كوچىنىڭ چۇقان ـ سۈرەنلىرى ۋە قىيقىراشلار ئارىسىدىن ئۈزۈل ـ كېسىل ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ، بۇ زادى قانداق يۈز بېرىۋاتقان ۋەقە؟ بەئەينى ئىتالىيە، شۇنچە يىراق بولۇپ تۇرۇپ بۇنچە يېقىن كۆرەلەيسەن، ھەممە يېنىڭدا يۈز بېرىۋاتقاندەك، ئوت چاقناۋاتقان كۆزلەر، قاتتىق شىلتالغان قوللار، ئاچچىقلىنىپ سۆزلىگەن ئادەملەر، ھەقىقەتەنمۇ سىتسىلىيە ئىكەن. ئالدىراش يېزىلغان پلاكاتلار، شۇ ئىكەندە، ھېلىقى قارا قول پارتىيىسىدىكىلەر ھېلىقى تېررورچىلار، بۇ قېتىم باش سوتچى ئۆلتۈرۈلۈپتۇ، مۇپەتتىشتىن كېيىن ھەممىسىنى قارىتىپ تۇرۇپ رەھىمسىزلەرچە، ئاياۋسىز ئۆلتۈرۈپتۇ. كوچىنىڭ كىشىلەر دائىم ئۆتىدىغان، ئادەملەرنىڭ ئايىغى بېسىقمايدىغان بۆلۈكىدىكىلەردىن ھەممىسى، سوت ئۆزىنىڭ ساقچىلىرى بىلەن ئاپتوموبىلدا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان شۇ دەھشەتلىك مەھەلدە شۇ يەردە بولغانلارنىڭ ھەممىسى، يىراقتىن باشقۇرۇلغان پارتلىتىش بىلەن بىتچىتى چىقىرىلغان ھەم كۆيدۈرۈلگەن كۆرۈنۈش، ھەممىسى «مۇكەممەل» ۋە جىمىكى ئەلنىڭ كۆز ئالدىدا قىلىنغان ئىشلار...

ئامالسىز قالغان نامايىشچىلار... دەريادەك ئاقماقتا... بىراق، ئۇلارنىڭ قارشى چىقىشقانلىرى كىملەر؟ بۇ كىشىلەر تويى نېمە ئىش قىلالايدۇ؟ بەگىلەر، زەھەر بەگلىرى ئىچ ـ ئىچىدىن بۇئىشلارغا كۈلۈپ قويۇپ ئاشۇ

نامايىشچىلارنىڭ ئارىسىدا يۇرۇشكەنلىرى يوقمۇ؟ نامايىش بىر ئىككى سائەتتىن كېيىن يوقىلىدۇ، بىراق قارا قول پارتىيىسى دېگەن ھامىنى قارا قول پارتىيىسى ـ دە، ئۇلار كارتېل ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى دەپ ئاتالغاندىن باشقا ئىمپېرىيە دەپ سورلۇك ئاتىلىپ ئۆز خاھىشلىرى، قىزىقىش ،ھەۋەسلىرى بىلەن قېلىۋېرىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەس ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئالدىدا پۇتكۈل دۆلەتلەر، قارا قولچىلار، مۇستەملىكىلىرى بار!

نامايىشچىلار يۇرۇشمەكتە . . . ئاخىغىچە ئۇلارنىڭ ئۇستىدە غۇژۇلدىغان تىك ئۇچار پەيدابولۇپ قالدى ـ دە، ۋاراقچىلارنى توپ ـ توپى بىلەن تاشلاپ، دەررۇ ئىمارەتلەرنىڭ دالدىسىدا يوق بولدى، بۇ مېنىڭ كۆز ئالدىمدىمۇ زاھىر بولدى. كىشىلەر باشلىرىغا ياغقان ۋاراقچىلارنى قارماپ ئېلىشماقتا. ۋاراقچىلاردا ئەجەل بەلگىسى بولغان باش سۆڭەك بىلەن قايچىلاشقان مۇچەسۆكەڭلىرى. . . قارا قول پارتىيىسىدىكىلەر ئازماي ـ تازماي ئۆلۇم ھەققىدە خەۋەر بېرىشمەكتە. ھەممىسىگە ئۆلۇم قاراقوللارغا قارشى چىققانىنىڭ ھەممىسىگە ئۆلۇم!

كىشىلەر ئاچچىقتىن يېرىلىپ نارازىلىق بىلدۇردى. كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىدە ياش. ساقچى كىيىملىك، بېشىدىكى قاسقان شەپكىسى بىر ياققا ئېغىپ، گالاستۇكى چۇۋۇلۇپ كەتكەن ياش چوكانغا كۆزۈم چۈشتى. تېلېكامىرا كۆتۈرۈۋالغان ساقچى ئايالنىڭ تەرىگە قارىغاندا ئۇ ھۆججەتلەندۇرۇش ئۇچۇن تارتىۋاتسا كېرەك. ئۇ تىك ئۇچارنى سورەتكە ئېلىشقا ئۇلگۇردى. بىراق ئۇنىڭدىن نىمە پايدا؟ قارا قوللار ئەخمەق ئەمەس، تىك ئۇچار شۇ زاماتلا قايتىدىن سىرلىنىدۇ ياكى پارچىلىنىپ تاشلىنىدۇ. ئۇلار نېمىنى خالىسا شۇنى قىلىدۇ، ئۇلار بىر نەرسە ھەققىدە قىزغىن سۆزلىشىۋاتىدۇ، مەن ئۇلارنى چۈشىنىمەن، قارا قوللارنىڭ قولىدىن يىلسايىن دۇنيا يۈزىدە

قانچىلىغان ئادەملەر ئەجەل تاپىدۇ؟دېمەيسەن، ئۇلارنىڭ بېشىدىمۇ شۇ قورقۇنچ بار، ھېلىق جۇۋاننىڭ بېشىدىمۇ شۇ قورقۇنچ، بىراق مەن نېمىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن، ئۇ ئايال ساقچىنىڭ ماشىلىسىدا ھېلىقى داغ ـ ـكاسساندرا تامغىسى!

ئەنە كۆرۈنۈپلا تۇرمامدۇ! مەن بۇ سۈرەتنى يېقىنلىتىپ چوڭايتتىم ـ دە، يېڭىلىشىشىمغىنىمغا ئىشەندىم، ئاھ! ياراتقان ئىگەم، ھازىر ساقچى ئايالنىڭ، باشقا ئىش بىلەن كارى بولمىسىمۇ، ھازىر ئۆزى نامايىشچىلار بىلەن بىرگە قارشى تۇرۇپ تۇرغىنىمدا ئۇنىڭ بۇ رەزىل دۇنيانى تېگى ـ تەكتىدىن قوبۇل قىلماسلىقى ئۇنىڭدىن ئۇنىڭ كېلەچەكتىكى بالىسىغا ئۆتكەنلىكىنى ئۇ بىلەمدىكىن. ھېلىقى، پاسىقلىقنىڭ بەلگىسى ئۇنىڭ پېشانىسىدە شۇنداق تاپقۇر نۇرلاردا كاسساندرا ھامىلىلىرىنىڭ جاۋاب رېئاكسىيىسىنى ئېنىقلاش بويىچە ئورىېنتالىق مەيدانلىرىمىنىڭ بىرىدىن چىققان ئەمەلىي نەتىجە شۇ.

مەن ئەگەر شۇ ياكى باشقا بىر كاسساندرا ھامىلىسى بۇيرۇق بىلەن يورۇق دۇنياغا كەلسە، ئۇنداقتا دەل شۇ. ئەڭ تونۇشلۇق، داڭلىق جىنايەتچىدىن بىرى بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلىنىپ ئولتۇرىمەن. كۆپ ئادەمگە، پۈتكۈل جەمئىيەتكە ئۇ يامانلىق ۋە بالايى ـ ئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ، جىنايەت ئىشىغا، ھەممىسىدىن تاشقىرى تۇغۇلغاندىن تارتىپ ئۆچمەنلىكنىڭ بوغۇپ تۇرغان يىغىندىسى ئويغاتقان سەۋەبتىن تەرەققىي قىلىپ بارىدۇ، ئۇنى يورۇق دۇنياغا كېلىشكە مەجبۇرلاشىمىدىمۇ؟ كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ بالىياتقۇ ئىچىدە ياتقاندىكى تۇرمۇشىنىڭ جاپالىق باشلىنىشى ھەققىدە ھېچنەرسە ئەسلىمەيدۇ. بىراق ،ئۆچمەنلىكنىڭ يىغىندىسى قورقۇنچلۇق ئۇنۇم بېرىدۇ، ياخشى، ئەگەر يولى بولسا، ئەگەر ئۇ يېڭى تۇغۇلغان كاسساندرا كېيىن ئۇنىڭ تەتۈر ئىبرىسي

كەمتۈكلۈكىنى ئەسلىگە كەلتۈرگۈچى، ئۇنى يوقاتقۇچى ئەتراپقا تۈشمۈتۈش كەلسە، يامانلىقنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ھېچقانداق كۈچ چىقىرىش تەلەپ قىلىنمايدۇ. تاشقىن ئەگىلىپ چايقاپ كېلىپ تاغدىن ئۈيمانغا ئۆزى دۈگىلەپ چۈشكەن ھالەتتە تەقدىرنىڭ بۇ ئىمتىھاسىمۇ ئۆزلىكىدىن چۆرگىلەپ كەلگەن پېتى يەنە كېتىپ قالىدۇ.

كاساندىرا ھامىلىسىنىڭ بەرگەن بەلگىسىگە قۇلاق سېلىپ ئولتۇرۇپ مەن ئۇلارنىڭ كېلەچىكى ھەققىدە ئويلىنىمەن ھەم ئۇلارغا ئىچىم ئاغرىيدۇ. ئۇلارنىڭ قولىدىن چىقىۋاتقان نەرسىلەر خۇددىي ئوكيانىيە قىتئەسىدىكى كىشىلەرنىڭ ئوۋچىلىق قورالى بۇمېرانگقا ئوخشايدۇ. بۇ بىز ئۆزلۈكسىز پېتىۋاتقان گۇناھىمىزنىڭ توختاۋسىز كۈچىيىۋاتقان قورقۇنچىنىڭ مۇددىئاسىغا ئايلانغىنى دەل بىز ئۆزىمىز، شۇ سەۋەبدىن بۇ بەلگىلەرگە كاساندرا ھامىلىلىرىنىڭ ئۇنىگە يەردە قۇلاقنىڭ پەيدا بولۇشى ھەمدە ئۇلارنىڭ چاقىرىقلىرىنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشىنىشى بىلەن قوبۇل قىلىنىشى لازىم.

ياق! بۇ كەلدى-كەتتى نەرسە ئەمەس، گەپ ئەبەدىيلىك ھەققىدە كېتىۋاتىدۇ، ئەبەدىيلىك ئۆز - ئۆزىدىن مەڭگۈلۈكتۇر. ئادەم ئەبەدىيلىككە ئۆزى يېتىشى، ئەبەدىيلىكنى ئۇقۇم ھالىتىدىن مىراس ھالىتىگىچە ئۇزارتىپ يەتكۈزۈشى كېرەك، ئۇنىڭ يالغۇز يولى، تەنھالىقى ئەدەب - ئەخلاقىي، ۋىجدانىي تەرەپتىن ئادەمنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ، تەرەققىيات جەريانىنىڭ بار بولغۇنى مەپكۇرەنىڭ تېخنىكىۋى يۆلەنچۈكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، كېرەك بولسا غالجىر دىكتاتورنىڭ قولىدىكى يادرو قۇرالى شۇ گېپىمىزنىڭ ئوچۇق مىسالى بولىدۇ دەپ ئېيتساق كەم بولمايدۇ.

كاساندرا ھامىلىلىرىنىڭ بەرگەن بېشارەتلىرى يەريۈزىدىكىلەرنى

ئارامدا قوياملىكىن؟ ئۇلارنى ئىرسىي جەھەتتىن تامام بولۇشنىڭ، يەنى ئادەمزات مەدەنىيەتنىڭ تامام بولۇشنىڭ جاكارچىسى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىشارمىكىن؟

ئېيتالمايمەن، گۇمان بىلەن گاڭگىراش ھەر بىر ئايرىم ۋەقەنىڭ چېكىدە قالىدۇ ۋە كاسساندرانىڭ ھەر بىر بېشارىتىنىڭ يېشىلىشىنى، ئۆز زاۋالىقىنى پەيدا قىلىدۇ دەپ قورقىمەن.

ئايالالارنىڭ كۆپچىلىكى كۈيەۋلىرى قەتئىي قارشى ئالماس بولۇپ كۆرۈنگەندەك مۇنداق كاساپەتتىن قۇتۇلۇشقا ھەرىكەتلىنىشىدۇ،دەپ چۆچۈيمەن، گېزى كەلگەندە ئۇلارنىڭ ئەقىل ـ ھوشىنى تېپىشى ئەڭ قەتئىي چارە سۈپىتىدە ھامىلىنى چۈشۈرۈۋېتىش بولىدۇ. ئۇلار بەختسىز كۈنگە قېلىشى ۋاقتى ـ سائىتىدىن بۇرۇن تونۇلۇپ كەتكەن ئادەم بالىسىنى تۇغۇپ نېمىگە كېرەك قىلىدۇ، ۋىجدانىي ئاقلىنىشىنىڭ شۇ ئىكەنلىكى ئېنىق، ئۇنداقلار، يورۇق دۇنيادا ئۇنىڭسىزمۇ ئۇنداق ئادەمزات باللىرى سامانەدەك تۇرمامدۇ؟ ئۇندىن كېيىن ئۇلارنى، ھامىلە چۈشۈرگۈزگەنلەرنى كىم گۇناھكار ھېسابلايدۇ؟!، كىم؟!، جەمئىيەتمۇ؟!، تارىخمۇ؟!، ۋىجدانمۇ؟! ئىرسىي ۋەھىمە بولۇپ چۆكۈپ قالغان بالايى ـ ئاپەتنىڭ مەنبەسى جەمئىيەتنىڭ تارىخىدا ۋىجدان بولسا، تۇرمۇش چىنلىقىنىڭ ھەلەكچىلىكى ئالدىدا كۆپ ۋاقىتلاردا قورقۇپ قالىدۇ.

ھەرقېتى ئۇلۇغۇم، پوزىتسىيەمنى ئىزاھلاپ بېرىشنى ۋەزىپەم دەپ ھېسابلايمەن، ھامىلىنى چۈشۈرۈۋېتىشكە توسقۇنلۇق قىلىشنىڭ كاتولىك دىنىي ئېتىقادچىلىرىنىڭ ياقلىغۇچىسى بولۇش بىلەن مەن شۇئەھۋالغا قارىماي كاسساندرا تامغىسى تېپىلسا ھامىلە چۈشۈرۈۋېتىشنى لايىق كۆرگەنلەرنى گۇناھكار ھېسابلىماس ئىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىشنىڭ مۇنداق

پۈتۈشى كاسساندرا ھامىلىلىرىنىڭ ئۆز ئۇمتۇلۇشلىرىغىمۇ جاۋاب بەرمەك ھېسابلىنىدۇ.

نەتىجىسىدە بىز ناھايىتى مۇرەككەپ زىددىيەتكە دۇچار بولىمىز، قەتئىي يوسۇندىكى بالا ھامىلە چۈشۈرۈش قىلمىشلىرى مەسىلىنى ھەل قىلالمايدۇ، تەتۈرىچە، دۇنياۋى ئاڭ ـ سېزىمنىڭ ئۆزەكلىك مەسىلىلىرىنى چوڭقۇرلىتىپ قويىدۇ، ھامىلىنىڭ قىيامەت قايىملىق خۇلاسە قىلغۇچى سەۋەبلىرى قوزغىلىپ چىقماستىن بۇرۇن ئۆز ئورنىدا قېلىۋېرىدۇ.

كېلەچەكتىكى ئانا ئويلىماي تۇرالماس قىيىنچىلىقلار مانا بۇلار:

ـ ئاچارچىلىق،

ـ سىقىنچىلىق،

ـ ئاغرىق ـ سىلاقلار، بۇنىڭ ئىچىدە ئەيدىزمۇ بار،

ـ ئۇرۇشلار،

ـ ئىقتىسادىي بوھرانلار،

ـ ئىجتىمائىي داۋالغۇشلار،

ـ جىنايەتكارلىق،

ـ پاھىشەۋازلىق،

ـ زەھەر بەڭگىلىكى ۋە بەڭگە،

ـ مىللەتلەر ئارا سۈركىلىش، ئىرقىي كەمسىتىش،

ـ ئېكولوگىيىۋى، ئېنېرگىتىكىلىق پاجىئەلەر،

ـ يادرو سىناقلىرى، قارا تۆشۈكلەر . . .ۋەھاكازالار.

شۇلارنىڭ ھەممىسى ئادەمنىڭ ئىككى قولىنىڭ ئىشى. شۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئادەم ئۆزى ياراتقان ئادەم بېشىغا چۈشكەن بالايىئاپەتلەرنىڭ ماس قەدەملىرى بوغۇندىن بوغۇنغا كۆپەيمەكتە. مانا شۇنىڭ ھەممىسىگە ئۆزىمىز

قاتنىشىپ كېلىۋاتىمىز، كۆزئوچۇقلۇق،سەگەكلىك بىزنى يارلىۋىدە توختاتتى، كاسساندرا ئۆز تامغىسى ئارقىلىق ئۆزى ھەققىدە مەلۇمات بېرىپ تۇرامدۇ؟

مەنمۇ بىر رەت بىلدۇرۇپ قويااي، كاسساندرا ھامىلىلىرىنىڭ بەرگەن بېشارەتلىرىنى ئېنىقلاش بويىچە كائىناتلىق تەتقىقاتلىرىمدا «بۇندىن باشقا بىر خىل يوسۇندا ياشاشقا بولمايدۇ، بۇندىن باشقا خىل بولسا نەسلىمىز قۇرۇيدۇ!» دېگەننى چۈشىنىشكەۋەكىشىلەرنى يارده‌مگە چاقىرىشتىن باشقا ھېچقانداق مەقسەت كۆزلەنمىگەن.

ھەر بىر ئادەم ئۆزىدىن باشلاپ باشقىلار بىلەن بىرلىكتە، پۈتكۈل «ئادەم» دېگەن نامى بارلار بىلەن بىرگە بالايى ـ ئاپەتلەرنى ۋە ئىپلاسلىقلارنى يوق قىلغانلار تۇرمۇشنىڭ كېلەچىكىنى يېڭىلىۋالالايدۇ. بۇ قۇرۇق خىيالمۇ؟ چەكتىن ئاشقان خام ـ خىيالمۇ؟... ياق، بۇ قېتىمقىسى خام خىيال ئەمەس، بۇ جانلىق روھىنىڭ تىرىك قېلىشىنىڭ يولى، باشقا يول يوق....!

كاسساندرا ھامىلىلىرىدىن دەررۇ قۇتۇلۇشقا، ئۇلاردىن ئۆزلىرىنى قاچۇرۇشقا ھەرىكەتلەنمەي تۇرغان، ئۇلاردىن باش تارتماي تۇرغان شىرمەرد ئادەملەرنىڭ تېپىلىشىغا ئىشەنچىم كامىل، بۇ ئادەملەرگە ھېلىقىدەك پىشانىگە پۈتۈلگەن بەلگە ـ بېشارەتلەر كۆپ نەرسىلەرنى بىلدۈرىدۇ، ياشاش ھەلەكچىلىكى ئۈچۈن، ئەۋلادلارنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن، بارلىقىنىڭ ۋە ھەر بىر ئادەمنىڭ جاۋابكارلىقىنى، بۇندىن بۇرۇن ھېچقاچان كۆرۈلمىگەندەك، ئادەمنىڭ ئۆزى بىلەن ئۆزى كۈرىشىشى كېرەكلىكىنى، كۈتەرنى ئېيتىپ بېرىدۇ، ئۇنداق ئادەملەر ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشىدۇ، مەن بۇنىڭغا ئىشىنىمەن.

ئەمدى قىسقىچە ئۆزۈم ھەققىدە ئېيتىپ كېتەي، ئەلۋەتتە ھېچكىم چېچىمنى قىرقىپ كاھىن قىلىپ قويمىدى، مەن ئۆزىگە ئۆزى ئىسىم قويغان

بەندە، باشقىچە ئېيتقاندا، شەرتلىك تۇردىكى كائىناتنىڭ كاھىنى بولىمەن، ئۆزۈمگە ئىسمىمنى ئۆزۈم تاللىۋالدىم، مۇشۇنداق ئىسىمدىكى كاھىنلار بۇرۇنمۇ ئۆتكەن، مەن كائىناتتي نۇقتىدا بېكىنىپ تەركىدۇنياچىلىقنى ئۆزۈم تاللىۋالدىم، خەلقئارالىق، ئامېرىكان ، ياپون مۇتەخەسسىسلىرى ۋە مەن (يېقىنقى ۋاقىتقىچە سوۋېت ئىتتىپاقى زىيالىيسى ۋە كائىناتتي تەجرىبىخانىنىڭ ئىلمىي يېتەكچىسى بولغانمەن) پروگراممىمىز ئورۇنلانغاندىن كېيىن يەرگە قايتىشىمىز كېرەك ئىدى.لېكىن ئوربېتىلىق ئىستانسىدىن چىقىپ بىزگە ئىبەرتىلگەن كۆپ قېتىم ئىشلىتىشكە بولىدىغان كائىناتتي«يەتكۈزۈش »ۋەزىپىسى ئۆتەشكەقاتنىشىشتىن باش تارتتىم ھەم بۇ ئەھۋالىم بويىچە بايانات ئېلان قىلدىم- دە، يەككە مۇئامىلىگە ئېرىشىشنى، ئەركىنلىكنى تەلەپ قىلدىم، ئۇستۈرىنى كېكىردىكىمگە تاقاپ تۇرۇپ خىزمەتداشلىرىمنى ئۆز رايىمغا قويۇۋېتىشكە مەجبۇرلىدىم. شۇنىڭ بىلەن خالىغىنىمغا يەتتىم.

ئوربېتىدا يالغۇز قېلىپ تەتقىقاتلىرىمنى ئېلىپ بېرىۋاتقىنىمغا مانا بەش ئاي 137 كۈن بولدى، ئىستانسىدىكى ياشاشقا زۆرۈر بولغان ئوزۇق ـ تۈلۈك زاپىسى ماڭا بۇ يەردە ئۇزاققىچە ياشاشقا مۇمكىنچىلىك بېرىدۇ. «يامان ئۆلمەي ياخشىغا كۈن يوق» دېگەن ماقالدا ئېيتىلغىنى چىن بولىدىغان بولسا بۇ ماڭا دەل كېلىدۇ. پۈتكۈل دۇنيا بويىچە گۇپپىدە يېقىلغان ئىمپېرىيىنىڭ پارچىلىنىشى ماڭا شىپا ـ داۋا بولدى. مەملىكەتتە قالايمىقانچىلىق ھۆكۈم سۈرۈۋاتقاندا سوۋېت ئىتتىپاقىدىكىلەر يەر يۈزىدىكى خىزمەتلەر بىلەن بولۇپ كېتىپ مەن ھەققىدە ۋە سابىق «شەرق قىزاردى- 27» دەپ ئاتالغان ئوربېتىلىق ئىستانسا ھەققىدە گاڭسا ـ جىساچە ئۇنتۇپ كېتىشتى. ئەمدى ئۇزاققىچە ئېسىگىمۇ كىرىپ قالماسلىقىمدىن قورقىمەن. مېنى ئەمەس ئۆز

*ھىيلە ـ مىكىرلىرىنى تاپالماي قېلىشتىمۇئۇلار؟ دەپ ئويلاپ قالىمەن، ئۇلار بەلكىم يېڭى مەملىكەتلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا كائىناتىي مۇلۇكنى ئەقىلگە سىغماس ھالدا بۆلۇشتۇرۇش بىلەن يەنە ئۇزاققىچە ھالەكچىلىكتە تۇرۇشامدۇ،قانداق؟ دەپ قورقىمەن، مانا مەن جايلاشقان ئوربېتىلىق ئىستانسىمۇ ھەتتا كائىناتنىڭ ئۆزىنىمۇ ئۇلەشتۇرۇشەر.. ئەسلى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىدى، مەن ئۆز ئىشىمنى تاپتىم يەنە ئادەمىي پەرزنى ئۆتەۋاتىمەن، ھاياتىمنىڭ ئاخىرىغىچە ئادەمزات مەسىلىلىرىگە جاۋاب ئىزلەيمەن، كاسساندرا ھامىلىلىرىنىڭ بەرگەن بەلگە ـ بىشارەتلىرىنى ئېنىقلاپ بېرىمەن.*

*يەردە مېنى كۇتىدىغان ھېچكىم يوق، يورۇق دۇنيادا يېقىن ھېچكىمىم يوق. مەن بىر تاشلاندۇق. باللار باغچىسىدە تەربىيىلەندىم. باللار باغچىسىنىڭ بوسۇغىسىغا بوۋاقنى تاشلاپ قويۇشقا ئانامنى بەكمۇ چارىسىز شەرت ـ شارائىت مەجبۇرلىغان بولۇشى مۇمكىن، ئۆز تۇرمۇشۇم ھەققىدە، كائىناتقا چىقىشقا ماڭا نېمە تۇرتكە بولغانلىقى ھەققىدە ھازىر سۆزلەپ ئولتۇرمايمەن، بۇ ئالاھىدە تېما، ئالاھىدە ھېكايە...*

*ھەررىتى ئۇلۇغۇم، يورۇق يۇزىڭىز ئالدىدا تەزىم قىلىمەن، ئەيىپكە بۇيرۇماڭ، سىز ئارقىلىق ئەلگە مۇراجىئەت قىلغاندىكى يالغۇز ئۆزۈم خالىغان ئىسىم ئارقىلىق كىشىلەر چىنلىقنى بىلسە ئىكەن دېگىنىم.*

فىلوفېي،كائىناتنىڭ كاھىنى،

تۇرمۇشتا ـ А н д р е й К р ы л ь ц о в ئاندرېي كرىلتسوۋ.

ئوربېتىلىق كومپيۇتېردىن رىم پاپاسىغا ئىبەرتىلگەن مۇراجىئەتنىڭ تېكىستىگە قوشۇپ «مۇنبەر»گېزىتىنىڭ تەھرىراتىغا بېغىشلانغان ئىلاۋە تىركەلگەن.

ھۆرمەتلىك مۇھەررىر:

سۆھبەتلىمىزگە لايىق ھالدا «مۇنبەر»نىڭ تەھرىراتىغا مۇراجىئەت قىلىشنىڭ سىرتتىن ئېلان قىلىش ھوقۇقىنى تاپشۇرىمەن.

مۇنداق قەدەم باسقۇچقا يېتىپ بېرىش بىلەن «مۇنبەر»دىكىلەرنىڭ قانداق ئېغىر يۈكنى زىممىسىگە ئېلىپ تۇرغانلىقىنى ئېنىق چۈشىنىمەن، باتۇرلۇقلىرىڭلارغا يوقىرى باھا بېرىمەن.

ئەگەر تەھرىراتتىكىلەر مۇراجىئەتىمگە قارىتا جەلپكار پىكىرلەرنى ماڭا ئىبەرتىپ بەرسە ئوبدان رازى بولار ئىدىم، يەردىكىلەرنىڭ ئىنكاسلىرىنى بىلىش ماڭا بەكمۇ زۆرۈر. رازىمەنلىك بىلەن، كاھىن فىلوفېي. xpئوربېتىلىق ئىستانسىسى.

## ئۈچىنچى بۆلۈم

كىتلار ئۇنىڭ چۈشىگە يەنە كىردى. ئۇ ئوكياندا كىتلار ئارىسىدا ئۇلار بىلەن سۇ ئۈزدى، ئۇ كىتلارنىڭ دولقۇنلار ئۈزلۈكسىز يېپىلىۋاتقان كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىدى ـ دە، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشەندى، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ كىت بولدى، ئۇندىن كېيىن كىتلار بايا ھېلىقى ئايروپىلاندىن كۆرگەندىكىدەك قاتار سەپ تارتىپ ئۈزۈشتى. ئۇلارنى ئالدىغا ئۇپۇق سىزىقىنىڭ كۆرۈنگەن چېكىگە قارىتىپ، ئۇ شۇ تەرەپتە ئۇلارنى ئاللىنېمىلەر كۈتۈپ تۇرغاندەك ھېس قىلدۇرۇپ، قانداقتۇر بىر چۈشىنىكسىز كۈچ ھەيدەپ بېرىۋاتاتتى، ئۇلار بولسا ئالىپ تەنلىرى بىلەن دولقۇنلارنى يېرىپ ئۈزۈۋېرىشتى، ئوكياننىڭ سۈيى ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە ئەگىشىپ ئىسسىۋەردى، ئۇ كۆردى ـ دە، ئوكيان سۈيىنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇنچىلىك ئۇخچۇپ قايناپ چىققانلىقىنى دەررۇ چۈشەندى، ئوكيان ئۈستىدە بىر ھازا ئىككى دانىسى بىر بولۇپ كۆرۈنگەندەك كۈن پەيدا بولدى، ياندىش قويۇلغان سەھنە چىراغلىرىدەك بولۇپ

كۆيۈۋاتقان ئىككى دانە دۇگىلەك شار ئاسماندا ئۆرتىلىپ تۇردى، قايسىسى چىن، مەڭگۈلۈك كۈن ، قايسىسى نەدىن، ياندىن ئادىشىپ كەلگەن؟... ھە، بەلكىم چىن كۈن بىلەن ھەيۋە كۆرسىتىشكە كەلگەن كۈننىڭ يالغان كۈن ئىكەنلىكىنى چۈشىنىش قىيىن بولغۇدەك، ئۇ قاتتىق قورقۇپ كەتتى، ئاندىن كېيىن ئۇ بىللە ئۈزۈۋاتقان كىتلارغا قىيقىراشتا باشلىدى، «قاراڭلارچۇ، قاراڭلارچۇ، ۋاي ـ ۋي قېرىنداشلىرىم! ئاسماندا ئىككى كۈن تۇرىدۇ، ھەر ئىككىلىسى بىر خىل، بىر ياڭزا كۈن بىلىۋاتامسىلەر!؟ بۇ يامان ئەھۋال! ئوكيان سۈيى قايناپ چىقسا ـ زە، ھەممىمىز ئۆلىمىز! ئىككى دانە كۈن، ئاپەت!».

روبېرت بورك دەھشەتلىك دولقۇنلاۋاتقان غايەت زور ئوكياندا جان تالاشقان كىتلار ئارىسىدا يەنە كۆپچىلىككە ۋارقىرىدى... ئويغانسا قارا تەرگە چۆمۈپتۇ، دۈپۈلدەپ سوققان يۈرىكىنىڭ تىۋىشى قۇلىقىغا دۈكۈلداپ ئاڭلىنىۋاتاتتى، ئۇيقۇسى ئېچىلغۇچىلىك بۇلارنىڭ چۈشى ئىكەنلىكىگە دەررۇ ئىشىنىپ كېتەلمىدى. ئوكيان ئۇستىدە كۆزىنى چاقناتقان قۇياش ئۇنىڭ چۈشى ئەمەس. ئوڭىدا كۆرگەندەك كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى، كىتلارنىڭ بۇ ۋاققىچە ئۇنىڭ چۈشىگە كىرگەن چاغلىرى كۆپ بولغان، بىراق بايىقىغا ئوخشاش مۇئەللەقتە قوش قۇياشنىڭ بالقىپ تۇرۇشى ھېچقاچان كۆرۈنمىگەن! ئالامەت، ئالامەت، كارامەت....

ئاڭغىچە ئۇ ئىككىنچى بىر كۈننىڭ نەدىن پەيدا بولغانلىقىنى چۈشەندى. خەۋپلىك ۋە ئېنىق چۈشەندى. بۇنى بايىقىغىنىغا ئۆزىمۇ تاڭ قالدى، «قارىمامسەن!» دېدى كېلەچەكشۇناس ئىچىدە، ئاندىن ئەينەكنىڭ ئالدىدىكى سائەتكە قارىدى، ۋاقىت ستىربلكىسى سەھەر سائەت يەتتىگە ئېغىپتۇ، ئايالى قوشنا بۆلمىدە ھېلىھەم ئۇخلاۋاتقان ئىكەن.

بورك ئوچۇق پىشايۋانغا چىقتى، بوركقا ئۇ يەردە ئادەتتە ئۆز ئۆيىنىڭ خوشلۇقى، پۇت ـ قولىنىڭ بوشلۇقى بولاتتى، بىراق بۇ قېتىم ئۇنىڭ ئويى باشقا ئىشلاردا بولدى، شەھەرنىڭ سىرتىدىكى ئۇنى قورشاپ، ئوراپ تۇرغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئادەتتىكى كۇنلەردىكىدەك ئۇنىڭ دىققىتىنى بۆلەلمىدى، ھەتتا سۇ ئۈزۈش كۆلچىكىنىڭ يېنىدىكى ياپونچە ئۇسلۇبتا ياسالغان مەرمەر تاشلىق باغمۇ (يۇلتۇزلارنىڭ جايلىشىشىغا ئاساسەن ياسالغان دېسە ئىشەنگۈدەك كېلىدۇ) بۇگۇن پۇتۇنلەي ئۇنتۇلدى، بۇ چاغدا كېلەچەكشۇناس تاڭ سەھەر بىلەنلا جېسسىدىن ئاڭلىغان ئۆسەك سۆزلەردەك گەپلەر بويىچە ئادەمگە كۇلۇپ تۇرۇپ ئېيتىلغاندەك پىچىر ـ پىچىرلار بىلەن، ھەمدە ئۆزىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا قۇمغا ئاجايىپ قىلىپ چېگىلگەن چەكمىلەرنى ، سېھىرلەنگەن ئىشنى يېشىشنى ياخشى كۆرگەندەك بۇگۇنكىدەك كەيپى چاغ پەيتتە ئۇنداق ئەرمەكلەرنىڭ ئۇنى قايتا ئاۋۇندۇرىدىغان كۇنى يەنە بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ، ئۇ پۇتكۇل نەشر ـ ئەپكارلارغا قاراپ چىقىشى كېرەك، ئۇ ئىشلار تاغدەك يىغىلىپ تۇرىدۇ، ھەر قانداق مەسىلىلەر بويىچە ھەر بىر كىشىگە تېلېفون بېرىشى، ۋەزىيەتنى مىدىر ـ سىردىر قىلدۇرماي قارمىۋېلىشى كېرەك ئىدى.

كاسساندرا ھامىلىسى ھەققىدىكى ئىشلار قايناپ ئوخچۇپ كۇچ ئالدى، شۇنداق بولۇشنى روبېرت بورك بىلگەن، ئۆزى بولسا بايىقى ئىشلاردەك ياش چېغىدىكى جېنىنى ئارامىدا قويمايدىغان قارا كۇچنىڭ ئۆزگەئېقىپ كېلىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى سەزدى، شۇ ئوقۇپ يۇرگەن ياش چاغلىرىدا ھازىرقى زاماننىڭ مەدەنىيەت مەسىلىلىرى بويىچە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەتراپىدىكى قايناق مۇھاكىمە ـ مۇتالىئەلىرى ئەقلىي زېھنىلىك«رىم كۇلۇبى»نىڭ مودېللىرىدەك قۇرۇلمىلاشتۇرۇۋالسا بولغۇدەك، بۇنىڭ ئۇچۇن مۇتەسسىپ قارشى

پىكىردىكىلەرنى ئىشەندۈرۈشكە ئىمكانىيەتلەر يېتىشلىكتەك قىلىدۇ، دەپ بىلگەن ئىدى، كاسساندرا تامغىسى ھەققىدىكى ۋەقەلەر بوركىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى شۇ چاغدا پەيدا بولغان خۇمارىنى، مەپكۇرە ئۇچۇن تەۋەككۇلچىلىك قىلىشقا، ئۇنى ئوچۇق دىشۋارچىلىققا سېلىشقاتەييارلاپ تۇرغانلىقىنى ئويغاتتى.

ھېلىقى ۋەقەلەر بولسا بوركىنىڭ كۆڭلىنى ھېلىقى ئايرودرومدىن تارتىپلا ئىگىلىۋالدى، جېسسى ئۇنى چىقىش ئىشىكىدىكى مىغ ـ مىغ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىن بىر تۇتام گېزىتنى، بىر دەستە گۇلنى پۇلاڭلاتقىنىچە قانداقتۇر بىر يېقىملىق تەبەسسۇم بىلەن، قانداقتۇر بىر سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەندەك ھەم تېتىك ھەم خاۋاتىرلەنگەندەك چىراي بىلەن قارشى ئالدى، بىراق ئۇنى تۇيۇقسىز چۆشكەندەكلا توساتتىن ياغقان قارا يامغۇر يۇيۇپ ئۆتكەندەك كۆرۈندى، جېسسى بوركتىن توققۇز ياش كىچىك ئىدى. بىراق، گاھى ـ گاھىدا بىلەن قان بېسىمى كۆتۈرۈلۈپ، ئاغرىپ قالاتتى، شۇ سەۋەبتىن جېنى قىينىلىپ چىتايى تاتىرىپ كېتەتتى، يەنە ھەم شۇ ئايرودرومدا ھېلىقى يىراقتا قالغان ياش چېغىدىكىدەك ئېرىگە تېتىك، سېزىمچان ھەم ئىسسىق كۆرۈندى، ئۇھ، ئۇنىڭ بۇيۇك مۇزىكانت بولۇشىغا ئۇ، روبېرت قانداق پۇتلىكاشاڭ بولدى دەيسەن! جېسسى راستىنلا ناچار ـ يامان چوڭ ۋىلئولچىلچىلارنىڭ قاتارىدىكى كىشى ئەمەس بولدى، ئەگەردە شۇنداقلا ئاڭا كانىدەك يېپىشقان ساراڭ چېلىش بورك بولمىغاندا، بەلكىم جېسسىنىڭ ئابرويى ئۇركىستىرنىڭ ئاھاڭىدىنمۇ يىراق كېتەر ئىدى، بىراق ھەر بىر كىشىنىڭ ئۆز تەقدىرى بار ئەمەسمۇ؟

ئايرودرومدا، كۇتۇمخانا ئالدىدىكى قىستاڭچىلىققا ھېچنېمىگە قارىماي، غەيرەتلىك ھالدا شۇ پەيتتىكى ئۇچرىشىش قۇۋانچىنى بىلدۈرگەن سۆزلىرىنىڭ بىرىمۇ شۇنداق بولدى.

55روبېرت، كېتەرىڭدە، ھېلىقى ئەقىل ئاداشتۇرغان تاشلىرىڭنىڭ ئارىسىغا نېمىنى سېھىرلەپ چېگىپ قويۇپ كەتتىڭ، ھە؟ بىلمىدىم، بىراق بىلىشكەھېچ مۇمكىن بولمىدى. نېمە دېسەڭ دېگىن، مۇمكىن ئەمەس! بۇنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ، بۇ بىر ھېكمەت، ئىشىنىپ قوي، بۇنى ئۇققانلارنىڭ قۇيقا چېچى تىك تۇرىدۇ.

ـ 55دېمەك، تەسۋىرىي يېزىقتەك نەرسىلىرىم بىر خەزىنىگە يارايدىكەنغۇ،ـ دېدى، سۆزگە يارىشا تېگىدىن گەپ قىلىپ.

ـ 55مەيلى، نېمىگە بولمىسۇن تىلىكىڭگە يەتتىڭ، مۆھتىرەم كېلەچەكشۇناسىم، سېھىرىڭ شۇنى قىلماقتىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئەمدى سىرىڭنى ئۆزۈڭ يەش.

ـماشىنىنىڭ ئىچىدە ،ـ جېسسى رۇلنى قارماپ كېلىۋاتقان ئىدى، بورك گېزىتلارنى يايدى، بىراق كۆز يۇگۈرۈتۈپ ئۆتتىـ دە، مۇنداقلا تاشلاپ قويدى.

55يوق، ماۋۇنى ئۆيگە بارغاندا، ئالدىرىماي ئولتۇرۇپ قولغا ئېلىپ ئوقۇش كېرەك ئىكەن،ـ دېدى كۆ ئەينىكىنى قاتلاپ قويدى.

ـ 55ئۇنى قانداق ئىكەن دەپ ئويلىغانسەن،ـ دېدى، جېسسى كۈلۈمسىرەپ، ئەگەر كائىناتتىن، ئالەمدىن بولماي بۇلۇڭ ـ پۇچقاقنىڭ بىرىدىن ئېيتىلغان سۆزلەرنىڭ بىرى بولغاندا، ئۇنداقتا ئۇ ئادەمنىڭ بۇرۇتى قان يالاپ قالىدۇ، ئۆزۈڭ ئويلاپ باققىن، ھامىلە! بوۋاق! ئۇنىڭ بىچارىلەرچە شۇمشۇيۇپ تۇرغانلىقىنى ئېيت! بىر نەرسىنى مۆلچەرلىگىلى بولار! ئۇنىسى ئاز كەلگەندەك قىلىپ، يورۇق دۇنياغا كەلمەيمەن دەپ تۇرسا! ئۇنىڭ ھەنىنىۋاسى كەسكىن تۇردە قەدىمكى ھەقىقەتتەك ئېيتىلىپ تۇرسا، شۇنىڭغىمۇ مەيلى دېگۈلۈكمۇ؟!

56ئەمدى ئۇ ئىش ئۇنداق دېگەنلىك ئەمەستۇر، ـ دېدى، بورك ئۇچىسىنى ئويچان سىرىكەپ، ـ ئاشا ئايالى لاتاپىتىدىن كېتىپ قالغاندەك كۆرۈندى، بىراق جېسىسىنىڭ ئۇنداق ھالىتى يوق بولسىمۇ، شۇ ۋاقىتتا بورك، ئۇنداق كۆرۈنۈشتىكى ئايالىنىڭ تۇرقىنى يالغان بولسا ئىكەن دەپ تىلىدى، بەلكىم، سۆز ھامىلىنىڭ رېفلېكس ئىقتىدارىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ بار ئىكەنلىكى ھەققىدە بولۇۋاتىدۇ،

ـ نېمىلا بولمىسۇن بۇ كىشىنى ئويلاندۇرىدىغان ئىش دېسەڭچۇ. ئەگەر، يەنە مىسال ئالايلى، بىزنىڭ بىۋاپا دۇنياغا ھېساب ـ كىتاب يۈرگۈزۈشنىڭ كونتىروللۇق نۇقتىسى ھالىتىدە قوبۇللاشنىڭ توپتوغرا بىر شەكلى تېپىلغان بولسا... ھە دېمەيسەنغۇ، ئويۇمغا ھازىر بەزىدە توساتتىن كېلىپ قالىدۇ، بۇنىڭ ھەقىقىيلىقىدىمۇ ھامىلىلىك سەۋىيىسىدە بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئۇ شۇنىڭدىمۇ فانتازىيىلىك تەپەككۇر يۈرگۈزۈشلەردە بىراق كىم بىلىدۇ، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بۇنى ھازىرچە قويۇپ تۇرايلى، ئۆيگە كېلىلى، مەن ئوقۇپ چىقاي ئاندىن كېيىن سۆزلىشىمىز، ئەگەر چىققى بىلەن، راسا، مەن ساڭا بىر نەرسىنى ئېيتسام كۈلىسەن.

ئۇندىن كېيىن كېلەچەكشۇناس ئايالغا گېرمانلارنىڭ كەسپكەپىششىقلىقى بىلەن بېجىرىملىكى، شۇنداقلا ياۋروپالىقلارنىڭ، ئامېرىكانلارغا يېقىنلاشقان چاغدىكى ھېس قىلغان ئىچكى ئۆزگىچىلىكى ھەققىدە گەپ قىلىپ بېرىشكە باشلىدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە تاڭ سەھەر دىيۇسسېلدورفتىكى رېيىن دەرياسىنىڭ كەڭرى ساھىلىنى بويلاپ ۋېلىسىپىت مېنىپ كېلىۋاتقان، ھەمدە ئۇنىڭ يېتىشچە بەلگىلىك بىر مۇزىكىنىڭ ئارىيەسىنى بىجاندىل ئېيتىپ كېتىۋاتقان كىشىنى كۆرگەن ئىدى. كۆرۈنگەندىمۇ ئۇ كىشى ۋېلىسىپىتلىك، ئاپپاق ياقىلىق، كۆڭلەكچان،

گالاستوٗكلوٗق، توٗفلىيىنى پاكپاكىز پارقىراتقان ھازىرلا ئوپپىرانىڭ سەھنىسىدىن چوٗشوٗپ كېلىۋاتقاندەك ئىدى. شوٗ چاغدا ئوٗنىڭ ناخشىسىنى باھالىغوٗدەك رىيىنىنىڭ ساھىلىدا باشقابىرەر ئادەم يوقتەك قىلاتتى، بىراق، ۋېلىسىپىتلىك ناخشىچىغا ھېچكىمنىڭ كېرىكى يوق ئىدى، ئوٗ ئوٗزىگە ئوٗزى يەنە بار بولغاندىموٗ بالدوٗرلا يولغا چىققان يوٗك توشوٗغوٗچى قېيىقلار بىلەن كىملەر ئوٗزوٗپ بېرىۋاتقان سوٗيى چالقىغان رىيىن دەرياسى بار ئىدى، ئاۋوٗ تەرەپتىن قوٗياش يېيىلىپ چىققان ئىدى، بورك شادلانغىنىدىن خوٗدىنى يوقاتقاندەك ناخشىچىنىڭ ئارقىسىدىن يوٗگوٗروٗپ ماڭغوٗسى كەلدى. شوٗنچىلىك شادىمان، كوٗلكە كېلەرلىك، يانا روھلوٗق ئىدى. رىيىن دەرياسىغا ئوٗزىنى تاشلىغوٗسى،يەنەبىر چېكى يوق ساھىلدا غىڭشىپ ناخشا ئوقوٗپ كېتىۋاتقان ۋېلىسىپىتلىك كىشىگە ئوٗتتوٗرىدىن ئوٗزوٗپ ئوٗتكوٗسى، ئاڭا قول پوٗلاڭلىتىپ سوٗ ئىچىدىن كوٗڭوٗللوٗك بىر نىمە دەپ قىيقىرغوٗسى، ئوٗنىڭ بىلەن يارىشا يوٗگوٗروٗپ دوٗنيادىكى بارلىق غەم - غوٗسسىنى ئوٗنتوٗپ تاشلىغوٗسى كېلەتتى....

ئىككەيلەن تېز سوٗرئەتلىك تاشيولدا ئوٗچقاندەك كېتىۋېتىشىپ، ساراڭغا ئوخشاش يولدىكى بىر كىشىگە قاراپ كوٗلوٗشتى.

ئەمدى ئوٗيگە، ئەمدى ئىشلەش كېرەك، كىشىلەر ھەيران بولوٗپ قاراپ قالغوٗدەك ئىشلەش كېرەك، دېدى بورك ئىچىدە. يېقىندا قايتىدىن ئوٗز ئوٗيىدە، ئوٗز ئىشخانىسىدا، يېزىقچىلىق شىرەسىدە ئولتوٗرىدىغانلىقىنى راھەتلىك ئويلاپ، شوٗنى ئويلاپ كېلىۋېتىپ،ئوٗ ئىككىلىنىپ قالدى. دائىما بولوٗۋاتقاندەك، قايتىپ كېلىۋاتقانلىقىغا، جېىسى بىلەن ئايرودروٗمدا يولوٗقوٗشقىنىغا بىر جەھەتتىن يەڭگىللەپ قالغاندەك سەزگەن بولسا شوٗ تاپتا كوٗزىنى بىر يوٗموٗپ بولغوٗچە يوق بولغاننى،ئوٗتوٗپ كەتكەن كوٗنلىرى ئوٗچوٗن ئوٗزىنى-ئوٗزى ئەيىپلىدى. موٗنداق ئاسان قولدىن چىقىپ كەتكەن ئادەم

نەرقىنى، ھاياتنىڭ بىباھالىقىنى ناھايىتى كىچىكىپ سەزگەن كۆنلەر قانچە قېتىم بولدى، دەيسەن.

بۇ قېتىم ئۇنداق بولغىنى بىلەن ئۇنىڭ كۆڭگەن ئادىتىدەك ھېلىقى ئايروپىلاننىڭ بۆلمىدە بىلگەن نەرسىسىگە ئۇلىنىپ پەيدا بولغان، باشقا بىر نەرسە قوشۇلدى. بۇ تاڭ قالارلىق خەۋەر ئادەتتە مۆجىزىۋى يېڭىلىقلار دۇچار كەلگۈچى تەقدىرنى يالت قىلىپ يانداپ ئۆتۈپ، ئۇندىن كېيىن قايتىدىن ئۆچۈپ قالىدىغان تەقدىرنى كۇتۇپ تۇرغاندەك سېزىلگەن ئىدى. بىراق ئۇقىنى ھەققىدە بورك قانچىلىك كۆپ ئويلانغان بولسىمۇ بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارغا ئۆزىنىڭ قانداقتۇر بىر تېگىشلىك مەسئۇلىيىتى باردەك نامەلۇم سېزىمگە قاۋلىپ ھەيرانلىقى تېخىمۇ كۈچەپ تېخىمۇ ئەدەپ كەتتى. ئۇندىن قالسا ئاڭا تاپتاقىر نەتىجىسىز بىر ئىش باردەك قىلاتتى، بۇ ۋەقەدىن ھېلىھەم قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى، ئۇ ۋەقەنى ئۇنتۇپ قالمايدىغانلىقىنى سەزدى. ئۇ توساتتىن ئۇنداق سوتقا چۈشكەندەك ئوسال ھالدا قالىدىغان ئادەم ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەيىبكارنىڭ جىنايىتى، قىلمىشى ئوقۇلۇپ تۇرغان پەيتتە شۇ زالدا بار بولغانلارنىڭ ھەممىسى سوت جەريانىغا قاتناشقانلىقى ئۈچۈنلا گۇناھكار ھېسابلىنىپ كۈتۈلمىگەن ۋە قولاقمۇ ئاڭلاپ باقمىغان ھۆكۈم چىقىرىلغان، سوت زالىغا كىرىپ قالغان بىلەنلا ھەمدە بۇ ھۆكۈمنىڭ ئىلان قىلىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈنلا يېنىۋېلىشقا مۇمكىن بولمىغاندەك ئىش ئىدى.

كائىناتتىن كەلگەن يېڭىلىق ھەقىقەتەندىمۇ ئادەمنى قىزىقتۇرىدىغان، تاڭ قالارلىق، كۇتۇلمىگەن ھالدا، چۈشەندۈرۈپ بولغۇسىز دەرىجىدە بۆسۈپ كىردى، مانا ماشىنا رۇلىدىكى جىبسىمۇتەرگە قارىغاندا، كائىناتنىڭ يېڭىلىقىنىڭ تەسىرىدە كېلىۋاتاتتى، بۇ ئۇنىڭ ئۆزىدىن، كۆزلىرىدىن

كۆرۈنۈپ تۇراتتى. جېسسىنىڭ خۇدا ئاتا قىلغان نۇر چاقنىغان، چىرايلىق كۆزلىرىنىڭ ھەر بىر بىلىنەر ـ بىلىنمەس كىرپىك قېقىشى، ئۆزگەرگۈسى روبېرت بوركقا كۆپ نەرسىنى ئېيتىپ قويغۇدەك ئىدى. قايسى بىر خەير ـ ساخاۋەتچىلىكنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل يىغىلىشىدا ئۇ جېسسىنى ياش مۇزىكانتلارنىڭ ئارىسىدىن، جېسسى بولسا ئۇنى تاماشىبىنلار ئارىسىدىن يەنى سەھنىگە يېقىن ئولتۇرغان يەردىن كۆرۈپ تونۇشقان دەسلەپكى كۈنلەردىن تارتىپ ئۇلارنىڭ ئۇچرىشىپ تۇرۇشى باشلانغان شۇ دەسلەپكى كۈندىن باشلاپ ئۇ جېسسىنىڭ كۆزىدىن «ھاياتنىڭ يازى بىلەن قىشى»نى ئوقۇغاندەك بولدى، ئۆگەنگەندەك بولدى ۋە ئۇنىڭ ئوي ـ خىياللىرىدىكى ھەممىسىنى ئوپئوچۇق بىلدى، جېسسىگىمۇ ھەممە ئىش ئايان بولۇپ تۇردى، ئۇلارنىڭ مانا شۇ بىر ـ بىرىنى ئېغىز ئاچۇرماي كۆز بېقىشتۇرغان چۈشىنىشلىرى ئۇلارنىڭ ئىناقلىقىنى، ئائىلىدىكى بەختلىرىنى ئېنىق بىلدۈردى.

بۈرۈن يۈز بېرىپ باقمىغاندەك ھالدا ئۇن ـ تىنسىز قېتىپ، ئويلىنىۋاتقان ئايالىنى ئۇ سۆز بىلەن ئالاقىزادە قىلغۇسى كەلمىدى، جېسسىنى خاۋاتىرگە سالىدىغان تۈپكى سەۋەب يوق ئىدى. مۇنداق ئىشلار ئۇلارنىڭ مۇشۇياش قۇرامىغا كەلگۈچە كۆپ قېتىم سادىر بولغاندەك، ئۇلارنىڭ ھايات تىرىكچىلىكى ئادەتتىكىدىن بەكرەك مەھكەم، چىداشلىق ئىدى، ئۇ بىرلا خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن يۈز بەرگۈچى ئىشلارنى ئالدىنئالا مۆلچەرلەپ، ھېسابلاپ ئالالىغۇچى ئەمەس، ھەر بىر ئادەمگە بېرىلگەن ئۆز مۆھلىتى، ئۆز مەزگىلى بولىدۇ، ئەمەسمۇ؟ ھازىرچە ئۇلار مەزگىلىنىڭ ۋە تەن ساقلىقىنىڭ «ئاخىرقى چېكى» پۈتكۈچە ئىجادىيەت مۇمكىنچىلىكلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەنچە ھەرىكەتلىنىپ تۇرۇشتى، جېسسىنىڭ مۇنداق جىمىپ قېلىشى كائىناتتىكى كاھىن فىلوفېينىڭ مۇراجىئىتىگە خاۋاتىر بىلەن

قارىغانلىقتىن بولۇۋاتقانلىقىنى بورك چۈشىنىپ تۇردى.

«ئۆيدە سۆزلىشىمىز،دەپ ئويلىدى روبېرت بورك،بەلكىم ئۇنىۋېرسىتېتداش دوستلىرىمنىڭ بىرىگە تېلېفون بېرىشىم مۇمكىن، ئۆيگە بارغۇچە تېلېفوندا سۆھبەتلىشەرمەنمۇ؟

شۇنداق ئويلاپ تۇرۇپكىنى كۆتۈرمەكچى بولۇپ ئايىنىپ قالدى، ياق، ئالدى بىلەن كائىناتتىكى دانىشمەننىڭ مۇراجىئىتىنى ئالدىرىماي ئوقۇپ چىقاي ـ دە، ئۇندىن كېيىن......»

ـ 60رادىئونى قوياىمۇ؟ ـ 60 دېدى جېسسى ئېرىنىڭ كۆڭلىدىكىنى تېپىپ.

ـ 60بىھاجەت، ماڭا گاژىلدايدىغان رادىئونىڭ كېرىكى نېمە؟ ماڭا سەندىن ئارتۇقى يوق.

ـ 60ئىشىنىمەن، ئوبدان ئىشىنىمەن،ـ دېدى جېسسى كۈلۈمسىرەپ، يەنە بىر ماشىنىنى «گۇر» قىلىپ يانداپ كېتىۋېتىپ.

ـ 60ئاۋۇ تەرەپتىن كەلگەن خەۋەر راستىنلا ئېنىق بولسا،ـ دېدى بورك، بېشىنى يوقىرىغا شىلتىپ،ـ ئۇنداقتا، ئەلۋەتتە ھېچكىم ئۇنىڭغا ئېتىبارسىز قالمايدۇ.

ـ 60**ھە**، سەن راستىنلا شۇنداق بولىدۇ، دەپ ئويلامسەن؟

ـ 60بىلمەيمەن، بىراق راستىنلا شۇنداق جاۋاب بولسا ۋەزنى بار جاۋاب بولىدۇ.

ـ 60تىلىڭغا تەمرەتكە چىقسۇن، كېلەچەكشۇناس!ـ جېسسى راستىنلا چۆچۈپ كەتتى،ـ ئامما كۈچلۈك جاۋاب بېرىدۇ، دېگەن بالا ـ قازا ـ دە!

60ئەگەر ئادەملەر ئۆزلىرىنى چارىسىز ئەھۋالدابىز، دەپ سېزىشەر بولسا، ئۇندا ئىرىسىيەتشۇناسلىقتىكى، بىئولوگىيىدىكى مەخپىيەتلىكنى يوقىتىپ

ئۇنى سىياسەتكە ئايلاندۇرىدۇ.

61بەزىدە بەك ئاشۇرۇۋېتىسەن، روبېرت،ـ دېدى، جېسسى، ئۇدا داۋام ئېتىۋاتقان تىنچسىزلىنىشنى بېسىشقا ھەرىكەتلىنىپ،ـ بىراق كىم بىلسۇن،ـ جېسسى ئويلىنىشقا باشلىدى،ـ مەن ئايردرومغا چىقار ئالدىدا شىنائېرلەر، ئارتور بىلەن ئېلزابېت تېلېفون بېرىشكەن ئىدى. ئۇلارنىڭمۇ تىنچى خېلى بۇزۇلۇپتۇ، لېكىن بىزنىڭ جون، كوشۇت ئاتلانتادىن تېلېفون بېرىشتى، ئويۇن قويۇپ يۈرۈپتۇ، ئۇياقتا، تارىخنىڭ ئاخىرلىشىشىنىڭ فۇكۇيامالىق نەزىرىيىسى بويىچە بەس—مۇنازىرىدە سېنى ئادەمزاتىنىڭ ئالدىدا يېڭى تراگېدىيە، يېڭى سىناق تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېيتقان ئىدى دەپ، توساتتىن شۇنى ئەسلىدى، مانا، دەيدۇ، ئۇ،ـ كېلەچەكشۇناسلىق ئويىغا كەلگەننى ئوتلاپ سالدى،دۇنياۋى ئۇرۇشنىڭ ئورنىغا، ئۆزى بىلەن ئۆزۈڭدىكى، ئىنسانىيەتتە يۈز بېرىدىغان ئۇرۇشنى، پەيدا بولسا بولارمۇ بولماسمۇ ؟دېگەن قىيىن مەسىلىنى، دۇنياۋى ئاپەتنىڭ مەنبەلىرىنى قوچۇپ ئاپەتنى تۆرگە چىقىرىپ ئولتۇرىدۇ، كېلەچەكشۇناسلىق ئۇن چىقارماي جىم يۈرسە، بەلكىم مۇنداق ئىشمۇ يۈز بەرمەس ئىدى، دەيدۇ،ـ ئەمدى شۇنداق دەپ گەپنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىپ سالدى،

ـ ھېلىقىسى كەلدى،

ـ ھېلىقىسى دېگەن نېمە؟ـ دەيمەن،

ـ ھېلىقىسى دېگەن ھېلىقى دېگەننىڭ ئېتىمۇ بولمايدۇ؟ دېيىشىدۇ، كىشىلەر.

ـ 61كوشۇت شۇنداق دېدى، كوشۇت شۇنداق دەپ يۈرىدۇ، بىراق ئىككى دولىسىنى كىنايىلىك قىسىپ قويدى، بايىقى تاماشاسىنىمۇ ئۆزى تىياتېرخانىدا تراگېدىيىلەرنىمۇ قويۇپ، شېكىسپىر، ئېسخىل ۋە باشقىلار

بىلەن دۇنيانى ئوڭتەي ـ توڭتەي قىلىپ يۈرىدۇ- دە، مەن ئويىغا كەلگەننى ئوتلاپ يۈرىدىغان ھايۋان ئەمەسمەن، رەھمەت، مېنىڭ بېشىدا قاشقىسى بار دوستۇم شۇنداق.

ـ 62ھوي ،ئۇنىڭ گېپىنى قىلمايلا قوي، ئۇ بىر قىزىق نېمە، ئېسىڭدىمۇ بىر قېتىم مۇنداق دېگەن، ...ئايالىڭ پەيزى...، چېچى پاخپىيىپ تۇرسىمۇ، بايىقىدىكىدەك... بىراق مەندە نېمە بار؟... ئۇ چاغدا سەن ئېيتمىدىڭمۇ، ئايالىمنى تارتىۋېلىشىڭ مۇمكىن... لېكىن چېچىنى، ئالابۇلىماچ قىلىپ پاخپايتىپ تۇرسىمۇ...، ھېچقاچان! تارتىۋالالمايسەن، ئۇنىڭ بولسا ئىككى كۆزى ياشقا تولغان، ۋارقىرىشىمۇ، يىغىسىمۇ ئارىلاش ئارتىست دەپ ....

بورك بېشىنى ئويچان لىڭشىتتى، ئۇ ئارودرومدىن چىقىپ بىسمىللاسىدا ئۆيگە يۈرگەندە بۇرۇن بولۇپ باقمىغان، ئېنىقراق ئېيتقاندا، يەنە تېخى ئاڭلاپ باقمىغان ئېغىر بېسىم بىلەن، سىرتتىن كەلگەن، كۆزگە كۆرۈنمىگەن، بەلكە ـ بېشارەتسىزھالدىكى بۇنىڭسىزمۇ يەنە دائىم كۆڭلىدە بار بولىدىغان ئېغىر بېسىمى بىلەن كېتىۋاتاتتى.

ـ بوب(بوب ـ روبېرت بوركنىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى ـ تەرجىماندىن)، سەن ئوكيانىدىكى كىتلارنى راستىنلا كۆردۈڭمۇ؟62 جېسسى ئۇنىڭ ئويىنى بۆلدى.

ـ شۇنداق ئىشىنىمۇ يالغاندىن ئېيتىپ يۈرەمدىمەن! شۇنى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن ساڭا تېلېفون بەردىم ـ دە، ئۇ قايتىدىن قىزىپ سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇ مەنزىرىنى تەسۋىرلەشكە سۆز ـ ئىبارىلەر ئازلىق قىلىدۇ، دېگىنە، ئوكياندا، كۆز ئالدىڭغا كەلتۈرۈپ كۆر، پاراخوتتەك ھالەتتە بەغايەت جانىۋارلار ئاسماندىكى تۇرنىلاردەك ئۈچ بۇرجەك ھالەتتە ئۈزۈپ كېتىۋاتىدۇ، بۇ بىر كارامەت كۆرۈنۈش! يېنىمدا سەن يوق، ساڭا تېلېفون بەرگىنىم ياخشى بولدى، بورك بىر دەم ئۇن

چىقماي قىلىپ، ئاندىن سۆزىنى قايتىدىن داۋام قىلدى، ساڭا قانداق چۈشەندۈرسەم بولار، شۇنى دېمەيسەنمۇ، خىيالىمغا نېمىلەر كېلىۋاتىدۇ، بۇ توساتتىن يۈز بەرگەن ئىش ئەمەس، دېگىنە، شۇ قېتىم فرانكفورتتا مەن تونۇشقانلاردىن باشقا ئاۋستراليىدىن كەلگەن ئىشتىراكتىچىمۇ بار ئىدى، مېلبۇرن ئۇنىۋېرسىتېتىدىن، مەيلى قانداق قىلمىسۇن ئاۋستراليىلىكلەر بىزنىڭ ھەممە ئىشىمىزدىن بۆلەكچىلا ئايرىلىپ تۇرۇشىدۇ. نېمە ئۈچۈنلۈكىنى بىلمەيمەن، بەلكىم، بۇ ئۇلارنىڭ دۇنيانىڭ بىر چېتىدە بولغانلىقىدىندۇر؟ ياكى شۇ ئىشتىراكچى ئۆزى شۇنداق ئالاھىدىرەكتۇر؟ مەن ئۇ كىشىنى ئۆزۈمچە يۇنۇسبېلىقشۇناس دەپ ئاتاپ قويدۇم، چۈنكى ئۇ كىشى يۇنۇس بېلىقىغا قىزىقىدىكەن، بۇ قىزىقىش ئۇنىڭ ئىشتىن سىرتقى ئەرمىكى ئىكەن. ئۇ ئادەم شوينىدەك ئۆزۈن، تىك قولاق، ناھايىتى ناتىق ئىكەن. ئۇنىڭ گېپى كىتلار ھەققىدە بولۇپ قالدى، يونۇس بېلىقلىرىدىن باشلىدۇق، شۇ كىتلار ھەققىدىكى سۆھبەت، بەلكىم سېنىڭ كۆلكەڭنى كەلتۈرەر، بىزنى ناھايىتى يېقىنلاشتۇرۇۋەتتى، مەن قىزىقسىنىپ ئاڭلىدىم! ئۇندىن كېيىن سۆھبىتىمىز كىتلار نېمە ئۈچۈن توپ-توپى بىلەن ئۆز جېنىنى ئۆزلىرى ھالاكەتكە تاشلايدۇ، دېگەن سوئالغا بۈگۈنگىچە جاۋاب تېپىلمىغانلىقى ھەققىدە بولدى.

- 63كىتلارنىڭ ھېلىقى دېڭىز ساھىلىغا چىقىپ قالغانلىقىنى ئېيتىۋاتىسەنغۇ؟ شۇنى دەۋاتامسەن؟

- 63شۇنداق، دەل شۇنىڭ ئۆزى، مانا شۇنداق كىتلارنى كۈچ - قۇۋۋەتكە تولغان ئەقلى - ھوشى جايىدا دەپ ئىشىنىپ تۇرايلى، ئالىمادىس، ھېچقانداق سەۋەبسىز، يىغىلىپ جەم بولۇپ سۆزلىشىپ تۇرغاندەك، تۈن نىسپىدە ساھىلغا كېلىشىپ، دېڭىز سۈيى ھوشۇققا يەتمىگەن يەرگە ئۆز

تېنىنى تاشلاپ، چاڭقاپ ئۆلۈشكە كىتلارى كىم مەجبۇرلاۋاتىدۇ، شۇ جىيەكلەردە ئارقىدىكى ئوكيانغا قايتا كىرىپ كېتىشكە كىچىككىنىمۇ ھەرىكەت قىلىشماي، كىتلار ئۆلۈشىدۇ. ئۇلار نىچۇن مۇنداق قىلىشىدۇ، نە سەۋەبتىن نە ۋەجىدىن؟

ـ 64قويۇپ تۇر گېپىڭنى،ـ جېسسى ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى، قىزىقانلىقتىن كۆزلىرى ئويناپ كەتتى،ـ بۇ ھەقتە نەچچىلىگەن يازمىلار ئېلان قىلىنىدىغۇ، ئۇنداق بولسا، ھېلىقى ئاۋستىرالىيىلىكنىڭ بۇنىڭ نېمە سەۋەبتىن يۈز بېرىدىغان ۋەقە ئىكەنلىكىنى بىلەمدىكىن؟

64گەپ دەل شۇنىڭدا، ئۇ ئىككىمىز قانداق ئويلىدۇق؟ بۇ كۆرۈنۈش كىتلارنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشى ـ بىئولوگىيىۋى تەرەپتىن ئۆزىنى ـ ئۆزى ساقلاپ قېلىش قانۇنىيىتىگە زىت. باشقىچە ئېيتقاندا، تەبىئەتكە توغرا كەلمەيدۇ، ئۇچارلىق ـ تىنارلىقلار دۇنياسىدا يەنە مۇشۇنداق ئەھۋال بولمايدۇ.

ـ 64ئۇچارلىق ـ تىنارلىقلار دۇنياسىدا بولمىغان بىلەن ئىنسانىيەت دۇنياسىدا بولۇۋېرىدۇ.

ـ بۇ پۈتۈنلەي باشقا نەرسە، گەپ ئۇ توغرىسىدا ئەمەس، بۇ يەردە دېيىلىۋاتقىنى پۈتۈنلەي باشقا مەسىلە جېسسى.

روبېرت بورك توقايلىقتىن دۆڭگە سوزۇلغان يول بويىدا پارقىراپ تۇرغان يول بەلگىلىرى بىلەن سالاسۇنلار چوقچىيىپ كۆرۈنگەن كەڭ يولغا كۆز چاپتۇرۇپ ئۇزايىدىن بېرى تونۇش بولغان كۆپ قېتىم كۆزىگە چېلىققان مەنزىرىگە ئىختىيارسىز كۆلۈمسىرەپ ئۇن ـ تىنسىز ئولتۇردى، ئۇ بىردەم ئۆزىنى تولىمۇ بەختلىك ھېس قىلدى، ئۆيگە كېتىپ بېرىۋاتقاندا، جېسسى ماشىنىنىڭ رولىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ ئۆزى ئالدىن ئويلاپ قويغاندەك كىتلارنىڭ سىرىنى ئاڭا ئېچىپ سۆزلەپ بەرسە، جېسسى ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىغا بەكمۇ

ھەيران قىلىشىنى ئۇ بىلىدۇ، ئۇندىن كېيىن كەشپىياتنىڭ قىزىقسىنىشلىرىغا پاتقان بىر نېمىلەر ھەققىدە، بۇ تېما ھەققىدە گەپتىن ـ گەپ چىقىرىپ ھەر تەرەپتىن تەھلىل قىلىشىدۇ، مانا مۇشۇنىڭ ئۆزى بەخت، چۈنكى بەخت دېگەن كۆڭۈللەرنىڭ بىر ـ بىرىگە باغلىنىشى ئەمەسمۇ، ئۇندىن كېيىن ئۇلار ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن، پىشايۋاندا ئىككەيلەن دەرقەمدە ئولتۇرۇپ جىمسى چالغان مۇزىكىدىن تەڭ بەھرىلىنىپ (ئۇ كىلاسسىك مۇزىكا دېسە جېنىنى بېرىدۇ)، ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئاق هاراقتىن ئوتلىغۇسى كېلىپ كەتتى... بىراق، كائىناتتىكى كاھىن ھەققىدىكى خىيال يالت قىلىپ كاللىسىدىن ئۆتتۈپ شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا بوگۇن ئۇنداق ئويلىغاندەك باياشادلىق بولماي قېلىشى مۇمكىن دەپ ئويلىدى.

ـ 65نېمىگە ئۇن چىقارماي ئولتۇرىسەن، بوب، قۇلاق سەندە، كەيپىياتىمنى كۆتۈرەي دەۋاتامتىڭ؟

ـ 65يوقسۇ، ئويلىنىۋاتىمەن، مانا سەن سورىمايۋاتامسەن، ھېلىقى ئاۋىستراليىلىك كىففېر دېگەن كىشى كىتلارنىڭ ئۆزىنى ـ ئۆزى ئۆلتۈرۈۋېلىش سەۋەبىنى بىلىدىكەن دەپ، قانداق دېسەم بولار، ئۇ ئادەم باشقىلارنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئېيتىپ يۈرىدۇ، بۇ قانداقتۇر بىر لوگىكىلىق تەپەككۇرنىڭ خۇلاسىسى ئەمەس، مەن بۇنى ئالاھىدە ئەدەب ـ ئەخلاقىي، پەلسەپىۋى بايقاش، بىلىش دەپ ھېسابلايمەن، شۇنداق، شۇنداق. كۆلمە، ھەيرانمۇ قالما، دەل ئەشۇنداق، ھېلىقى ئاۋستراليىلىك دۇنياۋى چۈشەنچىنى قوزغاۋاتىدۇ. بىلەمسەنكى، بارلىق سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار ئىچىدە كىت، يۇنۇس بېلىقى ئەڭ ئەقىللىق جانۋارلار ھېسابلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ بىر كەمچىلىكى پەقەت سۆزلەش ئۈچۈن تىلى يوق، مانا مۇشۇ ئەھۋاللار ئىنسانلار بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆتكىلى بولمايدىغان توسالغۇ

بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ.

ـ ئاھ خۇدا، ئىلمىي دوكلات ئوقۇپ يۈرۈپ كۆنۈپ قاپسەن، روبېرت، بۇ گەپلىرىڭنى بىر ئازمۇ چۈشەنمىدىم، سەن قايسى ئەدەب ـ ئەخلاقىي، پەلسەپىۋى بايقاش، بىلىش ھەققىدە سۆزلەۋاتىسەن؟

ـ بۇ ھەيران قالارلىق ھادىسىنىڭ سىرىنى بىرمۇ زىيالىي چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىدى، بىراق قىسقارتىلما سۆز بولسا توساتتىنلا ماڭا ئالەمنى مۇجەسسەملىگەن چۈشەنچىنى ئېچىپ بەرسە بولىدىغۇ؟

ـ ئۇنىڭ قىياسىنىڭ ماھىيىتى نېمە ئىكەن؟

ـ ئۇ ئىلىم ئەھلىدەك خۇلاسە چىقاردى، كىتلارنىڭ توپ ـ توپى بىلەن جېنىدىن ۋاز كېچىشلىرىدىن، ئۇ كىففېر دېگەن كىشى يەر يۈزىدە بولۇۋاتقان ۋەقەلەرگە دۇنياۋى ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ تەسىرىنى بىلىۋاتقان ئادەم.

ـ بۇ ئۆز تۇرۇقىدىنلا فانتازىيە، روبېرت!

ـ ئېيتما، بولدى ئېيتما، جېنىم. بۇ بىر قىياسلا خالاس. جېنىمنى ئارامىدا قويمىدى. ئادەمگە ئەقىلنىڭ ئالەملىك بۇرچىنىڭ ئىگىسى بولۇشقا قانداقتۇر بىر مۇتلەق ئارتۇقچىلىق بېرىلگەن. تەرەققىيات قولىمىزدىن كەلمىسە، ھەر تەرەپلىمە جانلىق ئۆزلەشتۈرۈش قولىمىزدىن كەلمىسە، ئۇنداقتا بىزدىن يەنە نېمە تەلەپ قىلىنىدۇ، يەنە بۇ يورۇق دۇنيادا نېمە مەقسەتتە ياشاپ يۈرىمىز؟ دېمەك، ئۇنداقتا بىز ئۆز بۇرچىمىزنى ئادا قىلىپ بولالمىغان مىتىلەر، ساندىمۇ ساپادىمۇ يوق مەخلۇق بىز. كەچۈرۈپ قوي، ھەددىمدىن ئاشتىم، دېمەكچى بولغىنىم، بىزگە، ئادەم بالىسىغا، قانچىلىك رىسىق بېرىلگەن بولسا شۇنچىلىك بۇرچ ئاتا قىلىنغان، ھەممىدىن بۇرۇن ھاياتىمىزنى گارمونىيىلەشتۈرۈش، تەرەققىي قىلدۇرۇش بۇرچى ئاتا قىلىنغان، ھاياتلىقتىكى ئىشلار دېگۇدەك مۇشۇ ئىشلارنىڭ ياكى ماۋۇسىدا

ياكى ئاۋۇسىدا بولىدۇ. ھايات گارمونىيىسى! ئۇنداقتىمۇ بۇ تەرەپتىن تەپەككۇر قانچە ئۇلۇغ بولسا ھەم شۇنچە ئويلار يارماچ ـ يېرىق پەيدا بولىدۇ، قانچىلىغان ھەسەتخورلۇق بىلەن قانچىلىغان پەسلىك بىزنىڭ ئالدىغا ئىرغىپ چىقىپ تۇرىدىغان ھەر بىر قەدىمىمىزگە ئەگىشىپ بارىدۇ، بىراق گارمونىيە ـ بۇ ئۆزىنى ـ ئۆزى تەقىب قىلىش، ئۆزىگە ـ ئۆزى جەڭ ئېلان قىلىش، ۋۇجۇدىمىزنىڭ گادايلىشىشى بىلەن كۇرەش قىلىش ئەمەسمۇ؟! مانا مۇشۇ يەردىن بىر تەبىئىي سوئال تۇغۇلىدۇ. ھەر بىر ئادەم ئەلمىساقتىن بېرى ئۆزىنىڭ مۇستەقىل دۇنياسىدا، خالىغان ۋاقىتتا، خالىغان ھال ـ ئەھۋالدا، ئۆز ئىختىيارى بىلەن چۇشەنگەن ۋىجدان دېگەن نېمە ئۇ؟! يارالمىشىدىكى، تارىخ ئالدىدىكى دۇنيانىڭ كېلەچىكى ئالدىدىكى ۋە ئاخىرەتتىكى، بىزنى ياراتقان يەنە ئۆزىمىز يارىتىۋالغان خۇدا ئالدىدىكى ۋىجدان دېگەن نېمە؟!....

ـ روبېرت،ـ ئايالى چىدىيالماي قالدى،ـ سەن راستىنلا دىنىي ۋەز ـ تەبلىغچى بولساڭ بوپتىكەن، ئەگەردە ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ياشىغان بولساڭ، بىراق، دىندارلار بەلكىم دىنىنى بۇزغانلىقىڭ ئۇچۇن سېنى ئوتتا ھېچ بىر ئىككىلەنمەيلا كۆيدۈرۈۋېتىشەتتى، خۇدانى، ياراتقان ئىگەمنى ئۇنداق ـ بۇنداق دېگىنىڭ نېمە ئۇ؟

ـ ئۇنداق بولسا گەپ قىلىپ ئولتۇرمامسەن! مانا، سەن ھەتتا جېسسى ئۇچىغا چىققان دوگمىچى بولۇپ چىققۇدەكسەن، قانداقلا بولمىسۇن، مەيلى قانداقلا بولمىسۇن مېنى كۆيدۈرۈۋېتەلمەيدۇ، سۆز بىلەن يامانمۇ، ياخشىمۇ قىلىۋەتكىلى بولىدۇ.

ـ بەرھەق، بەرھەق، شۇنىڭ ئۇچۇن بىزگە ئەرشتىن كەلمىلەر نازىل بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، ئۇندىن قالسا ئادەمنىڭ قولىدىن چىققاننىڭ ھەممىسىنىڭ،ئاخىرى كېلىپ نازىل بولغان كەلىمىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ

ئەمەلىيەتكە ئايلىنىشى دەرياغا سىلىنغان كۆۋرۈكتەك ئىش. كىشىلەردىن بۇرۇن كەلىمەلەر نازىل بولغان. مەن ئۇنىڭدىن باشقا ياقىا كېتەي،كەلىمىلەر ،بىزئۆز ماھىيىتىمىز ئىچىدە ياتقان ئەبەدىيلىك ئۇچۇن كەلىمىلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىمىز، باھانە قىلىمىز، بىر تۇرۇپ قانات باغلاپ چەكسىزلىككە بالقىيمىز، بىر تۇرۇپ خېچىردىنمۇ بەتتەر ھالەتتە تەقدىرنىڭ يۈكىنى ئۈستىمىزگە ئېلىپ، كەلىمىلەرنىڭ يېتەكچىلىكىگە تۇتقۇن بولىمىز. بىراق، ئېيتاي دېگىنىم باشقا مەزمۇندىكى گەپ، باشقا ئىشلار ھەققىدە، تىرىكچىلىكنىڭ پۈتۈنلەي ئۆز ئارا قارىمۇ قارشى ماھىيىتىنىڭ، ئەڭ دەسلەپكى كەلىمىلەرنىڭ يوق بولغانلىقى ھەققىدە، بۇ بولسا ھەم پۈتكۈل يارىتىلىش ھەققىدە ئىدى، مىسال ئالساق، ھېلىقى كىتلار، بۇ تەرەپتىن مىسال ئالغان تراگېدىيىلىك جانلىقلار. سۆزلەشكە تىلى يوق، بىراق، ئۇلار ئالاھىدە سېزىمگە ئىگە بولۇشقا، بىرلا ئۆزلىرىنى ئۆزىگە خاس ئوي ـ تۇيغۇغا ۋە روھقا ئالاھىدە ئېنېرگىيىلىك ئۇچۇرچىلىقنىڭ بىئو تالاسىغا ئىگە بولۇشقا بۇيرۇلغان، بۇ ھەقتە ئۇلارنىڭ كەنجى ئۇرۇغداشلىرىدىن يۇنۇس بېلىقلىرىنى كۆرۈپ بىر نېمە دېسەك بولىدۇ.

ـ بىراق شۇنداق بولسىمۇ، روبېرت، ئېيتايلى، ساڭا نېمە مەلۇم بولدى؟

روبېرت بورك ئۆزىنىڭ ناھايىتى ئەھمىيەتلىك نەرسىنى دەپ يۈرگەنلىرىنى ئېيتىشنىڭ ئالدىدا ئوي ـ خىيالىنى يىغىپ، ئۇن چىقارمىدى، ھەر قاچان ئايردرومغا بارغاندا ۋە ئايروپورتتىن كېلىۋاتقاندا نېمىگىدۇر قادىر بولالمىغان، ئۆيدە دەرقەمدە ئولتۇرۇپ، سۆزلەشمەي تۇرغان نەرسىلەر ھەققىدە ئېيتقۇسى كېلىۋەرگىنى كاللىسىغا يالت قىلىپ چۈشتى.

ـ 68شۇنى دېمەمسەن،ـ ئۇ گېپىنى ئۇلىدى، كىففېر مۇنداق دەيدۇ، مېنىڭچە ئاساسسىز ئەمەس، كىتلار، بۇلار ئوچۇق ئوكيانىدىكى تىرىك رادارلار،

بولار كائىناتتىنىڭ يوشۇرۇن بەلگە ـ بېشارەتلىرىنى ئىگىلىيەلەيدىغانلار؟ بەلكىم دەل، كىتلار، ۋۇلقانلارنىڭ ئېتىلىپ چىقار ۋاقتىنىڭ كەلگەنلىكىنى دەسلەپكىلەر قاتارىدا بىلگۈچىلەر يەنە يەرنىڭ تەگ ـ تېگىدىكى قۇۋۋەتلەرنىڭ قىسىلىشىغا ماس ھالدا ئۇن ـ تۇنسىزنالەقىلىشىدۇ، بىراق، بەلكىم دېڭىزدىكى بارلىق كېمىلەر تۇرۇشلۇق،مۇقىملىق بەرمىگەن بەھەيۋەت دولقۇنلار بىلەن بوران ـ چاپقۇنلارغا پىسەنت قىلمىغان، كىتلار ئۈچۈن ئەڭ مۇھىمى قورقۇنچلۇقى دۇنياۋى روھنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدا بىز ئۈچۈن ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان تەڭپۇڭسىزلىقنى پەيدا قىلغان ئادەمنىڭ كۆڭگەن مۇھىتىنىڭ، ئادەم ئۆزىنىڭ ھارام خىياللىرىنىڭ چاقىرىق بەلگىلىرىنى يىغىپ چۈشكەنلىكىدە، كىتلار ئۈچۈن تاغدىن سوققان تەتۈر قۇيۇن سىياقىدىكى، قىيناپ تۇرغان قىيناقلار مانا مۇشۇ بولۇشى مۇمكىن، نېمە ھەققىدە ئېيتىۋاتقانلىقىمنى سەن بىلەمسەن، بۇ ھەقتە مەخسۇس ئەسەرلەر بار. ئۇ خۇددى تاغ خەلقىنىڭ يۈرەك قەلبىنى ھالسىرتىۋاتقاندەك شامال، چۈنكى، ۋۇلقان قانچىلىك قورقۇنچلۇق بولسىمۇ، لاۋالارنى پۈركۈپ تاشلايدۇ ـ دە، ئاندىن كېيىن تىنجىپ قالىدۇ، لېكىن ئادەمنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھارام ئويلىرىنىڭ شامىلى بېسىلمايدۇ، ئۆچمەيدۇ، ماھىيەت مانا مۇشۇنىڭ ئۆزىدە، ھاياتلىق ئاشۇنداق تۈزۈلۈپتۇ، ياخشىلىق دائىما كەمچىل، يامانلىق ھەمىشە ئېشىپ،تېشىپ تۇرغان، تۆكۈلۈپ تۇرغان،يۈزىدە توختىماس بىر ئالامەت بولۇۋاتقاندا يەنىلا بىر ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى، يەنچىگۈچى، پارچىلىغۇچى بولىمىز. ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز يېرگىنچلىك ھالدا كۆڭلىمىزنىڭ تەگ ـ تېگىدە ۋە ئاڭ ـ سېزىمىمىزنىڭ مېغىزلىك يېرىدە ئاقلىنىۋاتقاندا، بىزگە قاراشقا ئامالى، ماجالى قالمىغان،ھەمدە زورۇققان توپ ـ توپ كىتلارنىڭ ئۆزۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆز ئالدىڭغا كەلتۈرۈپ كۆرچۇ، چۈنكى، دۇنياۋى ئەقلى ـ

ھۆشىنى يىغىپ بولغىنى ئۆزىنى ـ ئۆزى يوق قىلغىنى، ھە، دېمەك، يىلان يەر يۈزىنى سىيپاپ يۈرگەندەك يېتىپ كەتكىنىلا قالدى. بۇ ھەر قانداق تىلسىز مەخلۇقنىڭ ھەممىسىنى قىيامەت قايىمنىڭ كېلىشىدىن قورقىدۇ. بۇنىڭدىن تىرىك جانلار ئىچىكى تۇيغۇسى بىلەن قورقىشىدۇ، چۈكۈۋاتقان كېمىدىن ئامەتلەر نېمە ئۈچۈن قېچىشىدۇ دەپ ئويلايسەن؟ دەل شۇنىڭ ئۈچۈن سۆزلەشكە تىلى يوق كىتلار بىز ئۈچۈن قانچىلىك ئازاب چېكىپ تۇرۇۋاتقانلىقلىرىنى ئېيتىپ بېرىشەلمەيدۇ. ئەنە شۇلارنىڭ ئۆزىنى كىتلارنى ئىچ ـ ئىچىدىن ئازابلاپ ئازابىنى سىرتقا چىقىرىشنى، يەڭگىللىتىشنى تەلەپ قىلىشىدۇ. چۈشىنىسەن، بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر ئازاب بارمۇ؟! ئېسىڭدىمۇ كېمدۇر بىرى قاچاندۇر بىر قېتىم بىر كېكەچ قىزنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتىپ بەرمىدىمۇ، قىزنىڭ ئانىسىنى قىزنىڭ ياۋۇزئاتىسى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ، ئۇ بولسا، بېچارە، ئۇيان ـ بۇيان يۈگۈرۈپ، نېمە ئالامەت بولغانلىقىنى كىشىلەرگە چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ، ئاندىن كېيىن، ئۆزىنى ترامۋاينىڭ ئالدىغا تاشلىماقچى بولىدۇ، دېمەكچى بولغىنىمنىڭ ئۆزى شۇ، بىراق باشقا، بۇ ئالەملىك ماسشتابتا كىتلارنىڭ ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقىنىغا ئوخشايدىغان ئىش. كىتلار بەلكىم، ئوكياندا ئۈزۈپ چاراسلاپ كۆيۈۋاتقان ئورماندىكى ئوت ئاپىتىگە مۇقىملىق كۆرسىتەر، تاغدىكى يەر كۆچۈرۈشتىن كېيىن، مۇزلۇقلار سەلگە ئايلىنىپ ئۈچرىغانلايەردىكى ھەممە نەرسىنى ئېقىتىپ كېتىۋاتقاندەك پۈتكۈل، بەدىنى تىترەپ كەتسە كېتەر، بىراق ئادەمنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشىدىكى بۇزۇقچىلىقلارنى، بىر ـ بىرىگە قارا ساناشلىرىنى، ئېپلاسلىقلىرىنى ۋە جاندىن تويۇشىنى، دۇنياۋى ئەقىل ـ ھۇشىنىڭ ئىگىسىنىڭ، ئادەمنىڭ ئاپەتلىك، يامان يوسۇنلارنىڭ كۈچىيىشىنى مانا شۇلارنى ئېنىقراق ئېيتقاندا مەڭگۈلۈكنىڭ ماھىيىتىنىڭ ئىشىنىپ ئاتا قىلغانلىقى ھەققىدە بىز

ئويلايمىزمۇ؟ گۇمانىم بار، قايسى بىر يېرىمىزدە كۆنگەن مۇھىتىمىزدا قالايمىقانچىلىق، قىقاس ـ چۇقان، ئەدەب ـ ئەخلاقنىڭ بۇزۇلۇشى بولۇۋاتىدۇ، شۇنىڭ ئاسارەتى ئالدىدىن يامانلىق بىلەن قاباھەتنىڭ كۆزگە كۆرۈنمەس رادىئاتسىيىسىنىڭ دۇنياغا تارىلىشىدا، كائىناتىي ئادالەتنىڭ بۇزۇلۇشىداشۇنداق بىر سەۋەب بارمۇ ـ يوقمۇ، دەپ ئويلايمەن، تىرىكچىلىكنىڭ گارمونىيىسىنىڭ پارچە ـ پارچە بولۇپ كېتىشىگە، مانا ئاشۇنداق كىتلارمۇ تاقەت قىلىشالمايدۇ، دېڭىز ساھىلىغا قاراپ ئۇزۇشۇپ ھەممىسى كېلىشىۋالغاندەكلا ئۆلۈمگە ئۆزلىرىنى ئېتىشىدۇ،ئۆز ھاياتىنى،ئۆزلىرىنى نابۇت قىلىشىدۇ، ئاتلانتىكانىڭ ئۇستىدىن ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ تۆۋەن تەرىپىگە قاراپ قالسام، بىردىنلا ئايروپىلان بۇرۇلۇپ ئۇچقان يەردە، ئايروپىلان قانتى ئالدىدا، ئوكياندا كىتلارنىڭ زور توپى ئۇزۇپ بېرىۋاتاتتى، ئاغزىم ئېچىلىپلا قالدى. ئۇلارنىڭ تاغدەك دولقۇنلارنى شىنە قاقڨاندەك يېرىپ، قاقىرادەك سەپ تارتىپ ئۇزۇپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىمدە نەپەسمۇ ئالالماي قالدىم، شۇ چاغدا نېمە ئۇچۇندۇر بۇلار نەگىمۇ بېرىۋاتقاندۇر، ئۇلارنى قانداق كۈچ ھەيدەپ كېتىۋاتقاندۇ، نەگە، نېمە ئۇچۇن؟ دېگەن سوئاللار ئويۇمغا كەلدى.

ـ 71ئايروپىلاننىڭ ئىچىدىن ماڭا ئالمان ـ تالمان تېلېفون بەرگىنىڭ ئەمدى چۈشىنىشلىك بولدى، مەن شۇ چاغدا چۈشىنەلمەي قالغان ئىدىم، نەدىكى كىتلاردۇر ئۇ، بۇ نېمىلەرنى دەپ يۈرىدىغاندۇ. ئەلۋەتتە، ئويۇڭغا ھېلىقىدەك نەدىكى بىر نېمىلەر ھەممىسى كەلگەندىن كېيىن قانداقمۇ چىداپ تېلېفون بەرمەي ئولتۇرالايتتىڭ؟!

ـ 71دۇرۇس، دۇرۇس، ئايالى ئۇنى كەچۇرگەندەك كۈلۈمسىرىدى،— ھۆرمەتلىك كېلەچەكشۇناسىم ، 71ئۇ ئېرىگە مىيىقىدا كۈلۈمسىرەپ قارىدى، ـ بەزىدە شۇنداق يەرلىرىڭ بار، بىراق قىزىق، بەكمۇ قىزىق. باشقا سۆز

يوق، بۇ بەلكىم ھەقىقەتەنمۇ قارشىلىق كۆرسىتىشنىڭ بىر خىل شەكلى بولۇشى مۇمكىن؟ كىم بىلىدۇ، ھوي، روبېرت ماي قۇيدۇرۇۋالايلى، بېنزىن تۈگەپ كېتىۋېتىپتۇ، ئىككىمىز كىتلار ھەققىدە ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن سۆھبەتكە چۈشۈپ غۇيۇلداپ ماشىنا بىلەن كېتىۋاتقاندا....

ئۇلار ماي قاچىلاش ئورنىغا قاراپ بۇرالدى، دەررۇ ھەممە ئىش كۆندىلىك تۇرمۇشنىڭ ئىز تەرتىپىگە چۈشتى، كائىناتتىكى كاھىنمۇ شۇنداق قىلدى، كىتلارمۇ شۇنداق، باشقا ھەر قانداق مەۋھۇملۇق ۋە خىيالدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى چەتتە قالدى. ئاندىن كېيىن شەھەرنىڭ سىرتىدىكى كوچىلارغا جۆنەشتى، بۇ ئۆيگە يېتىشكە ئازلا قالغان ۋاقىت ئىدى.

توساتتىن بورك پۈتۈن بەدىنى بوشىشىپ چارچىغانلىقىنى سەزدى ـ دە، مۇنداق دېدى:

ـ 72جېسسى، بۈگۈن تېلېفوننىڭ جىرىڭلىشىغا جاۋاب بەرمەيمىز، كەلگەن تېلېفونلارنى ئاپتوماتىك خاتىرىلىنىدىغان قىلىپ قوي، چارچىدىم، ئارام ئالاي....

ـ بىر تېلېفونغا بىر كۈن بۇرۇن ماقۇل دەپ قويغان ئىدىم، كەچۈرۈپ قوي، بۈگۈن كېچىدە سائەت ئولۋېر ئوردوك تېلېفون بېرىدۇ، ئاتا بۈگۈن كېلىشىگنى ئېيتقان ئىدىم، بولمىسا قاراپ باق، ياۋروپادا ئۇ ساتا بەرگەن تېلېفوننى، خاتىرىلىنىپ تۇرۇپتۇ.

ـ ئولىۋېر ئوردوك.

ـ دەل شۇ ئۆزى، ئۇ پرېزدېنتلىككە ئۆز نامزاتلىقىنى كۆرسەتمىدىمۇ؟ ئۇنى بىلەمسەن؟

ـ بىلىدىغانلىرىمنى بىلىمەن ـ دە، ھازىر ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىرىنچى قېتىملىق رىقابەتكە چىقىشىمىدىمۇ؟ بىراق ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش قىيىن،

ناھايىتى گىجىڭ ئادەم، قولى ئاغرىپ تالغۇچە تېلېفوننى جىرىڭلىتىدۇ.

ـ مېنى كەچۈر، بوب، تېلېفون بەرمەڭ !دەپ قانداقمۇ ئېيتالايمەن.

73 ـ تېلېفون بەرسە بېرەر ئەمدى، مەيلى ئولىۋېر ئوردوك، بىز كۆپ ۋاقىتتىن بېرى تېلېفونلىشىۋاتقان، ئېككىمىز ئېسىڭدىمۇ؟ ئۇ مۇئاۋىن شتات باشلىقى بولغان، شتاتتىكى ئىلىم ـ پەن ئالماشتۇرۇش، خەلقنى پاراۋانلىق بىلەن غەمسىز قىلىش، سۇغۇرتىلاش تەرەپدارى، بىزدىكى خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى ئۇيۇشتۇرۇشقا ياردەم بەرگۈچى، ئەگەر ئېسىڭدە قالغان بولسا موسكۋاغا گورباچېۋنىڭ ئىسلاھات، قايتا قۇرۇشنىڭ دەسلەپتكى يىللىرىدا بىز بىرگە موسكۋاغا بارغان، شۇ قېتىم پۈتكۈل دۇنيانىڭ سىياسەتچىلىرى، كېكەچەكشۇناسلىرى يىغىلىشقا قاتناشقان. قايتا قۇرغۇچى، ئىسلاھاتچى، بىز ھەممىمىز شەرقتىمۇ، غەربتىمۇ گاڭگىراپ، قۇلاق تۇرۇپ قالمىغان بىز، يالغان ئېيتقان بىلەن بولارمۇ! قىزىق مەزگىللەر ئىدى شۇ، ئولىۋېر ئوردوك مەندىن بىر ئاز ياخشىراق شۇنداق بولسىمۇ، گېزىتلاردا دەل شۇنداق بېسىلىۋاتىدۇ، ئەللىك ئالتىدىكى ئولىۋېر ئوردوك.

ـ 73ھە، شۇنداق، مۆلچەر بىلەن شۇنداق دەپ ئويلايمەن، بىزنىڭ ئولىۋېر ئوردوك تەۋەككۈل دەپلا كىرىشكەن ئىكەن، تەلىيىنى سىناي دېگەن ئىكەن. ھۆكۈمدارلىقنىڭ خۇمارى ھە! راھەت! ھە، مۇمكىن بولۇپ قالار، سايلام كومىتېتى ئوچۇق دېڭىزدەكلا دولقۇنسىمان دەۋھلغۇۋاتىدۇ، قارىساڭ دېڭىز جىيىكىگە چىقىپ قالغاندەك بولىسەن، ئەگەر جەمئىيەتنىڭ دولقۇنى ساڭا بۇرالسا، سىرىلسە، بۇ تەرەپتىن ئوردوك ئۆزىگەقامچا تەگكۈزمەيدۇ، ئۇ چەبدەس، تېرەن تەپەككۇرلۇق ئەمەس، بىراق دۆت، كالۋامۇ ئەمەس.

ـ 73راست، ئۇ مەزگىللەر ئېسىمدە، قايسى كۈنلۈكى بۇگۇنكىدەك ئېسىمدە شۇ قېتىم موسكۋاغا بىز قاچان بارغانتۇق، ھە، راست 86 ـ يىلدەك

قىلىدۇ، سەن كىرىملىدە، كونا چوڭ زالدا، كېڭەشتە ئوتتۇرىغا چىقىپ سۆزلىگەن ئىدىڭ، يىغىننى گورباچېۋ ئۆزى باشقۇرغان، ئوردوكمۇ بىز بىلەن بىرگە بولغان. ئېسىڭدىمۇ؟ توغرا سۆزلىگەن، مېنىڭچە...

- 74دۇرۇس، خېلىلا دۇرۇس، ئۇنىڭدا ناتىقنىڭ كۈچ - قۇدرىتى، چاقىرىق كۈچى بار. ئۇ ھەمىشە شۇنداق مەزگىللەرنىڭ ئادىمى، قەھرىمانى بولۇپ كەلگەن، بىراق تېرەن بىلىمى يەنە دېسەم يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇنداقچە تېرەن بىلىمنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى يوقتەك قىلىدۇ، ئامىمىنىڭ ئاڭ - سېزىمى ئۇچۇن ھەممىدىن بۇرۇن نامزاتنىڭ پروگراممىسىنىڭ جىددىيلىكى ئەھمىيەتلىك بولىدۇ، ئىنسانىنىڭ ئۆزىنىڭ ساپا- سۈپىتى تېخى.

- 74ھوي! روبېرت، بولدى يېتەر، بىزگە نېمە بولدى، باياتىندىن بېرى كىتلار، ئەمدى ئولىۋېر ئوردوك، باشقا ئىشىمىز يوقتەك بولۇۋاتىدىغۇ، بىر ئازدىن كېيىن ئۆيدە بولىمىز، ئوردوك، ئوردوك... دەپ ئاغزىمىز يېپىلماي قالدىغۇ؟

- 74ھازىرقى ئاۋامچىللىقنىڭ ماھىيىتى دەل شۇنداق، جېىسى، بەزىدەئىنسان ئىنساننى دەپ ئەقلىدىن ئادىشىدۇ، بىراق ئۇ بولسا ھەممە ئادەم ئۈچۈن ئەقلىدىن ئاداشقاندەك قىلىدۇ. ئامېرىكىدىكى سەن بىلەن ئىككىمىزمۇ شۇنداقلارنىڭ بىرىدىن.

74-ئۇ توغرادەيدۇ، بىراق ئۇ نېمە ئۇچۇن ھاپىلا-شاپىلا ياۋروپادا تېلېفون قىلغۇسى كېلىپ قالدى؟ بۇ نېمە قىلغىنى؟

-ئۇنىڭ باشقا سىرىمۇ يوق، ئويۇمچە ھېلىقى كائىناتتىكى كاھىن كۆپ ئادەمنىڭ بېشىنى ئاغرىتتى، يەنى، شۇئانلا يولدىن چىقاردى، ئويۇمچە ،سەۋەبى دەل شۇنداق، بىراق كىم بىلىدۇ....

74- بۇ يەردە قانداق لازىمىڭ بار؟ شۇنىڭ ئۇچۇن كائىناتىي ئالاھىدە

هادىسىسى توغرۇلۇق ئوردوكقا سەنمۇ تېلېفون بېرىشىڭ مۇمكىن، ھە، بوب ئامانمۇ سىز، بوۋاي كائىناتتىن رىم پاپاسىغا ئىبەرتىلگەن مۇراجىئەتكە نېمە دېمەكچى سەن؟ دېگەندەك گەپلەر... ئېسىڭىزدىمۇ موسكۋادا مۇنداق ۋاقىتتا، بۇ مەسىلىنى نېمىگە قوشۇپ ھەل قىلىدىغانلىقىنى سىز بىلەمسىزكى؟ دەپ قويۇشىدۇ ئەمەسمۇ رۇسلار، سەنمۇ شۇنداق قىلماقچى ئىكەنسەن. بۇ ۋەقەنى نېمىگە قوشۇپ يەيمىز، قىممەتلىك ئوردوك، ئەشۇنداق بولسا بولىدىغۇ، دەيمەن.

ـ 75ئەلۋەتتە سەنمۇ شۇنى ئېيتمۇاتىسەنغۇ، ساشا كۆپ كىشى تېلېفون بەردى دەپ،

ـ نېمە ئۈچۈن بۇ كىشىلەر ھېلىقى كائىناتتىكى ئەخمەق توغرۇلۇق دەل مېنى چۈشەندۈرمە بېرىشى كېرەك دەپ ئويلىشىدۇ؟ قانداقلا بولمىسۇن بۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى مەن تېزرەك بىلىشىم كېرەك، بۇ «نامىڭ چىقمىسا ئوت قوي» دېگەندەك بىر گەپقۇ؟

75 ـ ئۇنداق بولسا ئۇنى ـ بۇنى ئېيتىپ تاماشىغا كىرىپ قالىمىز.

75 ـ ئۇنداق ئەمەس، جېسسى يول يەردە، يەر يۈزىدە، ئۆتمەيدۇ، مۇنداق ئىشنىڭ ئاخىرى ياخشىلىقتا ئېلىپ بارمايدۇ.

ـ 75مانا ئەمدى،ساشا باھانە تېپىلدى، شائىرانە فرانسوزلار مېنى قايغۇزمچى دېمىگەن ئىكەن، بۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى گۆرردە يوقىتىپ، ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىغىچە بولسىمۇ ئۇنتۇپ تۇرايلى، بىر قەدەمگە ئۆتۈشىمىز تېخىمۇ كۆپ قەدەم پەيدا قىلىدۇ، ئوربېتىدىكى كاھىنغىمۇ شۇنداق، ئوكيانىدىكى كىتلارنىڭمۇ ھەتتا، مېنىڭ بولسا ئەتە ئوركىستىر بىلەن بەك مۇھىم ئولتۇرۇش مەشىقىم بار... ئۇھ، ياراتقان ئىگەم....

ـ بۈگۈن سەن بىلەن ئازادە، ئەركىن بولغۇم كېلىپ تۇرىدۇ، جېسسى، مانا

كېلىپمۇ قالدۇق.

# تۆتىنچى بۆلۈم

بۇلارغا ئازادە، ئەركىن ئارام ئېلىش بۇيرۇلمىغان ئىكەن، كەچكى سائەت سەككىزگە ئاز قالغاندا، تېلېفون جىرىڭلىدى،چاڭلىداپ سۆزلەۋاتقان ئايالنىڭ ئۈنى ئاڭلاندى، بەكمۇ كەچ، بىمەھەل ۋاقىتتا تىنچنى ئېلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن كەچۈرۈم سوراپ بولغاندىن كېيىن بورك ئەپەندى پرېزىدېنتلىققا نامزات بولغان ئولىۋېر ئوردوك بىلەن سۆزلىشەرمۇ؟دەپ سورىدى ، ئاڭغىچە ئوردوك سۆزگە ئۆزى ئارىلاشتى، ئۇ ئەزەلدىن گەپتان ھەم ئوچۇق ـ يورۇق نىمە، بۇ قېتىم ئۇ تەستە كۈتكەن، ئۈنىڭ ئۈستىگە تېلېفوندا سۆزلىشىشكە تەلمۈرۈپمۇ تۇرغان ئىكەن. دوستانە ئەمىن ـ ئەركىن سۆھبەت 40 مىنۇتتىن ئارتۇق داۋام قىلدى. روبېرت بورك پاراڭ ئارىسىدا كېرىكى بار ھەم كېرىكى يوق كۆپ سۆزلەرنى ئاڭلىدى، ئۆزىمۇ شۇنداق گەپلەرنى دېيىشكە مەجبۇر بولدى، ھەممە گەپ بۇرۇنقىدەك ئەمىن ـ ئەركىن باشلاندى.

ـ 76ياخشىمۇ سەن؟ روبېرت، كېلىشىڭ بىلەن ساڭا ئېيتىپ قويۇشۇم كېرەك، بۇ قېتىم كېلىشىڭنى ئامېرىكا قىتئەسىدە ھېچكىم مەنچىلىك كۈتمىگەندۇر. ئەلۋەتتە، جېنىڭنىڭ يېرىمى بولغان ئايالىڭنى قوشمىغاندا، سېنى رېيىن ساھىلىنىڭ بىر يېرىدە گۈزەل، كېلىشىملىك فرانكفۇرتلۇق ئايىملارنىڭ ئارىسىدىن ئىستەپ تېپىشقا ئۈمىدلىنىپ ياۋۇزلارنى كۆزلەپ كىچىككىنە سەۋەبتىن خاپىلىققا قالغىلى تاسلا قالدىم!

76ـ رەھمەت، ئولىۋېر، فرانكفورتلۇق ئايىملار دېگىنىڭدەكلا ئىكەن، بىراق سەن مېنى شۇ ئىش ئۈچۈنلا ئىزدىمىگەنسەن، بىرەر ئىش بولدىمۇ؟ كۆپتىن بېرى كۆرۈشەلمىدۇق.

ـ 77ئېيتمايلا قوي، بولۇۋاتقان ئىش ناھايىتى كۆپ، بىز خالىغاندىنمۇ كۆپ بولۇۋاتىدۇ، ئۆزۈڭ بىلىسەن، مېنى شەيتان ئازدۇرۇپ، توغرا! ئازدۇرغان شەيتان ھەققىدە يېقىندا بېشىمدىن ئۆتكەن شۇملۇقنى، بىر ۋەقەنى ساڭا ئەينەن ئېيتىپ بېرىمەن، شۇنداق قىلىپ شەيتان ئازدۇرۇپ، سەن ياۋروپانى قىدىرىپ يۈرگەندە.... مەن سايلام ئالدىدىكى كومىتېتنىڭ غەم ـ غۇسسىسىنى شىللەمگە ئارتىۋالدىم.

ـ 77بىلىمەن، بىلىمەن، مېنىڭچە شۇ ئىشلارغا ھەقىقىي كىرىشىپ كەتكەنسەن .

ـ 77مۆلچەرلىمەيلا كىرىشىپ كەتتىم، ناھايىتى مۇھىم، ئۇنىڭ ئەڭ ئاساسلىقى، ھەقىقىي قىزىققان ئىقتىسادىي قوللىغۇچىلارنىڭ ئالقىشلىرى ئىچىدە مەن، بىراق گەپ ئۇ ھەقتە ئەمەس، قانداقلا بولمىسۇن ئۇلار ئوركىستىر ئەزالىرى ھەمدە ئارمىيىدە خىزمىتى بارلار، سېنىڭ ھالى يوغان ھېلىقى دوستۇڭ، باشقىچە ئېيتقاندا، مەن! بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ساڭا ئېيتىشتىن باش تارتمايمەن، ئىشقىلىپ ھەممىنى دەپ ئولتۇرماي، ئۆزۈڭ ياخشى چۈشىنىسەن، خەلقنىڭ زور توپى بىلەن ئۇچرىشىشتا، ئۇلارنى شايكا، ياللانما توپ دېگۈم كەلمەيدۇغۇ ـ ياق، ئۇنداق دېمەيلا قالاي، راست، ئەلۋەتتە، جامائەتنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى، مەن بۇنى بارلىق ئۇچرىشىشلاردا تەكىتلەپ كۆرسىتىۋاتىمەن، مەن بارلىق سەۋىيىلەردە جامائەتنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ياقلايمەن، سان ـ سىفىرلىق باھا ـ پىكىر يىغىۋاتىمەن، شۇنداقتىمۇ، سېنى ئۆز كىشىم دەپ بىلىپ ئېيتىپ قوياي، توغرا، مەن قاچاندۇر بىر قېتىم ماقالىلىرىڭدىن قوش مەنبەچىللىك، يەنى بىفۇركاتسىيىلىك ئامىللار ھەققىدە ئوقۇپ قالغان ئىدىم، شۇنىڭدىكى ئاۋامچىللىق دېگىنىڭ ھاياتلىق ئۈچۈن قورقۇنچلۇق زوناغا كىرگەن بىلەن

باراۋەر، خاتا سۆزلەپ قويماي، خاتا مېڭىپ قويماي، خاتا قاراپ قويماي، بىراۋ رازى، بىراۋ نارازى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى سەندىن بىر نەرسىلەرنى تەمە قىلىشىدۇ، سەن ھەممىگە تەييار تۇرۇشۇڭ كېرەك، بىراق ئەڭ مۇھىمى مەسىلىسىنى ئۆزۈڭ قانداق چۈشىنەرىڭنى كىشىلەرگە يېتەرلىك ئېيتىپ بېرەلەيدىغان بولۇشۇڭ كېرەك، قىيىن مەسىلىنىڭ يېشىلىشى دەل سايلامچىلارنىڭ كۈتكىنىدۇر. شۇنداق، شۇنداق قىيىن مەسىلىنىڭ ھەل بولۇشى، ئالو، ئاڭلاۋاتامسەن، مېنىڭ گېپىمنى؟ مانا مۇشۇنداق روبېرت، سەن مېنى كەچۈرۈپ قوي، ساڭا، سەندەك زىيالىي ئادەمگە شۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىۋاتىمەن، بۇ ئۆزۈمگىمۇ ئوڭاي بولمايۋاتىدۇ، ھازىرقى تەقدىرىم دەل مۇشۇنداق، مېنى ھازىر كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلارمۇ چۈشەنگەندەك قىلسا كېرەك.

ـ 78ھەممە ئىش جايىدا ئولىۋېر، ئاڭلاۋاتىمەن، ئاڭلاۋاتىمەن، سېنىڭ سۆزۈڭنى.

ـ 78رەھمەت، ئەڭ مۇھىمى ، سايلامچىلارغا ئۆزۈمدىن ئۆزۈمدىن مۇنداقچە ئېيتقاندا ئامېرىكىنىڭ كېلەچىكىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك پروگراممىسىنى، دۇنيادىكى ھازىرقى بوھران ئەھۋالىنىڭ مۇشۇ شارائىتىدە ئۇ ماڭا قانداق كۆرۈنسە شۇنداق يەتكۈزۈشكە ھەرىكەتلىنىپ كېلىۋاتىمەن! **ھەي**، تۇرمۇش ھەقىقىي يوسۇندا قاچان بوھراندىن قۇتۇلار ئىكەن، دەپ قويىمەن، ئۆز ـ ئۆزۈمگە، ھەر زاماندىن بېرى ھەمىشە بوھران پەيدا بولۇپ كەلگەن ھەمدە بارلىق ۋاقىتلاردا كىمدۇر بىراۋ باشقىلارنى ئارقىغا سېلىشقا ھەمىشە تەۋەككۇل قىلىپ كەلگەن، بۇ جەھەتتىن ئالغاندا بوھران ئارقاڭدىن ئەگىشىش ئۈچۈن ساڭا ئىشىنىش ئۈچۈن زۆرۈر شەرت، ئاساسىي قانۇننىڭ ۋە ھازىرقى قانۇنلارنىڭ خۇدا ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلسۇن، بىراق يەر يۈزىدە ھەمىشە ئەيشى ـ

ئىشرەتلىك بولۇپ ماي كۆل، سۈت كۆل ئورناپ تۇرسا كىمنىڭ سۆزىنى كىم ئاڭلايدۇ دەيسەن؟ بوھران بولمىسا كىمگە كىم ئەگىشىدۇ؟ مېنىڭ چۈشەنچىم شۇنداق، بايىقى، ئەڭ مۇھىم ئوقۇملاشتۇرۇلغان مەپكۇرەم مەڭگۈلۈك قىيىن مەسىلىدىن ـ ھەر بىر ئادەمنىڭ ۋە ئومۇمىي ھەممە ئادەملەرنىڭ كەلگۈسىدىكى ھاياتىنى قانداق قىلىش كېرەك، دېگەندىن كېلىپ چىقىدۇ، ئەلۋەتتە ھەر بىر ئادەم ئۆز تۇرمۇشىنىڭ ياخشى تەرەپكە ئۆزگىرىشىنى تىلەيدۇ ـ يا، لېكىن ئۇنى قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى ئويلىمايدۇ، ھەمدە باياشاتلىقنىڭ ھەممىسىنى «ئۇجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش» دەپ تۇرۇشىدۇ، كۈلكەڭ كەلمىسۇن، بىراق ئادەملەر چۈشىنىپ تۇرۇپتۇ، چۈشىنىشمىگەندەك يۇرۇشىدۇ، ئۇلارنى ئىشىنىشكە تىنىمسىز ھەرىكەتلەندۇرۇپ تۇرۇش كېرەك، ئۇلارنىڭ قەلبى مۇشۇنىڭغا چاڭقىغان.

مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئوردوك ئۆزىنىڭ ئويلىرى بىلەن كۆڭلىدىكىنى ئېيتىپ تۇرۇۋاتقاندا، بورك ئۇنىڭ سۆزىنىڭ قىياسىدىن پرېزېدىنتلىق ئورۇنغا نامرات بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئادەمنىڭ سايلام ئالدىدىكى ئىشلارنىڭ تونۇش مۇددىئالىرىدىنلا ئەمەس، ۋاقتىنچە سۆز ئارىسىغا قىستۇرغان بىر نەرسىنى، قانداقتۇر بىر مەقسەتنى تويۇپ تۇردى، شۇ مەقسىتىگە، مەنزىلىرگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقاندەك سەزدى، ئاياز ئاستا ـ ئاستا كېلىۋاتاتتى.

سۆزنىڭ مەنىسىگە قارىغاندا ئوردوك سۆھبەتلىشىشتە يېقىملىق تەسىر قالدۇرۇشقا، ھەمدە پۇقرالارنىڭ مەنپەئەتى ۋە دېموكراتىيىنىڭ پرىنسىپلىرى ئۈچۈن باتۇرلۇق بىلەن كۆرەشكەن تەۋەككۇلچىلىكىنىمۇ تەكىتلەپ كۆرسىتىشكە، يەنە سۇدەك راۋان سۆزلىرىنىڭ دالدىسىدا ئۇنىڭ تىنچىنى بۇزغان بىر نەرسىنى ئېنىق ئېچىپ بىلىۋېلىشقا ھەرىكەتلەندى، ئۇنىڭ تېلېفون بەرگەن سەۋەبىمۇ دەل شۇ ئىدى، بۇنى شۇنداق چۈشەنسە بولىدۇ.

تېلېفوننىڭ يەنە بىر ئۆچىدىكى ئوردوكنى بورك كۆز ئالدىغا كەلتۈردى، پارتىيىگە لازىملىق جايدا پارتىيە ئىشخانىسىنىڭ باشلىقى سۈپىتىدە ئاخىرقى ۋاقىتتا ئىگىلەپ تۇرغان، دېرىزلىرى مايماق - سىيماق كەلگەن، كەڭرى ھەتتا تېلېفونلار بىلەن باشقا كۆركەم ئىشخانا خىزمەت بۇيۇملىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئورۇندا قارا بۇلغارى بىلەن قاپلانغان كۇرسىدا سەل چايقىلىۋېلىپ ئالغۇز قۇشتەك بولۇپ 15 - قەۋەتنىڭ دېرىزىسىنىڭ قارشىسىدىكى ناھايىتى ئېگىز ئىمارەتلەرنىڭ ئەينەكلىك قەۋەتلىرىگە ئاڭسىز كۆز يۈگۈرتۈپ قويۇپ ئولتۇرغاندۇر. ئولىۋېر ئوردوكنىڭ كىشىگە يېقىشلىق ۋە ئوچۇق، ئۆزگىچە ئىكەنلىكىگە قارىماي، ئۇ ھەققىدىكى ھەر قانداق پىكىرلەر ھەم ياقلىغان ھەم يامانلىق پىكىرلەردە بار بولغان. ئۇنىڭ ھەددىدىن ئاشقان ئالدىراڭغۇلۇقى ۋە باشقا، يەنە باشقا قىلىقلىرى ھەققىدە ئۇششاق سۆزلەرمۇ ئېيتىلىپ قالاتتى، ئۇنىڭ سىياسەتچى، ئىجتىمائىيەتچى سۈپىتىدە ئۇنىڭ ئۇچىغا چىققان ئاداۋەتخورلىقىمۇ ئېيتىلغان ئىدى. مۇنداق غەيۋەتلەر كىمنىڭمۇ ئارقىسىدا بولمايدۇ دەيسەن؟ ئۇندىن قالسا تېخى تۈنۈگۈن ئادۋوكاتنىڭ سومكىسىنى كۆتۈرۈپ شاپاشلاپ يۈرگەن كىشى توساتتىن بىر زاماتتا جامائەتنىڭ دىققىتىنى بۇراپ باشقىلارنىڭ ئىچىنى كۆيدۈرۈپ يوق يەردىن مۇۋەپپەقىيەتتىن مۇۋەپپەقىيەتكە يېتىپ ئۆزىنىڭ سىرىنى ياخشى بىلگەنلەرنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى پىكىرلىرىگە قارىماي ئىشى ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتقان تۇرسا.

ئوردوك كىشلەردىن خېلى بۇرۇنلا ئىشچىلار ئۇيۇشما ساھەلىرىدە ئاندىن كېيىن مۇھىت ئاسراش ساھەلىرىدە ئىشلىدى. تېلېۋىزىيە ئېكرانلىرىدا ۋە مەتبۇئاتلاردا كۆرۈنۈپ، بۇ قەھەتلەردە دەۋرنىڭ تەلىپىگە لايىق، ياكى ئۆزى تەكىتلەپ بەلگىلىك ئورنىغا ئىگە بولۇشنى ياخشى كۆرگەن ئىدى. كوچىدىكى

بىكار تەلەپلەرنىڭ تەلىپىگە تولۇق جاۋاب بېرەلەيدىغان خېلى يۇقىرى ئىقتىدارلىق كىشى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ كۇسىغا چۈشكەن ئىتتىنمۇ بەتتەر ئىدى. بىكار تەلەپلەرنىڭ ئىجتىمائىي كەيپىياتىنى ياخشى پەملەپ يەنە بۇ ساھەگە تەسىر كۆرسىتىپ ئۆزىنىڭ سەرخىللىقىنى سىنىدى. باتۇرلۇق بىلەن قۇلىقىنىڭ سىرتىدىن كەلتۇردى. ئۇ مانا مۇشۇنىڭدىن ئۆتتى. ئەلۋەتتە، مۇۋەپپەقىيەت ئۇمىد پەيدا قىلدۇردى. ئىشەنچ ئاتا قىلدى، ئادەمنى ئۆزگەرتتى. ھەتتا توساتتىن ئوردوكىنىڭ يەنە رەڭگى رويىمۇ تونۇۋالغۇسىز ھالەتتە ئۆزگىرىپ كەتتى .ئۇنىڭ قۇشقاچىنىڭكىدەك يۇزى بىلەن تومۇرلىرى كۆرۈنگەن بوينىنى قاپلاپ تۇرغۇچى چۈشىنىكسىز بوزارغان ئاق داغلار قانداقتۇر بىر سەۋەبلەر بىلەن يوق بولدى، ئۇندىن قالسا تۇنۇگۇن تېخى يېقىندىلا ئىككى كۆزىنىڭ ئالدىدا ئالامەتلىك قارا داغلىرى بار، تېتىكلەشكەن گېپىلىسىنىڭ يۇزىگە ئوخشايدىغان يۇزى بىردىنلا شورپا تۆكۈلۈپ كەتكۈدەك ھالەتتە ئەمەسمىدى؟ ئوردوكىنىڭ بۇ ھالىتى ھەققىدە ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ بىرى بولغان ۋىراچ ئۆز ۋاقتىدا: «ئوردوكىنىڭ يۇزىدىكى داغلار ئۇنىڭ ئاتاق ـ ئابرويى، ئاشكارە ياخشى كۆرۈنگىنىنىڭ، ھاكىمىيەت دېگەندە جېنىنى بېرىشكە تەييار تۇرىدىغانلىقىنىڭ پىسخىك بەلگىسى» دەپ ئېيتقىنىمۇ بار تېخى. تەقدىر ئاخىرى كېلىپ ئوردوكقا ئىچ ئاغرىتمىسا ئۇنىڭ مۇكچەيمىگەن تېنىنىڭ بېشىدىن ئايىغىغىچە ھېلىقى ئاپەتلىك داغلار قاپلىغان بويىنى، بېشى گۆر ئاغزىغا كىرسە نېمە بولاتتى. دېمىسىمۇ بولىدۇ، كۆرەلمەسلەر شۇنداق سۆزلەرنى قىلماقچى، بىراق چۈشەنگەن ئادەملەر ئوردوكنى ئاياپ قويماقچى، شۇڭا ئۇ داغلار نېرۋا ئاغرىقىنىڭ نېگىزىدە پەيدا بولغان ناھايىتى ئاز چېلىقارلىق «ھال» دېگەن ئىللەت بولۇپ ھېسابلىناتتى، ھەمدە ئوردوكىنىڭ يۇزىدىكى «ئالا داغ» لىرىنىڭ توساتتىن

ئادەمنى تاڭ قالدۇرارلىق دەرىجە يوق بولۇپ كېتىشىنى ئۇنىڭ چوڭقۇر قانائەتلىنىشىدىن كۆپتىن بېرى كۈتكەن مەقسىتىگە يەتكەنلىكىدىن كېيىن كۆڭلى بىراقلا كۆتۈرۈلۈپ جان دۇنياسى يېڭىلىنىپ كەتكەنلىكتىن دەپ چۈشەندۈرۈشپتۇ. ئەلۋەتتە، كۈلكە كۈلۈشكە تېگىشلىك چاغدا كۈلىدىغان ئىش. بىراق دۇنياۋى، چوڭ كەمچىلىكنىڭ يوق بولۇشى راستىنلا ئوردوكنىڭ سىياسىي قارماشلاردىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ چىقتى. شۇنداق قىلىپ، قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان تىرىكچىلىكنىڭ سىرتمىقىدىن كەلسە ـ كەلمەس، بولار ـ بولماس ماي تارتىشىشلاردىن ئۇنتۇلۇپ قالدۇرۇلدى. ئەمدى ئولىۋېر ئوردوك ئېكراندىن بۇرۇنقىدەك كۆرۈنىدۇ، بايىقى قاچاندۇر بىر چاغدىكى پەيدا بولغان يۇزىدىكى داغلاردىن قىلچىمۇ شەك يوق، ئۇنىڭ ئۆتكۈر، ئويناقلىغان قارا كۆزلىرى دائىمابىر نېمىلەرنى ئىزدەپ تۇرغاندەك ئۆتكۈر قارايدۇ، ئوردوك، ئۆزىنىڭ سۆزى بويىچە ئۆزىگە قارشى چىققان كىشىنى ھەر قاچان كۆرگۈسى كېلىدۇ. مانا ئاشۇنداق قىلىپ ئۇ تۇپتۇز بىۋاستە قاچۇرۇپ كىرىپ، ئۇنى ئۇ ھەلقۇمىدىن ئالىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئوردوك چېچەن ئىدى. زىل ئۇنى، سۆزنى جايىغا كەلتۈرۈپ دەل ئېيتىدىغانلىقى، پائالىيەت ـ ھەرىكەتلەرنىڭ ئورۇنلۇقلۇقى، قىسقىسى كۆپچىلىكنىڭ كۆڭلىنى لال قىلغۇچى ناتىققا ئوخشاش پاساھەتلىك كەلىمىلەر بىلەن ئىپادىلىيەلەيدىغان دېتىمۇ بار ئىدى.

بىراق، ئوردوكنىڭ پۈتۈنلەي ئەقلىگە سىغماس، بەلكى ناھايىتى ئاز چېلىقارلىق، قىزىقارلىق ئىقتىدارى بوركىنى ئاجايىپ تاڭ قالدۇراتتى، ئۇ شۇنچە ھەيران قالدۇرارلىق ئادەم بولغانلىقتىن ئاڭا ئىشىنىش قىيىن ئىدى. راستىنلا بىرسىگە ئېيتساڭ ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، دەپ ھېچقاچان ئىشەنمەيدۇ. ئۆزى گۇۋاھ بولغان، ھەمدە ئولىۋېر ئىككەيلەن بىر

ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن ئىدى. راست، ئۇلار ئوخشىمىغان يىللىقلاردا ئوقۇشقان، بورك بۇرۇنراق، ھېلىقى ئادەم بولسا كېيىنرەك؟ بورك تارىختا، ئوردوك قانۇن فاكۇلتېتىدا، ئۇندىن بىرى خېلى بىر مەزگىل، بىر نەچچە ئونلىغان يىللار ئۆتتى، بىراق'بىر ئونىۋېرسىتېتتا ئوقۇغان بىز'دېگەن رومانتىك بۇرادەرلىك ئۇلارنى يېقىنلاشتۇرۇپ تۇرغان ئىدى، بۇنىڭدا گەۋدىلەنگەن ئوردوكنىڭ ئاز - پاز كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان جۆندەم - ئىقتىدارى بۇنداق ئىدى، ئۇ ھاياتىدا تېلېفوندا قانچە قېتىم سۆزلەشكەن بولسا شۇنىڭ ھەممىسىنى ئەسلىيەلەيدۇ، باشقىنى ئەمەس، پەقەت تېلېفوندا سۆزلەشكەن سۆزلەرنىلا، ئۇ بۇنىڭدىن 10 - 15 يىل ئىلگىرى تېلېفوندا يەنە قاچان كىم بىلەن سۆزلەشكەنلىكىنى، ھەتتا، كەلسە - كەلمەس سۆزلەرنىمۇ كۈنى، سائىتىگىچە دەل ئېيتىپ بېرەلەيدۇ. مىسالى، ئايرودرومنىڭ مەلۇمات بۆلۈمىگە تېلېفون چالدى، دەيلى ياكى ئاتا توساتتىن ماي قاچىلاش ئورنىدىن 1971 - يىلنىڭ 12 - ئاۋغۇستىدا چارشەنبە كۈنى، كۈندۈزى سائەت ئۈچتە تېلېفون چالدى، دەيلى ئەس قۇۋۋىتىنىڭ مۇنداق ئالاھىدە ئىكەنلىكىنى، بۇنچىلىك تۈپۈر - تۈپۈرگىچە بىلىشنىڭ باشقا ئىچكى سەۋەبىنى ھېچكىم چۈشەندۈرەلمىدى، ئوردوكنىڭ بۇ قىزىقسىنارلىق ئىقتىدارىغا بىر تۈرۈپ ھەۋەسلىنىشنى، بىر تۈرۈپ قۇيقا چېچى تىك تۇرارىنى روبېرت بورك يوشۇرمايدۇ، بۇ ھەقتە ئۇبىر تۈرۈپ بۇرۇنقىدەكلا نېگىزلىك مەيكۈرە سۆيىتىدە ئويلانسا بىر تۈرۈپ كۈلۈپ ئاندىن يەنە چۆچۈپ ئويغا پاتىدۇ، ئۇندىن قالسا ئادەمگە بېرىلىدىغان مۇنداق يوسۇنسىز جۆندەم- ئىقتىدار نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئاتا قىلىنغاندۇر. نېمە ئۈچۈن بېرىلىدىكىن؟ بۇ كۆكتىن ئاتا مۇكاپات قاتارىدا نازىل قىلىندى ياكى ئۇنىڭ تەتۈرچە، دوزاقنىڭ جازاسى سۈپىتىدە ئىبەرتىلدى؟ كىم بىلىدۇ؟

كەسپىدىشىنىڭ تېلېفونىدا تەمكىن پارىڭىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ روبېرت بوركىنىڭ ئېسىگە توساتتىن شۇ خىل خىيال چۈشتى. ئۇنىڭ «ھە، مۇمكىن، ئەگەر ئون يىلدىن كېيىن ئامان ـ ئېسەن بولساق، ھېلىقى بىزنىڭ ھازىرقى سۆزلەشكىنىمىزنى ئەسلەيدۇ، ھە، مەن بولسام ئەلۋەتتە، بۇنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇپ تاشلايمەن، بىراق كىم بىلىدۇ، بەلكىم مەنمۇ ئەسلەرمەن.... بىراق ئۇنىڭ كېرىكى نېمە؟» دەپ ئويلىدى.

ئاڭغىچە ئوردوك تېلېفون چالغاندىكى مەقتىسىگە ئۆتتى.

ـ 84ئەمدى، روبېرت سۆزۈمنىڭ پوس كاللىسى مۇنداق، سەن كەچۈرگىن، سۆزىنى يىراقتىن باشلاشقا توغرا كەلدى: مەن مەزمۇننى دەررۇ چۈشىنىشىم ناھايىتى زۆرۈر بولغان بىر ۋەقە بولۇپ ئۆتتى. ئەلۋەتتە، ئۇنى بىلىسەن، ئۇ ۋەقە پۇتكۇل ئامېرىكىنى تەۋرەتتى. ھېلىقى كائىناتتىكى كاھىن، توغرا، ئېتى نېمە ئىدى، ئۇنىڭ فىلوفېيمۇ ئىدى؟ فىلوفېيمۇ؟

ـ 84فىلوفېي دەپ گېپىنى ئوڭلىدى بورك،ـ ئۇنىڭ ئىسمى، مۇراجىئىتىنى مەن بىر سائەت بۇرۇن ئوقۇپ چىقتىم.

ـ 84مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان، روبېرت، مەن ئۇچۇن ھېلىقى، كاسساندرا ھامىلىلىرى دېگەن بالايى ـ ئاپەتنىڭ بېشىغا پالتا چاپقاندەك ئىش بولدى. بۇندىن كۆرە يەر تەۋرىسە ياخشى بولىدۇ. بۇندىن كۆرە نېمە بولارىنى بىلمەيمەن، ئۇلار نېمە دېيىشتىكىن، ئىككىلىنىپ قالدىم. كەچۈر، مەن ھېچقاچان مۇنداق ئوسال ئەھۋالغا قالغان ئەمەس، مەن بۇ چاغقىچە ھاك دېگەننىڭ نېمىلىكىنى بىلمىگەنمەن، ئەمدى بولسا ئۇنىڭ دەل قىرىدا تۇرۇۋاتىمەن. مەن قارشى پىكىردىكىلەرنىڭ ئىزدەپ تېپىپ ئۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا قارىشىشقا، ئېلىشىشقا، تۇتۇشۇشقا جۇرئىتىم بار ئادەم. بۇ يەردە بولسا بەلگىسىز . نېمە قىلىش كېرەك. كىم بىلەن تۇتۇشىمەن، ئەگەر زۆرۈر

بولسا كۆچ سىناشقۇچى، رەقىبىم كىم؟ پۈتۈنلەي تايىنى يوق، نائىنىق نەرسە بولۇپ تۇرىدۇ. مۇشۇ مەھەلدە چىن چىقىشقا كەلگەندە ھەر بىرىمىزگە ۋە بارلىقىمىزغا تېگىشلىك بولغان بىر ئىشتىن، سەن ۋە ساڭا ئوخشىغان زىيادە تالانتلىقلارنىڭلا قارا ھۆجۆمغا چۈشمەي بىخەۋەر قېلىشى مۇمكىن. قالغانلىرىمىزنىڭ ھەممىسى غەپلەتتە قالدۇق.

ـ 85كەچۈرۈپ قوي، ئولىۋېر ـ ، دەپ گەپنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بۆلدى بورك.

ـ مەنمۇ سەن سىياقلىق ۋە سەندىن باشقا بارلىق ئادەملەرگە ئوخشاش بىر خىل ئەھۋالدا، سەن ئۇندىن تېخىمۇ ئوچۇق ئېيتچۇ،نېمە ئۈچۈن بۇ توغرىسىدا ماڭا مۇراجىئەت قىلدىڭ؟ ئىككىمىز بىر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ مەھسۇلاتىمىز، سۆزۈڭنى ئىختىيارىڭ بويىچە ئاڭلاشقا تەييارمەن، بىراق شۇنداق بولسىمۇ؟

ـ 85ئوچۇقىنى ئېيتاي، ساڭا مۇراجىئەت قىلىش ھەققىدىكى ئوي مۇمكىن بولمايدىغان ئىش، ساڭا مۇراجىئەت قىلىپ، مەسلىھەت سوراشنى يېقىن ياردەمچىم ئەنتونى يۇنگېر ئېسىمگە سالدى. ئۇنىڭ ئىشقا تېتىكلىكى بىر ياقتا تۇرۇپ تۇرسۇن، ئۇ ناھايىتى بىلىملىك، پەلسەپە دېگەنگە جېنى تەسەددۇق يىگىت، ئۇنى يۇكسەك باھالايمەن، ئۇ شۇنداق قىلىپ، كېڭەشچىلىرىم بىلەن ياردەمچىلىرىمگە ئوخشاش ھەر بىرى بىردىن «مۇنبەر» گېزىتى كۆتۈرۈۋېلىشىپ، كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئەقلىدىن ئادىشىپ كىرىپ كېلىشكەندە مېنىڭ ئەقىل ـ ھۇشۇم بىھۇش بولۇپ قالدى. ئەتە ئەتراپىمدىكى سايلامچىلار بىلەن، كىشىلەر بىلەن بىللە يولدىشىم، ھەمراھىم بولىدۇ، ئۆزۈڭ چۈشىنىسەن،دېموكراتىيە دېگەن سۆز بىلەن خەلق سۆزىنىڭ مەناسى بىر. مەن ھەممىگە تەييارمەن، قانداق سوئاللار بولمىسۇن تەييارمەن، بىراق ھېلىقى كاسساندرا ھامىلىلىرى ھەققىدە مەندىن سوئال سورىلىشىنى ئويلىغاندا بىلەمسەنكى، ئالدىمدا

ئارسلان تۇرغاندەك سېزىپ كەتتى. ئۆزۈمنى توساتتىن كائىنتتىن چىقىلغان چاقماق چارت قىلىپلا چىقىلغاندەك كىشىنىڭ ئويىغا كەلمەيدىغان ئىش بولدى؟! ئالدىمدا بولسا سامالمچىلار بىلەن پىلانلاشتۇرۇلغان بىر قاتار ئۇچرىشىشلار تۇرۇپتۇ، ئەمدى مۇنداق ئويلىنىپ تۇردۇم، نېمە قىلىش كېرەك؟ بىزنىڭ ئامىرىكىنىڭ سايلامچىلىرى، دۇنيا بىزگە كۆز سېلىپ تۇرماقتا. يەنە بىزنىڭ ئامېرىكىلىقلار ئارىسىدا چىداپ بولالماي ئۈچىيى ئۈزۈلگىدەك كۈلگەنلەرمۇ بار، بىز دېموكراتىيىنى مەقسەت قىلىپ تۇرغان بىز. دەل شۇنداق، بىراق، خۇدا ئۇرغۇ، كەچۈرۈپ قوي، يەنە ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي قالدىم، نېمە ھەققىدە سۆزلەۋاتاتتىم؟ ھە، ئەتە سايلامچىلىرىم ئازغۇنلۇقلىرىمنىڭ ھەممىسىنىڭ ئورنىدا ئىكەنلىكىنى يەنە مېنىڭ يەڭگىلتەكلىك بىلەن قول شىلتىپ، ئادەم ئۇرىدىغان رەھبەر ئىكەنلىكىم ھەققىدىكى دەلىلنى كۆرۈپ بىلگۈسى كېلىپلا جىم بولۇشمايدۇ، ئۇلار ھېلىقى كائىناتتىكى كاھىنىنىڭ مۇراجىئىتى توغرۇلۇق ئويۇمنى بىلگۈسى كېلىشىدۇ ئەمەسمۇ؟ شۇنداق بولغاندا مەن نېمە دېمەكچى؟ يا يوق، يا بار دېگەنگە يارىماي ئالقىنىمنى يېيىپ تىم بولامدىمەن؟! سىياسەتچى ئۈچۈن بۇ پۈتۈنلەي يارىماسنىڭ ئىشى!

ـ چوقۇم شۇ ھەقدە سوراشقا كۆزۈڭ تولۇق يېتەمدۇ؟

ـ 86كىچىككىنىمۇگۇمانىم يوق!

ـ 86ئۇنداقتا فىلوفېينىڭ كەشپىياتىنىڭ سېزىمىمىزنىڭ ئۆزىچە بىر قوزغىلىش ياكى پارتلاش سۈپىتىدە كائىنات ئارقىلىق ئېنىقلانغانلىقىنىئۆزىمىزگە ئۆزىمىزدىن كىرگۈزگەن ئوڭلاش سۈپىتىدىلا قوبۇل قىلىشىمىزلا قالىدۇ، كائىناتتىن سۇرۇشتۇرۇش ئارقىلىق يەتكەن ئۆزىمىزنى ئىچتىن تونۇشنىڭ يېڭى ئەھۋالى سۈپىتىدە تونۇش كېرەك. شۇنداق ئەمەسمۇ؟

87ـ بەلكىم شۇنداقتۇر، بىراق بىلمەيمەن، مۇنداق ئېيتىشقا مەن ھېلىھەم تەييار ئەمەس، سەن بىلەن چىرايلىق چۈشىنىشىپ سۆزلەشسەك بولىدۇ، بىراق، كىشىلەرگە شۇنداق تۇزەش، قوشۇمچە كۇتۇنۇشىدە پارتلاش، قوزغىلىشنىڭ كىچىكلىتىلگەن كۆرۈنۈشى دەپ قانداق چۈشەندۈرىسەن، پەرقى قايسى؟ بۇ كاھىن ئاسماندىن نەدىكى بىر كاسساندرا ھامىلىلىرى ھەققىدە، ئۆلارنىڭ تۇغۇلۇشتىن باش تارتقانلىقى ھەققىدە ئىش قىلىپ بىز ئۈچۈن تەجرىبىنىڭ چېكىدىن تاشقىرى تۇرغان نەدىكى بىر قۇلاق ئۇققىدەك نەرسىلەر ھەققىدە ئېيتىۋاتىدۇ، بىراق بۇنىڭ ئىلىم ـ پەن ساھەسىگىلا لازىمى بولسا مەيلى ئىدىغۇ، بالايى ـ ئاپەت بېسىپ فىلوفېي رىم پاپاسىغا، دېمەك، ھەقىقەتەندە پۇتكۇل ئادەمزاتىقا مۇراجىئەت قىلىۋاتامدۇ؟ ئەمدى پاپا بۇنىڭغا نېمە دەركىن؟ ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلەرمىكىن؟ پاپا چۈشكەن چۈشەكنى بەندىگە بەرمىسۇن، باشقا يەنە مەندەكلەرگە بەرمىسۇن، پاپا ۋاتىكاندا، كاھىن كائىناتتا، لېكىن مەن بولسام ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ئەلىنىڭ ئالدىدا مەن!

ـقويۇپ تۇرچۇ، بولدى قىل، ئۇلىۋېر، بىرىنچىدىن يالغۇزلا سەن ئەمەس،ـ بورك ئىشىنىڭ ئەھۋالىنى ئىزاھلىغۇسى كەلدى،ـ مانا بارلىقى.....

ـ 87چۈشىنىۋاتىمەن، چۈشەندىم، بىراق، كەچۈرگىن سۆزۈمنىڭ ئايىغىغا چىقاي، نېمە دېمەكچى بولۇۋاتقانلىقىڭنى بىلىمەن، بۇ ناھايىتى زور ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولغان قىيىن مەسىلە، بۇنداق، قوزغىلىش، پارتلاشنى قوبۇل قىلامدۇ يوق ھەر بىر ئادەم ئۆزى يالغۇز ھالدا ھەل قىلىشى كېرەك دېمەكچى بولۇۋاتىسەن، توغرا، بىراق بۇ بىر قارىغاندا شۇنداق، روبېرت، دەۋرىمىزنىڭ بولسا كۆپچىلىكنىڭ كوچىغا چىقىپ مۇراجىئەتلىرى بىلەن تەلەپلىرىنىڭ پۇت ـ قولىنى بوغۇپ تۇرغان چۈشەكىنى مەمۇرىي سىستېمىغا

يۈكلەپ قويۇشنىڭ مەزگىلى ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەك. ھەتتاكى ئەيدىزمۇ مەمۇرى سىستېمىلارنىڭ گۇناھى دېيىلىپ تۇرغان چاغ بۇ، ھازىرقى ئادەملەردە كىچىككىنە بىر ناتوغرا نەرسە بولسا بولدى، ئۆزۈڭ ئەمەس، سىستېمىنى گۇناھكار قىلىپ تۇرغان بەندىنىڭ ئۆزى بولمىدىمۇ، بۇنداق مۆجىزىۋى خەۋەر كائىناتتىكى كاھىندىن كېلىپ تۇرغاندا ئۇنى كىمگە، كىمنىڭ شىللىسىگە ئارتىش كېرەك؟ يەنە نېمە قىلىش كېرەك. ئىش قىلىپ باشنى ئاغرىتىدىغان سەۋەب بار. ئۇندىن قالسا كۆپچىلىكى بۇ قېتىم ھەم ئەپچىللىك قىلىپ كېتىشىدۇ ئەمەسمۇ، مەن ئۆز شېرىكلىرىمنى، سىياسەتچىلەرنى دەۋاتىمەن.ـ ئەپچىللىك قىلغاندىمۇ بۇ ئىشنى سايلام ئالدىدا ئۆزىگە خىزمەت ئۆتۈگىدەك قىلىپ قويۇشىدۇ، قان تۆكۈلگەن ئۇرۇشنىمۇ ئۆز پايدىسىغا، مەنپەئەتىگە بۇراپ قويسا بولىدۇ، ئەمەسمۇ، مەن دەل شۇنى دەۋاتىمەن.

ـ 88ھەي، بۈگۈن تاۋىڭ بار ئىكەن، دوستۇم، ئەھۋالىڭنى چۈشىنىۋاتىمەن، ئولىۋېر، بىراق، فىلوفېينىڭ سىرلىق مۇراجىئىتىنىڭ جاۋابى مەندە ئىكەن دەپ ئويلىما، مەنمۇ سەندەك ئامالسىز قېلىپ ئولتۇرۇۋاتىمەن، شۇنداقتىمۇ دېگۈم كېلىدۇ، ئەگەر فىلوفېينىڭ ئېيتقانلىرىنى قوللىغۇچىلىرى چەتكە قېقىشالمىسا، يوققا چىقىرىشالمىسا ئەگەر ھەقىقەتەندىمۇ ھەممىسى شۇنداق بولسا يەنە جاننىڭ يارىلىشىنىڭ بىئو ـپسىخولوگىيىلىك ئامىلىغا ،ھامىلىنىڭ بىۋاستە سېزىمىگە لازىملىق، ئاتاپ ئېيتقاندا قىيامەت قايىملىق ئۇچرىشىشقا مۇناسىپ رەۋىشتە راستىنلا كارامەت بىر كەشپىيات ياراتقان بولسا، ئۇنى مەن «فىلوفېينىڭ ئۇچرىشىشى» دەپ ئاتايتتىم، ئۇنداقتا ئۇمەندىن باشقا بۇ ئادەم بالىسىنىڭ تۇرمۇشىدا قورقۇنچ ۋە ئەرك، ھايات ۋە مامات سىياقىدىكى ئورۇن ئىگىلەيدۇ.

ـ 89بولدى قىل، شۇنداقمۇ؟! ياپەرۋەردىگار، بۇ بىر ھېكمەتقۇ، كېسىپ ئېيتتىڭ!ـ ئوردوكنىڭ ئۇنىدىن ھەقىقەتەندىمۇ تاڭ قالغانلىق ۋە خاپا بولغانلىقى بايقالدى، بۇنداق بولغاندىن كېيىن نېمە قىلىش كېرەك؟

ـ 89نېمىلەرنى دېمەكچى سەن؟

89ـ نېمىلەرنى دېسەم بولاتتى؟ ئەتىدىن بېرى ئىككىمىز دېيىشىۋاتقان بۈيۈك ماتېرىياللار. ئۇ ئۆز ئالدىغا، بىراق مەن سايلامچىلىرىمنىڭ سۇئاللىرىغا دەل جاۋاب بېرىشىم «فىلوفېينىڭ ئۇچرىشىشى»غا ئۆز كۆز قارىشىمنى ئېيتىشىم كېرەك ـ دە، بۇ جەھەتتە ئارسالدى بولمىسام بولاتتى.

ـ شۇنداق، ئويۇڭنى چۈشىنىۋاتىمەن،ـ دەپ باش لىڭشىتتى بورك،ـ ئويلىنىش كېرەك،ـ دېدى

ـ 89مەن ساڭا بىر سائەتتىن كېيىن قايتا تېلېفون بەرسەم قانداق، راست بېرىمەن، روبېرت، ناھايىتى بىئارام بولۇۋاتىمەن، تىنچىڭنى بۇزماي، بىراق بۇنىڭدا مېنىڭ لازىمىم بار. بۇنىڭدىن تانمايمەن، مەن ھاكاۋۇر ئادەم،ـ يەنە ئاڭلارمەنلىرىم ئالدىدا ئۆز سالاپىتىمنى كۆرسەتكەنلىكىم پۇتۇنلەي يېتىشسىز بولىدۇ. چۈنكى بۇ، ئېيتقىنىڭدىن كېيىن ئويلاپ كۆرسەم، ئادەم ماھىيىتىنىڭ تاپتاقىر، پۇتۇنلەي يېڭى كۆرۈنۈشى، لېكىن بىز ئامېرىكانلار، ئۆزۈڭ بىلىسەن، ھەممە تەرەپتىن بىرىنچى بولۇشىمىز كېرەك. يەنە بىزنىڭ بارلىق نەرسە ھەققىدىكى ئۆزىمىزنىڭ ئالاھىدە ۋە باشقىلارنىڭ بارلىق ئىشىنى نىشانلىغۇچى ئوي ـ پىكىرىمىز بار بولۇشى كېرەك. توساتتىن بۇگۈن ساما يولىدىن باشقا پلانتالىقلار يوپۇرۇلۇپ كىرىپ كېلىشسە، خۇدا ھەممىمىزنى ئامان قىلسۇن! ئەتە بىز ئۇلار بىلەن قۇچاقلىشىپ بىرگە چۈشكەن سۈرەتلىرىمىزنى ئېلان قىلىپ ئىبەرتىشىمىز كېرەك. ئۇنداق قىلمىساق بىز ئامېرىكىلىق ئەمەس.

ـ 90شۇنداق، ئۇنىسى راست، ـ دەپ بورك كۈلدى، ھەمدە مۇنداق قوشۇمچىلىدى: ئەلۋەتتە، بۇ يەردە تېلېفوندىكى سۆزدىن كۆپرەك نەرسە قانداقتۇر بىر كىشىلەش، قۇرۇلتاي دىگەندەك ئاتايىن ئېچىلغان ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى بىرلا ئەمەس، يەنە بىرلا قېتىم، بىزنىڭ ئامېرىكىدا ئەمەس، ـ باشقا مەملىكەتلەردىمۇ بىر نەچچە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈش تەلەپ قىلىنىدۇ، بۇنىڭغا ئالاھىدە، خەلقلەر زىچ ياشىغان رايونلار، بىرىنچى رەتتە روسىيە، جۇڭگو، ھىندىستان، ياپونىيە ئالاھىدە، قاتتىق ئاۋاز بېرىشىدۇ، ئۇ دۆلەتلەردە «فىلوفېينىڭ ئۇچرىشىشى»نىڭ قانداق ۋەيرانچىلىققا چۇشىشنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈۋاتىمەن، ئەمدى ئۆزىمىزنىڭ سۆزىگە قايىللايلى، ئەتە نېمە قىلىش كېرەك دەمسە؟ سەن ئولىۋېر سايلام ئالدىدىكى پروگرامما بىلەن چىقىپ سۆزلىگۈڭ كېلىۋاتامدۇ؟ شۇنداقمۇ؟ بۇ چاغقىچە سايلامچىلىرىڭ بىلەن ئۇچرىشىشلار بولغان، بارلىق تەلەپكارلاردىكىدەك، ئۆز.. ئۆز دەلىللەرىڭ، ئۆزۈڭنىڭ تەسىر قىلغۇچى شەكىللىرىڭ بار. مەتبۇئاتلاردا باشقانامزاتلارنىڭ سان ـ سىفىرلىق باھا ـ پىكىرلىرى ھەققىدە مەلۇماتلار كۆرۈلۈپ قالدى، پەرەزلەر، ئالدىن مۆلچەرلەشلەر ئارىسىدا سېنىڭكى يامان ئەمەس ، رىقابەتچىلىرىڭنىمۇ بىلىمەن.

ـ گەپنىڭ بارى شۇنداق بولۇپ تۇرمامدۇ، ناھايىتى كۈچلۈك، تاقابىل تۇرۇش قىيىن ئادەملەر، ئۇلارنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا، ئەسلەپ چىقىشقا پەقەتلا بولمايدۇ، ئايرىم ئويۇنغا ھېلىقىدەك كۈتۈلمىگەن ئامىل ئارىلىشىپ تۇرغاندا «فىلوفېينىڭ ئۇچرىشىشى»!

بورك ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئەركىن تۇتۇشقا ھەرىكەت قىلدى:

ـ بىراق، ئويۇمچە ھازىر ۋەزىيەت ھېلىھەم ئويئوچۇق بولۇپ تۇرماقتا، بۇ ھەققىدە ياكى مۇنداق ئىكەن ياكى ئۇنداق ئىكەن، دەپ ئېيتىپ تاشلاش

بالدۇرلۇق قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە پىرىزدېنتلىككە نامزات قاتارىدا بۇ تېمىنىڭ ساڭا تۇزدىن ـ تۇز، بىۋاستە كېرىكى يوق.

ئولىۋېر ئوردوك ئېغىر خورسىنىپ قالدى.

ـ ئېيتقىنىڭ ئۇنچە توغرا ئەمەس،ـ روبېرت دەپ قارشى چىقتى ئۇ، ئەلۋەتتە بۇ ۋەقە ئۇچۇن ھېچقانداق جاۋاكارلىقىم يوق، بىراق بۇ ۋەزىيەت سايلام ئالدىدىكى ئىشلىرىمغا قانداق تەسىر قىلىدىغانلىقى تىنچىمنى بۇزدى، ئەمدى سۆزۈمگە قۇلاق سال، روبېرت ،ساڭا مۇراجىئەت قىلىپ تۇرغانلىقىمنى بايا ئېيتىپ ئۆتمىدىممۇ، مەن بۇنىڭ بىلەن ياش مەسلىھەتچىم ئەنتونىي يۇنگېرنىڭ ئىشارىتى بىلەن قىلدىم دەپ، بۇ دېمەك، ھازىرقى ياشلار سېنى ياخشى بىلىشەر ، يەنە روھانىيەت جەھەتتىن ساڭا تايىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، كۆپ ۋاقتىڭنى ئېلىپ قويدۇم، بىراق، ساڭا تېلېفون بېرىشىم توساتتىن يۈز بەرگەن ئىش ئەمەس، چۈنكى سەن بەلگىلىك دەرىجىدە كېلەچەكشۇناس ھەم باشقا كەسىپتىمۇ مۇۋەپپەقىيىتىڭ بار ئادەم، ئۇندىن كېيىن بىزگە سىياسەتتىكى ئەمەلىيەتچىلەرگە ساڭا ئوخشىغان تالانتلىقلار مۇھاكىمە بەرمىگەندە كىم بېرەتتى ئەمىسە، سايلامدىكى رىقابەتچىلىرىم ھەر قانداق ئىشتىن يانمايدىغان سىياسەتچىلەر، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پەقەت بىر ئۆگەنچى ھەۋەسكارمەن، ھازىر ئۆزۈڭ بىلىسەن بىرىنچى تۇر، ئەگەر ئەمدىلەتىن تۇرغۇزۇلۇۋاتسا، سىياسىي قەدەم تاشلىسام، ئۇنداقتا ئويۇن ـ تاماشائۇچۇن مەسخىرە ئوبيېكتى بولۇپ قالىمەن، مۇنداق ۋەزىيەتتە، سايلامچىلار كىمنى ياقتۇرىدۇ؟ قانداق مەۋقەنى ئىگىلەش كېرەك. ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، كونسېرۋاتىپ بولۇپ كۆرۈنگۈم كەلمەيدۇ، ئۇنىڭ پۇتۇنلەي كېرىكى يوق، بىراق ئىنقىلابچى بولۇش دائىم قورقۇنچلۇق ئىش، قانداقتۇر بىر يۈز بەرمىگەن ئىش ئۈچۈن، ئېيتايلى، ھېلىقى كائىناتلىق ۋەقەگە باغلىنىشلىق

ئىشنى باشلىماي تۇرۇپ، يېرىپ ئۆتتۈرىغا چىقىش ناھايىتى ئۆكۈنچلۈك. مەن ھەممىسىگە تەييارمەن، سايلام ئالدىدىكى كۆرەشلەرنىڭ ۋارىيانتلىرىنىڭ ھەممىسى ئولىمپىك يىغىنىغا كېتىۋاتقان يولدا بولغۇچى ھەر قانداق قىيىنچىلىقلارنىڭ ھەممىسى ئەسكە ئېلىنىپ، ئوي ـ تەپەككۇرنىڭ يېرىدىن، ئېگىز يېرىدىن دەڭسەلدى دېگۈدەكلا بولغان، ئۇنىڭغىچە، ماڭا بۇ بالايىئاپەت چىقىپ كائىناتتىكى كاھىنىدىن سالام! دەپ ئولتۇرمامدۇ، نېمە قىلارمەن، سەن بىلەن بىرلىشىمەن دېيىشىم كېرەكمۇ، ياكى كائىنات ـ پائىناتىڭ بىلەن ھەممىڭنى ئۇردۇم دەيمەنمۇ؟ راستىنى ئېيتاي، ئۇخلىسىمۇ چۈشىگە كىرمەس ئىش! بىراق ئامال قانچە بۇ ھەقتە مەن ئويۇڭنى قىزىققىنىمدىن ئەمەس، زوْرۇرچىلىك سەۋەبىدىن بىلەي دەپ تۇردۇم، ئۇنى ئۆزۈڭ چۈشىنىسەن، توساتتىن ئاۋاز بېرىلىشتىن ئاجراپ قالمىسام دەيمەن، مەسىلە دەل مۇشۇنىڭدا.

ـ يارايسەن، ئولىۋېر، مەن ھەممىنى چۈشەنگەندەك قىلىمەن،ـ دېدى روبېرت بورك، ئوردوكنىڭ جاھىللىقى بىلەن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا تاڭ قېلىپ (سىياسىي مۇۋەپپەقىيەت ئۈچۈن كۆرەش قىلغۇچىنىڭ كۆنى ئوڭايمۇ؟!).

ـ كاھىن فىلوفېينىڭ قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز كەبى كۆتمىگەن يەردىن ،كائىناتتىن ئېقىپ كېلىشى، دۇنياغا قانداق غەۋغا سالغانلىقىنى، شۇندىن باشلاپ ئادەملەرنىڭ ئاڭ ـ سېزىمىنى قانچىلىك ئالاقىزادە قىلغانلىقىنى بورك كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەندە قۇلاقلىرى چۇغۇلداپ بېشىدا ئوت كۆيگەندەك بولدى، بۇنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولماقچى، ياخشىلىقمۇ ياكى يامانلىقمۇ؟ بىۋاسىتەقويۇلغان سوئالغا بىۋاسىتە جاۋاب بېرىش كېرەك ـ تە

ـ 92ئەگەر سەن ئولىۋېر سايلام ئالدىدىكى رىقابەتكە قاتنىشالمىغان كۈندە،ـ دېدى بورك، سۆھبەتدىشى تېلېفون لىنىيىسىنىڭ يەنە بىر ئۇچىدىن

ئۇنى كۆرۈپ تۇرغاندەك قىلىپ، بېشىنى كۆڭگەن پەدىسىگە لىڭشىتىپ، بەربىر مۇنداق ۋەزىيەتتە مەسىلە تەھلىل قىلىنماي يېشىلمەي قالمايدۇ، گەپ فىلوفېيىنىڭ مۇراجىئىتىنىڭ تەسىرى ئالدىدا تۇرغانلىقىمدا ئەمەس، گەپ، قانچىلىك گۇمانلىنىپ ھەرىكەتلىنىشىمگە قارىماي ھازىرچە ئۇنىڭ يەكۈنلىرىنى چەتكە قېقىشقا نېگىز تاپالماي قالغىنىمدا بولۇۋاتىدۇ، تەتۈرىچە ئىشىنىشكە باشلىدىم.

ـ ئىشىنىشكە باشلىدىم؟ بىراق بۇنىڭ ئاخىرى نەگە بېرىپ توختايدۇ، بورىبېرت؟

93 ـ پۈرسەت قاچان كەلسە شۇ چاغقا، مەسىلە ھازىر مۇنداق . ياكى فىلوفېينىڭ كەشپىياتىنى ئەسكە ئالىمىز، ياكى پاكىتلارنى كۆزىگە تۇتۇپ تۇرۇپ، چەتكە قاقىمىز ۋە ياكى ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمىگەندەك تەرىمىزنى كۆرسىتىمىز. فىلوفېيگە قول شىلتاپ سالىمىز، بۇمۇ شۇ، ئۇمۇ شۇ ماۋۇسىدىمۇ ھازىرچە بىزنىڭ ئەركىمىزدە، شۇنداق، فىلوفېي كۆتۈرۈپ چىققان قىيىن مەسىلىلەردىن قاچساق ھاياتىمىز بۇنىڭغىچە ئۆتۈپ كەلگەن ماقامدا ئۆتۈۋېرىدۇ. بىراق بىز كاسساندرا تامغىسى ھەققىدە ھېچنەرسە بىلمىگەنلىكىمىز. بىر كاسساندرا ھامىلىلىرىنىڭ ئىرسىي تراگېدىيىسى ھەققىدە چۈشەنچىمىزنى يوقىتىشقا، بەزىدە ئەپلىكىدە ئۇ ھەقتە بىلگىنىمىز يەنە ئۇنىڭغا كۆزىمىز يەتكەنلىكىمىز ئۈچۈن نېمە قىلىش كېرەك؟ پىسەنتىمىزگە ئالماي ئۆزىمىز ـ ئۆزىمىزگە قورقۇنچ تۇغدۇرغۇچىدەك تەرىمىزنى كۆرسىتىمىزمۇ ياكى چىنلىققا بىۋاستە قاراپ قىيامەت قايىم بولۇشنى ئالدىنئالا سېزىپ كاسساندرا ھامىلىلىرىنىڭ تاۋۇشىغا قۇلاق قاقىمىزمۇ؟ نېمە قىلىش كېرەك؟ تېخى تۇنۇگۇنلا ئادەمزات ھەممىدىن خەۋەرسىز ئىدى. مانا بۈگۈن بولسا ھەممىنى بىلىپ ئولتۇرىدۇ، مۇنداقچە

ئېيتقاندا، دېئاگنوز قويۇلدى، شۇندىن بېرى ئادەم ئۆزىدىكى ئۆزىنى قايتىدىن زاھىر قىلىپ ئېچىلىپ تۇرغان ھالەتتە، ئۆزىنىڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان ۋاقتىدا، جان پەيدا بولۇشىدا، ئۇ ئۆزى كىم؟ بۇرۇنقى بوغۇنلارنىڭ ئەۋلادىدىن ئەۋلادقا ئۆتكەن بۇزۇقلۇقى ئۇنى نەگە، قايسى ئىرسىي خۇيغا ئېلىپ بارىدۇ؟ بىز ئۆزىمىزگە شۇ ئادەم قارىغۇسىز ئەينەكتىن قارىيالامىدۇق؟ ياكى كۆزىمىزنى يۇمۇۋېلىپ ئۆزىمىزنى - ئۆزىمىز ئۇزلۇكسىز تۇيۇق يولغا تاشلاپ كېتىۋېرىمىزمۇ؟ فىلوفېينىڭ خاس تېمىدىكى ماقالىسىنى شۇنداق چۈشەندىم.

94-مۇنداق دېگىن،- ئولىۋېر ئوردوك تېلېفوننىڭ تروبكىسىغا ئېغىر خورسىندى- دە، ئۇن چىقماي قالدى.

- گېپىڭنى چۈشىنىۋاتىمەن، ئۇندىمەسلىكىڭنىمۇ چۈشىنىمەن، بىراق پىكرىم مېنى ھېچ نەرسىگە ۋەزىپىلەندۈرمەيدۇ، ئۇقۇۋاتامسەن؟

-شۇنداق، شۇنداق، ئويۇڭنى ئۇقۇپ تۇرۇش ماڭا ئەھمىيەتلىك، روبېرت ، باشقا ئامالىم يوق، يا ئۇتىمەن، يا ئۇتتۇرىمەن، بۇنىڭ بىلەن توغرا پوزىتسىيە ئىگىلەمدىمەن، شۇنىڭغا يارىشا بولماقچى، چۈشەندىڭمۇ؟ ئۇتتۇرۇش پۇتۇنلەي نامۇناسىپ ئىش، نېمىنىڭ شەرپىگە دېمەيسەنغۇ؟ چۈشىنىمەن، مىسالى، ئىش تاشلىغۇچىلار تەرەپكە ئۆتتۇم يا تەتۇرىچە ئىرقىي ئايرىمچىلىققا قارشى نامايىشچىلارنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا يۈردۈم ياكى ئۇنداق قىلغۇم يوق، يەنە شۇ ھالەتتىمۇ دەيلى، ئىش قىلىپ نېمە ئۈچۈن كۆيۈۋاتقانلىقىنىڭ ئۇ يەردە ھەممىگە چۈشىنىشلىك، ھۇ، بالا ئۇرغۇر، ئىش ئۈچۈن يەنە بۇ يەردە نېمە ئۈچۈن كائىناتتىكى ئىستانسىنىڭ قەيەردىكى بىر ئەقلىدىن ئاداشقان، ئوزايىدىن يوقىلاڭ قىياس ئۈچۈن مەنسىپىڭنى، بەلكىم دۆلەتنىڭ كېلەچەكتىكى پرزىدېنتلىقىنى تەۋەككۇلچىلىققا سالارسەنمۇ؟ سەپرا بولۇپ تۇرغىنىمنى

كەچۈرۈپ قوي.

95قۇلىقىم سەندە، ئولىۋېر، بىراق فىلوفېينىڭ كەشپىياتىنى سەن بىكاردىن، يوقىلاڭ قىياسقا چىقىرىلىۋاتقان ئوخشايسەن، ئەلۋەتتە، ئۇ ئۆز ئىشىم دېگىن، بىراق بۇ بىر قىياس ئەمەس، چىنلىقمۇ دەپ چۆچىيمەن، ئۇنداق بولسا بۇ يەر يۈزىدىكى ئادەم ئاتلىقنىڭ ھەممىسىگە مۇناسىپ ۋەقە، فىلوفېينىڭ كەشپىيات ـ ئىختىراسىغامۇناسىۋەتلىك كېلەچەككە سېلىشتۇرغاندا ئاۋۇ ياكى بۇ تارماقتىكى ئىش تاشلاشلار شەھەرلەرنىڭ كوچىلىرىدىكى نامايىشچىلار يەنە باشقا سىياسىي ۋەقەلەر نېمە بولۇپ قالغاندۇ ـ ھە؟ شۇڭلاشقا بىز بۇ يەردە نېمە يۈز بېرىۋاتقانلىقىغا ئەھمىيەت بېرىشكە قەرزدار. ئىككەيلەن تەڭلا ئويغا پېتىشىپ، ئۇن چىقماي قېلىشتى ئۇندىن كېيىن ئولىۋېر سۆز باشلىدى:

ـ دېمەك، سەن روبېرت، مۇراجىئىتىڭگە قارىتا ئەمەلىي ياردەم قىلامسەن؟

ـ شۇنداق، ئولىۋېر ،سەن باشقىلارنىڭ مەۋقەسىدىن مۇئامىلە قىلىشقا كۆنگەن ئادەمسەن، ئۇ ئىشلار چۈشىنىشلىك، بىراق مەن ھازىر سۆيىپېكتىپ ئويدىن چىقىپ گەپ قىلىۋاتقىنىم يوق، فىلوفېينىڭ پاكىتلىرىنى ۋە مەنتىقىسىنى ئويلىماسلىقا بولمايدۇ، كائىناتتىكى كاھىنىنىڭ كەشپىياتى ئادەمزات ئالدىدا يېڭى سىناقلارنىڭ تۇرغانلىقىنى ئېيتىپ تۇرىدۇ. شۇڭا ،مېنى توغرا چۈشەن. سەن بىر سىياسىئون، مەقسىتىڭ قىيىن مەسىلىلەرنىڭ جىددىيچىلىك پەيدا قىلىشىنى توسۇپ قېلىشتۇر، كەيپىياتنىڭ ئېقىمىنى تۇتۇپ تۇرۇش، مەن ئوقۇمۇشلۇق كېلەچەكشۇناس مەن، ئويۇمنى بىلگۈڭ كېلىپتۇ، ئەگەر كېرىكىم تەگكەن بولسا خۇشال بولىمەن.

ـ 95ساڭا زور تەشەككۇر ـ روبېرت، مەن ئاخبارات ساھەسىنى قارماپ

تۇرغان ئادەم. چۈنكى سەن سۆزسىزلا، بۇ مەسىلە بويىچە مەتبۇئاتقىمۇ، تېلېۋىزىيىگىمۇ چىقاتتىڭ ئەمەسمۇ؟

ــ 96خۇداغا شۈكرى، كەلگەنلىكىم ھەققىدە جېسسى ھازىرچە مۇخبىر ـ ژۇرنالىستلارغا ھېچنەرسە بىلدۈرمەپتۇ.

96ـ شۇڭا مەندىن زېرىكمە، داجىما، جېسسى سېنى مەندىن يوشۇرۇپ قالالىغان ئەمەس ئىكەن. تارتىنما، مەن يولداشلىق ھوقۇقۇمدىن پايدىلىنىپ كەتتىم، ھەقىقەتەنمۇ ئەدەبسىزرەك تەسىرات باربولۇپ قالدى. ئۇندىن كېيىن ئاغزىم يېپىلماي ۋالاقشىۋەرگەن نېمە مەن، توغرا، ساڭا شەيتان توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرمەكچى ئىدىمغۇ.

ــ 96شەيتان توغرۇلۇق دەمسەن؟ ھە، شۇنداق ئەسلىيەلمىدىم، سۆزلىسەڭ سۆزلە، ئۇ نېمە بولغان، شەيتان ئىكەن؟

ــ 96بۇ بىر ئاجايىپ ۋەقە، ھە دېمەمسەن، يېقىندا سايلام ئالدىدىكى بىرىنچى قېتىملىق يۈز كۆرۈشۈشۈمنى ئۆتكۈزدۈم، چوڭ زال ئىچى ئادەملەرگە تىقما ـ تىقما بولۇپ كەتكەن ئىدى. بەش مىڭدەك ئادەم بار ئىدى. ھاسىرغىنىمنى دېمەيلا قويغىن، پروگراممىنى ئوتتۇرىغا قويدۇم، ئۇنىڭغا ئۇلىنىپ سوئاللار سورىلىشقا باشلىدى، خۇددى يامغۇردەك ياغدى، نېمىلەرنى سوراشمىدى دېمەيسەن. يېپىدىن يىگىنىسىغىچە، قىز ـ جۇۋانلاردىن تارتىپ خەلقئارالىق مۇناسىۋەتلەرگىچە، تەنتەربىيىگە قاتنىشامسىز؟ ئائىلىڭىز قانداق؟ ياخشى كۆرگەنلىرىڭىز، ئەرمەكلىرىڭىز، خۇشىڭىز نېمە؟ يەنە باشقا يەنە باشقىلار... ئۇنىڭغىچە مىكروفونغا بىرسى كېلىپ قېلىپ مۇنداق سوئالمۇ سورىدى: «ئوردوك ئەپەندى، سىزگە كۆپتىن—كۆپ ئۆتۈنۈچىمىز، ئېيتىپ بەرسىڭىز، شەيتانغا قانداق مۇناسىپلىقىڭىز بار؟» . ئاغزىم ئېچىلىپلا قالدى، زال تىمتاس بولدى! «شەيتانغا دەمسىز؟ نەدىكى شەيتاننى

دەۋاتىسىز؟»، «سىزنى دەۋاتىمەن، ئوردوك ئەپەندى، سىز شەيتان!»، «چۈشەنمىدىم قانداقچە؟»، « سىز ئوردوك ئەپەندى، تېگى—تەكتىڭىز ھۇنگىر، ھۇنگىر تىلىدا «ئوردوگ» دېگەن سۆز ‘‘شەيتان’’ دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ، بۇنى ئېسىڭىزدىن چىقارسىڭىز يارىماسلىق بولىدۇ، ئوردوك ئەپەندىم»، زال ئىچى كۈلكىدىن يېرىلىپلا كېتەي دەپ قالدى، مەن چىلىق —چىلىق تەرگە چۈمۈلدۈم، ئۇندىن كېيىنكىسى يەنە «كەچۈرۈپ قويۇڭ! ئوردوك ئەپەندى مەن بۇنى بىكاردىن—بىكار ئېيتىۋاتقىنىم يوق، مەن ئامېرىكىغا بېرىپ تۇرىدىغان دەرىجىلىك شەيتان بولۇشىڭىزنى تىلەيمەن!» دەپ گەپ قېتىپ ئولتۇردى دېمەمسەن؟ زال يەنە كۈلكىدىن يېرىلغۇدەك بولۇپ توختىدى، بۇنى قانداق چۈشەندۈرسەن روبېرت؟

ـ 97بۇ دېگىنىڭ ئادەمنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمەس ئىش ئىكەن، جېسسىگە ئېيتىپ بېرەي.

ـ 97ئېيتىپ بەر، ئېيتىپ بەر كۈلۈپ ئۈچەيلىرى ئۈزۈلۈپ قالسۇن.

ـ 97خەير ـ خوش بىرەر ئىش بولسا تېلېفون بېرىپ تۇر.

97چوقۇم،ـ دېدى ئوردوك.

ئۇ خوشلاشقاندەك كۆرۈندى، بىراق سۆز توساتتىن باشقا ياققا بۇرالدى، ئاڭلا، روبېرت مېنىڭ ئاڭقاۋ بېشىمغا بىر ياۋا ئوي كەلدى،ـ دېدى ئوردوك ئاڭلاش تروبكىسىنىڭ ئۇنىنى تېخىمۇ ئېنىق چىقىرىپ، ئەگەردە، ئويلىنىپ كۆرگەن، بۇنداقتا شۇنداق، ھېسابتا .مەسىلەن، يولىمىزغا ھېلىقى كائىناتنىڭ كاھىنى توساتتىن پەيدا بولغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك ۋە ئۇنى نېمە قىلىشىنى ھېچكىم بىلمىگەنلىكتىن دەيلى، مانا شۇ سەۋەبتىن، ئاشۇ سەۋەبتىن سەن يولىمىزدا ھېلىقى كائىناتنىڭ كاھىنى توساتتىن پەيدا بولغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك ۋە ئۇنى نېمە قىلىشىنى ھېچكىم

بىلمىگەنلىكتىن دەيلى، مانا شۇ سەۋەبتىن ئاشۇ سەۋەبتىن سەن بىزنىڭ گورۇھىنىڭ باش مەسلىھەتچىسى بولۇپ، بەرسەڭ قانداق بولۇر ھە؟ ئەلۋەتتە سايلام رىقابىتى مەزگىلىدە، چوقۇم تېگىشلىك ئىش ھەققى تۆلىنىدۇ، بىراق ،گەپ ئۇنىڭدا ئەمەس، مەن ئۇنى قىستۇرۇپ قويسامىمۇ بولاتتى، كەچۇرگىن خۇدا ئۇرغۇر.

ـ 98رەھمەت ئولىۋېر تەكلىپىڭگە رەھمەت دېدى، بورك ئالدىراشقا تېگىشلىك تېمىغا چوڭقۇرلاپ پاتماسلىق ئۇچۇن، ساڭا دەررۇ ئېيتىپ قوياي، ئىشىم ناھايىتى كۆپ ئۇلگۇرەلمەيۋاتىمەن، يېنىمدا ئەتىدىن كەچكىچە پالاقشىپ تۇرغان ياشلار! جانلىق، تېتىك، ئەقىللىق يىگىتلەر بولۇشى كېرەك، بۇ دېگەن سايلام رىقابىتى، ئاۋازغا ئىگە بولۇش ئۇچۇن، يۇگۇرمەي، بۇنداق ئىشلارنى دەپ قېرىپ كەتتىم، كارغا كەلمەيمەن.

98ـ ئۇنداق دېمە روبېرت، ئۇنداق دېمە سەن ئۆزۈڭ ئويلىغانچىلىك قېرى ئەمەس، ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ قېرىتما، ماڭا ئىشىنىپ قوي، چىن ئىخلاسىمدىن ئېيتىۋاتىمەن، ئوڭاي دەپ قارىساڭ ئويلىنىپ كۆر، ھە، بەلكىم! كائىنات فىلوفېيگە،ئاشۇنىڭغا ئوخشىغان يەرنىڭ ئۆزىگە فىلوفېي كېرەك! قانداق دېدىم.

ـ 98ئەمدى ئۇ ئىشلارنى بىرلىكتە، ھەمدەملىكتە ئويلىشىلى،ـ دېدى بورك ئوڭايسىزلىنىپ زۆرۈرىيىتى بولسا بىر ـ بىرىمىزگە تېلېفونلىشىپ تۇرۇشىمىزغا ھېچنەرسە توسالغۇ بولمايدۇ.

98ـ شۇنداق توغرا ئېيتتىڭ، ئامان ـ ئېسەن ئۇخلا، جىسسىگە مەندىن سالام ئېيتىپ قوي.

ـ 98ئۇ ھازىر تېلېۋىزور كۆرۈۋاتىدۇ.

ـ 98بىلدىم، ھازىر ھەممە كىشىنىڭ تىكىلىپ تۇرغان نەرسىسى

تېلېۋىزور، ھەممىسى سىياسىي تەھلىلچىلەرنىڭ ئۆي-پىكىرلىرىنى ئۇقۇشۇپ تۇرۇشماقتا، بىراق ئەتە نېمە ئىش بولىدۇ، شامال قاياقتىن سوقىدۇ، كۆرۈشكىچە ئامان بول، روبېرت!

- 99خەير، كۆرۈشكىچە.

ئاخىرى روبېرت تېلېفوننىڭ تروپكىسىنى جايىغا قويۇپ بېشىنى چايقىدى، فىلوفېينىڭ مۇراجىئىتى ھەممىسىنىڭ جان يېرىگە تېگىپ تۇرغان ئىكەن، ئەسىرلەر بويى ئەمەلگە ئاشماي كېلىۋاتقان ئىشلار يەر يۈزىدە ئازمىدى، ئەمدى مانا كاسساندار ھامىلىلىرىنىڭ تېپىشمىقى باشقا چۈشكەن بالا بولدى، ئۇنىڭدىن دۇنياۋى قالايمىقانچىلىق، چۇقان-سۈرەن چىقماقچى، قانچە ئادەمنىڭ بېشى مۇشۇ ئىشتىن ئايلىنىدۇ! پۈرسىتى، ۋاقىت- سائىتى كەلدى، كۆز بوياپ باش تارتىپمۇ، قېچىپمۇ قۇتۇلالمايسەن، بىر ئىش يۈز بېرىدۇ، بوسۇغىدىلا تۇرىدۇ! پىشىپ يېتىلىۋاتقان ۋەقەلەر كوھىقابىدىن چىقا - چىقماي تۇرىدۇ، ئەگەردە ئۇ بۇقۇلداپ قاينىغان قان كەبى بازاردا كىمدۇر بىرىنىڭ چىن پۈتكىنىگە، دىنىگە خىيانەت قىلىپ ئابرويىنى تۆكسە، خورلىسا شۇ زامات بۇرۇن كۆرۈلمىگەندەك ۋاراڭ-چۇرۇڭ چىقىپ قالسا، فىلوفېينىڭ مەپكۇرەسى ھەممىدىن بۇرۇن ناھايىتى ئاياۋسىز قارىلىشقا، مەسخىرىگە دۇچار بولىدۇ، يامان ئاتلىق قىلىنىپ قارغىشقا قالىدۇ، يېگى ئىلاھلار، جاننى ساقلاپ قالغۇچىلار مۇ كىچىك سەپەرلەرگە چىققان قاتىلاڭ دەۋرلەردە مۇنداقلا دائىما باربولۇپ كەلگەن، دائىما شۇنداق بولغان، بىراق بۇ رەت تارىخ راستىنلا قايتىدىن تەكرارلىنارمۇ؟ ئاشۇنداق بولغاندەك ياكى ئۇدۇللۇق ياكى ئۇزاق مۆھلەتلىك ھېچنەرسىنى ئېچىپ تاشلىيالماي ياكى ھېچنەرسىگە يېتەلمەي، ئارزۇسىغا قانماي جىم بولارمۇ؟ ئۇندىن قالسا ھاياتلىقنىڭ ئىمكانىيىتىدىن باش تارتىشقان كاسساندرا ھامىلىلىرى بوغۇندىن-بوغۇنغا ساقلىنىپ قالغان

ياماnلىقتا ئۆلنىپ ئۆسۈپ كېلىۋاتقان، قىلىنىلىشىۋاتقان، زىچلىشىۋاتقان قويۇقلۇقىنىڭ، ئەسىردىن ئەسىرلەرگىچە تولۇق تولغان يامانلىقىنىڭ كاساپىتى سۇپىتىدە يوق بولۇپ كەتمەيدۇ، فىلوفېينىڭ كەشپىياتى بىلەن ئۇلار ھەققىدىكى مەلۇمات ئادەمزاتىنىڭ ئازابلىق تەقدىرىنى، قىيامەت قايىمنى راستلاپ بېرىدۇ، ئالدىدا ئۇنىڭدىن باشقا كېلەچەك كۆرۈنمەيدۇ، شۇنىڭ ھەممىسىنى ئويلاش بىلەن روبېرت بورك ئۆزىگە ئۆزى سوئال قويدى، نېمە ئۈچۈن ئۇ بۇنىڭغا بۇنچىلىك ئۆلۈپ بەرگۈدەك ھېرىپ قالىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇ ئۆزىنى ناھايىتى يىراق كەڭلىكتىكى كائىناتىي كاھىن فىلوفېينىڭ قىلغان ئىشىگە بۇنچىلىك يېقىن قىلىدۇ، نېمە ئۈچۈن ئاڭا دىشۋارچىلىق كېلىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇ كاسساندرا ھامىلىسىنىڭ بەرپاچىسىنىڭ قوللىغۇچىسى، پىكىردىشى بولۇپ قالدى؟ شۇنىڭ ھەممىسىنى قانداق چۈشەندۈرسە بولىدۇ؟ بوركنى ھەممىدىن بەك تاڭ قالدۇرغىنى ئۆزىنىڭ بۇنىڭغىچە بولغان ھاياتى، ئۆزى نېمىگە ئېرىشسە، يېتىشسە، ئېرىشكىنىنىڭ، ھەممىنىڭ بارى ئۆزىنىڭ بارلىق تەجرىبىسى بىلەن مانا ئەمدى فىلوفېينىڭ كەشپىياتىغا مۇناسىۋەتلىكتەكلا، ئۆزىنىڭ چىن مەقسىتىگە يەتكەندەكلا كۆرۈندى، بۇ ئۇنى بىر تەرەپتىن تاڭ قالدۇرسا يەنە بىر تەرەپتىن پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ مۇرادىغا يەتكەندەك سېزىمنى پەيدا قىلدى، يەنە شۇنىڭغا ئۆلىنىپ كائىناتىي كاھىنىنىڭ كەشپىياتىنى ئۆزىنىڭ ئىشىدىنمۇ بەكرەك قوغداشقا تەييار بولغۇسى كەلدى، ئۇ ئۆزىنىڭ سۆزلىمەك بولغان نۇتقىنى ئويلىنىشقا باشلىدى، «كاسساندرا ھامىلىلىرىنىڭ ۋەھىمىسى نېمىنى بىلدۈرىدۇ؟» دېگەن ماۋزۇ كېلىپ چىقتى.

تۇرمۇشتا تىرىكچىلىكنىڭ ئەڭ يۇقىرى مىنۇتلىرى بولىدۇ، يىلسايىن يىغىلىۋەرگەن، كۈنسايىن بېيىۋەرگەن نەرسە توساتتىن چېقىلغان چاقماقتەك

كۆزۈڭنى ئالاچەكمەن قىلىۋېتىدۇ. بۇنىڭغا، سۆزسىز سىرتتىن قوشۇلغان ئەھۋاللار، ئائىلىگە ئىشتىياق، ئىلمىي ساھەدىكى ئابروي، نوپۇز باشقىچە ئېيتقاندا ھەر كۇنگە، ئادەمنىڭ ئەھۋالىغا، ئىقتىدارىغا تەسىر كۆرسەتكۈچى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە، ئەگەر ئىككى يۈزلىمىلىك قىلماي ۋە ئاددىي ئېيتقاندا، بەخت دەپ ئاتالغان نەرسە تۇرتكە بولىدۇ. بەندىچىلىكنىڭ بەختى، ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ ھۆرمىتى تۆۋەنلەيدۇ، دەپ ئويلىدى ئۇ شۇ مەھەلدە.

تۇن خېلى بىر يەرگە يېتىپ قالغان، چارچاپ تۇرغىنىغا قارىماي روبېرت بورك ئىشخانىسىغا جايلىشىپ ئولتۇردى ـ دە، كومپيۇتېرنى ئىشلەتتى، شۇ مەھەلدە جان دۇنياسىنى ئىگىلەپ تۇرغان نەرسىنى قول بىلەن ئىشلەپ چىقىرىش كېرەك، ئويلىغانىنىڭ ھەممىسىنى قەغەزگە چۈشۈرۈپ سۆز بىلەن بېرىش لازىم بولدى.

ئىشخانىنىڭ قىڭغاي ئېچىلغان ئىشىكىنىڭ يوچۇقىدىن مېھمانخانىدىكى تامەشىنىڭ كۆيۈۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، يىل بويى قايسى مەزگىل، پەسىل، بولمىسۇن جېسسى تامەشىنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرۈپ قويمايتتى، جېسسى ئوتنىڭ چاراسلاپ لاۋۇلداپ كۆيگەن چاغدىكى مۇزىكىسىنى ياخشى كۆرەتتى.

دەسلەپكى ئۇچقۇر جۈملىلەر يەڭگىل چىقتى، يالتىراپ تۇرغان سۈزۈك ئېكراندا جۈملىلەرنىڭ تىزىندىسى ساپان بىلەن ئاغدۇلغان يەردەك بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى رەتلىك تىزىلىۋەردى، ياندىن كەلگەن غۇۋا يورۇق شولا چۈشۈرگەن ئىشخانىنىڭ دېرىزىلىرىدىن كۇزنىڭ ئۇزۇن تۈنىنىڭ غۇۋالاشقانلىقىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى، باغ ئىچىدە تونۇش ئادەم بولسا قارىسى بىلەن بىلىنەر ـ بىلىنمەس كۆرۈنىدىغاندەك ئىدى، يۆتكىلىۋاتقان بۇلۇتلارنىڭ ئارىسىدىن بىر دەم كۆرۈنسە بىر دەم كۆرۈنمەي ئاي ئاسمانىنىڭ بىر

چېتى بىلەن قالقىپ تۇرماقتا.

شادلىنىپ ئىشلەۋاتقان شۇ سائەتلەردە روبېرت بوركىنىڭ كۆز ئالدىغا ئاسمانغا تىرەلگەن تاغنىڭ ئۇستىدىن كۆرۈنگۈچى، كومپيۇتېرنىڭ ئېكرانىدىن تېخىمۇ يېقىن بولغان تۇمانغا يوشۇرۇنۇپ قالغان بىر پۈتۈن دۇنيا تارتىلدى، شۇ سائەتتە، ئادەم بالىسى تۇغۇلغاندىن تارتىپ ئۆلگىچە مۇتلەق ئىگىلەپ ئالغان ئادەمنىڭ ئۆزىگە ئوخشىغان ئادەملەر ئارىسىدىكى ھاياتنىڭ پۈتمىگەن جان قىيناقلىرى ھەققىدە ۋە ھاياتنىڭ تۇپكى ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلاشقا بولغان ھەرىكىتى ھەققىدە يېزىۋاتاتتى، يارىتىلىشىدىن ئادەم كىچىك پېئىل بولۇپ تۇغۇلمايدۇ، يوقسۇ، ئۇنىڭ ئۇچۇن تېلىقماستىن جان دۇنيايىڭنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى بېغىشلاپ يەنە قول يەتمەس روھانىيەتكە يېتىش ئۇچۇن ھەر بىر قېتىم، ھەر بىر قېتىم يېڭىدىن تۇغۇلغانسېرى ئاڭا قايتىدىن كىرىشىش تەلەپ قىلىنىدۇ، ئادەمنىڭ بارلىق ئىنساني قۇدرىتى شۇنىڭغا بېغىشلىنىشى كېرەك، مانا مۇشۇنداق بولغاندىلا ئۇ ئادەم ھېسابلىنىدۇ.

ئادەمنىڭ ھاياتى ھەققىدە ئويلىنىۋېتىپ روبېرت بورك، ئۇنداق بولغىنى بىلەن ئۇ فىلوفېينىڭ مەكتۇبىنىڭ تەسىرىنى بىرمۇ ـ بىر چۈشىنىشكە ھەرىكەت قىلغان قانچىلىك چۈشەندۈرۈلگۈسىز، مۆلچەرسىز ئىكەنلىكىنى قانچىلىك قارىمۇ قارشىلىق، ۋەھىملىك، مەنپەئەتسىز ئىكەنلىكىنى ئويلىغان ئەمەس، پرزېدىنتلىق ئورنى ئۇچۇن كۈرەش قىلىۋاتقان ئولىۋېر ئوردوك بىلەن بايىقى سۆزلەشكەن كاھىن فىلوفېينىڭ كەشپىياتىغا ئۆز پىكرىنى ئېيتقان سائەتتىن باشلاپ ئۇنىڭ تەقدىرىنىڭ ھەل قىلىنغانلىقىنى بىلگىنى يوق، شۇ سائەتتىن باشلاپ ئۇنىڭ تەقدىرى ئوردوكنىڭ تەقدىرىگە بېقىندى بولۇپ قالدى. ئىككىنچى بىر جەھەتتىن ھېچ بىر خىيالغا كەچمەس يەردىن شۇ چاغدا ئوربېتىدا كائىناتتا تىمسىقلاپ يۈرگەن

ئەينى ۋاقىتلاردىكى بورك توغرىسىدا بىر نېمىنى چۈشەنگەندەك بولدى ـ دە، قىياس— پەرىزدە ھېچقانداق نەرسە بىلمىگەن فىلوفېيىنىڭ تەقدىرى بىلەن باغلىنىپ قېلىۋاتقاندەك بولدى.

مەيلى نېمىلا بولمىسۇن بولار ئىش بولدى، تەقدىرنىڭ تۈگۈنى ئەمدى يەشكۈسىز تەرەپكە يۈز تۇتتى، بۇ ھەقتە ئاشۇ ئايدىڭ كېچىدە يەنىلا ھېچكىم ئەمەس، شۇ تەقدىرداشلارنىڭ بىرى بولسا ماۋۇ، ھەتتا ئۈچىنچىسى. بىراق تەقدىرلەرنىڭ تۈگۈنى مەھكەم چېگىشلىشىپ قالغان ئىكەن.

يەر يۈزىدىكى ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈك سەپىرىنى بەلگىلىگەن سائىتى ۋە مىنۇتىدىن تايماي، ئۈلاپ ئاسماندا ئاي تۈن قوينىدا ئۈزۈپ بارماقتا، شۇ كېچىسى ئاي كۈنى توشقان سانسىزلىغان ھامىلىلەر ئاينىڭ تارتىش كۈچى بىلەن مەڭگۈلۈكنىڭ ئايلانمىسىنى ئۈلاش ئۈچۈن، تۇغۇلۇش يەنە ئۆلۈش ئۈچۈن دەررۇ ئالەمنىڭ سۈبىستانىستىيىسىگە تارتىلدى. ھاياتنىڭ ئەبەدىيلىكى قورساقتا يېڭى پەيدا بولغان ھامىلىلەربىلەن قايتىدىن يېڭىلاندى، شۇ كېچىسى تۆرەلمىلىك بولغان ھەر بىر ئۇرۇغدا كېلەچەكنىڭ ئادەملىرى بەلگىلىنىپ قويۇلغان ئىدى، مانا شۇ ھامىلىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئەركىنلىكنىڭ ئىشىكلىرى ئوچۇق ئىدى، شۇ كۈنى ھامىلىدار بولغانلارنىڭ قايسىسى بولمىسۇن كېيىن يورۇق دۇنيادا، جاللات، تېخى بېشى كېسىلىدىغان گۇناھكارمۇ، تەقۋا، ئايالسىز ئۆتكەن دىنىي زاتلارمۇ ھەتتا باشقا، يەنە باشقا بولۇشى مۇمكىن ئىدى، بىراق شۇ كېچىسى ھامىلىدار بولغانلارنىڭ ئىچىدە ئەبەدىيلىكنىڭ ئەنئەنىسىگە قارشى ھاياتنىڭ چاقىرىقىدىن قاچقان ئىرسىي جۇغلانمىمۇ، كاسساندرا ھامىلىلىرىمۇ پەيدا بولۇشتى، ھامىلىدار بولغان ئاياللارنىڭ كاسساندرا تامغىسى بولۇپ ئۆچۈپ يېنىپ ئۆزلىرى ھەققىدە خەۋەر بېرىش ئۈچۈن پەيدا بولۇشتى، تەييارلىنىپ قويغان تەقدىرگە يەنى ئۆگەي

ئانىسىغا چاقىرىق ئىبەرتىش ئۇچۇن پەيدا بولىۇشتى، فىلوفېنىڭ تاپقۇر نۇرىنىڭ ياردىمى بىلەن تاشقى دۇنياغا قورساق ئىچىدە يېتىشىپ ئۆزىنىڭ ئۇنسىز ئۆتۈنچىنى، ياشاشتىن ۋاز كېچىش ئۇچۇن ئۇلارغا رۇخسەت بېرىشىنى بىلدۈرۈش ئۇچۇن پەيدا بولىۇشتى.

يىراقتىكى ياراتىلىق ساھىلدا، قاراڭغۇدا غۇۋا يانغان ماياكنى يانداپ ئۆتۈپ شۇ كېچە ئوكياندا كىتلار ئۈزۈپ بېرىشتى، ئاي يورۇقى مەرۋايىتەك يورۇتقان كىتلارنىڭ يوغان تومپى تېخىمۇ كۆچەپ بەقۇۋۋەت بىلەن ئۈزۈپ بېرىۋاتاتتى، بۇلار نەگە كېتىۋاتىدۇ؟ ئۇلارنى نېمە قىزىقتۇرغاندۇ؟ ئۇلارنى شۇنچىۋالا جەلپ قىلىۋاتقان قانداق كۈچتۇر؟ ئوكياننىڭ سۈيىدە يەنە كىتلارنىڭ كۆزىدە يورۇقى بىلەن چاقنىغان يار بېشىدىكى ماياك ئۇلارغا نېمىلەرنى دېگەندۇ؟

كېلەچەكشۇناس روبېرت بوركنىڭ كۆڭلىنى بىردەم خىيال بېسىپ بىردەم ئۈمىد ئىگىلەپ كومپيۇتېر ئالدىدا ئولتۇردى، ئۇ ئوي ـ خىيالدا ئوكياندا كىتلار بىلەن بىرگە ئۈزۈپ بېرىۋاتاتتى، كىتلارمۇ ئۇنىڭ ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئۈزۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىشتى، شۇنداق قىلىپ ئۇلار بىرگە ئۈزۈشتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تەقدىرى بىلەن كىتلارنىڭ تەقدىرى بارغانسېرى چىرمىلىشىۋەردى، كىتلار ھەيۋەت دولقۇنلارنى يېرىپ قانداق ئۈزۈۋاتقان بولسا ئۇمۇ ئوكياندا دەل شۇنداق ئۈزۈپ بېرىشتى، يىراقتىكى ماياكنىڭ يورۇقى كىتلارنىڭ كۆز قارىچۇغىدا قانداق ئەكس ئەتسە ئۇنىڭ كۆزىدىمۇ دەل شۇنداق ئەكس ئېتىپ تۇردى.

موسكۋا ۋاقتى بويىچە دەل سائەت ئۇچتە دۇنيانىڭ تۆت بۇلۇڭىغا دۆلەتنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ھەر قاچان نامايەن قىلىپ ئەسكە سېلىپ تۇرغۇچى دائىمي كرېمىل قوڭغۇراقلىق سائەتلىرىنىڭ ياڭرىشى بىلەن بىرگە سىپاسكىي

مۇنارىنىڭ ئۇۋۇسىدىن تىك سانجىلغاندەك شۇ يەرنىڭ مۇشۇك ياپىلىقى(هۇقۇشى) ئۇچۇپ چىقتى، يېيىلىپ، قاناتلىرىنى تاۋۇشسىز شىلتىپ، كېلەيگەن بېشىنى ئوڭغا ـ سولغا كۆزگە چېلىقتۇرماي ئايلاندۇرۇپ، ئالغاي كۆزلىرىنى تالدۇرۇپ ئالغۇدەك چىمچىقلاتماي تىكىلىپ كۆلەڭگۈدەك بولۇپ كرېمىل دائىرىسىنى بويلاپ ئۇچۇپ جۆنىدى، ئۇ ھەر كېچىسى ئايلىنىپ ئۇچقاندا، ئۇندىن باشقامىدىر قىلالايدىغان بىر جان يوق، سىپاسكىي مۇنارى دەرۋازىسىدىن چىقىپ ھەر بىر قەدىمىنى توغرا تاشلاپ، توغرا سەلتەنەتلىك دىنىي مۇراسىمدىكىدەك قەدەم تاشلىغان قاراۋۇللارنىڭ ھەرنۆۋەتتىكى قاتىرى لېنىن خاتىرە سارىيىغا كەلگەن مەھەلنىڭ دەل ئۆزىدىكىدەك شۇنداق ھالەتتە ئۇچۇپ چىقىدۇ، خاتىرە سارىيى ئۇنىڭ ھۇقۇش بولۇپ شۇ يەردە يارالغان مەزگىلدە پەيدا بولدى، شۇنداق قىلىپ ئۇ قەبرىگاھىنىڭ ئىشىكىنى مىنۇت، سىكۇنت، كېچە—كۇندۇز، يىل بويى دائىما مىدىر ئەتمەي قايتۇرۇپ ئۆز مەجبۇرىيەتلىرىنى ئۆتىگەن كۆپلىگەن ھەربىيلەرنى كۆرگەن.

مەيداننىڭ بېشىدىن ئايغىغىچە ئۇچۇپ ئۆتۈپ ئايدىڭ يورۇقىغا گرانت تاشلىرى يالت—يۇلت ئەتكەن قەبرىگاھىنىڭ ئۇستىدىن بىر نەچچە رەت ئايلىنىپ ئۇندىن كېيىن قەبرىگاھىنىڭ ئارقا تەرىپىدە، قارىغايلارنىڭ تۇۋىدە دەل كرېمىل سېپىلىنىڭ تۇۋىدە جايلاشقان مەملىكەتلىك، خاسىيەتلىك مېيتلارنىڭ ئۇستىدىمۇ ئايلىنىپ ئۇندىن باشقا، ئۇ ئۆزى كۇتكەن سىرتقى قىياپىتى بىردەك، ئوخشاش مەرتىۋىلىك، ئوخشاشلا كاتتا باش، سىياقى، سالاھىتى ئادەتتە تەڭ كېچىدىن ئاغقان چاغدا پەيدا بولغۇچى شۇ يەرلىك ئىككى ئەلەسنىڭ بۇ قېتىممۇ كۆرۈنمەسلىكىگە كۆزى يېتىپ قايتىپ كەتمەكچى بولدى (ھەم ئېيتماقچى بولۇپ كەتتى)، ھۇقۇش كۆزەتتە تاشتەك قېتىپ تۇرۇشقان قاراۋۇللارنىڭ كۆز ئالدىدىن غۇيىيىدە ئاسمانغا بالقىغان

هالەتتە يوق بولدى، ھۆقۇش ئارماندا ئۆچۈپ كەتتى، ئوخشاش مەرتىۋىلىك، ئوخشاشلا بىردەك كاتتا باش ئەرۋاھلارنىڭ غەيۋەت ـ شىكايەتلىرىنىڭ ئاجرالغۇسىزبولغان بۇ يەردىكى جۈپتى نېمە ئۈچۈندۇر كۆپتىن بېرى قىزىل مەيداننى قېدىرىپ، ياشاش ھەققىدە سۆزلىشىپ، مۇنازىرە قىلىشقا كەلمەي قېلىشتى، بۇ ھېلىقى دۇنيانىڭ سۇبيېكتلىرى ئىدى ئۇلار ئۈچۈن باشقا قىلار ئىشلىرى قالدىمۇ؟

راست، ئۇ ئىككىسى مۇنازىرلەشكەن ئىدى، ئۇ بۇ ئىشلار ھەققىدە ئالاھىدە سىياسەت ھەققىدە سۆز قىلغاننى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇندىن كېيىن ئۇ ئەرۋاھلار بايقىماي قىزىپ كېتىپ، قىزىل چېكە بولغانغا قەدەر سۆزلىشىدۇ، ئۇلار تالىشىپ تارتىشماقچى، بىر ـ بىرىنى ئايىماي تىللاپ سۆكۈشمەكچى، بىرسى ھەقىقەتەنمۇ بۇنىڭ تاشايىنىدا ئۇنىڭ بىلەن ھېچقاچان يولۇقماي تۇرغانلىقىنى بىرىنىڭ يەنە بىرىگە بىزار بولۇشى بىلەن بىرگە بولۇشنى خالىماستىن ئېيتىلسا ئىككىنچىسى، ھېچياققا كېتەلمەيسەن، تارىخ دېگەن بىزنىڭ ئەركىمىزدە ئەمەس، ئۆتكەن ئىشلار ئۆتۈپ كەتتى، شۇڭلاشقا بىكاردىن قىزىپ كېتىۋاتىسەن، ئۆلگەن ھامان ساپاقتىن ئاجرىغان ياپراق سەن، شامال خالىغان ياققا ئۈچۈرۈپ كېتىۋېرىدۇ، دەپ جاۋاب بېرىدۇ، خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەك خىيال ۋە ئۇ دۇنيادىكى ئەرۋاھلارنىڭ دەل ئۆزلىرىنى كۆرۈش ۋە سۆزلىرىنى ئۇقۇش ھوقۇقشقىلا بۇيرۇلغان، ھوقۇش خېلى يىللاردىن بېرى بۇ ئىككەيلەننى ھەمراھ قىلىۋالغان، بۇلارسىز بىرەر نەرسىسى يەتمەيدىغاندەك قىلىپ زېرىكىپ كېتىدۇ، بىراق ھېلىقىلارنىڭ ھېچياققا كېتىۋالماسلىقىنى ئەتە ياكى كەچ كېلىشىنى ھوقۇش بىلەتتى، مانا يېقىندا مەيداندا چوڭ پارات بولىدۇ، ئۇ ئاياغلىشىشى بىلەن تۇن كىرەر زامات ئەرۋاھلار سۆزسىز رەۋىشتە بۇياققا كېلىشىدۇ، بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى كۆرگەنگە

تەسىرلىنىپ كۆزلىرى ئويناقشىدۇ، دۇمباق ـ بارابانلارنىڭ چېلىنىشى، شانلىق مۇزىكا، ئەسكەرلەرنىڭ مەيداندا تاسىلداپ ماڭغان قەدەملىرى بۇلارنى قاتتىق پۇشايمانغا سالىدۇ، ھەربىي تېخنىكىنىڭ قالايمىقانچىلىقىنى ئېيت!

تەلۋە قوزغىغان ھەربىي يۈرۈشلەر، ھەربىي يۈرۈشلەر، قىيقىراق، چۇقان ـ سۈرەن، شان ـ شەۋكەتى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرلگەن قەبرىگاھىنىڭ ئۈستىدە تۇرغانلارنىڭ پورتىرېتلىرى بىلەن چاقىرىقلار «ھۇررا» دېگەن چاقىرىق، ئاۋاز، مىغ ـ مىغ قاينىغان ئاۋام، ئەۋلاد قالدۇرۇش ئۈچۈن ئۇرۇغ تاشلىغۇچى بېلىقلاردەك بىر تەرەپكە پالاق ـ پالاق قىلىپ ئېقىپ ماڭماقتا.

بىراق ئۇ ئەرۋاھلارغا كۈندۈز، يورۇقتا كۆرۈنۈش مەۋجۇت بولمىسىلا ئۇلار بەلكىم مەزگىل ئېقىمىنى قايتىدىن ئارقىغا بۇراپ يوقلۇقتىن، ئۇدۇللۇق، چىنلىقتا قايتىپ كېلىپ ئەل ئارىسىغا ئارىلاشقىلىرى، تۆۋەن تەرەپتە دەريادەك ئاققان، گۈلدىراس چۇشكەن دەريا سۈيىدەك ئەلنىڭ ئۈستىدىن قاراپ قەبرىگاھىنىڭ يۇقىرى مۇنبىرىدە تۇرغۇلىرى كېلىپ كېتىشىدۇ، شۇنداقتىمۇ شۇنىڭ ھەممىسى توختا!، دەپ بۇيرۇق بېرىلگەندەك، توساتتىن توختاپ قېتىپ قالسا، تۇنجۇققان سەھنىدىكىلەر ئەبەدىيلىكتە، ئەسىرلەردە، تارىخنىڭ چۈشىنىپ بولماس تەنتەنىسىدە قېتىپ قالسا، شۈيوسۇندا كىرىملىنىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇۋېتىپ ئايروپىلانلار قېتىپ قالسا، چۆچۈپ ئۇچۇپ قېچىشقان كەپتەرلەرنىڭ تويى ھاۋادا شۇ ھالەتتە قېتىپ قالسا، ئويناقلىغان كۆزلەر، ئېچىلغان ئېغىزلار ھەتتا سېتىلغان ۋە ۋايىغا يەتكەن تۇنۇق تەپەككۇرلارمۇ ئەھمىيەت بېرىشلىرىدا شۇ ھالەتتە قېتىپ قالسا، شۇنداقتىمۇ يورۇق كۈنمۇ تۇرغان يېرىدە مەڭگۈلۈك تۇرغان ھالەتتە قېتىپ قالسا. . . .

شۇنداقتىمۇ كۈندىلىك تىرىكچىلىكتە ئادەتتىن تاشقىرى يېغىن— چاپقۇندا، قارا بوراندا، شامال سوقۇپ قارلار تۆكۈلۈپ تۇرغان چاغدا، مەيداندا

شامالدىن ئۆزىنى دالدا قىلىدىغان جاي يوقتۇر، قەبرىگاھنى كۆزىتىپ تۇرغان خۇرۇم ئاياغ ئۆتۈكلۈك، قۇلاقچىلىق قەبرىگاھقا قارىغۇچى قاراۋۇللارنىڭ چىقارغان دىمى دەررۇ ئاق قىروغا ئايلىنىپ كىيىم ياقىلىرىغا پارات ئۇچۇن ئىشلىتىلىدىغان قورااللارنىڭ ئاغزىغا يېپىشىپ تۇرغاندا، كاتتا باش، تەڭ مەرتىۋىلىك، ئالۋۇندەك ئەرۋاھلار بەلكىم يىغىن — چاپقۇنغا ئۇلىنىپلا تەپرىقىچى، پېتىشمايدىغان بولۇشۇپ ئايغا ئاستىرتتىن كۆز قىيىقىدا قارىشىپ، ئۇندىن كېيىن بىر بۇلۇڭغا نىقتاپ، بىر ـ بىرىنىڭ سۆزىنى ياقتۇرۇشماي قېلىشقاندۇر، بەلكىم. مانا شۇ ۋاقىتتا ھۇقۇشنىڭ قۇلىقىغا ئاچچىقتىن ئېيتقان سۆزلەر تېز — تېز ئاڭلىنىپ تۇردى، «ئىنقىلاشقا ئىمكان بولماي تۇرغاندا مېنى ئىشەندۇرمەن دەپ ئاۋارە بولمايلا قوي، بولدى! ئۆلۈمگە قارشى چارە ـ تەدبىر بولمايدۇ، بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس، ئۆلۈم تەبىئىي ئىش، مەڭگۈلۈك تىرىك بولغۇم كەلمەيدۇ، ئۆلگەندىن كېيىن يالغان ھاياتنىڭ كېرىكى يوق، زادى بۇ قاچانغىچە سوشۇلىدۇ؟! ماڭا ئۆلۈم يوق، ماڭا تىنچلىق يوق، ماڭا كەچۈرۈم يوق! بۇنى بۇرۇن ئويلىغان ئەمەسمەن، ئەمدى بېشىمدىن كەتمەيۋاتىدۇ، مەن نېمىگە تۇغۇلدۇم، ئانام نېمە ئۈچۈن تۇغقاندۇر؟! تۇغۇلغۇم يوق ئىدىغۇ، يوق! ئەمدى مۇنداق قىلىپ تاۋۇتنىڭ تۈتقۇنىدا تۇرىمەن! مانا مۇشۇنىڭ ھەممىسى سېنىڭ قىلغىنىڭ! بۇ سېنىڭ ھەددىدىن ئاشقان ھازازۇللۇقۇڭ، ھەددىدىن ئاشقان قارا نىيەتلىكىڭ، مەن ھېچقاچان بۇنىڭغا بويۇن قايرىمايمەن، ھېچقاچان، ھېچقاچان، بىلىپ قوي!» بۇنىڭغا يېنىدىكىسى گاركىرىغان ئۇن بىلەن، مەڭگۈلۈككە ئۆچكەن تاماكىسىنى ئەركىن شوراپ جاۋاب بېرىدۇ. «دىققەت قىل، ساڭا نەچچە رەت چۈشەندۇردۇمغۇ، بۇ پارتىيىنىڭ ئەركى، ساڭا ئېيتمىدىممۇ، سەن پارتىيە مەۋقەسىدە تۇرغان تۇرقۇڭ، سالاھىتىڭ بىلەن كېرەكلىكسەن، سەن ئىنقىلابنىڭ غالچا ئىتى

سەن، شۇڭا ئۇلار سېنى كۈتۈشۈۋاتىدۇ!»، «مەن پۈتۈنلەي خالىمايمەن! مەن ئاڭا قارشى، ھېچبىر ئادەم، ھېچبىر جان ئۆلۈمدىن قۇتۇلالمايدۇ، بۇ سەپسەتە!».

شۇ چاغدا ھۇقۇش ئىككەيلەننىڭ ئۈستىدىن ئايلىنىپ ئۇچۇپ، دۇنيانىڭ ھېچبىر يېرىدە ئاڭلانمايدىغان پاراڭلار ھەققىدە ئىككەيلەننىڭ قىزىل كېكىردەك بولۇپ تالاشقانلىرىغا تاڭ قالىدۇ.

بىراق بۈگۈن ئۇلارنىڭ يېرىم كېچىدىن باشلاپ تاكاللىشىدىغان، ئېيتىشىدىغان ئەرۋاھلىرى يوق، مەيدان كەڭرى، ئادەمسىز. . . .

ھۇقۇش كرېمىلنىڭ چىشلىق سېپىلىنىڭ ئۈستىدىن بالقىپ ئۇچۇپ چىمچىقلاتماي تۇرغان كۆزلىرىنى پۈتكۈل ئەتراپقا تىكىپ، باش—ئايىغى بىلىنمەي سوزۇلۇپ ياتقان ئۆيلەرنىڭ دۈمچەك ئۆگزىلىرىنىڭ ئۈستى بىلەن ئاق سارايىنىڭ گۈللۈكىگە كەتتى، بۇ ياقتا ئۇ كۈزگى، زىچ كۆرۈنىدىغان پۈتاقلارنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرۇۋېلىپ ئاستا ئۈنلىدى، تۆۋەن تەرەپتىكى دەريانىڭ شاخابچىسىغا ئۈيقۇدىكى ئۆيلەرنىڭ قارايغان دۈمبەچەكلىرىگە چوقچايغان يېرىنىڭ ئۈستىدىن كۆز يۈگەرتتى.

كۆۋرۈك ئالدىدىن لالما ئىتنىڭ ھاۋشىشى ئاڭلاندى، تۇڭغان بولسا كېرەك، قۇلاق ئاڭلاپ كۆز كۆرمەس يىراق تەرەپتىن قانداقتۇر دۇنيانىڭ ئارقا چېتىدىن تۈندىكى ئوكيان ئىچىدە كىتلارنىڭ ئۈزۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىر ـ بىرىنى قوغلاشقان دولقۇنلارنى تاغدەك تەنلىرى بىلەن يېرىپ توپى بىلەن كېتىۋاتقانلىقى ھۇقۇشقا ئۇقۇلغاندەك سېزىلدى، كىتلار يارغان سۇ يۈمۈلىنىپ شارقىرايدۇ، سۇنىڭ قارشى تەرەپكە ئەمەس، بەلكى نىشان، بەلگىسىز تەرەپكە كىتلار ئۆز سەپىرىنى ئۇلاشتۇرۇپ كېتىۋاتماقتا، ئۇلارنىڭ ئىسسىق ۋۇلقاندەك دەم ـ تىنىقلىرى بىلەن ئاپەتلىك بىر نەرسە سېزىلىدۇ.

كرىمىلىنىڭ قوْبىىلىرىغا قوْنوْۋىلىپ توْرغان هوْقوْش يەر ئوْستىدە بىرەر ۋەقە بولوْشىنى سىزىپ توْردى، دائىم ئاتام ئىيتقان بايىقىدەك بولوْپ كەلگەن دوْنيا يوْزىدە بىر غەۋغا بولوْش ئالدىداتوْرغاندەك ۋاقىتتا كىتلار جىنىنى قويارغا جاي تاپالماي قالغاندەك ئىدى.

كرىمىلىنىڭ گوْللوْكىدىن هوْقوْش قاتتىق هوْشقوْرغاندەك ئوْن سالدى، تاڭ توْن پەردىسىنى سوْكوْپ كىلىۋاتقان ئىدى.

ئەتىكى كوْنى بولوْپ ئوْتىدىغان ۋەقە روبىرت بورك ئوْچوْن كوْتوْلمىگەن ۋەقە ئەمەس ئىدى، ۋەقەنىڭ موْنداق تەرەققىياتىنى كوْتسە بولغوْدەك، شوْنداق بولسىمۇ بوْنچىلىك تىز بولوْپ كىتىشىنى كوْتكەن ئەمەس، ئەتىسى سەھەر بىلەن، ئوْنىۋىرسىتىتقا لىكسىيە ئوقوْش ئوْچوْن جوْنىگەندە، ئوْ ئوْزىگە ـ ئوْزى ئىگە بولىدوْ، ئوْندىن كىيىن....

چوْشتىن كىيىن بورك ماشىنىدا ئوْيىگە قايتىپ كىلىۋىتىپ دىققىتىنى بىر يەرگە توختىتىپ، پىكرىنى يىغالمىدى، ئوْيگە تىزراق يىتىپ جىسىنىڭ قان بىسىم ئوْلچەر ئاپپاراتىنى نىمە دەپ ئاتايتتى،ئوْ نەرسىنى، ئوْلگوْر، تاپقوْسى كەلدى... جىسى بەزىدە ئوْز قان بىسىمىنى ئوْلچەپ يىتىپ ئىرىنىڭكىنىمۇ قوشوْپ ئوْلچەپ قوياتتى، ئادەتتە ئوْنىڭ قان بىسىمى نورمال چىقاتتى، تەن ساقلىقىغا كوْڭوْل بوْلىدىغان ئەھۋالمۇ يوق بولاتتى، قان بىسىمىنى ئوْلچەپ بىرەي دىگەندە ئوْز جىنىدەك ئەزىز كوْرگەن ئايالىنىڭ كوْڭلى ئوْچوْن مىيىقىدىن تەبەسسوْم بىلەن ماقوْل بولىدوْ، ئەمدى بولسا ھەممە ئىش ئوْز جايىدا بولىدىمكىن؟ ئوْزىنىڭ ئىشەنگوْسى كىلىپ توْردى، چوْنكى ئوْ نىمە ئوْچوْندوْر ئوْزىنى باشقىچە سەزدى، ئوْنى قانداقتوْر بىر ئاجايىپ، بوْروْن بولوْپ كوْرلمىگەندەك قورشاپ توْرغان دوْنياۋى توْراقسىزلىق سەزگەن چوْلغىۋالدى، ھاياتلىق بىر نەرسىدىن ئازغىشىپ كەتكەندەك قىلاتتى، شامال

ئىرغىتىپ كېتىۋاتقاندەك تۇراقلىقىنى يوقاتتى. ھەتتا ئۆزى كۆپلىگەن يىللاردىن بېرى ئۆز ئارا مەنپەئەتلىشىپ يۈرگەن كىشىلەرنىڭ قارىشىدا كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىپ تۇردى، بەلكىم بۇ ئۆزگىرىشلەر ئۆزىدەيۈز بېرىپ تۇرغان چىقار؟

ھەتتا ناھايىتى قاتتىق يۈرۈش ئۇچۇن ئاتايىن لايىقلاشتۇرۇلمىغان ئەڭ ئۇششاق دېتاللارغىچىلىك بىلىنگەن تېز سۈرئەتلىك تاشيولدىكى نەرسىلەر ئاڭا يات ھالىتىدە كۆرۈندى، ماشىنىنى نېمە ئۇچۇندۇر ئېھتىيات بىلەن ھەيدەپ كېلىۋاتاتتى. توساتتىن ھەممىسى باشقىچە، ئادەتتىكىدەك بولماي قالغان ئىدى.... ھەممىسى ئۆز ئورۇنلىرىدا، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشقا تەمشەلگەندە ئەپچۆرىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى بۇرۇنقى ئەھمىيىتىنى يوقىتىپ قويغاندەك قىلاتتى، ئۇ بۇنىڭ نېمە قىلىق ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلمىدى.

جېسسىنىڭ ماشىنىسى ئۆينىڭ ئالدىدا تۇرۇپتۇ، جېسسى ھەيدەشكە ئىلدام چۈشتى، دېمەك ئايالى سەل تۇرۇپ مەشىققە كېتىپ قالىدۇ.

ـ 111ھەي ئىشلىرىڭ قانداق،ـ جېسسى ئۇنىڭدىن ئۇتتۇرىلاپ سورىدى، ئۇ بۇرۇنقىدەكلا ئېچىلىپ يايراپ تۇراتتى، نېمە يەنە بىرەر ئىش بولدىمۇ؟ سەن نېمە سەۋەبتىن بۇنداق باشقىچە بولۇپ تۇرىسەن،ـ جېسسى ئېرىنىڭ سۆزىدىن ئۈمىدسىزلەندى، ئۇندىن كېيىن، باشتىكى نازلىق ئىپادىسى ماس ھالدا دەررۇ ئۆزگەردى—دە، ـ بىر يېرىڭ ئاغرىۋاتامدۇ؟

ـ ـ ئۇنچىۋالا ئەمەس، جېسسى ئىشىنەمسەن، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ساراڭ—جىندى بولۇۋاتقاندەك كۆرۈنۈۋاتىدۇ!،ـ دېدى بورك، سومكىسىنى دىۋانغا تاشلاپ، چاپىنىنى يېشىپ تۇرۇپ:

ـ ـ قەھۋە ئىچەمسەن؟

ـ112ـ ئىچسەم ئىچەي، تېلېفون بەرگەنلەر بولدىمۇ؟

112ـ ـبولدى، بولۇپتۇ، ئۇندىن باشقا شەھەردە نېمە بولۇۋاتىدۇ، ئېيتچۇ؟

ـ112ـ نېمە بولۇۋاتىدۇ، دېدىڭمۇ؟ نېمە بولۇشقا تېگىشلىك بولسا شۇ ئىش بولۇۋاتىدۇ، توپىلاڭ، ئاخىردا داۋالغۇش پەيدا بولىدۇ، نېمە بولۇپ تۇرغانلىقىنى بىلىشكە قىلغان نەتىجىسىز ھەرىكەتلەرغۇ، ئۇ.

ـ ـ 112ئۇلار تېلېفون بېرىشتى، «سى ـ ئەن ـ ئەن»، «ئامېرىكا ئاۋازى»، «ئازادلىق» رادىئوسى مۇخبىرلىرىمۇ ئۆيگە كېچىدە كېلىدۇ، ـ دېدىم سىنى، ھەي، ـ سۆزۈڭنى ئۇلاپ دەۋەر!

ئۇنىۋېرسىتېتتا ئۇياق ـ بۇياقتا ماڭالمايسەن، ھەممىسى تەلۋىلىشىپ قېلىشقان،يۈزلىرى چوغدەك قىزارغان ھەممىسىنىڭ ئاغزىدا بىرلا نەرسە، كۆرسەن، بىرلا نەرسە بىرلا ۋاقىتتا كۆپچىلىكنىڭ تىنچىنى ئالسا جىمىسى شۇنىڭغىلا قادىلىپ قالسا بۇ يامان ئىش بولمامدۇ، ئەقلىگە سىغماس نەرسىلەر ئېيتىلىپ قوللاشقا ئېرىشمەكتە، ھىتلىرىنىڭ قانداق قىلىپ جەڭ مەيدانلىرىدا خەلقنى قولغا كەلتۈرگەنلىكى، قانداق غەليان پەيدا قىلغانلىقىنى ئەمدى چۈشەندىم.

ـ ـبەلكىم، گېپىڭ توغرا چىقار، بىراق ئۇلار، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ روبېرت، ئۇلار ياش، ئۆكتەم، قانلىرى قىزىق، بۇندىن باشقا بۇياقتىن فىلوفېي چىقىپ قالدى.

ـ ـ 112ئۇ، راست، كېيىندىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن كۇنى، ئېسىمدە دەل شۇنداق بولغان، بۈگۈن قىيقىراق، ھايت ـ ھۇيت، چاقچىلىكەيچىلىك، قالايمىقانچىلىق بولغان. بىر قېتىم مىسالى، فىلوفېي يارىتىلىشنىڭ خاسىيەتلىك سىرىغا قول سالدى دېيىشىدۇ، ھەتتا، قايتىدىن شۇ زامات

ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى قارشى چىقىشىپ، يارتىلىشىنىڭ ئىچىلىشىغا چەكلىمە سالغان سىرى بىلدىمىكىن دېيىشىۋاتىدۇ. ھەتتا بەزىلىرى ئۇنداق ئىشلارغا نېمە ئۈچۈن باش ئاغرىتىمىز، بۇ ئىشلارنى كائىناتنىڭ ئاھىنى، ئاقىلغا بەرسۇن، بىزنىڭ نېمىمىز كېتىپ قالىدۇ، بىراۋنىڭ چېكىسىگە ئىششىق چىقسا نېمە ئىكەن دېيىشىدۇ، ئۇنىڭغا جاۋاب قىلىپ: قىمىرلىماي ياتقىنىڭ ، ئەركەكسەن ـ ھە، ھەتتا ئاياللارنىڭ بويىدىكى ھامىلىنىڭ تۇغۇلغۇسى كەلمەي ياتقانلىقىنى بىلگەن ئايال نېمە قىلالايدۇ، ئۇندىن باشقا نېمە قىلىش كېرەك؟ كاسساندرا تامغىسىنى قانداق قىلىمىز؟ بولغان نەرسىنى ئۇنتۇپ قېلىشقا، بايقىماي تۇرۇشقا ئۆزىمىزنى قانداق قىلىپ مەجبۇرلايمىز؟ دېگەنلەرمۇ بار، ھەتتا بىرەر مەست قىلغۇچى دورىمۇ ئاربلاشتۇرۇلمىغان ھالدىكى نەرسىنى دەپ سېلىشتى، شۇنداق قىلىپ ئۇنى ـ بۇنى ئېيتقانلارنىڭ چېكى يوق، ئۇنىڭ ئاخىرىدا كېلىپ جىمىسى ئىرسىي كودقا قول سېلىپ كېرىكى يوق بولغۇچى، بۇ بۇرىۋېلىشقامۇمكىن بولمىغان پروگراممىلانغان تەقدىر، مىڭلىغان يىللاردىن بۇيان، ئادەم باللىرى تەقدىرنىڭ ھېساب ـ كىتابى بىلەن ياشاپ كېلىشكەن، ئەمدى بىزنىڭ ئەركىمىزگە باش ئەگمىگەن نەرسىنى تەكشۈرۈپ تىنىتىش قىلىشقا ھەققىمىز يوق، دېيىشىپ ھەممىنى ئېيتىپ بېرەلەيسەن، كىمدۇر بىراۋ ئۈچۈن ئۇ بىر چېكە، ماڭلايدىكى ئىششىق، ئەرزىمەس نەرسە، لېكىن بىراۋ ئۈچۈن پاجىئە، شۇنداق، جىمىنى ئېيتىپ بېرىش قىيىن، بىراق ھەممىدىن يامىنى كاسساندرا ئىشقا كىرىشتى. پېتى دەرسخانىدىن قېچىپ چىقىپتۇ، ئۇنىڭ ماڭلىيىدا ھېلىقى داغ، كاسساندرا ھامىلىسىنىڭ بەلگىسى پەيدا بولۇپتۇ، بۇنىڭدىنمۇ يامان بولغان بىر تاسادىپىيلىق سەپەردىكى ئاۋارىچىلىق، ماشىنىنىڭ رولىنى تۇتۇپ ھەيدەپ كېتىۋاتقان بىر ئايال ئەينەككە قاراپ ساپتۇ. قارىسا ماڭلىيىدا

ھېلىقى گۇمانلىق داغ تۇرغاندەك كۆرۈنۈپتۇ، ھېلىھەم ياخشى ئايالىنىڭ ئۆزى خەتەر، زىيان ـ زەخمەتكە يولۇقماپتۇ.

ـ ـ 114ئۇھ، ياراتقان ئىگەم،ـ جېسسى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ كەتتى،ـ مانا بۇ باشقا كەلگەن بالا! ئەمدى نېمە قىلىش كېرەك، بىرەر چارە تېپىش كېرەك ـ تە؟!

ـ ـ 114بىلمەيمەن، جېسسى بىلەلمىدىم، نېمە قىل دەيسەن مېنى؟ مەشىققە بېرىشىڭ كېرەك ئەمەسمۇ؟ كەلگەندىن كېيىن سۆزلىشىمىز، ماڭمۇجېنىمنى قويىدىغان جاي چىقماي قېلىۋاتىدۇ.

ـ ـ 114نەدىكى مەشىق ئۇ! ئەھۋال بۇنداق بولسا نەدىكى مەشىق ئىكەن، ئۇ!

114ـ ـمانا ئەمدى باشلاندى، سەنمۇ قوشۇلدىڭمۇ! سېنى پۈتكۈل ئوركىستېرچىلار كۈتۈپ ئولتۇرۇشسا، سەن بۇ يەردە فىلوفېينىڭ تېپىشمىقىغا بېشىڭنى قاتۇرۇۋاتىسەن.

ـ ـ 114ئاغرىپ قالدىم، دەپ تېلېفون بېرىپ قويىمەن، ئۇندىن قالسا مەن ھەممىسىدىن چوڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېقىندا چوڭئانا بولىمەن، سەن ئۇ ئىشلارنى ياخشى بىلىسەن.

ـ114ـ مېنىمۇ شۇ ئىش كۈتۈپ تۇرىدۇ، بىراق بىر ئەركەك نامى بىلەن دېگىنە، مەنمۇ چوڭ دادىمەن،ـ دەپ ئېرى چاقچاق قىلىشقا باشلىدى. چوڭ ئانا، چوڭ دادا دەپ چىكاكوغا ئەرىكانىڭكىگە ئۇچۇپ جۆنەپ بارىدىغان كۈنىمىز قاچان كېلەر، ھازىر بولسا ماڭا ئىشىنىپ قوي. جېسسى، ئۇنداق قىلما، مەشىقنى ئۈزۈپ قويماي جۆنىگىن، ئۇنىڭدىن باشقا پايدا يوق، جېسسى پايپېتەك بولۇشقا باشلىدى.

ـ ـ 114بولۇپتۇ، يەنە تولۇق يېرىم سائەت بار، يېرىم سائەتلا ئەمەس

ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ۋاقىت بار، ئەمدى ئۇ نېمە بولىدۇ؟ ئەركانىڭ هامىلىدار بولغىنىغا مانا يەتتە ئاي بولدى، بەلكىم ئۇنىڭمۇ پېشانىسىدىمۇ كاسساندرانىڭ بەلگىسى پەيدا بولغاندۇ؟ چۈنكى، ئەينى ۋاقىتتا هېچكىمنىڭ هېچنەرسىدىن خەۋىرى يوق ئەمەسمۇ ئىدى، ئەگەر ئەركانىڭ . . . .

ــ ـ 115نېمە بولماقچى ئىدى، ئويلىنىپ كۆرگىن؟! ئۇنداقتا تۇن بويى ئۇخلىيالمايمەن، جېسسى ئۇن چىقماي قالدى، بىر ئاز جىددىيلىكنى تۇگەتكەندىن كېيىن قوشۇمچە قىلدى، هازىر ساڭا قەهۋە تەييارلاپ قويماي روبېرت، ئاندىن كېيىن مەشىقىمگە باراي.

ــ ـ 115مەن ئورۇن تەييارلىيالايمەن، ئاۋارە بولما.

ــ ـ ياق، مەن هازىر، يەنە باشقىلار بىلەن بىرگە ئوردوكتىن باشقا ئەنتونى يۇنگېر دېگەن بىرسى تېلېفون بەردى.

ـ115ـ يۇنگېر؟ هە بىلدىم .هە .ئۇ نېمەدېدى

ــ ـ هازىركېلىپ ئېيتىپ بېرىمەن،

ئايالى كوناهور—بۇسماشىنا دەپ ئاتالغان قەهۋە قايناتقۇچتا قەهۋە تەييارلىغۇچە روبېرت بورك ئىككى قولىنى ئىككى ياققا تاشلاپ قويۇپ، كرسلودا، ئۆز ئۆيىدە ئۆزىنى يات ئادەمدەك سېزىپ ئولتۇردى، ئۇ ئۇدۇل تەرەپكە قاراپ چىقتى، چوڭ ئۆي مەنقۇلاتلىرى قويۇلغان مېهمانخانا ئۆيىنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈپ تۇرغاندەك ئايلىنىپ قاراپ چىقتى، قاچاندۇر بىر ۋاقىتلاردا جېسسى ۋىنېتسىيەدىن سېتىۋالغان مەنزىرە سۈرەتلەر ۋە تام مەشىنىڭ ئۈستىگە جايلاشتۇرۇلغان چوڭ ئەينەكمۇ ئاڭا تۇنجى قېتىم كۆرۈلگەندەك بولدى، رويال،ۋىئولونچېل، ئەينەك ئىشكاپلاردا قىرى زەر هەل بېرىلگەن كىتابلار( كىتابلارنىڭ كۆپچىلىكى ئىككىنچى قەۋەتتە هۇجرىلارنىڭ قاتاردىكى كىتابخانىدا ئىدى)، پۈتۈنلەي شۇ ئۆيمۇ كونا ۋىنېتسىيە ئەينىكىدە

ئەكس ئېتىپ تۇرغان ئىدى، ئەسلىدىلا سىرىغ پاچاقلىق ئايغىرغا ئوخشاش بوي ـ تۇرقى كېلىشكەن، ئۇستىخانلىق، لېكىن چاچقا ئاق كىرگەندەبوي ـ تۇرقى كېلىشمەي قالغان ئۆزىمۇ شۇ سائەتتە نېمە ئۈچۈندۇر ئۆزگە يات كىشىدەك كۆرۈندى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆتكەن ئۆمرىنى شۇ ئۆمرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بۇيۇملارنى چالا ـ بۇلا تونۇغاندەك، جىمجىت بولۇپ ئادەتتىن تاشقىرى، ئويغا چۆمۈلگەندەك بولغان ئۆزىنى چەتتىن قاراپ تۇرغاندەك كۆردى، ئۇ «پەقەتلا ماڭىلا لازىممۇ، راستىنلا زامان ئاخىرى كېلىۋاتامدۇ، نېمانچە بۇنداق تېگى يوق خىيالغا پاتىمەن؟! بەلكىم بۇنىڭغىچىلىك بولغان ئۆمرۈمنىڭ بار بولغىنى، ئاخىرلىشىشىنىڭ باشلىنىشىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەمدى نامەلۇم نەرسىگە دۇچار بولۇپ تۇرغاندۇرمەن؟ قارىغۇ كىشى كۆرمەيلا تۇرغان ئىشىكنى سىيپاپ ئىزدەپ تۇرۇۋاتقاندەك قىلىۋاتقاندۇرمەن، كېلەچەكشۇناسلىق بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرۈپ، ئاتاق ـ ئابرويغا ئېرىشكەن زىيالىي سۈپىتىدە نېگىزدىن ئاسايىشلىقتا بىر ئوڭايلىق رىتىمغا چۈشكەن ھاياتنى ئۆتكۈزۈپ يۈرۈپ، مەن نېمىگە يەتتىم؟ ئەمدى مانا كائىناتتىكى فىلوفېي ئىلتىماس قىلغان تەقدىرنىڭ ئاخىرقى قىلمىشى، بۇ نېمە ؟چىنلىقتىن چىققان ئۈچۈرمۇ؟ ئالماقنىڭ بەرمىكىمۇ؟ راستىنلا شۇنداقمۇ، فىلوفېي مەن ئۈچۈن كىم زادى؟ ھېچكىم ئەمەس، ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن جېنىم جاي تاپالمىغاندەك قىينىلىدۇ؟ دېمەك، مېنى ئۇنىڭ بىلەن مۇلاقەتكە سېلىپ تۇرغان بىر نەرسە بارمۇ نېمە؟ كىتلار چۈشۈمگە كىردىغۇ، ئەمدى بولسا...» دەپمۇ ئويلىدى، شۇنداق ئويلاردىن ئاجراپ ئالالمىدى، گۇماندىن قۇتۇلالمىدى، ئەمدى مەيلى نېمە ھەققىدە ئويلىسۇن ئىشنى كائىناتتىكى كاھىننىڭ كەشپىياتىدىن باشلاشقا توغرا كەلدى، ھەممىسىنى سېلىشتۇرۇشقا توغرا كەلدى، بۇ چاغقىچە بولغانلىرىمۇ بۇندىن

كېيىنكىلىرىمۇ. . . .

جېسسى قەھۋە ئېلىپ كەلدى، پاراڭ قايتىدىن بۇرۇنقى نۇقتىغا يۆتكەلدى، كۆرسە، روبېرت بوركىنىڭ ئەمگەكلىرىنى ھۆرمەتلىگۈچىلەرنىڭ بىرىمەن، دەپ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ پرزىدىنتلىققا نامزاتلىققا كۆرستىلگەنلەر گورۇھىدىن ئەنتونى يۇنگېر دېگەن تېلېفون بېرىپتۇ، بوركقا ئۇنىۋېرستېتىغا تېلېفون بېرىشكە ھەرىكەت قىلغان ئىكەن، بىراق تاپالماي قاپتۇ، ھەمدە چۈشتىن كېيىن يەنە تېلېفون بېرىشنى ئېيتىپ قويۇشنى سوراپتۇ، جېسسى بەلكىم بورك ئۆزى تېلېفون بېرەر دېسە، يۇنگېر: «مېنى تاپماق قىيىن، تاپىنىم يەرگە تەگمەي يۈگۈرۈپ قالايمىقانچىلىققا پاتقان كۈنۈم بۇ، ئوردوك سايلامچىلار بىلەن يولۇقۇشىدۇ، ئۇندىن كېيىن چوڭ ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى. . ، ئىش قىلىپ چۈشەك كۆپ، بىراق بورك ئەپەندى بىلەن سۆزسىز سۆزلىشىشىم كېرەك، سۆزلىشىشنى كۆپتىن بېرى ئۇمىد قىلىپ يۈرىمەن، ھازىر سەۋەب تېپىلىپ يۈرىدۇ، سورىنىمەن، ئېيتىپ قويسىڭىز، مەندە مەلۇمات ۋە سوئاللار بار تېلېفون بېرىشىم ناھايىتى زۆرۈر» دەپتۇ.

جېسسى مەشىققە جۆنەپ كەتكەندىن كېيىن كۆپ ئۆتمەي تېلېفون جىرىڭلىدى، بۇ قېتىم ئەنتونى يۇنگېر تېلېفون بەرگەن بولۇشى مۇمكىن.

ـ ـ 117بورك ئەپەندى،ـ سىز ئىككەيلەننىڭ فىلوفېي دېگەن ئورتاق دوستىمىز بار، يەنە ھەم بىز ئىككىمىزنىڭ تونۇشلۇقىمىزمۇ بار، تىلەككە قارشى ھازىرچە تېلېفوندىلا ئۇچرىشىش شۇنىڭ شاراپىتى بىلەن بولۇۋاتىدۇ، دېسەم قانداق دەيسىز؟

ـ ـ ئۇ دېگىنىڭىز راست، ئاۋۇ كائىناتنىڭ كاھىنى ئەمدى تۇرمۇشىمىزنىڭ كۆپ قىسىمىنى ئېنىقلاپ بېرىدۇ.

ـ سۆز دەل شۇ ھەقتە، بورك ئەپەندى ئۇندىن باشقا ئۇ ھەتتا بىزگە قارىغاندا

سىزگە بەكرەك بىلىنەرلىكرەك، ئەمدىكى قىيىن مەسىلە، ۋەقە قايسى نىشانغا قاراپ راۋاج تاپىدۇ، رۇسلار ئېيتقاندەك تارىخنىڭ ئوق ياغىچى قاياقىا بۇرۇلىدۇ، مانا مۇشۇنىڭدا سىزنى بىلىۋالسۇن، دەپ ماختىنىپ ئېيتىپ قويای، مەن رۇسچە راۋان، توغرا سۆزلەيمەن، ئوقۇش ھاياتىمنى موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىدە ئۆتكۈزگەن، مەن بۇ جەھەتتىن سىزگە پايدام تەگسە خۇشال بولىمەن.

ئۇھ، ماۋۇ كىشىڭىز پۇختا ئىكەن، - دېدى روبېرت بورك ھەيران قېلىپ، ئىچىدىن ئانتونى يۇنگېرنىڭ ئولىۋېر ئوردوكتەك ئىشەنچلىك ۋە يېقىملىق ئىكەنلىكىنى بايقاپ «ئوبدانلا ساغلام ئادەم ئىكەن!- دەپ ئويلاپ قالدى، ئۇ زاتىنىڭ يېشى قانچىلاردا ئىكەن؟» گورباچېۋنىڭ ۋاقتىدا مەنمۇ ھەتتا روسىيىدە بولغان.

- - 118دەپ گەپنى روسلار تەرەپكە ئۇلاپ سۆزلەپ كەتتى، ئۇ، موسكۋا، لېنىنگراد، كىيېۋ، ئېيتىڭچۇ ئەنتونى، سىز قانچە ياشتا؟ شۇنداقلا بىلىپ قويای دەپ سوراۋاتىمەن.

- -ئۇھ، جان دىلىم بىلەن! سالماق كۆرۈنۈش ئۇچۇن ئوتتۇزدا مەن، بىراق ماڭا ھەممىباپلىق، كامالەت كېرەك.

- -28 ياشتا مەن،- دەپ جاۋاب قاتتى ئۇ،-ئەقىل توختىتىشقا ۋاقىت يەتتى، مەيلى نېمە دېگەن بىلەن موسكۋا ماڭا ھەممە نەرسىنى ئاتا قىلدى، موسكۋا ھاياتىنىڭ ۋە بىلىمىنىڭ باشقا بىرقۇتۇبى، بىراق ك. گ. ب دە خىزمەت قىلمىدىم. ئەمدى بولسىمۇ ئەسكەرتىپ قويای!

ئامېرىكىدا ئېغىزدىن چۇشمەيدىغان بۇ چاقچاققا ئىككەيلەن تەڭ كۈلۈپ كېتىشتى.

- -كەچۈرۈڭ ئەنتونى، ياش جەھەتتىن ئوغلۇمدەك ئىكەنسىز، مەن پەقەت قىزىقىپلا سوراپ قويدۇم، ۋەزىنلىك پىكىر ئالماشتۇرۇشتا

سۆھبەتداشنىڭ ياش قۇرامنى بىلىش ئەھمىيەتلىك ئىش.

— — مېنىڭ ئويۇمىمۇ شۇ، سىز ھەققىدىكى تەپسىلاتنىڭ ھەممىسىنى بىلىمەن، كىتابلىرىڭىزنى ئوقۇغان، يېقىنقى ۋاقىتتا «بەغايەت قەسىرنىڭ توقفۇز قوۋۇقى» ناملىق ئەسىرىڭىزنى ناھايىتى زور ئىخلاس بىلەن ئوقۇپ چىقتىم.

— — 119توغرا، ئۇ بىر قېتىملىق كېلەچەكشۇناسلىق ھەققىدىكى دۇنياۋى مەپكۇرەلەرنى سىنتېزلاش ھەركىتى بولدى، رەھمەت مەن بەكمۇ رازى، دەپ ئىپادە بىلدۈردى بورك.

119 — — ھە، مەن ئۆزۈممۇ ئاكادېمىيىلىك مەۋقەدىن ئېيتقاندا، ئۆز ئورنىنى قوغدىغان بەندە، — دېدى ئەنتونى يۇلتۇزدەك كۈلۈمسىرەپ، — بىلمىدىم كالىنىڭ بۆرىكىدەك پارچە - پارچەقىلغان، قول يەتكۈزمىگەن نەرسەم قالغان ئەمەس، پەلسەپىدىن يۇلتۇزشۇناسلىققىچە قول ئۇزاتتىم، قاچاندۇر بىر ۋاقىتتا كائىنات ھەققىدە تەسەۋۋۇر قىلغان ئىدىم، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىشلىرى بىلەنمۇ، مۇخبىرلىق ئىشى بىلەنمۇ شۇغۇللانغان ۋاقتىم بولغان، ئولىۋېر ئوردوك بىلەن شۇنداق تونۇشقان ئىدىم، ئۇ ئاۋامچىلىققا تايىنىدۇ، ئۇنىڭ كۈچ - قۇدرىتىمۇ شۇ ساھەدە ئىپادىلىنىدۇ، ھازىر سايلام ئالدىدىكى رىقابەتتە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىش كېرەك، ھېلىقىدەك بىزنىڭ ھالىمىزنى قويماي تۇرغان ئەھۋالمۇ دەل شۇنىڭدىن، مەن ئۇنىڭ كوماندىسىغا ئاممىۋى مەلۇمات باغلاشتۇرۇش ئىشىنى ئىشلەيمەن، مانا بۈگۈن مىسالى، ئۈچ سائەتتىن كېيىن «ئالفا بېيسبول» دېگەن تەنتەربىيە زالىدا سايلامچىلار بىلەن ئۇچرىشىش بار، ئادەم كۆپ، بىۋاستە تېلېۋىزىيىلىك ئۇلاپ كۆرسىتىش ئورۇنلاشتۇرۇشى بار. ئاندىن كېيىن كەچرەك ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى بىر نەچچە قانال بويىچە كۆرسىتىلىدۇ، مەن شۇلارنىڭ ھەممىسىنى سىزگە

مۇنداقلا ئېيتىۋاتقىنىم يوق، بورك ئەپەندى، بەلكىم بىزنىڭ، باشقىچە ئېيتقاندا ئوردوكىنىڭ نېمىسى دۇرۇس، نېمىسى يالغان، قاراپ كۆرەيلى سىزگە قىزىق بولۇپ يۈرمىسۇن كەچۈرۈڭ، سىزنىڭ ۋاقتىڭىز مەن كوتۇلداۋېرىپ ۋاقتىڭىزنى ئالمىغاندىمەن؟

ـ ـ 120يوقسۇ، يوقسۇ، قۇلاق سەندە ئەنتونى.

ـ 120شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان سىزنى بىلىۋالسۇن دەپ ئاتايىن دېگىنىم بۇ، ئەتە يىگىرمە ئەتراپىدا ئادەم، ياردەمچىلەر، تېخنىك خادىملار ھەم باشقىلار ئوردوكىنىڭ ئىشخانىسىغا يىغىلىمىز، شۇ چاغدا ئۇتېزلا كائىناتتىكى كاھىنىنىڭ مۇراجىئىتى ھەققىدە سىزبىلەن تېلېفوندائۇزاققىچە سۆزلەشكىنىنى ئېيتتى.

ـ ـ120شۇنداق سۆزلەشكەن ئىدۇق، ـ دېدى روبېرت بورك.

120 ـ ھازىر پۇتى بىلەن مېڭىپ، بۇرنى بىلەن تىنىۋاتقانىنىڭ ھەممىسى سۆز قىلىۋاتقان ۋەقە ھەققىدە ئوردوكىنىڭ سىز بىلەن كېڭەشكەنلىكى ياخشى بولۇپتۇ، ئۇ نام ـ شەرپى بارغانسېرى مەلۇم بولۇۋاتقان سىياسەتچى، بىراق پەيغەمبەرلىكتىن يىراق، ئۇندىن باشقا، ئەنتونى، ساداغاڭ كېتەي، ـ دەپ بورك ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى، ماڭا مۇراجىئەت قىلىشقا ئوردوكقا سېنىڭ مەسلىھەت بەرگىنىڭنى بىلىمەن، بىراق مەنمۇ پەيغەمبەرلىكتىن يىراق، سەن مېنى بىر زاماندا ئۆزى ئېلىشىپ قېلىشقا باشلىغان ئادەم دەپ ئويلىدىڭمۇ؟ شۇ خىل رەۋىشتە يۈز بېرىۋاتقانلارنىڭ چۈشىنىشى ئۈچۈن مەيلى كىمگە بولسا مۇراجىئەت قىلىشقا ئۆزۈم تەييارمەن، سەن بولساڭ مەندەك بىر شۇ ئىشلارنىڭ بىلەرمەنلىرىدىنمۇ بەتتەر تېلېفون بېرىپ تۇرۇۋاتىسەن، مەن ئۆز ئويۈمنىڭ دەتالاشىسىز ئىكەنلىكىگە كېپىل بولالمايمەن، مانا مۇشۇنى ئەسكە ئېلىش كېرەك!

ـ 121ـ شۇنداق بولغانغا مەن خۇشھال،ـ ئېيتقان سۆزى مېنى تاڭ قالدۇردى، ئەنتونى يۇنگېر ئۇنىڭ ئۇندىن بېرىلگەنلىكى سېزىلىپ تۇردى.

ـ 121ـ سەن نېمىگە خۇشاللىنىسەن؟

ـ ـ 121ئۆز ئىچكى تۇيغۇمنىڭ مېنى ئالدىمىغىنىغا، «ئۆز يۇرتتىن پەيغەمبەر چىقمايدۇ» دەپ قويۇشىدۇ ئەمەسمۇ؟ شۇنداق بولسىمۇ مەن يەنىلا بىر ھېسابتا ئىشىنىۋاتىمەن، پرزىدېنتلىق تەختكە ئۇمتۇلغان سىياسەتچى، كېڭەشچى مۇتەپەككۇر دەل سىز ئىدىڭىز، ئوردوك بۇگۇن نۇتۇق سۆزلەيدۇ، مەيدانغا پەۋەس تولغان سايلامچىلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەرمەكچى، گەپ ئۇنىڭ ئىجتىمائىيەتتىكى ئوي ـ پىكىرنىڭ خۇرجىنىنى قولىغا تەگكۈزۈپ ئالالامدۇ ـ يوق، ئەگەر قولىغا چۇشۇرەلىسە خورجىنىنى دولىسىغا ئېسىپ كۆتۈرۈپ كېتەلەمدۇ، ئۇنداقلا ئەمەس، گەپ كۆز قارىشىڭلارنىڭ ئاممىغا تارىغانلىقىدا بولۇپ تۇرامدۇ، مەن بۇنى ئولىۋېر ئوردوك سەھەر بىزگە ئېيتقاندىن كېيىن ئېيتىۋاتىمەن.

ـ ـ 121ئۇ نېمە دېگەن ئىدى؟

ـ 121ئىش قىلىپ چۈشەنگەنىدىم، بەرگەن باھايىڭىزغا تايىنىپ ھېلىقى فىلوفېينىڭ كەشپىياتىنىڭ جەمئىيەتنىڭ بارلىق قاتلاملىرىدىكى، دۇنيانىڭ پۈتكۈل دۆلەتلىرىدىكى ھەر بىر ئادەم، ھەتتا ھېسابلاشماي قويمايدىغان رېئاللىقىمۇ ئىزاھلىما بېرىدىغان ھالىتى بار. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ مېنىڭ ئويۇمچە شۇنداق؟ ئوردوك مۆلچەر بىلەن شۇنداق دېدى.

121ـ بولغان ئىشلارنى يۈز بەرگەن پېتى ئەسلەپ قويۇش بۇ بىر خىل ياخشى ئىش، بۇ دەسلەپتىكى تايانچ! ئۇندىن باشقا نېمە ئىش قىلىش كېرەك؟ كاسساندرا ھامىلىلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئۈلىنىپ تۇرغان ھادىسىنى نېمىمۇ

قىلارمىز، ئىجتىمائىي، تارىخىي، پسىخولوگىيىۋى جەھەتتىن ئالغاندا بۇ يەردە سوئال تالاي.

ـ 122ئېيتقىنىڭىزدا شەك يوق، بورك ئەپەندى،ـ دەپ، ئەنتونى يەنە باشقا بىر نەرسە ئېيتاي،

ئۇ ئۆز چۈشەنچىنى بىلدۈرەي دېۋىدى، بىراق بورك سۆزىنى يەنە ئۇلاپ گەپ قىلدى.

ـ 122ۋۇجۇدۇم شۇ ۋەقەنىڭ تەسىرىدە، ھەتتا ئۆزۈمگىمۇ تونۇگۇنكىدىنمۇ باشقىچە ھالغا كىرىپ ھاياتنىڭ ماھىيىتىنى قايتىدىن ئويلىنىپ چىقىش كېرەكتەك سېزىلدى.

ـ 122فىلوفېينىڭ باياناتى ئادەم تەقدىرىگە بولغان بۇرۇنقى كۆز قارىشىمىزنى يوققا چىقىرىدىغاندەك تۇرىدۇ، بىز بۇرۇن بوينىمىزغا ئېلىشنى خالىمىغان چىنلىق مانا بۈگۈن مۇشۇيول بىلەن چىقىپ كېلىۋاتىدۇ، ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش مەدەنىيەت ـ ئۇيغارىيەت بىلەن بىرگە يۈرگۈچى تەرس ـ تەتۈر كۆرۈنۈشلەرنى ئۇلار ئۆزلىرى يوققا چىقىرىدۇ، دەپ ئويلىسا بولاتتى، « تارشا ـ شېشىق چۈشىسەدەرەخنىڭ كېسىلگىلى بىلىنمەيدۇ» رۇسلاردا شۇنداق ماقال بار .

ـ 122شۇنداق، بۇ كەڭرى تارالغان ماقال، ستالىن، مىسال ئۈچۈن، ئامىۋى باستۇرۇپ جازالاشنىڭ تارشا ـ شېشىقلىرىنى شۇنداق كەسكەن، سۆزىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇڭ، قۇلىقىم سىزدە.

ـ 122ئۇندىن كېيىن ،شۇ نېمە دېمەكچى ئىدىم، تارىخنىڭ پۈتكۈل تەرەققىياتىدا بوغۇندىن ـ بوغۇنغا ئادەملەر بىر ـ بىرىنى ۋە ئۆزلىرى ياشىغان دۇنيانى سىستېمىلىق تۈردە تېتىپ كەلگەنلىكىنى، شۇ سەۋەبتىن تەرەققىيات يولىدا كۆپ نەرسىدىن مەھرۇم قالغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ تارىخىي

تەرەققىيات يولىدا ئىگە بولۇشقا تېگىشلىك نەرسىلەرنى قايتا كەلمەس قىلىپ قويغانلىقىنى فىلوفېيىنىڭ باياناتى كۆرسەتتى، كۆرسەتكەندىمۇ رەھىمسىزلىك بىلەن كۆرسەتتى، مانا مۇنداق مىسال بىلەن ئالايلىچۇ، ئەلمىساقتىن بېرى تۇگىمىگەن ئۇرۇشلار، ئۇ ئۇرۇشلارنىڭ ئىچىدىن داڭقىغا تېتىيدىغان دېگەنلىرىمۇ ،ھېلىقى ئىنقىلابلار، قوزغىلاڭلار، كۆتۈرۈلۈشلەر، ھۆكۈمرانلارنىڭ جىنايەتلىرى، تاجاۋۇزچىلىقى، ئىلمىي نىشانلار بىلەن ھەر خىل ئىدىئولوگىيىلەرنىڭ قىياسلىرى مانا شۇلارنىڭ بارلىقى بىرىكىپ كېلىپ ئادەمنىڭ ھاياتىنى ،تەقدىرلىرىنى دائىم تالقانلاپ، بويسۇندۇرۇپ، خەلقلەرنى ھەمىشە بىر ـ بىرىگە بىلەپ، سوقۇشتۇرۇپ ئادەملەرنى ئاچكۆز قىلىپ كەلگەنلىكىنىڭ ھەممىسى فىلوفېي ئېچىپ تاشلىغان كاسساندرا ھامىلىلىرىنىڭ ئۇنسىز ئىتىرازلىرىدىن كۆرۈنمەي تۇرامدۇ؟ ئۇلارنىڭ سانى كۇنسايىن كۆپىيىپ بېرىۋاتامدۇ! ئۇلارنىڭ ياشاشتىن باش تارتقىنى ئاخىر زاماننىڭ يۈز بېرىشى ئەمەسمۇ؟ ئەمدى مانا قاراپ باقايلى، كور تىرىكچىلىكىڭ بىلەن ئايغىچە ئەھمىيەت بېرىپ، ئىشەنمىگەن قىيامەت قايىم ھەققىدىمۇ ئالدىمىزدا كېلىدىغان چىنلىق بولۇۋاتىدۇ ئەمەسمۇ؟ مانا مۇشۇلار ھەققىدە كېچە باشلاپ قويغان ماقالەمگە يېزىپ كىرگۈزۈۋېتەي، دەپ ئويلاۋاتىمەن، ئولىۋېر ئوردوك ئەلۋەتتە، فىلوفېيىنىڭ باياناتىغا يەنە ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس يەككە كۆز قارىشى بولار، بىراق مەيلى قانداقلا بولغان بىر ئەھۋالدىمۇ ئۇ، ھەتتا ئۇنىڭ گورۇھىنىڭمۇ.

ـ ـ ھەممىڭلار بىزنىڭ قانداق مۇرەككەپ ماتېرىيالغا دۇچ كەلگەنلىكىمىزنى چۈشىنىشىڭلار كېرەك، تۇنۇگۈن مەن ئوردوكقا مۆلچەر بىلەن شۇنى ئېيتقان ئىدىم.

ـ 123 ـ مەن سىزنى بۇگۇنمۇ تېلېفودا ئۇزاق پاراڭغا بەنت قىلغىنىمغا

ئۆكىنىمەن، بىراق ئىچىمدە سۆيۈنۈۋاتىمەن، مەن بىلىشكە تېگىشلىكىنى بىلىۋالدىم. ئەلۋەتتە، ئويىڭىزغا قوشۇلىمەن، فىلوفېينىڭ نەزەرىيىسىدىمۇ كۆپ مەسىلە بار، ئۇلار ھەقتە ئويلىنىدىغان پۇرسەت تېخى ئالدىمىزدا، بىراق نېمىلا بولمىسۇن بېشىمىزنى قاتۇردى، بىرەرمۇئادەمنى قالدۇرماي يەر يۈزىدە «بەندەمەن» دېگەننىڭ ھەممىسىدىن ئىنساپ دەپ مانا مۇشۇنى دە! دېسەك بولىدۇ، فىلوفېي ئالەمنىڭ ئاچقۇچىنى بىر بۇراپ قويدى! ئەگەر بىز، كەچۈرۈڭ ئۆتكەن زاماننىڭ بارلىقى ئۈچۈن قىيىنچىلىق تارتىدىغان بولساق،ـ ھېلىھەم ئىشنىڭ يولى شۇنىڭغا كېتىۋاتىدۇ، ـ ئۆزىڭىز ئېيتقاندەك ئاچكۆز ئادەملەرنىڭ باشقىچە ئېيتقاندا بىزنىڭ، ھەممىمىزنىڭ، بىزنىڭ زامانىمىزغىچە ياشىغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قولى بىلەن قىلغىنىغا، يامان ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن گۇناھقا پاتىدىغان بولساق، ئۇنى ئۆزىمىزدىن باشقايەنە كىمدىن كۆرىمىز، كىمگە بېرىپ دادلىنىمىز؟! يامانلىقنىڭ يوق بولماسلىقى، ئۇنى كىم قىلسا قىلغان ئادەم بىلەن بىرگە يوقالماسلىقى، ھەمدە ۋاقىت سائىتى كەلگەنگىچە ئىرسىيەتنىڭ ساقلانمىسىنىڭ بىر يېرىدە تىنىپ يېتىۋېرىشى مەلۇم بولدى، ئۇندىن باشقا كىملەردۇر بىرسى بۇنىڭ ئۈچۈن شامۇ ـ سەھەر ھاياتلىقتىن باش تارتىش بىلەن بەدەل تۆلىشى كېرەك ئىكەن ـ دە؟!

ـ 124شۇنداق، شۇنداق بولۇۋاتىدۇ، ئەنتونىي،گەپ ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە. كۆپ ئويلانمىغانلىقىمىزدا، ئۇلارنى قەتئىي بىر تۇتامدا قارماش بىلەن يامانلىقنىڭ مۇتلەق كۈچ ئىكەنلىكىنى، يامانلىقنىڭ بىزنىڭ تۇپكى ۋەزىپىمىزنى ھەمىشە ئۆلتۈرۈپ تۇرۇشىنى، بىزنىڭ ئالەمنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىۋاتقان بايلىق مەنبەلىرىمىزنى ئۆلتۈرۈپ تىرىكچىلىكنىڭ باشقا يوللىرىنى تونۇش ئۈچۈن ئەقلىگە

مۇمكىنلىك بەرمىگەنلىكىنى، شۇنداقلا ئادەم سۆپەت جەھەتتىن ھازىرقىغا ئوخشىمىغان ھالەتتە بولىدىغانلىقىمىزنى ئويلىمىغانلىقىمىزدا.

ـ ـ 125بورك ئەپەندى، تەن قۇرۇلمىمىزدىن ھازىر قانداق بولساق شۇ تەن ـ بويىمىزدىن قېلىش بىلەن بىرگە ئادەملەر باشقا سۆپەتتىكى ئىقتىدارغا ئىگە بولالارمۇ، يۈرۈش ـ تۇرۇشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان جاندارلار بولۇپ قالارمۇ، بۇنى قانداق ئويلايسىز؟

ـ 125پۈتۈنلەي مۇمكىن، چۈنكى بىز ئۆز كىندىكىمىزنى ئۆزىمىز كېسىپ قالمىدۇقمۇ؟ ئالەمدىكى بىردىن بىر پەقەتلا ئەقىل ئاتا قىلىنغان جانلىق بىز بولدۇق، ھېچبىر مەخلۇق بىزدەك مۆلچەرلەنگەن ئەمەس، بىزدە روھانىي تەدرىجىي تەرەققىياتنىڭ باشقا تىپى، پرىنسىپاللىق جەھەتتىن باشقا تەرەققىيات بولۇشى مۇمكىنمۇ، بۇ ھەقتە ئويلىنىش، دەتالاش، بەس ـ مۇنازىرە قىلىش كېرەك،پەقەت ئادەملەردىنلا بىرەر نەرسىنى تونۇپ بىلىشكە بولمايدۇ، بىز ئىلىم ۋە تېخنىكىدىن باشقا نېمىگە يېتىشەيلى ياكى يېتىشمەيلى بىز ھەمىشە، تىلەككە قارشى بىر ـ بىرىمىزنى يېگەن يىرتقۇچ ھايۋاندەك مەخلۇق بولۇپ قېلىۋاتىمىز.

ـ 125ئۆكۈنچلۈك،بۇھالىتىمىزناھايىتى ئۆكۈنەرلىك،دېمەك، كائىناتتىكى كاھىن بىزنى ئىرسىي قىلمىشنىڭ ئۈستىدىن قارمىغان ئىكەن؟! بىراق بۇ قانچىلىك ئەخمىقانە ئىش بولسىمۇ بىز ھازىر ھالىتىمىزدىن باشقىچە بولۇشىمىز مۇمكىن ئىدى، دېگەن ئوي مېنى بىر تەرەپتىن نومۇسقا قويىدۇ، بورك ئەپەندى، بۇنىڭدا بىزنى شەھۋانىي سېرىغ كويغا سېلىپ كەتكۈچى ئادەتتىكى مەپكۇرەۋى ناخشا يوقمۇ؟

125 ـ ـ ئۇنداقتا، ئورمان ـ توقايمۇ بولۇشى مۇمكىن بولسا قانداق مۇراجىئەت قىلىسىز؟

— — بىرلا نەرسىنى، ئۆزىمىزدە يېڭى ئەقىل — ئەسنىڭ ئورمان — توقىيىنى ئۆستۈرۈشنى.

— — بۇنى قانداق چۈشەنسەك بولىدۇ؟

— — بۇنى قانداق چۈشەنسەك بولىدۇ؟ ناھايىتىمۇ بىر كۈلكىلىك، ھەجىۋى مۇخبىر ئىكەنسەن! فىلوفېيىنىڭ باياناتلىرىدىن كەلسە، بۇ: كاسساندرا ھامىلىلىرىنىڭ بەرگەن مەلۇماتلىرىغا قۇلاق سېلىش، كاسساندرانىڭ ھەر بىر بەلگە ـ مەلۇماتلىرىنى ئەسكەرتىش سۈپىتىدە قوبۇل قىلىش كېرەك، دېگەننى بىلدۈرىدۇ، يورۇق دۇنياغا تۆرىلىشنىڭ ۋەھىمىسىنىڭ بىزنىڭ ئىچىمىزدە يېتىلىشكە باشلىغان تارىخىنىڭ ئايىغىنى شۇنداقلا ئۇزۇپ توختىتىشقا بولىدۇ، ئىرسىي پاجىئە يېقىنلاپ كېلىۋاتىدۇ، دېگەن ئاڭ ـ سېزىم ھەر بىر ئادەمگە يەنە پۈتكۈل ئادەمزاتتا بولۇشى زۆرۈر، مەن دەل شۇ ھەقتە «مۇنبەر»گە بېغىشلاپ يازغان ماقالەمدە شۇلارنى يېزىۋەتتىم، كەچۈرۈپ قوي.

126 ـ ئەنتونى، تېلېفوندا ھەممىنى ئېيتىش مۇمكىن ئەمەس، قىسقارتىپ ئېيتقاندا، ئادەمزاتىنىڭ ئەۋلادلار ئالدىدىكى جاۋابكارلىقى ھازىرقى يېڭى تۈسكە ئىگە بولۇۋاتىدۇ، بەلكىم بۇ تەدرىجىي تەرەققىياتنىڭ يېڭى ئۆلاندىسىدۇر. تۈنۈگۈن مەن ئوردوكقا مۆلچەر بىلەن مانا شۇنى ئېيتتىم، ئۇمۇ ئويغا پاتتى.

126 ـ شۇنداق.

ـ شۇنداق ئەپەندى، بۇ قېتىم بىزنىڭ ئوردوكقا ئىككى ھەسسە قىيىن بولغۇدەك، چۈنكى، مۇنداق ۋەزىيەت ئۇنىڭ سىياسىي رەڭۋازلىقلىرىغا كىرمەيدۇ، ئوردوكقا ئوخشىغان سىياسەتچىلەرنى داۋراڭچى سىياسەتۋاز دەپ قويىمەن، ئوردوك دۈشمىنى ئالدىدا تۇرغاندا ئىشەنچلىك ھەرىكەت قىلىدۇ.

مانا شۇنىڭدا ئۇ ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ، بۇنداق ئىشلار خەلقنىڭ كۆزىگە كۆرۈلگەن ھالدا، كۆپچىلىك ئالدىدا بولۇشى كېرەك، تار دائىرىدە ئۇ «زۆرۈربي دۇشمەن» دېگەن ئاتالغۇنى قوللىنىپ قويىدۇ، مانا مۇشۇنداق بولغاندا ئۇ ئالدىغا كىشى سالمايدۇ، ئۇ بۇ يەردە بولسا، قارىمامسىز، نەدىكى بىر مەۋھۇملۇق!

ـ 127پەقەت ئۇنداقلا ئەمەس، ئەنتونى، بۇنداق مەۋھۇملۇق كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ۋاقىتتا كونكرېتلىقا ئايلىنىپمۇ قالىدۇ، ئايلانغاندىمۇ ناھايىتى قاتلاڭ تۇستىكى كونكرېتلىقا ئايلىنىپ قالىدۇ، چۈنكى بۇ ئادەملەرنىڭ ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇۋاتىدۇ.

ـ 127شۇنداق، ئەلۋەتتە، پەقەتلا ئوردوكىنىڭ پسىخولوگىيىسىنىڭ ئۆزگىچىلىكىنى بىلگۈم كېلىدۇ، بىراق ،بۇ ھەتتا ئۇنىڭ سىياسىي ھاياتىنىڭ شەكلى، بىراق بۇنىڭ جىمىسى گەپ ئارىسىدىكى نەرسە، گېپىم تۈگىدى، بورك ئەپەندى كەچۈرەرسىز، سىز بىلەن قىلسام سۆز تۈگەيدىغاندەك ئەمەس، ماڭا قايتا تېلېفون بېرىشكە رۇخسەت بەرمەڭ، جېنىڭىزغا ئارام بەرمەيمەن.

ـ 127يارايسىز،يارايسىز، ئەنتونى، زۆرۈر بولۇپ قالسا سۆزلىشىشكە نېمىشقا رۇخسەت بولمايدىكەن.

ـ 127ياخشى قېلىڭ، بورك ئەپەندى، توساتتىن بۇبىر ئىشنى كۆرگىڭىز كېلىپ قالسا يىغىلىش، نامايىش «ئالفا بېيىسبول»دا ئالتىدىن سەككىزگىچە، ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى «شېراتون» مېھمانخانىسىدا توققۇزدىن ئونغىچە.

ـ 127رەھمەت، ئۇنتۇپ قالمايمەن....

كۇمۇشتەك جىرىڭلاپ تۇرغان تازا ھاۋا، خىلمۇ خىل يەلكەنلىك كېمىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا تاۋۇشسىز غۇلاپ ياتقىنى، شەھەر چېتىدىكى

ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرىنىڭ ئۈستىدىن خوشلاشقاندەك ئايلانغان ئۇچارلىقلارنىڭ قايتىپ كېتىۋاتقان توپى، كۆزنىڭ شۇ كۆننى سۈرەتلىگۈچىنىڭ رىتىم تاختىسىدا مەڭگۈلۈك قالىدىغاندەك ئادەمنى يالقۇرغۇزىدۇ... قايسى بىر قېتىم ئاربىدىن ئوبناپ يۈرۈشكەن بالىلارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى ئاڭلىنىپ تۇرماقتا، شۇ ئوچۇق كۆن جان - جانىۋارلارنىڭ ھەممىسىگە تىن - ئاسايىشلىق ئېلىپ كېلىدۇ، جان تىنچلىقنى تارتۇق قىلىدۇ، ئۆز تىرىكچىلىكىگە نەزەر تاشلاتقۇزىدۇ.

ئاشۇ خۇدا بەرگەن كارامەتلىك كۆن ئۆز نۆۋىتى بىلەن ئۆتۈپ كېتىدۇ، يەنە ئۇنىڭ بۇ ئېقىمغا ھېچنەرسە كاشىلا بولالمايدىغاندەك تۇيۇلغان ئىدى، بىراق، ھېلىھەم كۆزگە كۆرۈنمىگەن، ھېلىھەم يېتىپ كېلىۋاتقان ھەمدە ئۆزى ھەققىدە باشقىلارغا بىلدۈرۈش ئۈچۈن، پىنھان رەۋىشتە قۇۋۋەت يىغىشقا باشلىغان بىر ۋەقە ئاستىرتتىن يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئادەملەر بىر يەرگە يىغىلىشى كېرەك ئىدى. ناھايىتى كۆپ ساندىكى كىشىلەر يىغىلىپ، بولۇشىغا دىمى ئىسسىپ، ئاممىنىڭ ئەتراپىغا زىچ، ھەمدە مەھكەم توپلىنىشى كېرەك ئىدى.

روبېرت بورك سائىتىگە قاراپ قويۇۋاتاتتى ۋە ئوردوكنىڭ سايلامچىلار بىلەن ئالدىدا بولىدىغان ئۇچرىشىشىنى شۇنچىلىك بىر ھاياجانلىنىش بىلەن پرزىدىنتلىق كرىسلوسىغا يېتىش ئۈچۈن بورك ئۆزى نۇتۇق سۆزلەيدىغاندەك، گېزىتچىلار ئېيتقاندەك ئۆتۈۋاتقان ۋاقىتتا قولغا ئېلىپ كىشىلەرنىڭ ئىشەنچىسى بىلەن قوللىشىغا ئىگە بولۇشنى مەقسەت قىلغاندەك بولۇپ تۇرغانلىقنى بايقىدى، نېمە ئۈچۈن؟ قانداق سەۋەب بىلەن بۇنچە ئىچ سىقىلىپ تۇرغانلىقنى بوركنىڭ ئۆزىمۇ چۈشەنمىدى، بار بولغىنى سايلام ئالدىدىكى ئىجتىمائىي پائالىيەتنىڭ يۈرگۈزۈلۈشىدىكى ئادەتتىكى ئىش -

كۆشلەرنىڭ بىرى، ئالاھىدە ھېچنەرسىسى يوق، ئۇندىن قالسا دېيىشكە تېگىشكىلى بۇ ھەقتە ئويلاپ كۆرۈشنىڭ كېرىكى بارمىدى؟ قاتارىدىكى ۋەقەگە بۇنچە ئەھمىيەت بېرىشنىڭ، ئاڭا ھېچ بىر زۆرۈرىيىتى يوق نەرسە ئۈچۈن بۇنچە سىقىنىشنىڭ كېرىكى بارمۇ زادى؟ ساراڭلىققۇ بۇ! ۋىجدانلىق بولۇپ چىقىپ كېلىۋاتقانلىقىنى قارا.

بىراق، ئۇ ئۆزىگە قانچىلىك تەسەللىي بەرمىسۇن ئوي ـ پىكرى ئورنىغا كەلمىدى، ئۇ جېنىنى قويىدىغان جاي تاپالمىدى، ئۇنىڭ سىرتقا چىققۇسى، كەڭرى باغلارغا بارغۇسى كېلىۋەردى، ئادەتتە يىراققا بارماي ئۇيان ـ بۇيان مېڭىپ ياكى بولمىسا قۇمغا سىرلىق بەلگىلەرنى قىلىپ ئوچۇق دەرىزە ئارقىلىق ئۇنقويغۇدىن چىققان مۇزىكىنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلايتتى، ئۇ ھازىرمۇ ئاڭلاۋاتاتتى. بىتخوۋىنىنىڭ سىمفونىيىسىدىن، ئۇنىڭ ئالەمىي كامالىتىدىن ۋە كۈچ ـ قۇدرىتىدىن ئۇ كۆڭۈلنى خۇش قىلىدىغان ئاسايىشلىقىنى ئىزلىگۈچى مۇزىكا كۆپ قېتىم ئاڭلىتىلىۋاتقاندەك، ئۇنى ئالاقىزادە قىلىشقا، باشقا دۇنياغا، باشقا ئوي ـ پىكىرلەرگە، كۆتۈلمىگەن ئويلار بىلەن خىياللارغا ئېلىپ كېتىشكە ئىشىنەتتى. چۈنكى، ئۇ يەردە تالاي رەت شۇنداق قىلىپ ئۆزى بىلەن ئۆزىلا بولاتتى، مۇزىكا بۇ كۈنىنىڭ قۇۋۋىتىنىڭ سانسىز تارىلىپ تارقىلىشىنىڭ بىرى، ئۇ كائىناتنىڭ تۈپۈر ـ تۈپۈرىدىن چىقىدۇ،لېكىن كومپوزىتور بولسا راداردەك، مۇزىكىنى كائىناتتىن ئاڭلايدۇ، ئۇنى فورمىغا سالىدۇ، تەڭكەش قىلىدۇ، كونسېرت ئاڭلانغادەك قىلىدۇ، دەپ تەپەككۇر قىلغاننى ياخشى كۆرىدۇ، باشقىچە ئېيتقاندا، مۇزىكا بۇ ئالەمدىكى ماكان بىلەن زاماننىڭ ئاۋازغا ئايلىنىشى، ئەلۋەتتە، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ «ئىختىرا»لىرىنى ھېچكىمگە تىنىپ باققان ئەمەس، ئېيتسا كىشىلەر ئاڭا كۈلۈشىدۇ، ھەتتا ئايالى جېسسىمۇ بىلمەيدۇ، ئۇنىڭ يەنە تېخى بىر نەزەرىيىسى بولۇپ، ئۇ

نەزەرىيىنىمۇ ھېچكىمگە ئېيتمىدى، بىراق بەزىدە ئۇ نەزەرىيىسى توغرۇلۇق بىراۋلارغا سىر ئاچقۇسىمۇ كېلىدۇ، مۇزىكا دەپ ئويلىنىدۇ، ئۇ گاھىدا ئادەملەرگە ئۆز ئۆمرىنىڭ تراگېدىيىلىك ، ناھايىتىمۇ قىسقىلىقىنى، كەملىكى تولۇقلاش ئۇچۇن بېرىلگەن نەرسە. ئادەم مۇزىكا ئاڭلاۋاتقاندا، مۇزىكىغا بېرىلىپ كەتكەندە ئۇ ئادەمدىن تاشقىرى كاتېگورىيىگە ئۆتىدۇ، مەڭگۈلۈك ئېقىمغا قوشۇلىدۇ، ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۆمرى ئۇزىرىدۇ، ئەبەدىيلىك بىلەن ئۇچراشقاندا، بەلكىم، ئونلىغان يىللارغا، يۈزلىگەن يىللارغا ئۇندىن تېخىمۇ ئۇزاق يىللارغا ئۇزىرىدۇ، ھە، بەلكىم ئۇنىڭ تەبىئىيىتى ھېچقاچان ئېچىلمايمۇ قالىدۇ.

بۇ قېتىم مۇزىكىنى بۇنداق قوبۇل قىلىشقا مەلۇم بىر ئوڭايچىلىق، مەلۇم بىر خىل كەيپىيات، دۇئا قىلىش ئالدىدىكىدەك، دېڭىزغا سەپەرگە چىقار ئالدىدىكىدەك كەيپىيات كېرەك ئىكەنلىكىنى بورك چۈشەندى، ئاڭا بۇگۈن دەل ئاشۇلار يەتمەي تۇرىدۇ، شۇنداق قىلىپ مۇزىكىمۇ ياردەم بېرەلمىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە جېسسىنىڭ بىر ئىشقا كۆڭلى بارمىدى، ئىش تۇگەپ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆيلىرىگە قايتىپ ياكى شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك يوللارغا ھەرىكەت بىلەن جۆنىشىپ، توسالغۇلار كۆپىيىپ تۇرغان چاغ ئىدى، بورك ھەتتا ئۆيدە قاۋلىپ قالغاندكە بولدى، ئىش يۈرۈشمىدى، شۇنداق قىلىپ تېز پۈتتۈرەي دېگەن نەرسىگە قولى بارمىدى، «مۇنبەر» تەھرىراتىدىكىلەرنىڭ ئۇ ۋەدە قىلغان ماقالىنى ئىمكان بولسا تېزرەك تاپشۇرۇۋالغۇسى كەلدى. ئۇ بولسا گېزىت بەتلىرىدە كۈچلۈك تەسىرىنى چۈشۈرۈپ قويماي، كېچىكتۈرمەي ئېلىش كېرەكلىكىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ ئۆزىنى كومپيۇتېرنىڭ ئالدىدا مەجبۇرلاپ ئولتۇرغۇزمىدى، ئانچىكىم بولسا يەنە تېخى تۈن نىسبىدە ئىشلەيمەن، گېزىتتىكىلەرنى ئۈياتتا قالدۇرماي دەپ ئۆزىنى

رىغبەتلەندۈرۈپ، توختىماستىن ئۆزىنى يەنە ھەرىكەتلەندۈردى، ئۆتكەننى يېزىۋالاي، جان سەكراتتا چۈشتى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىرگە قەغەزگە پۈختا تېكىست چۈشىدۇ، دەپ ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال بولدى، ئۇ بۇنى ئۆزىدىن سېزىپ تۇردى، تېكىست ئۇنىڭ كاللىسىدا يامغۇر ـ يېشىندىن كېيىنكى چۆپتەك ئۆسۈپ چىقتى، مەزمۇنىنىڭ ئۆزى قەغەزگە ئۆزلۈكىدىن چۈشۈشنى ئۆتۈنۈپ تۇردى.

ئۇ كۈتۈشكە تېگىشلىك بولمىغان، ئاڭا بىھاجەت بولغان، نەرسىنى زارىقىپ كۈتۈپ ئىش قىلمىدى، بۇ شەھەرنىڭ خەلق ئەڭ زىچ ياشىغان ۋاقتىدا كىشىلەر سىقىلىپ تۇرغان مەلۇم تەنتەربىيە زالىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان سايلام ئالدىدىكى زور نامايىش، نىمىگدۇر ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدا پىشايۋاندا، چىملىقلاردا ئۇنىڭ ئىرەم بېغىدا ئۆتكەندەك سېزىلدى، ئۇنىڭ ئۆيىنى زور بىر توپ كىشىلەر قورشاپ ئېلىپ، دېمىنى سىقىپ تۇرۇۋاتقاندەك قىلاتتى، ئۇ ئۆزىنى ئۆزى خىيال سارىغى دەپ تىللىدى، بولمىسا قانداق قىلىپ كۆز ئالدىغا كەلتۈرسۇن؟

ئۇ بىردەم ئۆيگە كىرىپ، بىر دەم قايتىدىن سىرتقا چىقىپ ئۇيان ـ بۇيان مېڭىۋەردى، سائىتىگە قارايدۇ، يېقىملىق مۇزىكا قۇلىقىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ، تېلېفونىنىڭ خېلىغىچە تىنماي جىرىڭلىغىنىغا قارىماي جاۋاب بەرمىدى، مېھمانخانا ئۆيىدىكى چوڭ تېلېۋىزورغا يېقىنلىمىدى، ئالدىنئالا ئۇنى قويغۇسى كەلمىدى، بۇ ۋاقىتتا سانسىز قاناللاردا نىمە بېرىلىۋاتقانلىقىغا قارىماي تۇرۇپلا ئېيتسا بولىدۇ، بايىقى، تېلېۋىزىيىدىكى توپىلاڭغا جىسسىمۇ قارىمالدى، ئۇ جىنىنى قويارغا جاي تاپالماي قالدى، ئۇ ئويىنى بىر يەرگە يىغالمىدى، بىراق تېخىمۇ ئېغىرئويلارمۇ كېلىپ قېلىپ تۇردى، مىسالى، ئۇنىۋېرسىتېتتا، ئۇلار ئەمەس «مۇنبەر»نىڭ مۇخبىرلىرى بىلەن بولغان

سۆھبەتتە، نېمەئۈچۈندۇر كائىنات كاھىنى فىلوفېينىڭ مۇراجىئىتىنى، پەقەت رىم پاپاسىغا بېغىشلانغىنى يوق دەپ ئويلاپ قالدى، ئۇ ھەقىقەتەندىمۇ بۇنىڭ بىلەن رىم پاپاسى ناھايىتى مۇرەككەپ ئەھۋاللاردا قالغانلىقىنى ئوڭاي چۈشەنسە بولىدۇ ـ دە، نېمە قىلىش كېرەك؟ مۇنداق ئادەتتىن تاشقىرى، ھەتتا ئاقىۋەتى جېدەللىك بولۇپ قالغۇچى، نەدىكى بىر ئۆزىنى كاھىن، دەپ ئاتىغان نېمىنىڭ مۇراجىئىتىگە نەشىر ـ ئەپكارلار ئارقىلىق جاۋاب بېرىش كېرەكمۇ ياكى ئۇنداق ئەمەسمۇ، ھەمدە جاۋاب بېرىش كېرەك بولسا نېمە دەپ جاۋاب بېرىش كېرەك؟!

كاسساندرا ھامىلىلىرىنىڭ قىيىن مەسىلىسى ھەممە يەردىكى مۇھاپىزەتچىلەر بىلەن بەس ـ مۇنازىرىلەرنىڭ نۇقتىسى بولغاندا، ھەر قانداق، بىر قانداق دىنلاردا بولۇپ كۆرۈلمىگەن، داۋالغۇشنىڭ باشلىنىشىنىڭ مۇمكىن ئىكەنلىكىنى روبېرت بورك كۆز ئالدىغا ئېنىق دانىمۇ دانە كەلتۈردى، فىلوفېينىڭ باياناتىنىڭ يولىدا تۇرغان قورقۇنچلۇق ئىشلارنىڭ بىرى شۇ ئىدى.

خۇدا بىلەن قول يەتمەس بىرلىكىشنى، چاڭقىغان ئادەم روھىنىڭ مەڭگۈلۈك ئۇمتۇلۇشىنىڭ ئازابىنىمۇ، ئەسلىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان دىنلارنىڭ شۇنداقلا دەرىجىدە ئۆز بىلىنگىنى بار، خۇدا خۇداسى بىلەن ئۇندىن قالسا، خۇدا ھەممەيلەنگە ئورتاق، بىراق ئۆزىنىڭكى ئۆزدەك، ئۆزگىنىڭكى ھامىنى ئۆزگىنىڭكى، ئۆز بىلەن ئۆزگە ئۆز ئارا سىغىشمايدىغان نەرسىلەر، ھەر قانداق دىنلارنىڭ چىنلىقا ئىگە بولۇشىدىكى ئۆز بەھرىمەنلىكلىرىنىڭ ئېنىقلىنىاردا خالىسلىقتىن تېيىشچانلىقى قۇرۇپ نۇمۇسچانلىقى، ئۆزۈمچىلىكىمۇ مانا مۇشۇنىڭدىن، بۇ نېگىزدىن داھىيلارنىڭ دۇنياۋى قۇرۇلمىلىرىدا قارىمۇ ـ قارشى تۇرۇشنى يەنە ئۆز نۆۋىتىدە، دىنغا ئىشەنگەن

ئاممىنىڭ بىر ـ بىرىدىن چەتنىشىنى، ئۆز ئارا چۈشىنەلمەسلىكىنى پەيدا قىلىدۇ، شۇ سەۋەبتىن فىلوفېينىڭ باياناتىنىڭ قانداق ئەھۋالدا بولمىسۇن ياكى كائىنات كاھىنىنىڭ قارغىشىغا تارتىپ يەنە شۇنىڭ بىلەن سىياسىي كاپىتال يىغىپ ياكى كاسساندرا تامغىسىنىڭ ئاشكارلىنىشىنى ئۆز تەلىماتىغا ئوڭايلاشتۇرۇپ شۇنىڭ ئۆزى بىلەن تەسىر دائىرىسىنىڭ چوقۇنغۇچىلىرىنى كېڭەيتىش ۋە دىنغا ئىشەنگەنلەرگە تەسىرىنى يۇقتۇرۇش ئۈچۈن ھەر بىر دىنلارغا بەلگىلىك بىلەر كۈچلەر تېپىلىدۇ، دەپ ئويلىدى، روبېرت بورك، دەسلىپىدە بىرەرسىنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇپ ئۇنىڭغا ئۆلىنىپلا ھەر قايسى دۆلەتلەردە قىدىرىپ يۈرگەندىكى ھەر قانداق خەلقئارالىق ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنلىرىدا قىينىلىپ ئويلىنىپ، ئويلىغانلىرىنى تېزدىن تېزئېيتىشقا ئۆلگۈرەلمەي يۈرگەندىكى خىياللار ئۇنىڭ ئويىغا قايتىدىن كەچتى. ئەگەر يەر يۈزىدىكى ھەر بىر كىشىنىڭ بارلىق دىننى قوبۇل قىلىشىغا ئەركى بولسا، ئەگەركىشى ھەممە يەردە ھېچ نەرسە بىلەن كۈچلۈك قائىدىلەنمىگەن بولسا، ئەگەر كىشى ئەلۋەتتە خۇداغا ئىشەنسە، ئۇنىڭغا بارلىق مەۋجۇد دىنلار ئوخشاش ئۆلچەمدە يەنى ئوخشاش بولسا،ئاڭا «ھالەت، ۋەزىيەت» دېگەندەكلەرىلەن تەئەللۇق بولغۇچى ھوقۇق بېرىلگەن بولسا، ئۇ باشقا بارلىق دىننى تونۇمىغان قايسى بىر ئايرىم دىنىي تەشكىلات ياكى جەمئىيەتنىڭ ياكى دىنىي مەزھەبنىڭ ياقلىغۇچىسى بولماستىن دۇنياۋى دىنلارنىڭ قۇرۇلتايلىرىنىڭ ئەزاسى بولالىسا يەنە ئۇ ئۆزىنى خىرىستىيان، مۇسۇلمان، ھىندى دىنى مۇخلىسى دەپ سايلىيالىسا ھەم ھېچقانداق باھانە ـ سەۋەبسىز تونۇلغان بولسا ،يەنە شۇ قاتاردىكى دىنلارغا ۋە ئېتىقادلارغا ئۇنىڭ مۇھەببىتى ۋە ھۆرمىتى بولسا،ئۇنىڭ شۇ چوقۇنغۇچىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنى تونىسا يەنە ئۇنىڭ مەپكۇرەلىرى بىلەن نۇرمىلىرىنى، مەزھەپچىلىكى بىلەنلا ئەمەس

ھەممە دىنىي ئىدىيىلەرى بىلەن نورمىلىنىپ ئەركىن قوبۇللانسا نېمە بولماقچى؟ ئايرىم ئىنسانىنىڭ تۇرمۇشى قانداق ئازابقا چۈشمەكچى، بۇ ئادەم تەقدىرى قانداق قىسمەتتە بولماقچى، دېگەن ئويلار ئىدى، ئۇنداقتا ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا دىنىي مىجەزدىكى يوشۇرۇن ۋە ئوچۇق توسالغۇلار بولمايدۇ، بۇ ناھايىتى چوڭ شەھەرلەردىكى ھەم كىشىلەر زىچ ياشىغان دۆلەتلەردىكى كۆپ دىنىي، ئۆزى ئېتىقاد قىلغان، ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جامە ۋە قەۋملەر ئۈچۈن ئېنىق ناھايىتى مەلۇم، بەلكىم ئىشنىڭ مۇنداق ئەھۋالى ئادەم ھاياتىنىڭ يۈكىنى خېلىلا يەڭگىللىتىپ تۇرمۇشىنى رىتىمغا كەلتۈرۈشى مۇمكىن، بەلكىم بارلىق دىنلار ئۆز ئالدىغا ھەم بىر بىرى بىلەن زىددىيەتتە بولۇشماي، بەلكى رىجەلىشىپ كىشىگە تۇشمۇ ـ تۇشتىن چىقىدىغان شۇنداق بىر تارىخىي دەۋر كەلگەندۇر؟ شۇنداقتا 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى ئادەم بۇرۇنقى بوغۇنلاردىن پەرقلىنىپ، بارلىق دىنلار مېنىڭكى، مەن بارلىق دىنلارغا چوقۇنىمەن، مەن بارلىق دىنلارنىڭ ئىخلاسمەنلىرىنىڭ ئىبادەتخانىلىرىغا كىرىپ تېۋىنىشىغا ھەقلىقمەن، بارلىق ئىبادەتخانىلارغا مەن يات ئەمەس، زىيارەتچى دەپ ئېيتىشقا ھەقلىق بولدۇق، مەن خىرىستىئان بولۇپ تۇغۇلغان، چوقۇندۇرۇلغان، قۇرئان كەرىمنىڭ سۈرىلىرى بىلەن كۆمۈلىمەن، بۇگۈن مەن پراۋسلاۋىيانلار بىلەن پراۋسلاۋىيان دىنى مۇخلىسى بولىمەن، تۈنۈگۈن، مەن مۇسۇلمانلار ئارىسىدا مۇسۇلمان ئىدىم، ياپونىيىدە بۇددىغا تايىنىمەن، شىۋىتسىيىدە لىيوۋتېرنىڭ تىزىسلىرىنى قايتلايمەن... خۇداغا بولغان ئېتىقاددىكى مەن ھېچكىمگە يات ئەمەسمەن، يەنە بىزنى ياراتقان ئىگەمگە ئامدەمنىڭ بارلىق تىللىرىدا ھەم دىئالېكت ـ شېۋىلىرىدەئىلتىجا قىلغان دۇئالىرىمنىڭ ھېچقايىسىسى ماڭا يات ئەمەس، بارلىقىمىزنى بىردەك تىڭشىغان، سادىر قىلغان ئىشلىرىمىزدىن بىردەك

ئازاب چەككەن ھەم ئەقىل ـ پاراسىتىمىزگە ياخشى ئىشلىرىمىزگە يارىشا بارلىقىمىز ئۈچۈن ئالەمنىڭ ئىشكىنى بىرەك كەڭرى ئاچقان، ياراتقان ئىگەمگە مەن يات ئەمەسمەن....

دىن ئومۇمىيلىق، ئۇ ھەتتا بىر دىندىكى خۇدانىڭ مەپكۇرەسىنى سۈلغۇن قىلىپ كەمسۇندۇرمايدۇ، ئۇنىڭ تەتۈرچە، ئاڭا ھەممىباب، ئوچۇق دىنامىكىلىق سۈپەت بېرىدۇ، ھەممىدىن ئەھمىيەتلىكى ناھايىتى ئوبدان نەزىرىيەنىلا ئەمەس، بەلكى دىنىنىڭ دەسلەپكى ماھىيەتلىك ئويۇن قاتارىدىكى ۋاجىپ ئىشلاردىكى ئاساسىنى، دىنىنىڭ ئادەمنى سۆيۈپ قەدىرلىگۈچى نېگىزىنى ئېچىشتۇر.

بۇ ھەممىدىن بۇرۇن ئادەمنى تاڭ قالدۇرغۇچى ۋەبەلكىم ناھايىتى بىمەنە سەپسەتە كەبى مەپكۇرە ئىكەنلىكىنى، ئۇ ئىشقا ئاشمىسۇن بۇ ھەقتە ئۆز ئالدىغا ئىچ ـ ئىچىدىن ئويلىنىشقىمۇ بولىدىغانلىقىنى، بۇنىڭغا ئوخشىغان دۇنياۋى مىقيادىكى ئوينى ئېيتىشقا دىنغا ناھايىتى بەك بېرىلگەنلەرنىڭ ئار ـ نومۇسىغا، تىرىكلىك ئوڭايلىقىغا شەك كەلتۈرۈش ئۈچۈن بۇنداق مەپكۇرەنىڭ ئادەمنى دەسمايە قىلىپ سالىدىغانلىقىنى ئەسكە ئالىدۇ، ناھايىتى ساق، ناھايىتى پاك بولۇش كېرەكلىكىنى ئەلۋەتتە بورك چۈشىنىدۇ، دەل شۇ سەۋەبتىن كېلەچەكشۇناس بورك كۆڭلىنىڭ قات ـ قېتىغا ئورنىغان ئويلىرىنى ئاشكارىلىماي غايىۋانە دىنىي دۇنياۋىلىق جىددىيلىكىنى چىنلىقىنىڭ ئۆزى قاتارىدا، ئادەملەرنىڭ ھەم دىنلارنىڭ يېڭى روھانىي مۇناسىۋىتىنىڭ ناھايىتى زۆرۈر مودېلى قاتارىدا ئۆزىدىن ـ ئۆزى تەيىن بولۇپ تۇرغاندىمۇ، ئېيتىشقا ئاغزىنى شۇمەيلەپ كېلىپ گېپىنى يەنىلا يۇتۇۋەتكەن، بۇ خۇدانى ئىزدىگۈچى، باشقىلارنىڭ «ئاغزى»غا ئۇمتۇلغان، رىقابەتچى مۇخلىسلارنىڭ ھەر تەرەپلىمە ھەرىكەتلىرى ئەمەس، بەلكىم بىرلەشكەن

قەدىمى ئىدى.

يەككە، كۆپ ئېتىقادچىلىق مەپكۇرەسىنىڭ، مۇرتلۇق روھانىيەتنىڭ ئاشكارىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقى، قانداق چۇقان-سۈرەن كۆتۈرۈلىدىغانلىقى، ئۇنىڭ شورلۇق پىشانىسىغا قانداق تاشلارنىڭ، چالمىلارنىڭ ئېتىلىدىغانلىقىنى، قانداق گۇناھلار، قانداق ئەيىپ ئارتىلىدىغانلىقىنى، قانداق دۇنياۋى بىدئەتچىلىك بىلەن ئەيىبلىنىدىغانلىقىنى ئۇ ياخشى چۈشىنىدۇ. ئەگەر مەنسەپپەرەستلىك بىلەن مەنپەئەتپەرەستلىك ئادەم تەبىئىتىگە دەسلەپتىلا تەئەللۇق بولغان بولسا يەنە تېخى ئادەمنىڭ بىئولوگىيىلىك سۈپىتىگە يېقىنلاپ تۇرسا بۇنداق ھەرىكەتلەرنىڭ بولۇپ تۇرغانلىقىدىن شەك كەلتۈرمەسلىك كېرەك. شۇنداقتىمۇ ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ پەيغەمبىرى ئۇچۇن ئىزاھ بولغان، باشقا دىنلارنىڭ سەل قارىشى بىلەن قوللاشقا ئىگە بولغان، مۇسۇلمانلار ئىمامى تەرىپىدىن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان شور پىشانە سالىمان رەشىدنىڭ تەقدىرى ئۇنىڭكىگە قارىغاندا، خېلى بەكلا يەڭگىل ھېسابلانسا بولغۇدەك، مەيلى قانداق بولمىسۇن سالىمان رەشىد ھازىرچە پاناھلىنىدىغان چاشقان تۆشۈكىنى بولسىمۇ تاپتى. ئەگەر دىنغا پۇتكۇل ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلگەنلەرنىڭ كۆپ دىندارلىققا قېلىشىنى ياقىلىغان ئادەمنىڭ ئۇنداق مۇمكىنچىلىكىنىڭمۇ بولماي قېلىشى تولۇق مۇمكىن،ئاشۇنداق دەرغەزەپلىك دىن مۇخلىسلىرى تەرىپىدىن بارلىق يەردىن قوغلاپ سۈرەپ قىلىنغان يەنە بارلىق يەردىن ھەيدەلگەن ئۇ كاپىرغا يەر يۈزىنىڭ شورلۇق بېشىنى تىقىۋالىدىغان ئورۇن تېپىلماسمۇ؟ ئۇ پاناھ ئالىدىغان يەر ھېچقاچان، ھېچ يەردە بولماسمۇ؟ «مۇنداق ئەھۋالدا ساڭا كائىناتقا، فىلوفېيگە قېچىشلا قالىدۇ، دەپ ئۆز ـ ئۆزىدىن شىلدىڭلاپ، ئۇيغا پاتتى روبېرت بورك، توساتتىن

ئۇنىڭ بېشىدا بىر ئوي يالت قىلىپ چاقناپ قالدى. ئۇندىن قالسا تەقدىر فىلوفېيىنى قول يەتكۈزەلمەس بۇيۇكلۇكتىن ئادەملەرگە ئاتىنىڭ قاشقىسىدەك كۆرۈنگەن چىنلىقنى ئېيتىش بېرىش ئۈچۈن كائىناتىي ئوربېتاغا چىقارغاندۇر؟». مانا مۇشۇنداق ئويلار بىلەن هالاك بولۇپ يېتىپ، بورك ئاز يەردىن سايلام ئالدىدىكى ئۈچرىشىشىنىڭ ئۆلاپ كۆرستىلىشىنىڭ باشلىنىشىنى ئۆتكۈزۈۋېتىشكە تاسلا قالدى. سائىتىگە قارىسا ئالتە بولۇپ قاپتۇ، ئۇ مېهمانخانا ئۆيىدىكى تېلېۋىزورغا قاراپ ماڭدى. دەل ۋاقتىدا تېلېۋىزورنى ئېچىپتۇ، رىياسەتچى تېلېۋىزور كۆرۈرمەنلىرىنى «ئالفا بېيسبول» تەنتەربىيە زالىدىن پرزىدېنتلىققا ئۆز ئالدىنچە نامزات بولغان ئولىۋېر ئوردوكنىڭ سايلامچىلار بىلەن يولۇقۇشىنى بىۋاستە ئۆلاپ كۆرستىشنى كۆرۈشكە ئېكرانغا چاقىردى.

ئاڭغىچە تەنتەربىيە زالىدىن كىشىلەر يايلاقتا يىلقا ئۇيۇرلىرىدەك كۆرۈندى. مىغ ـ مىغ ئادەمنىڭ سانى يوق، ئەڧىر مۇناردىن هەرىنىڭ غۇڭ ـ غۇڭ ئاۋازىدەك بوش ئاۋاز ئاڭلاندى، بوركنىڭ كۆز ئالدىدىن ئادەم يۈزلىرى، ئۇلارنىڭ قانداق ئولتۇرغانلىرى، مىڭلىغان هەر خىل تۇستىكى ئادەملەر بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈۋاتاتتى، ئۇچرىشىش بولىدىغان يەردىن كېلەچەكتىكى پرىزدېنتلىق نامزاتىنىڭ گورۇهىدىكىلەرنىڭ راۋۇرۇس ئىشلىگەنلىكىنى بىلىشىپ تۇردى، تەنتەربىيە زالىنىڭ قۇببىسى ئالدىدا ئوردوكنىڭ كۇلۇمسىرىگەن پورترىتى تارتىلغان زور هاۋا شارى بوشلۇقتا بالقىپ تۇرغان ئىدى، هەر قايسى يەردە: «ئۇ پۇقرالارنىڭ تەلىپىنى بىلىدۇ!»، «ئوردوك ـ ئەتىكى پرزىدېنت!»، «ئوردوك يېڭى ئېكولوگىيىلىك مەسىلە هەققىدە ئىلتىماس قىلىدۇ!»، «ئىشسىزلار ئوردوكقا ئىشىنىدۇ!»، «ئايالالار باراۋەرلىكىنى تەلەپ قىلىدىغان خانىم ـ قىزلار ئىمتىيازتەلەپ قىلىشماقتا!»،

«ئاۋازىمىزنى ئۆزىمىزنىڭ ئوردوكىمىزغا بېرەيلى!» دېگەندەك لەۋھە، شۇئارلار، تەشۋىقات ۋاراقلىرى، ئوپېراتورلار، پلاكاتلارنى تېخىمۇ ئېگىز كۆرسىتىشىپ، چېۋەر ئىشلىشىپتۇ.

بۇنىڭغا ئوخشاش خېلى كۆپ ئۇچرىشىشلارغا لايىق ھەممە ئىشلار ماسمۇ ـ ماس يۈز بېرىشكە باشلىدى، چۇقان ـ سۈرەن، گۈمبۈرلىگەن مۇزىكا، سىياسىي تەھلىلچىلەرنىڭ كۈچىگەن ئۈنلىرى، تەرتىپنى كۆز چىمىلداتماي كۆزىتىپ تۇرغان ساقچىلار، ئولىۋېر ئوردوكنىڭ ئۆزىنىڭ ئولتۇرۇشى ھەم سەلتەنەتنىڭ سەۋەبكارىغا ئېرىشكەنلىك ئىدى. ئۇنىڭ ھەرىكەت ـ قىلىقلىرى ئىشەنچلىك، ئۆزى ئوتتۇرا بويلۇق نېمە، بۇ چوڭ گۆشلۈك، تومۇرلىرى يوغىنىغان بوينىنى سۇرتۇپ بېشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ مەغرۇر ئولتۇرىدۇ، ئاقارغان، يالانغان لەۋلىرىگە تەبەسسۇمى يارىشىق بېرىپ شۇنداق جانلىق تەبەسسۇمنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى ئايارلىقى بىلەن چاپسانلىقىنى كۆزلىرى سىرلىق يوشۇرۇپ تۇردى. ئۇ ئۆز بويىنىڭ پاكارلىقىنى سەگەكلىكى، ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنىڭ ماسلىقى ئاۋازىنىڭ ئالاھىدە يېقىملىقلىقى بىلەن تولۇقلانغان، چىش قاقىقان رىياسەتچىنى ئەسكە سالىدۇ، ئوردوك زالدىكىلەرنىڭ ياخشى نىيەتلىك چاۋاك چېلىشلىرى ئالدىدا، يان بېسىشقان كېڭەشچىلىرى بىلەن ياردەمچىلىرىنىڭ قوللىشىدا مۇنبەرگە باردى، پرزىدېنتلىككە نامزات كۆرىنىۋر زامات توپلىشىپ تۇرۇشقان سۈرەتلىك تەپسىلىي خەۋەر ئىشلىگۈچىلەر پاي ـ پېتەك بولۇشۇپ توغرىلاپ، ئاپپاراتلىرىنى پۇلاڭلىتىشىپ، چىرق ـ چىرق نۇر چاقنىتىشىپ، جانلىرى قىينىلىپ كېتىشتى، ئەفىر ۋاقتىنىڭ بىر مىنۇتقا يېتىپ ـ يەتمىگەن مەزگىلى ئىچىدە كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىشنىڭ ئاتموسفېراسى نامايىش باشلىنار ئالدىدا قانداق بولۇشى كېرەك بولسا نەق ئاشۇنداق بولدى، يەنە بۇ پائالىيەتتىكى ئامېرىكىچە

دېموكراتىيىنى، سايلام ئالدىدىكى ئىجتىمائىي پائالىيەتنىڭ جىددىيلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئوچۇق بىلدۈردى.

نېمە بولغانلىقىنى چۈشىنىش قىيىن بولغان بىر كۈن كەچكە تىنچسىزلانغان، زارىقىپ ئىچ ـ ئىچىدىن دەردىنى تىنماي كۈتكەن بوركىنىڭ يۈرىكى بولۇۋاتقان ئىشلارنى سېزىپ رېتىملىق سوقۇشقا چۈشتى، ئۆزىنى ئاشكارە گۇمانخورلۇقى ئۈچۈن ئەيىبلىدى.

ئۇنىڭ كۆڭلى ھەقىقەتەندىمۇ پەقەتلا ئولىۋېر ئوردوكقا بۆلۈنگەن كىشىلەرنىڭ بۇ توپىدا مىكروفوندا كۈچەيگەن ئىدى، ئۇنىڭ سۆزى ناھايىتى كەڭرى زالنى زىلزىلىگە سېلىپ، بىر ـ بىرىنىڭ كەينىدىن ئېقىپ چىقىرىلىۋاتقاندا ھەددىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان بىر نەرسىنى بايقاش قىيىن ئىدى، ئوردوك خېلى دۇرۇس سۆزلىدى، ھەممە كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەرنى قوزغىدى، سۆزى جايىغا تەگكەندە، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدىكىنى تېپىپ ئۇنىڭ سۆزى بىر نەچچە رەت چاۋاكلار بىلەن تولۇقلاندى، پرزىدېنتلىقتا نامزاتلىقىنى، ئۆزىگە بولسا سىياسىي ئىشەنچ تېپىش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەنىنىڭ ھەممىنى قىلدى، كۆپچىلىكنى قانائەتلەندۈرۈشكە، كۆپچىلىكنىڭ كۆڭلىنى مايىل قىلىشقا،بېقىندۇرۇشقا ھەرىكەتلەندى،ئۇ مۆھلىتى پۈتۈپ كېلىۋاتقان پرزىدېنتنى ئاياۋسىز تەنقىدلىدى، پارلامېنت ئەزالىرىنى، ئۇلارنىڭ بەلگىلىك خىراجەتلىرىنى، قايسى بىر ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار بىلەن ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنى، مالىيە قۇرۇلمىلىرىنى تەنقىدلىدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىرگە يەنە ئايرىم ـ ئايرىم بىر ئىشنى ئايىغىغا يەتكۈزگۈدەك قىلمىغان، بىرەر ئىشنى باشتىن باشلاپ پۈتتۈرمىگەن، كىرىملىرىنى يوشۇرغان، مانا بۇ ئولتۇرغانلىرى مۇمكىن بولغان بايلىقنى ئاجرىتىشقان نېمىلەر، لېكىن ئولىۋېر ئوردوك بولسا شۇنىڭ ھەممىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە يەنە كۆپ

ھەسسىلىنىپ قايتۇرۇپ بېرىشكە ۋەدە بەردى، نۇتۇقنىڭ شۇ يېرى كۆچلۈك چىقتى. زال پۈتۈنلەي دولقۇنلىدى. ئوردوكنىڭ كۆڭلى يورۇپ كىشىلەر ئالدىدا يۈلتۇزى ياندى، ئۇنىڭ ئامىتى كەلدى.

روبېرت بورك بىلەن تۇنۇگۈن تېلېفوندا سۆزلەشكەن سۆزلىرىنى قانچىلىك سەۋىيىدە ئېسىدە تۇتۇپ ئالغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئوردوكنى مىدىرلاتماي دىققەت بىلەن بايقاپ ئولتۇردى، ياق، كائىنات كاھىنىنىڭ مۇراجىتى ھەققىدە ئوردوك ھازىرچە ئېغىز ئاچمىدى، بەلكىم شۇنداق قىلىشمۇ توغرىدۇر! بەلكىم بۇنداق چوڭ سىياسىي يىغىندا ئۇنداق مەسىلىنى قوزغاشنىڭ كېرىكى يوقتۇر؟ بەلكىم ئوردوك، كۆپچىلىكنى سۆزگە قىزىقتۇرۇپ، كۈندىلىك ھاياتنىڭ ھەممە كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلىرىنىڭ چاتقال، توقايلىرىغا ئېلىپ كېتىپ، شۇنىڭ بىلەن تەرتىپ-مىزانلارنىڭ ئايىغىغا چىقاي دەپ تۇردىمىكىن؟ بىراق ھەر قانداق بولغاندىمۇ كۆپچىلىكنىڭ كۆڭلىنى ئارامىدا قويماي،قىلوقېي پەيدا قىلغان غەلىتە ھادىسىدىن ئۆتۈش ئوردوكنىڭ قولىدىن كەلدى، زالدىكى مىكروفوندىن بېرىلگەن ئەڭ دەسلەپكى سوئال دەل شۇ ھە قتە بولدى.

- 140ئوردوك ئەپەندى،- دەپ چاقىرغان ئايالنىڭ سەل چىڭراق ئۈنى ئاڭلاندى،نام -شەرىپىم ئانناسىمىت، مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىمەن، «مۇنبەر»دە ئېلان قىلىنغان كائىنات كاھىنى..... قىستاڭچىلىقتىكى مىكروفوننىڭ يېنىدا تۈپتۈز بولۇپ ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ تۇردى.

-توساتتىن قاتتىق دولقۇن ئۇرۇلغان كېمىدەك بولۇپ زالدىكى ئەل قوزغىلىپ كەتتى، گۇلدۇرلەپ چىققان ئۈنلەر تېزلا بېسىلىپ ھەممە جاۋاب كۈتۈپ تۇردى، بۇ ئادەتتە ھالقىلىق پەيت دەپ ئاتاپ قويۇلىدىغان ۋاقىت ئىدى.

ـ 141شۈنداق، ھۆرمەتلىك ئاناسىمىت، ـ دېدى بىر تىنىقتىن كېيىن ئولىۋېر ئوردوك ھەم شۇ پەيتتە پۈتۈن بەدىنى قورۇلۇپ، ئۆڭ ـ سۆلى ئۆزگىرىشكە باشلاپ، ـ بۇ مۇراجىئەتنى ئوقۇپ چىقتىم ھەم ئۇ ھەقتە كۆپ ئويلاندىم، بۇقېتىمقى ئۇچرىشىشىمىزدا مەنمۇ بۇنداق سوئالنىڭ سورىلىشىنى كۈتكەن ئىدىم، يوشۇرغانغا نېمە بولاتتى، ئەلۋەتتە سايلام ئالدىدىكى ئىجتىمائىي پائالىيەتكە ئۇنىڭ تۈزدىن ـ تۈز، بىۋاستە كېرىكى يوق دېگەن، بىراق سىلەرنىڭ تىنچىڭلارنى ئالغان نەرسە، ھۆرمەتلىك سايلامچىلار، مېنى دىققەت ـ ئېتىبارسىز قالدۇرمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مەسىلە، مېنىڭ ئويۇمچە بارلىقىغا مۇتلەق جاۋاب بېرىشقا تېگىشلىك، شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھالدا ئېيتاي، دېگەن ئويۇم مۇنداق، ـ دەپ سۆزىنى ئۇلىدى ئوردوك، ئەلۋەتتە، مەن بۇنداق سىياسەتتىن چەتنىگەن مەسىلىگە ئانچە نەزەر تاشلىمىغان، بىراق، ئويۇمچە، كاھىنىنىڭ تېخىمۇ ئېنىق ئېيتقاندا، زامانىمىزنىڭ چوڭ ئوقۇمۇشى فىلوفېينىڭ باياناتى ئادەم بالىسى ئۇچۇن سىناق مەزگىلى كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ تۇرىدۇ، ئۆزىمىزنى ھەددىدىن زىيادە باھالاپ يۈرۈپتۇق، ئەستاغپۇرۇللا، ھەممىڭلار، گېزىتنى ئوقۇدۇڭلار، گەپنىڭ نېمە ھەققىدە ئىكەنلىكىنى بىلىسىلەر، فىلوفېينىڭ بەرگەن مەلۇماتى يېقىنلاپ پاجىئە ھەققىدە ئەسكەرتىش سۈپىتىدە قوبۇل قىلىش كېرەك، شۇنداق ئەمەسمۇ؟!

بۇ چاغدا مۇخبىرلار تېلېۋىزىيە ئوبيېكتىلىرىنىڭ كۆزلىرىدىن بىر نەرسىدىن خەۋپسىرەپ كۈتۈپ ئولتۇرغان يۈزلىرىنى، چىرايلىرىنى، ھەر قانداق ئەھۋالدىكى ئۇچۇرلىرىنى چوڭايتىپ كۆرسىتىپ زالدا مېڭىپ يۈردى، روبېرت بورك شۇ پەيتتە زالدا بولماي قالغانلىقىغا ئۆكۈنۈپ، ئېكران ئالدىدا ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى، ئوردوك كىشىلەرنى ئىشەندۈرەلەمدۇ؟

ـ 141ئەمدى نېمە قىلىش كېرەك؟141 دەپ سورىدى ھېلىقى مۇئەللىمە

تىپتىنچ قالغان تىنچلىقتا، ئۇنىڭ سوئالى ئاق كۆڭلىدىن چىقىپ چارىسىزلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى.

142ـ مېنىڭچە،ـ دېدى ئولىۋېر ئوردوك،ـ ھەر بىر ئادەم ئۆزى ھەل قىلىشى كېرەك، زال ئىچى غۇلغۇلا بىلەن تولدى، بۇنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا،ـ دەپ ئوي يۈگۈرۈتۈشكە باشلىدى ئوردوك، زالدىكى غۇلغۇلىنى بېسىشقا ھەرىكەتلىنىپ، ئۇنداقتا، ئەلۋەتتە مەيلى ئىجتىمائىي، مەيلى فىلوفېي بىلدۈرگەندەك بىئولوگىيىلىك بولسۇن پاجىئەنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تېگىشلىك پروگراما ئىشلەپ چىقىمىز، كاسساندرا ھامىلىلىرىنىڭ قىيامەت قايىملىق رېئاكسىيىسىنىڭ، باشقىچە ئېيتقاندا، ھاياتلىقتىن باش تارتىشقا ئۇمتۇلغۇچى ھادىسىلەرگە قارشى كۈرەش قىلىش چارىلىرىنى تەييارلىشىمىز زۆرۈر.

ـ 142ماڭا سۆز بېرىڭچۇ؟142 دېگەن يەنە بىر ئايالنىڭ ئۇنى ئاڭلاندى، قايرىلما ياقىلىق، سېرىق كۆڭلەكلىك، قولىقىدا مېتال ھالقا ۋالىلداپ تۇرغان قارا چاچ، قارا چىرايراق كەلگەن، تەرىگە قارىغاندا، ئارغۇن دەپ ئويلىغۇدەك بىر ئايال قەدىمىنى ناھايىتى تېز ئېلىپ سىقىنچلىق ۋە قىستاڭدىكى مىكروفونغا كەلدى،ـ مەن گەپ قىلماسلىقتا چىدىمىدىم، يەنە تېخى بىر ئېيتماي قويۇشقا تېگىشلىكمۇ ئەمەس،ـ دېدى ئۇ ئىككى تەرىپىگە قارىۋېتىپ،

ـ شۇنداق، بىزنىڭ كوچا ـ كوي، مەھەللىلەردىكى ھاياتىمىز پۈتۈنلەي يەڭگىل ئەمەس، بىراق بىز دائىما بالا تاپساق دەپ كۈتۈپ بالىلارنىڭ تۆرەلگىنىگە خۇشاللىنىپ كەلگەنمىز، شۇڭلاشقا بۇ ھاياتىمىزغا ھېچكىم ئارىلاشمىسۇن، كائىناتتىكى كاھىنىنىڭ نېمە كارى بار؟! نېمە ئۈچۈن ئۇ شەخسىي تۇرمۇشۇمغا ئارىلىشىدۇ؟ مەن ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي قارشىمەن!

زالدا قايتىدىن غۇلغۇلا باشلاندى، ئۇلتۇرغانلارنىڭ بەزىلىرى توغرا دېگەندەك باشلىرىنى لىڭشىتتى، ئايرىملىرى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ قوللىرىنى پۇلاڭلىتىشتى، قوللاشقانلىرىنى بىلدۈرۈشتى.

ئوردوك ئىگىر بىلەن ئاق تەنلىكتىن بولغان ئارغۇن ئايالنى تىنچىتىشقا ھەرىكەتلەندى.

ـ توغرا، مەن سىزنىڭ دېگىنىڭىزنى چۈشىنىۋاتىمەن، ئايىم، بىراق كاسساندرا تامغىسىنىڭ پەيدا بولۇشى بىزگە باش ئەگمەيدۇ، بىز ئۇنىڭغا مەۋجۇت رېئاللىق، چىنلىق سۈپىتىدە قارىشىمىز كېرەك.

143 ـ ئەگەر كېلەچەكتىكى پرزىدېنتلىق ئورۇندۇقىدىن تۇرۇپ ھېلىقى كائىناتتىكى كاھىننى ياقلايلى دېسەك، ئۇنداقتا سۆز باشقا! ئۇنداقتا ئۇ بۇياققا كەلسۇن، بىزگە، ئايالالارغا ئېيتىپ بەرسۇن، ئۆزى بېرىۋېلىپ بىزنى تىللاپ، ئەدەپلەپ تۇرغان ئاسمىنىغا بىز نېمە گۇناھ قىلغان ئىكەنمىز!، ـ ئايال ھالقىلىرىنى تېخىمۇ يالتىرىتىپ، تېخىمۇ ئەدەشكە باشلاپ، چۆرىسىدىكى ئۆزى بىلەن تىلەكداشلارنى ھەۋەسلەندۈردى، بەلكىم ئۇ ئۆزى ئۆيىدىمۇ شۇنداق قىلىپ ھازازۇللىشىدىغان نېمىدۇر ۋە بەلكىم ئۆز ئۆيىدە ئەمەستۇر، «بەختسىز، شورپېشانە،ـ دەپ غودۇرىدى روبېرت بورك،ـ نېمە دېگەن پاجىئەلىك يېڭىلىشىش، ئۇ بايقۇش ئازاب تارتىۋاتىدۇ، ئۇنى توغرا چۈشەنسەك بولىدۇ».

ئايال بولسا بايىقىدىنمۇ كۈچەپ يۇلقۇنۇۋەردى:

ـ 143ئۇنى دانىشمەن، ئوقۇمۇشلۇق دەپ سىزگە ئېيتىش ئوڭاي، ئۇ بىزنىڭ كۆزىمىزنى ئاچقان ئىمىش، ئۇ مەن ئۈچۈن ئوربېتادىكى بۇ تىپ 143 ئەخمەق!،ـ دەپ قىيقىرىدى ئايال تىلىدىن زەھەر چىقىپ، شۇ ۋاقىتتا غولغۇلىغا تولغان زال ئىچى ئىمتاس بولۇپ كۆزلەرمۇ چىمچىقلىتىلماي

قالدى. ھېچكىم ئۇنى چەكلىگىنى يوق، ھېچكىم جامائەت تەرتىپىنى ساقلاشنى ئېسىگە ئالمىدى، ئوڭايسىز ئەھۋالدا قالغان ئولىۋېر ئوردوكمۇ ئۇ ھەقتە ئەسكەرتىش قىلىشقا ئۇرۇنمىدى، ئۇنىڭغىچە ئامېرىكىدا شۇ سائەتتە تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرغانلارنىڭ كۆپىنىڭ ئاغزىنى ئاچقۇزۇپ، كۆڭۈلنى لال قىلغان كۆرۈنۈش بولدى.

ـ 144مانا، كۆرۈڭلار، يوشۇرىدىغان ھېچنەرسەم يوق، مانا قاراڭلار، مەن نېمە قىلىشىم كېرەك؟! دەپ قىيقىرىدى ئايال، ئەمدىلا دەم ئېلىپ ئاندىن كېيىن ئۆزىنى ـ ئۆزى كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن كۆرسىتىپ، ـ مانا بىر نەچچە كۈندىن بېرى چېكەمدە ھېلىقى پالاكەتلىك داغ، كاسساندرا تامغىسى كائىناتتىكى شەيتاننىڭ ئېيتىشى بويىچە بۇ شۇملۇق، شۇنداق ئاتىلارمىش!، ـ ئايالنىڭ يۈزى تېلېۋىزىيە ئېكرانىدىن شۇ چاغدا چوڭ كۆرسىتىلىپ چىقىپ قالدى، ماڭلىيىدىكى كۆرۈنۈپ تۇرغان قارامتۇل قىزىل داغ، خەۋەر بېرىۋاتقاندەك ئۆچۈپ ـ يېنىپ دانەك ھالىتىدە كۆرۈندى.

ـ 144مەنمۇ نېمىلەرنى قىلمىدىم، يۈز ماي، ئۇيىمۇ ئىشلىتىپ كۆردۈم،ـ دېدى ئايال لەۋلىرىنىڭ دىرىلدەپ تىترىشىنى ئالقىنى بىلەن توسۇپ، پايدىسىز، يوقىتالمىدىم، كۈندۈزىمۇ، تۈن نىسپىدىمۇ دېمەك مەن ھېلىقى كائىناتتىكى يالماۋۇزنىڭ نازارەت ئوبيېكتى ئىكەنمەن ـ دە؟ دېمەك، ئۇ مېنى كۆزگە نۇقتا قىلىپ كۆرۈپتۇ، ئۇ، سېنىڭ ھامىلەڭ، ساڭا قارشى، ئانىسىغا قارشى، ھاياتقا قارشى ئۇنى ئۆلتۈرسۇن! دەپ مەلۇمات بېرىپ تۇرىدۇ، دېگىنى توغرا! دېمەك، ئۇنىڭ تۇغۇلغۇسى كەلمەيدۇ، ياشاشتىن قورقىدىكەن ـ دە؟ شۇنداقتىمۇ؟ ئۇنى ھاياتتىن كۆڭلىدىن قالدۇرغان كىم؟ تېخى تۇغۇلمىغان نېمىسىنى ئۆلۈمگە كىممۇ تۇرتىدۇ، يورۇق دۇنيادىن باش تارتىشقا ئۇنى كىم مەجبۇرلاۋاتىدۇ، كىم ئۇنى مېنىڭ شەخسىي تۇرمۇشۇمغا ئارىلاشقان؟

مېنى كائىناتتا تۇرۇپ نەدىكى بىر بالايى ـ ئاپەتنى تاپقۇچى نۇرلار بىلەن نۇرلاندۇرۇشقا قانداق ھەققى بار؟ بىز بۇ يەردە ئولتۇرىمىز، ئۇ بولسا، ھېلىقى بىزگە دانىشمەن دېگەن فىلوفېي كائىناتتىن نۇرلار ئىبەرتىپ، ئايالLARدىن كاسساندرا ھامىلىلىرىنى ئىزدەۋاتىدۇ، ئامالىمىز قانچە؟ مېنى يالغۇز دەپ ئويلامسىلەر؟ شۇ زالدا ماڭا ئوخشاش ئايالLARمۇ بەلكىم ئولتۇرغاندۇر، بەلكىم ئۇلار ھېلىھەم پىشانىسىدە كاسساندرا تامغىسى بار ئىككەنلىكىنى بىلىشمەس؟! قېنى، ئەمدى مېنى نېمە قىل دەيسىلەر، ئەل ـ جامائەت، مەن قانداق قىلىشىم كېرەك؟ ياشاشتىن قورقىدىكەن، دەپ ئىچىمدىكى ھامىلىنى ئۆلتۈرەيمۇ؟ دېمەك، مەن، مېنىڭ تەقدىرىم، ھاياتىم ئاڭا بىر تىيىنچىلىكمۇ ئەرزىمەيدىكەن ـ دە؟ ياكى بولمىسا مەن ئاڭا يەر يۈزىدىن بېھىش تەييارلىشىم كېرەكمۇ؟! قانداق قىلىپ تەييارلايمەن، يا پەرۋەردىگار ئۇنداق بولسا قېنى! بىراق دۇنيانى تۈز يولغا سېلىش قولۇمدىن قانداقمۇ كېلىدۇ؟ ياكى مەن ئېسىلىپ ئۆلۈشۈم كېرەكمۇ؟145 ئايال شۇنداق دېدى ـ دە، بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى، بېشىنى ئۇيان ـ بۇيان چايقاپ چېچىنى يۇلۇشقا باشلىدى، ئالدىنقى قاتاردىن كىمدۇر بىراۋلار يۈگۈرۈپ كېلىپ، قۇچاقلاپ، قارماپ ئېلىپ چىقىپ كېتىشتى.

زالدا قايتىدىن گورىستاندىكىدەك تىنچلىق ھۆكۈم سۈردى، مىڭلىغان كىشىلەر ئۈندىمەي ئولتۇرۇشتى، ھەممىسى دېگۈدەك ئولىۋېر ئوردوكنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇشۇپ قېلىشقاندەك ئىدى، تېلېۋىزىيە كامىرالىرى سەھنىدىكى ئولىۋېر ئوردوكنى كۆرسىتىشمەي، بىردەم ئولتۇرغانلارنىڭ چىرايلىرىنى كۆرسىتىپ، بىردەم ئومۇمىي مەنزىرىنى بېرىپ تۇردى، بىر مەھەلدىن كېيىن ئېكراندا ئوردوك كۆرۈندى.

ـ 145بۇ يەردە بارلىق سوئاللارغا جاۋاب بېرەلەيمىز دەپ ئويلىمايمەن،

بەلكىم ئاتايىن،ـ دەۋاتقاندا ئۇنىڭ نۇتىقىنى زال ئىچىدىكى بىرسىنىڭ ئۈنى بۆلۈۋەتتى.

ـكەچۈرۈڭ، ئوردوك ئەپەندى،ـ دەپ گەپ باشلىدى، چەت تەرەپتىكى مىكروفوندىن بىر ئەركەك، مېنىڭ ئاتايىن دېگىنىم، سىز ئويىغىزغا ھېچقانداق يامان بىرنەرسىنى ئالماڭ، بىز سىزنى قوللايمىز، بىراق كۆرۈپ تۇرغانسىز، ھەممەيلەن تەڭلا قاتتىق دىلغۇل بولۇشۇۋاتىدۇ، مەن ۋىراچ، شۇنداق بولسىمۇ بۇنىڭ بىر مۆجىزە ئىكەنلىكىدىن تانمايمەن، بۇ ئايالنى مەن چۈشىنىمەن، ئۇنىڭ ئېغىر قايغۇسى بار، مۇنداقلاردىن يەنە قانچىسى بار دەيسىز! ئۇ ئۆزى كىم بولمىسۇن، كىمدۇر بىرسىنىڭ تۇرمۇشىمىزغا شۇنداق ئارىلىشىشىغا رۇخسەتمۇ؟! بىرىنچىدىن بۇ بىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىمىزغا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىق، بۇنىڭدا بىر سوئال پەيدا بولىدۇ، بىر دېموكراتىك دۆلەتتە ياشاۋاتامدۇق ـ يوق؟ ئىنسانىي ھوقۇقىنى ساقلاش، ھۆرمەت قىلىش دېگەن نەدە؟ ئىنساننىڭ ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلىشقا كىم پېتىنالايدۇ؟ مەيلى ئۇ ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى بولغان كۇندىمۇ، كىم بىزنى نەدىكى بىر نەزەرىيىگە يارىشا ياشاشقا ۋە ئىش قىلىشقا مەجبۇرلىيالايدۇ؟ ئەگەر مەن ئۇنى، ھېلىقى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىنى، قوبۇل قىلمىسام، ئەگەر ئۇ ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى مەنپەئەتلىرىمگە توغرا كەلمىسە، ئۇنداقتا ماڭا لابىراتورىيىلىك يول بىلەن ئاۋۇ ياكى بۇ ھايات ئوڭايلىقىنى تاڭغۇچى ھېچكىمنىڭ ھەققى يوق، مەن فىلوفېينىڭ مۇراجىئىتىنى دىققەت بىلەن ئوقۇپ چىقتىم، كۆپ ئويلىدىم، ئۇندىن كېيىن بۇ يەردە، سىزنى بەكمۇ ھۆرمەت قىلغانلىقىمغا قارىماي، سىزگە ماقۇل بولمايمەن، ئوردوك ئەپەندى، مەن فىلوفېينىڭ ئىلتىماسلىرىنى قوللاشقا مۇمكىن ئەمەس، دەپ ھېسابلايمەن، ئىلمىي كۆز قاراشتىن ئالغاندا، بەلكىم ئۇنىڭكى توغرىدۇر، بىراق

ئەمەلىيەتتىن ئۆتمىگەن، ئۇنىڭكى توغرا ئەمەس، تەجرىبە قىلىش مەنپەئەتى، مەقسىتى بىر ئەمەس!

147 ـ توغرا ئېيتىدۇ! ئەزىمەت! بەكمۇ توغرا! ـ دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ ۋارقىرىغان ئاۋازلار ئاڭلاندى، زال ئىچى قىقاس ـ چۇقان بولدى.

تېلېكامىراچىلار بىردەم ئۇ، بىردەم بۇ ۋارقىراۋاتقان سايلامچىلارنىڭ يۈزىنى كۆرسىتىۋاتاتتى، ئۇ چاغلاردا تېلېۋىزىيە ئوپېراتورلىرى ئوردوكىنى يىرىك پىلان بىلەن كۆرسەتتى، ئۇنىڭ ھالىتى ئادەمنىڭ ئىچىنى ئاغرىتقۇدەك ئىدى، ئۇ زالدا باشلانغان قىقاس ـ چۇقان قانداق قىلىپ بېسىقتۇرۇشنى، نېمە قىلىشنى بىلمەي مۇنبەردە ئامالسىز تۇردى، دەل شۇ مىنۇتلاردا بورك ئوردوكىنىڭ يۈزىدە قايتىدىن پەيدا بولغان تويۇقسىز قانداقتۇر ھېلىقى بىر يىراق تەرەپتىن چىقىپ كەلگەن، خۇپىيانە ئاچچىقلانغانلىقتىن كۆزگە سەت كۆرۈنىدىغان شورپىنىڭ كۆيدۈرۈشىدىن پەيدا بولغاندەك داغلارنى بايقىدى، يۈزىگە توساتتىن چاچرىغان بۇ شورپا قىزغۇچ تارتىپ، ئىششىق ھەم سۇلۇقتەك كۆرۈندى،ـ يىراقتىن، ئېكراندىن دەل شۇنداق تەسىرمۇ ئەكس ئېتىپ قالدۇرۇلدى، بولۇۋاتقانلارنىڭ يۈزىدىكى ئىپلاسلىقلارنىڭ بۇلىقىنىڭ ئۆزلىرى ئىكەنلىكىنى، ئادەملەرنىڭ بىلگۈسى كەلمىگەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، بوركىنىڭ ئۆزىگە يامان بولدى، بەرھەق، فىلوفېيىنىڭ چەتكە قېقىشقا مۇمكىن بولمىغان بۇيۇك كەشپىياتنى چۈشىنىشنى خالىمىغانلىق، بورك ئوردوكىنىمۇ راستىنلا ئاياپ قالاي دېدى، ئۇ بەكمۇ خۇرسىنىپ، كەمسۇنغاندەك، يۇلتۇزى يەرگە چۈشكەندەك ئولتۇردى، «تەلىيى يوق بولسىمۇ، دەپ بورك مەسىلەكدىشىغا ئىچى ئېچىشتى، ئەڭ ياخشىسى ئۇلارنىڭ قىزغىنلىقى سوۋۇپ كەتمىسۇن دېسەك، ئەپلەپ زالدىكىلەرنى ئىشەندۈرۈپ ئۆز كۆز قارىشىنى قوغداپ قالسا ئىكەن، مانا شۇندا ئۇ بۇرۇنقى پوزىتسىيىدە بولىدۇ. بىراق ئاشۇ

قولىدىن كېلەرمىكىن؟ ئاھ، ياراتقان ئىگەم، بۇ نېمە قىلغىنىڭ! بىزنىڭ كۈنىمىز يامان بولدى، بىزدە گۇناھ يوق، بىراق ئۆزىمىزگە كەلگەندە يارامسىز يەنە قارىغۇلارچە قالدۇق! شور پېشانە فىلوفېي، ھازىر مۇشۇ زالدا بار بولىسىچۇ!».

148ئوردوك ئەپەندى، سىزدىن سورىنىمەن، ئۆز نامىمدىن، ئەگەر قوشۇلمىسا، سايلامچىلارنىڭ نامىدىنمۇ سورىنىمەن، بۇ ئىشنى شۇ پېتى قالدۇرۇشقا بولمايدۇ!ـ دەپ قىقاس ـ چۇقانغا قارىماي، بايىقى مەن ۋىراچ دېگەن كىشى مىكروفونغا قىيقىرىدى، ئامېرىكىنىڭ پۇقرالىرىغا قانداق تەجرىبە بولسۇن تەجرىبە قىلىشقا ھېچكىمنىڭ ھوقۇقى يوق! ھېلىقى كائىناتىي كاھىن دېگەن نېمە پۇتكۇل ئادەمزاتقا قارىتا ئېيتىمۋاتىدۇ، ئۇ ئۇنىڭ ئۆز ئىشى، بىزنىڭ ئەمەس، لېكىن بىز ئامېرىكىلىق، بىز ئەركىن، ھوقۇقدار ئادەملەر بىز! قوشما شتاتلارنىڭ چەك ئىچىدە تەكشۈرۈشلۇق تىنىتىش بىلەن نۇرلاندۇرۇشنى يۇرگۇزۇشنى مەنئىي قىلىش زۆرۈر. ئۆز گېپىنى قىلسۇن ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدىكىلەر! ئۆز گېپىنى قىلسۇن قوشما شتات ئورگانلىرى!

ـ 148توغرا ئېيتىشىدۇ! چەكلىمە سېلىش كېرەك!ـ دېگەن ۋارقىراشلار تۇشمۇ ـ تۇشتىن ئاڭلاندى، مەنئىي قىلىش كېرەك!

ـ 148تىنچلىنىڭلار، ئىشتىراكچىلار، سىزلەردىن ئۆتۈنىمەن، خانىملار،ـ دەپ سەھنىدىكى رىياسەتچى ئۆز مىكروفوندىن تەرتىپكە چاقىرىشقا ھەرىكەتلەندى، ئۇ قىممەت باھالىق چوڭ جاھازىلىق كۆز ئەينەك تاقىغان، پارقىرىتىپ مايلانغان چېچى يۆنىلىشى بىلەن تەكشى تارالغان، كىيىنىشى قۇسۇرسىز، سالاپەتلىك ئادەم ئىدى، تەرىگە قارىغاندا ئىشنىڭ مۇنداق بولۇپ كېتىشى، ئۇنىڭ ئۇچۇنمۇ پۇتۇنلەي كۇتۇلمىگەن نەرسىدەك كۆرۈندى، ئۇ نېمە

قىلارنى بىلمەي گاڭگىراپ، گالىستوٗكىنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئوڭلاۋەردى،ـ مىكروفونغا نوٚۋەت بىلەن كېلىشىڭلارنى سورىنىمەن!ـ دېدى ئۇ،ـ مەن سىزگە سوٚز بېرىمەن، بىراق نوٚۋىتى بىلەن، سىزدىن سورىنىمەن، نوٚۋەت بىلەن، بىراق كەچ بولۇپ قالغان ئىدى، قىستاڭچىلىقتا مىكروفونلارنىڭ دەررۇ بىر نەرسە بىلدۈرۈشىنى، بۇرۇن ئېيتىلغانلارغا قوشۇمچە، ھەتتا بىر نەرسە ئېيتىشنى بەكمۇ خالىغانلار توختىلىپ تۇرۇشتى .

شۇنداق قىلىپ رىياسەتچى مىكروفونلارغا نوٚۋەت بېرىشنى قولاي قىلىش بىلەنلا ھەلەك بولۇپ قېلىشتى.

149ـ بىرىنچى مىكروفۇن! سوٚز ئىككىنچىدە! مەرھەمەت! ئۈچىنچى مىكروفۇن! بەشىنچى، يەتتىنچى، ئونىنچى....

مىكروفوندىن مىكروفونغا چىقىپ سوٚزلىگۈچىلەرنىڭ تېز ئۆچۈرلىرى كوٚزگە كوٚرۈنمىگەن ئوت بولۇپ يۈگۈردى، ئويلار بىر ـ بىرىگە ئەگەشتۈرۈلگەنسېرى گەپنىڭ پوس كاللىسى ئېيتىلىپ،ئويلارنىڭ ماھىيىتى فىلوفېينىڭ كەشپىياتى بىلەن مەپكۇرەلىرىنى قەتئىي قوبۇل قىلماسلىقتا، ئۇنى ئوربېتادىن قوغلاپ چىقىرىشقا، كەسكىن چاقىرىقلارغا، كائىناتتا دۇنياۋى چېقىمچى، ئاي ـ ئالەمنى قالايمىقان قىلغان جېدەلخور لوٚكچەك دېگەنگىچە بېرىپ تاقالدى: تېخى يەنە بىراۋ، رۇس مۇھاجىرلىرىدىن بولسا كېرەك، فىلوفېينى ھەتتا ك. گ. ب نىڭ جاسۇسلىرىنىڭ بىرى، بۇزۇق ئاياللارنىڭ ئارقىدىن نازارەتكە سېلىپ قويغان كائىناتتىكى مۇشتۇمزور ئايغاقچى دەپ تاشلىدى، ھەتتا بىراۋ: بۇ فىلوفېي دېگەن روسىيىنىڭ كائىناتقا تاشلانغان تىنچ ئوٚزگەرتكۈچى جاسۇسى، ئاڭا ئامېرىكىنى ئىچىدىن بۇزۇپ يېرىپ يوق قىلىش، جەمئىيەتتە ئىرسىي بومبىنىڭ پارتلىتىشىنى پەيدا قىلىش تاپشۇرمىسى بېرىلگەن دېسە، ئۇندىن كېيىنكىسى بۇ خەلقئارالىق قارا قول

تەشكىلاتىدىكىلەرنىڭ قىلغىنى، ئۇ هازىرقى جەمئىيەتنى قىلچىمۇ ئۆزگەرتمەي نازارەتكە ئېلىش ئۈچۈن قانداقتۇر دۇنياۋى پائالىيەت ئويلاپ تېپىپ ئولتۇردۇ، دېگەن پەرەزلەرنى ئېيتتى، يىغىلغانلارنىڭ بېشىغا كەلگەن يەنە هەر قاندىقى بىرىدىن ـ بىرى قورقۇنچلۇق پەرەزلەرنى ئېيتىشتى، ئۇندىن سىرت قارا نىيەتلىك بىلەن يۈزى قارالىققا ئەزەلدىن قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان، ئەمەلگە ئاشقان سۆزلەر ئېيتىلىپ، ئاشۇ كائىناتىي دېگەن ئېنىقلىغۇچىنى قوشۇپ،«كائىناتىي فائوست» قىلىپ چىقتى.

بىراق قانداقلا قىلمىسۇن كۆپچىلىكى چىن دىلدىن كاللىسىدا بار بولغان چۆچۈشلىرىنى يوشۇرماي ئېيتىشتى، ئەلۋەتتە جىمى ئادەم بىر كىشىدەك فىلوفېيگە، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي، بىئولوگىيىلىك كەشپىيات ـ ئىختىرالىرىنىڭ رايىنى ئۇچۇرغان ئاڭ ـ سېزىم بىلەن ئەقىل ـ هۇشىنىڭ قانداق بولمىسۇن هەيدەپ چىقىشىنى كۆزلەپ، قارشى بولۇشتى، بۇ چاغدا ئۇلار هەممىدىن بۇرۇن ،ئەسىرلەردىن ئەسىرلەرگە هېچقانداق «كاسساندرا بەلگىسى» بىلەن كارى يوقلا ئۆلۈپ، ئۆسۈپ يەنە گۈللەپ راۋاج تېپىپ كېلىۋاتقان ئىنسانىيەت تارىخىغامۇراجىئەت قىلىشتى،ئاشۇنىڭ هەممىسى هەقىقەتەندىمۇ قاتتىق تەسىر قالدۇرۇدى، بولۇپمۇ ئاياللار كۆز ياشلىرىنى ئاقتۇرۇپ، ساقلاپ قېلىڭلار، ئۇلارنىڭ شەخسىي تۇرمۇشلىرىدا تاپقۇر نۇرلارنى ئارىلاشتۇرماي قوغداپ قېلىڭلار دېگىنىدە، ئۇندىن كېيىن ئاخىرىدا سۆزنىڭ يۈرۈشىدە كائىناتىي كاهىنىنىڭ مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ ئۆزى قولغا ئالسۇن، ئادەمزاتنى قوغداپ قېلىش مەقسىتىدە چارە كۆرۈش ئۈچۈن مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىغا مەسىلە ـ پىكىر قويۇلسۇن، دېگەن تەلەپلەر ئېيتىلدى.

مانا مۇشۇلارنىڭ هەممىسىنى كۆرۈپ ئولتۇرۇش روبېرت بوركقا ئېغىر، ئازابلىق بولدى، هەمىشە ئېتىراپ قىلىش ئانچە قىيىن بولمىغان، يارالغان

كۆندىن تارتىپ كۆتۈلۈپ كېلىۋاتقان تاشقى دۇنيانىڭ دۇنياۋى پاجىئەسى بىلەن ئەمەس، بەلكى تۈگىمەس ـ پۈتمەس، ئۇلاشقانسېرى ھىيلىگەرلىكى ۋە باغرى تاشلىقى ئارتىپ بېرىۋاتقان، قارا سانىغان، ھارام ئىشلارنى پەيدا قىلغان، نەسىل قوغلىشىشنىڭ تېگى ـ تېگىدە پىنھان ئېلىپ بېرىلىۋاتقان، كېلەچەكتىكى ئاخىر زاماننىڭ ھە قىقىي ماھىيىتىنى ئېچىپ كۆرسىتەي دېگەن فىلوفېينىڭ ھەربىكىتىنى كىشىلەرنىڭ كۆپچىلىكى چۈشەنمەي تۇرغانلىقىغا روبېرت بورك قايغۇرۇش بىلەن ئۇناۋەردى، ئەلمىساقتىن بېرى قىلىپ كېلىۋاتقان ھارام ئىشلىرى ئۈچۈن، خۇدا بەخشەندە قىلغان ھايات ئالدىدىكى گۇناھى ئۈچۈن جاۋاب بېرەر كۈن كېلىدۇ، دېگەن ئادەمدىكى مەڭگۈلۈك، تۇغما تۇيغۇ بىلەن كەلگەن قورقۇنچ ئۇنى قويۇۋەتمىدى، ھەمدە ھايات ئاڭا بىرلا قېتىم ھەدىيە قىلىنغان بولۇپ قايتىلانمايدۇ، ھەر بىرى مەڭگۈلۈك ئەمەس، ئۇزاق ۋاقىتقىچە بېرىلگەن. . . . ئۇزايدىن ھاياتلىق زامان بىلەن ماكاندا ئاخىرقى چەككە يەتكەن يەنە چەكلەنگەن.

ئولىۋېر ئوردوكنىڭ ئەھۋالى كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان ئىدى، ئۇنىڭ بىر پۈتىنىڭ گۆرگە ساڭگىلاۋاتقانلىقىنى بورك بىلىپ يەتتى. ئوردوكقا قانداقتۇر بىر سەۋىيىدە ئەسكەرتىشىمۇ، ۋەقەنىڭ مۇشۇنىڭغا يېتەرىنى ئالدىنئالا كۆرەلمىگىنىگە ئۆزىنى گۇناھكار ھېسابلىدى.

ئوردوك ھەقىقەتەندىمۇ ئەخمىقانە ئەھۋالدا قالدى، ئاڭا ھېچكىم دىققەت بۇرىماي قالدى، بۇ ئۈچرىشىشقا لازىمى يوقتىنىمۇ بەتەر ھالەتتە ئوردوك مۇنبەردە يالغۇز قېلىۋەردى. بارلىق ئېيتىلغان سۆزلەر ۋە تەنىلەر پۈتۈنلەي فىلوفېيگە بېغىشلاندى، قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشى مۇشۇ يىغىلىش ئۇيۇشتۇرۇۋاتقان ئوردوك ئەمەس ئىدى، كائىنات چەكسىزلىكىنىڭ قايسى بىر

يېرىدە يۈرگەن فىلوفېي بولدى، قىستاۋچىلىقتىكى مىكروفونلارنى ئاۋا، پرزېدېنتلىق نامزاتلىقىغا ئەمەس، كاھىن فىلوفېيگە بىر نەرسە ئېيتىش ئۈچۈن يۈلغانلار ئىگىلىۋالدى، ئۇ نېمىگىدۇر مۇنبەردە چوقچىيىپ تۇرۇۋەردى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىداھەممە بازارغا ئايلاندى،ئۆز بۇرچىنىڭ ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكى ھەققىدىكى ئويغا سايلامچىلار بىلەن تېلېۋىزىيە كۆرۈرمەنلىرىنى ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن ھازىرلانغان تەييارلىقلار بىلەن چارىلەرنىڭ ھەممىسى زايا كەتتى، ئوردوكنىڭ كۆلۈمسىرىگەن پورتىرىتى ئېسىلغان تەنتەربىيە زالىنىڭ قۇببىسى ئالدىدىكى ھاۋا شارى كۆلكە قوزغايدىغان بىر نەرسىگە ئايلاندى، ئۆزى بولسا چارىسىز قېلىپ، ئۇنىڭدىن، تېيىپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي دەلدەيدى. ئاۋا كېڭەشچىلىرى بىلەن يارەمچىلىرى يۈگۈرۈپ كېلىشىپ، بىر نەرسىلەرنى پىچىرلاشماقتا، بىراق ئۇ بولسا خۇددى بىراۋنى كۈتۈۋاتقاندەك مۇنبەردە تۇرىدۇ، كۆزلىرى ئالاچەكمەن ئېچىلىپ، يۈزىنى پۈتۈنلەي شورپىنىڭ كۆيدۈرگىنىدەك داغلار قاپلىغان، بۇ تولۇق ۋەيران بولۇش، پۈتكۈل مەملىكەت ئالدىدا ۋەيران بولۇش ئىدى.

نامايىشچىلار دەرياسى باشقا ئېقىم بىلەن ئاقتى، ئەگەر چۆكۈپ بېرىۋاتقان بىر تال سامان تاشلانمىغاندا، كىم بىلىدۇ ئاخىرى نېمە بولىدۇ، سەھنىگە ئاۋغىچە جانلىق چامداپ قەيەردىندۇر بىر ياش يىگىت سۈرۈلۈپ چىقىپ كەلدى، ئۇمۇ گالاستۇكىنى تەكرار ئوڭشاپ قويۇپ چىقىپ سۆزلەشكەنلەرنىڭ تەرتىپىنى ساقلىتىشقا، پايدىسىز ھەرىكەت قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان رىياسەتچىنىڭ يېنىغا كەسكىن سىگىپ كەلدى ـ دە، بىر نېمە دەپ تۇرۇپ، قايرىلىپ قاتتىق ئۈن چىقاردى:

ـ توساتتىن كېلىپ قالغانلىقىم ئۈچۈن كەچۈرۈپ قويۇشۇڭلارنى سورىنىمەن، بەكمۇ ئەھمىيەتلىك بىر نەرسىنى ئېيتقۇم كېلىۋاتىدۇ!

ـ غولغۇلا پەسىيىشكە باشلىدى، زال خىلىغىچە گورىستاندەك تىنچىپ قالدى، ئەمدى بىر سىكۇنتنىمۇ بىكارغاكەتكۈزمەسلىك كېرەك ئىدى.

ـ نام ـ شەرىپىم ئەنتونى يۇنگېر، ـ دەپ ئۆزىنى تونۇشتۇردى توساتتىن پەيدا بولغان يىگىت.

ـ 153ئەنتونى يۇنگېر، مۇشۇ ئىكەندە كۆزگە سىغىشلىق يىگىت ئىكەن!» دەپ ئويلاپ قالدى روبېرت بورك.

ـ ئىسمىم سىلەرگە ھېچنەرسە بىلدۇرمەيدۇ، ـ دېدى يۇنگېر، بىراق مەن يەنە بىزنىڭ گۇرۇھنىڭ سىلەردەكلا سايلامچىسى مەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئوردوك ئەپەندىنىڭ گۇرۇھىدامەن، ئۇنىڭ مەسلىھەتچىلىرىنىڭ بىرى بولىمەن، دىققەت ئاغدۇرۇپ قويۇشۇڭلارنى ئۆتۈنىمەن، بۇ يىغىلىشىمىز بىزگە كائىناتتىن تاشلانغان مەسىلىلەرنىڭ مۇنازىرىسى ئەمەس، بەلكى پرزىدېنتلىككە نامزات بولغان ئادەم بىلەن ئۇچرىشىشقا بېغىشلانغان، شۇڭلاشقا سايلام ئالدىدىكى مۇنازىرىمىزنى داۋاملاشتۇرغىنىمىز تۈزۈك، ھەمدە فىلوفېي ھەققىدە باشقا بىر پۇرسەتتە سۆز قىلساق، چۈنكى بايقىشىمىزغا قارىغاندا، بۇ ئاجايىپ خەۋەر توغرىسىدا يەنە كۆپ قېتىم ئويلىنىشقا يەنە بەس ـ مۇنازىرە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، شۇڭا بەلگىلىمە بويىچە ئىشلەشنى، ئىلتىماس قىلىمەن، ئوردوك ئەپەندىنى فىلوفېينىڭ مەسىلىسىگە ئالدىراتماي، ئۆزىنىڭ يەكۈن سۆزىنى ئېيتىپ بېرىشىنى سورىنىلى.

بۇ بەكمۇ دەل جايىنى تاپقان تەدبىر، چاتاقنىڭ تۈلۈمى تېشىلدى، بورك ئەنتونى يۇنگېرگە رازى بولدى، پەرەز بىلەن ئۇنى ئاشۇنداققۇ دەپ ئەسلىگەن ئىدى، ئۇندىن باشقا ھېچكىم، ئۇنىڭ ئىچىدە بورك ئۆزىمۇ كۈتمىگەن ئىش بولدى.

ـ ئوردوكمۇ باھا بېرىش كېرەك،ـ ئۇ مەدەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈش

مۇمكىنچىلىكىنى كەتتۈرۈپ قويغىنى يوق.

ـ 154تۇغرا، سۆزۈمنى داۋاملاشتۇراي،ـ دەپ دەررۇ تەييار تۇردى ئۇ، مۇشۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن قانداقتۇر بىر ئۇچقۇن يالت ئېتىپ قالدى، كۆز ئېچىپ يۇمۇشنىڭ ئارىلىقىدا ئۆزگەرگەن يۈزگە قارىغاندا، ئۇنىڭدا بىر نېمە بولۇپ ئۆتتى،ـ شۇنداق، ھۆرمەتلىك سايلامچىلار، ھازىر ئەنتونى يۇنگېر ئېيتىپ ئۆتكەندەك بۇ يەردە سۆزۈمنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن تۇردۇم، بىراق، بىر ئەرزىمەس تۈزىتىش كىرگۈزمەكچىمەن،ـ ئۇ ئولتۇرغانلارنى قىدىرىپ سىناق كۆزى بىلەن قاراپ تىنىم تاپتى ـ دە، مۇنداق چۈشەندۈردى: مەن دەل ئاشۇ فىلوفېي تۇغرىسىدا ئېيتماقچى مەن،ـ دەپ تەكىتلەپ كۆرسەتتى، مەن بۇ يەردە مىكروفونلاردىن ئېيتىلغانلارنى داۋاملاشتۇرۇپ،بىزگە كائىناتتىن پسىخولوگىيىلىك ھۇجۇم قىلغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك نەرسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىرسىي ۋەزىيىتىمىزنى كەسكىن رەۋىشتە تەنقىدلەپ سۆزلىگۈم كېلىدۇ، مەن بۇلار توغرۇلۇق بىرىنچى قېتىم سۆز قىلماقچىمەن، چۈنكى، مەن سايلامچىلارنىڭ، كىشىلەرنىڭ ئويى بىلەن ياشايمەن، بىز مانا بۇ يەردە جىممىمىز بىللە، ماڭا بۇ ھەممىدىن ئەھمىيەتلىك، بۇ يەردە مىكروفونلاردىن ماڭا روھىي جەھەتتىن يېقىشلىق سۆزلەر سۆزلەندى، مەنمۇ بۇ توغرۇلۇق، ئامېرىكىنىڭ دېموكراتىيىسى ئۈچۈن بېرىپ تۇرغان يوقىرى نەرق بولۇپ سانالغان، بىزنىڭ ھوقۇقلىرىمىزغا يەنە ئەركىنلىكىمىزگە كائىناتتىن قىلىنغان قۇلاق ئاڭلىماس مۇداخىلە توغرۇلۇق، پەرەز بىلەن شۇنداق ئويلىدىم، فىلوفېي كائىناتتىن بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزغا ئارىلىشىۋاتىدۇ، دەپ بۇ يەردە توغرا بەلگىلەندى، مەنمۇ ئاشۇنى توغرا دەپ ھېسابلايمەن، مەن ھەتتا بىر نەرسىنى قوشۇمچە قىلار ئىدىم، ئۇ بۇنى خالامدىكىن، خالىمامدىكىن، ئاخىرى كېلىپ بىزنىڭ دېموكراتىيىگە يەنە ھارام ئىش قىلىۋاتىدۇ، مۇنداق

قارىغاندا مۇمكىن ئەمەستەك، بىراق ئاشۇنداق، بۇ قارا نىيەتلىك بىلەن ئادەمنى ئۆچ كۆرەرلىك بىلەن ئويلاشتۇرۇلغان يامانلىق، سىلەر بىلەن يەنە بىر قېتىم گۇۋاھ بولۇۋاتىمىز، شەيتاننىڭ قارا يۈزلۈكىگە ھەقىقەتەندە چەك يوق، سۆزۈمنىڭ بېشىدا ئۆزۈم سۆھبەتلىشىپ كۆرگەن، بىلىملىك ھەم نوپۇزلۇق ھېسابلانغان، ئايرىم بىر بەلگىلىك ئادەملەرنىڭ پىكىرلىرىنى ئېيتىپ كېلىپ، ئۇندىن كېيىن ھەقتە ئۆز ئويۇمنى ئوتتۇرىغا سالماقچىمەن، بىراق سۆزۈمنىڭ ئىككىنچى بۆلۈكىنى ئۆتەشكە، فىلوفېينىڭ مۇراجىئىتىگە ئۆزۈمنىڭ شەخسىي مۇئامىلەمنى بىلدۈرۈشكە، ئۆزۈڭلار چۈشىنىڭلار، تېخى ئۆلگۈرمىدىم، مىكروفوندىن ئېيتىلغانلارنىڭ ھەنىۋاسى مەن ئاتايىن دېگەنلەر بىلەن دەل كېلىدۇ، مانا مۇشۇنىڭ ئۆزى پەيزى، مۇشۇنىڭ ئۆزى پوزىتسىيەمنىڭ توغرىلىقىغا مىنى ئىشەندۈرىدۇ، ھازىرقى جەمئىيەتكە توساتتىن بۇرۇن كۆرۈلۈپ باقمىغان قورقۇنچ تۇغۇلدى، دېگەن ئوي ـ پىكىرنى تولۇقى بىلەن قوللايمەن، ئۆزىنى كاھىن فىلوفېي بولىمەن، دەپ ئاتىۋالغان ئادەمنىڭ بۇ پائالىيىتى، مۇنداقچە قارىغاندا ئىرسىيەتنى تەتقىق قىلىشقا بېغىشلانغاندەك كۆرۈنگىنى بىلەن، چىن ـ چىنىغا كەلگەندە، بۇ بىر خىل مۇداپىئە، بىزنىڭ روھىمىزنى، بىزنىڭ ئۆزىمىزگە تارىخىي ئېتىقادىمىزنى، بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىزنى، ئېتىقاد ـ ئىشەنچىمىزنى دەسسەپ چەيلىتىش، ئۇندىن بايقىساڭلار بۇنداق مۇداخىلە كائىنات بۇيۇكلۈكىدىنلا يۈرگۈزۈلمەيۋاتىدۇ، فىلوفېي ئۆزىگە مەسىلەكدارلىرىنى يەردىن تېپىپ ئولتۇرىدۇ، ئۇلار بىزنىڭ ئىلىمدە يەنە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا چوڭ، قەدىرلىك ،پەرقلىق، دەپ ھېسابلانغان ئايرىم ئادەملىرىمىزدۇر، ئىشنىڭ ئەھۋالى مانا مۇشۇنداق! مانا مۇشۇ كىشىلەر فىلوفېي بىلەن بىرىكىۋېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ كائىناتتىكى ئىلھاملاندۇرغۇچىسىنىڭ شۇئارىنى چاقىرىپ، ئۇنىڭ ئىسمى

بىلەن يەردە قۇلاق ئاڭلاپ، كۆز كۆرەلەيدىغان توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە، بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئىپتىق ئىكەنلىكىگە شەك تۇغدۇرماقتا، يەنە ئەڭ مۇھىمى بىزنىڭ ئاياللارغا جىن ـ شاياتۇننىڭ بەلگىسىنى ـ كاسساندرا تامغىسىنى بىسىپ شەرمەندە قىلىشقا، ئۆزلىرىنىڭ ۋاقىت ـ سائىتىنى كۈتۈپ تەييار تۇرۇشماقتا، تاپقان ئىشلىرىغا قاراڭلار، كاسساندرا تامغىسى، ئەلگە كېلىدىغان ئاپەتلەرنىڭ ھەم قايغۇ ـ ھەسرەتنىڭ ئالدىنئالا بېشارەتچىسى! ئۇندىن قالسا ئادەتتىكىدەك ئاشۇنداق ئاتاپ ئولتۇرۇشقان يوق، نېمە دېگەن قارا نىيەتلىك نابۇت قىلىش بۇ؟ ئاشۇنداق بولغانلىقتىن تەييار تۇرۇشىمىز زۆرۈر! بارلىق مىللەتلەر تەييار تۇرۇشى كېرەك! ئاكادېمىيىنىڭ ئالىي تونىنى يېپىنىشقان فىلوفېينىڭ پىكىرداشلىرى ئادەملەرگە ئامىۋى تەشۋىقات ۋاستىلىرى ئارقىلىق تەسىر كۆرسەتمەكتە، كائىناتتىن كەلگەن يالغان پەيغەمبەرنىڭ ئېيتقانلىرىغا ئۇلارنى ئىشەندۈرۈشكە تەييار تۇرۇشماقتا. بۇنىڭدا قىلچىمۇ مۇبالىغە يوق، ئىشىنىپ قويۇڭلار، بۇ پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە قارشى ۋاقتىم، مانا مۇشۇنداق! بىئاراملىقىمىز مۇشۇ، مۆھتىرەم سايلامچىلار!

زال قارىسا شۇنىلا كۈتۈپ تۇرۇپتۇ، پرزىدېنتلىق نامزاتىنىڭ نۇتۇقىدا نامى ئاتالغان كىشىلەر ئۇنىڭغا ھەيرانۇ ـ ھەس بولۇشۇپ قاراپ ئولتۇرۇشتى، ھازىر ئولىمپىر ئوردوك ئېيتىۋاتقاندەك ھەممىسى ئۇنىڭغا يۈرىكىدىن تونەك تېپىپ، تولۇق قوللاشقا ئىگە بولدى، «ئالفا بېيسبول» تەنتەربىيە زالىدا ئولتۇرغانلار ئاشۇ سائەتتە نەپەس ئېلىشماي ئولىمپىر ئوردوكنىڭ چاقىرىقىغا، سۆزلىرىگە ھەممىسى بىر ئادەمدەك قۇلاق تۇردى، ئەلۋەتتە ئاشۇ غەلىبە كىشىلەر ئالدىدا يۈز ـ ئابرۇي چۈشكەندىن كېيىنكى ئوردوكنىڭ پۇختا غالىبىيىتى بولدى، ئۇ غالىبىيەتكە يول تاپتى، غالىبانە مانىۋىر قىلدى، ئىستراتېگىيىسىنى تەرتىپلىك ئۆزگەرتتى، ئەمدى ئاخىرقى پەللىگە يېتىشنى كۆرۈپ ئولتۇرىدۇ.

ئوردوكنىڭ ئۆزىمۇ بايىقى ئۆزى ئەمەس ئىدى. ئەمدى مۇنبەردە پۈتۈنلەي باشقا ئادەم تۇراتتى، ئولتۇرغانلارغا ئۇنىڭ هەر بىر سۆزى زايا كەتمەي تەسىر كۆرسىتىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ،ئوردوك تېخىمۇ يېلىنجىغان ئىلهام بىلەن سۆزلەپ كەتتى. بۇ ئۆزىگە ـ ئۆزى رازى بولۇشنىڭ، سۆز يەتمەس، كۆز يەتمەس مۇۋەپپەقىيەتنى سېزىشنىڭ ئاز كېلىدىغان پۇرسىتى، سۆزنىڭ ئالاهىدە قۇدرىتىنىڭ هەم قۇۋۋىتىنىڭ ئەهۋالى ئىدى، ئاشۇ ئۇنىڭ سۆزلىرى، ئاغزىدىن تېتىلىپ چىقىپ، ئەتراپىدىكىلەر بىلەن يەنە ھەممىدىن بۇرۇن، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ قاراپ ئولتۇرغان ئاياللار بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كېتىۋاتقاندەك، ئۇندىن كېيىن ئۇنىڭ ھەنىنىۋاسى، جىمىسىگە قارىماي ئەركەكلىرىمۇ، ئاياللىرىمۇ ئاشۇ جان دىللىرى بىلەن قوبۇل قىلىۋاتقاندەك سېزىلدى، يەنە داۋام ئېتىپ ئاشۇ ئۇيۇردىكى بىيەلەرگە يېڭى ئات قوشۇلغاندەك هەر بىر سۆز ئۇنىڭ كۈچىگە كۈچ قوشتى هەم شۇنچىلىك ئېنتىزار قىلغان، بىراق مۇۋەپپەقىيەتكە يېتەي دەپ قالغان يوشۇرۇن هۆكۈمرانلىق بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كېتىشنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنى بويسۇندۇرۇشقا هارماي چاقىرىق بىلەن ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىگە تۇشمۇ ـ تۇش كەلگەنلەرنى قولدىن چىقارماسلىقتا، يوقاتماسلىقتا يىرتقۇچلۇق ئەركى كۆرۈنۈۋاتقاندەك قىلاتتى. بىراق، هۆكۈمدارلىقنىڭ هەۋىسىگە پاتقۇچى ۋاقىتتا يول يامغۇردەك تۆكۈلگەن سۆزلەرگە لايىقىدا جاۋاب بېرىش بىلەن مېڭىلىدۇ، توختىماي سۆزلەنگەن نۇتۇقتا ماس هالدا قاتار تىزىلىپ ئالدىدا تۇرغان سەپنى، فىلوفېينىڭ مەپكۇرەلىرىنى ۋە ئۇنىڭ پىكىرداشلىرىنى غۇلىتىش باشلاندى، ئۇ هازىر ئولتۇرغانلارغا ئۇ توغرۇلۇق سۆز يورغىلىتىپ «هازىر مەن بىلەن بىرىشىڭلار، بەرگەن بېشارىتىم بويىچە قارماشقا چىقىڭلار!»دېگەننى بىلدۈردى.

هاي! بۇ ئولىۋېر ئوردوكنىڭ ئامىتى كېلىپ تۇرغان پەيت بولدى. زالدا

ئولتۇرغانلارنىڭ ئىچىدىن ئېكراندىن بىر نەچچە رەت مۇنبەرنىڭ يېنىدا ئولتۇرغىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس كۆرۈنگە يالغۇز بىراۋدىن باشقىسىنىڭ ھەنىنىۋاسى ئوردوكقا ھەيرانۇ ـ ھەس بولۇپ قاراپ ئولتۇرۇشتى، ئەنتونى يۈنگېرلا بىرەر نەرسە ئىرغىتىلىپ تەگمىسۇن دېگەندەك قىلىپ، ئىككى قولى بىلەن بېشىنى بېسىپ، سەھنىنىڭ چەت بۇرجىكىدە قىستىلىپ ئولتۇرغان ئىدى، ئۇنىڭ شادىدەك قولىدىن قان تومۇرلىرى بۆرجۇپ كۆپۈپ چىققانلىقى كۆزگە چېلىقىدۇ، ئۇ قىينىلىپ ئولتۇردى.

ئولىۋېر ئوردوك بولسا ھۇجۇمنى داۋاملاشتۇرۇۋە ردى، ئۇ سۆزنىڭ زالدا ئاڭلاپ ئولتۇرغانلارنىڭ ۋە ئۇندىن ئىرسىي جۇغلانمىلارنى بۇزۇشقا، ھەم پارچىلاپ خانۇ ـ ۋەيران قىلىش نىشانلانغان سەييارىلەر ئارا تەجرىبىلىرىدىن، بىزدىكى ھاياتقا ئۇمتۇلغۇچى باشلىنىشنىڭ يوق بولۇشىغا ئېلىپ بارغۇچى، جەمئىيەتكە غەليان سالغۇچى مەقسەت كۆزلەنگەن تەجرىبىلەردىن ئۆزىمىزنى قانداق قىلىپ ساقلىشىمىز كېرەك.

ـ 158ئۇنداق بولمايدۇ! ـ دېگەن ئاچچىقلانغان ئاۋازلار ئاڭلاندى، زالدىن، ـ بىز ئاڭا يول بەرمەيمىز!

ـ 158مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن، ـ دەپ داۋام قىلدى ئولىۋېر ئوردوك، ـ يەنە بۇنىڭ ئۇچۇن يېتەرلىك كۈچ ـ قۇۋۋىتىمنى سەرپ قىلىمەن، مېنى ھېچكىم، ھېچنەرسە توختىتالمايدۇ، بىراق، كېلىپ چىققان كائىناتىي ۋەھىمىنى يەنى يەردە تۇرۇپ فىلوفېينى قوللاپ، ۋەزىيەتنى قىزىتىۋاتقانلارنى، مۇنداقچە ئېيتقاندا، سۇنى لېيىتىپ بېلىق تۇتماقچى بولغانلارنى، قانداق قىلىپ، قانداقچە زىيانسىزلاندۇرىمىز؟ سۆز ئادەملەرنىڭ ۋە ئۇنىڭ تەقدىرى توغرىسىدا بولۇۋاتقاندا ئۆزۈمنى ئومۇمىي چاقىرىق تاشلاش بىلەن جىم بولغان سىپايە ئىشتىراكچى سۈپىتىدە كۆرسەتكۈم كەلمەيدۇ، فىلوفېيچىلەر بىلىپ

قويۇشسۇن، ئۇلار قانچىلىك ئالىي، ئەقلىي دەلىللەرنى كەلتۈرۈشمىسۇن، بىزنىڭ ئۇلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈشمىز بولمايدۇ ۋە بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس، ھەمدە ئۇلار بىلەن بىرگە ئىرسىي پىسخىرما بېرىش سەندىن ئايلانسۇن، ئاتاپ ئېيتقاندا، مەن بىر كېلەچەكشۇناس بىلەن، ئىلمىي ساھەدە بەلگىلىك دۇنياۋى نام ـ شۆھرىتى بار، بىراق ئىش يۈزىدە كائىناتتىكى كاھىنىنىڭ مۇھىم ياقلىغۇچىسى، ھەتتا ئىدىئولوگىيىلىك بالا ئەسكىرى بولغان بىر ئادەم بىلەن خېلى ۋاقىتقىچە سۆزلەشتىم، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدا يول باشچىسىغا ئاق نىيىتى بىلەن خىزمەت قىلغان ھەم ئۇنىڭ ئۈچۈن ھاياتتىن ۋاز كەچمەكنى بەختىم دەپ ھېسابلىغان ئوغلان ـ قىزلىرى، يېڭىلىشسام كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ئاكتىپلىرى،مۇنەۋۋەرلىرى دەپ ئاتىلاتتى، فىلوفېينىڭ يارەمچىسى، يېشى خېلى چوڭىيىپ قالغانغا قارىماي، ئاشۇلارغا ئوخشاش، ئۇ بىزنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتتا ئىشلەيدۇ ھەم شەھەرنىڭ چەت ياقىسىدىكى شەھەرچىلەرنىڭ بىرىدە ياشايدۇ، ئۇ ئادەمنىڭ ئىسمى روبېرت بورك!

تىمتاسلىق بولۇپ قالدى، ئولتۇرغانلار تىنىق ئالالماي قېلىشتى، ئۇندىن كېيىن بىر ئېغىزدىن: «روبېرت بورك! بۇ روبېرت بورك! نەدىكى بىر روبېرت بورك!» دېگەن غۇدۇر ـ پۇدۇر سۆزلەر شامالدەك ئېسىپ جۆنىدى.

159شۇنداق، مۆھتىرەم سايلامچىلار، روبېرت بوركنىڭ ئىلمىي دەلىللىرىنى دىققەت قىلىپ ئاڭلاش بىلەن مەن تىرىك ئادەملەرنىڭ تەقدىرىگە سەل قاراشقا ھېچكىمنىڭ ھەققى يوق ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭ ئەس ـ ھۇشىمىزنى قانچىلىك بۇراشقا ھەرىكەت قىلغانلىقىمغا قارىماي، فىلوفېي مەيلى قانداق ئىلمىي مەقسەتنى ئالدىغا قويمىسۇن،ئۇنىڭ تۇرمۇشىمىزنى بۇزۇۋاتقانلىقىغا دىققەت ئاغدۇرۇشقا قانچىلىك ھەرىكەتلەنگەنلىكىگە

قارىماستىن مەن بۇ ئادەمنىڭ فىلوفېيدىنىمۇ ئېشىپ چۈشۈشىگە كۆزۈم يەتتى. دۇنياۋى ۋەھىمە ئېنىق بولۇپ كۆرۈنگەن مانا مۇشۇنداق ئادەملەرنىڭ ئىچىدە يوشۇرۇنۇپ ياتىدۇ! روبېرت بورك ئۇچۇن ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكەن ئادەملەرنىڭ ھەم ئىتىرازچىلارنىڭ بېشىنى تۇمانلاتقان پەلسەپۋى جۆيلىشلىرى، ئۇنىڭ پۇتكۈل ئالەملىك مەپكۇرەلىرى قاتارىدا ياشىغان، ئاددىي ئادەملەرنىڭ تەقدىرىدىن ئالقانچىلىكمۇ ئەھمىيەتلىك ئەمەس، بۇ ئاددىي ئادەمنى، ئۇنىڭ بارلىق مەسىلىلىرىنى يەنە قىيىنچىلىقلىرىنى روبېرت بورك پىسەنتىگىمۇ ئېلىپ قويمايدۇ، مەيلى قانداق ئىلمىي كەيپىياتتىكى مەقسەتلەر قويۇلمىسۇن، ئادەم نەسلىنىڭ ئۇلىنىشىنى بوغقان، بىزنى كېلەچىكىمىزدىن ئاجراتقان فىلوفېينىڭ ئۆز ئىلمىگە ئاشۇ ئاددىي ئادەملەر قۇربان قىلىنىدۇ، روبېرت بورك قارىغۇلارچە چوقۇنغۇچى ھەمدە جان دىلى بىلەن فىلوفېي تەرەپتە ۋە ئاڭا شەيتانغا خىزمەت قىلغاندەك خىزمەت قىلىۋاتىدۇ.

ـ 160كەچۈرۈڭ، ئوردوك ئەپەندى! بۇ ئىككىڭلارنىڭ ئاراڭلاردىكى خۇسۇسىي سۆھبەت ئەمەسمۇ؟ـ دەپ چىدىماي قالدى ئەنتونى يۇنگېر، رىياسەتچىنىڭ مىكروفونىغا يۇگۇرۇپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ، كاكىراپ بۇزۇلۇپ كەتكەن ئىكەن، ئىككى ئادەم ئارىسىدىكى پاراڭنى كەڭ خەلقنىڭ تەھلىلىگە ئېلىپ چىقىشقا بولارمۇ؟!

ـ 160بورك بىلەن ئىككىمىزنىڭ سۆزلەشكەن پاركىمىزنى يوشۇرۇن سىرغا ئايلاندۇرغۇم كەلمەيدۇ، ـ دېدى ئوردوك بىخىرامان، ـ ئەگەر ئىككەيلەن ئارىسىدىكى پاراڭ ئادەمزاتىنىڭ تەقدىرىنىڭ قانداق بولارىنى قوزغاپ قويسا، ئەگەر روبېرت بوركقا ئوخشاش ئادەملەر فىلوفېينىڭ ئىشىنى ياقلىسا ۋە ئادەملەرنىڭ ئەقلىدىن ئۇنىڭ نەزەرىيىسىگە كەڭرى يول ئېچىپ بېرىۋاتسا،

پۈتكۈل دۇنيا ئۇستىدىن نازارەت قىلىشقا ئاشا يول ئېچىپ بېرىۋاتسا، نېمە ئۈچۈن ئاشا سىپايىگەرلىك قىلىشىم كېرەك بولىدىكەن؟

گۆلدىراس چاۋاكلار «ئالفا بېيسبول»نىڭ تورىسىنى ئېچىۋەتكۈدەك ياڭرىدى، تېلېۋىزىيە ئوپېراتورلىرى ئولىۋېر ئوردوكنىڭ يەنە بىر جەڭدىكى غەلىبىسىنىڭ بۇرۇن بولۇپ كۆرۈلۈپ باقمىغاندەك بۇ سەھنىسىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئادەملەرنىڭ چىراي كۆرۈنۈشلىرىنى چۈشۈرۈپ، زالدا ئۇيان ـ بۇيان يۈگۈرۈپ يۈرۈشتى.

ئەنتونى يۈنگېر بىر نەرسە ئېيتىشقا ھەرىكەتلەندى:

ـ 161ئوردوك ئەپەندى، سىزدە بۇنىڭغا ھوقۇق يوق... بىراق، زالدىكىلەر ئۇنىڭ سۆزىنى ئاخىرىغا چىقارغۇزمىدى، ئاشا سۆز ـ گەپ قىلدۇرماسلىق ئۈچۈن، ئۇنى تۇرغان يېرىدە يوق قىلىش ئۈچۈن ھەممەئادەم بىر كىشىدەك چاۋاك چېلىپ تۇرۇۋېلىشتى.

يۈنگېر ئۇنىڭغا قارىماي، سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى، ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاتقۇزماي چاۋاك چېلىۋاتقانلارنى ئۇقسۇن دېگەنچىلەپ، قىيقىراپ سۆزلەپ، قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، جان قىينىلىشقا چۈشتى، بىراق بۇ ئوتقا ياغ قۇيغاندەك بولدى، يۈنگېرنىڭ بىر تالاي سۆزلىگەنلىرىنى يوق قىلىش ئۈچۈن، ھەممەيلەن قىيقىراشقا باشلىدى: «ئوردوك! ئوردوك! ئور... دوك! ئور... دوك!».

ئۇنىڭدىن كېيىن بۇيرۇق بېرىلگەنچىلەپ، ھەممەيلەن بىردىنلا ئورۇنلىرىن تۇرۇشتى ـ دە، ئالىقانلىرىنى بىر ـ بىرىگە ئۇرۇشۇپ: «ئوردوك! ئوردوك! ئوردوك!» دەپ قايتىلاۋەردى.

شۇنداق قىلىپ ئوردوكنىڭ سەلتەنىتى يېتەر يەرگە يەتتى، بۇنداق سىياسىي مۇۋەپپەقىيەت ئۇنىڭ رىقابەتچىلىرىنىڭ ھېچكىمنىڭ چۈشىگىمۇ

كىرگەن ئەمەس،تەقى ـ تۇرقى كۆزگە سىغماس، شەلۋەرگەن قۇشقاچنىڭكىدەك يۇزنى سەپكۈن باسقان، نىمىسى بىلەندۇر، گېپىلستى ئەسكە سالغان ماۋۇ ئومۇمىي داۋالغۇش باش ئايلاندۇرىدىغان بۇيۇكلۇككە، سىرلىق مۇۋەپپەقىيەتنىڭ چەمبىرىكىگە شۇنچىلىك تېزلىك بىلەن كۆتۈردى دەيسەن، ئوردوكنىڭ شۇئان ئاشۇ مىنۇتلاردا شادلىقىدىن ھوشىدىن كېتىپ يېقىلىپ قالىدىغاندەك ئەھۋالغا كەلگەنلىكى ھېچكىمنىڭ ئويىغا كەلمەس ئىش ئىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ غەيرىتىنى يىغدى، ئىشنىڭ باشلارىنى باشلىدى، ئەمدى ئىشنى ئاياغلاشتۇرۇش كېرەك ئىدى، مۇۋەپپەقىيەتنى مۇستەھكەملەش كېرەك ئىدى، لېكىن زالدىكىلەر يەنىلا: «ئوردوك! ئور...دوك!» دەپ قىيقىراۋاتاتتى. ئۇ قايتا ئوڭشالدى، قولىنى پۇلاڭلىتىش ھەم رازىمەنلىك تەبەسسۇمى بىلەن زالدىكىلەرنىڭ چاۋىكىنى، ۋارقىراشلىرىنى توختاتتى، ئۇندىن كېيىن جىمجىت بولۇپ قالغاندا مۇنداق دېدى:

162كىمدۇر بىراۋغا روبېرت بورك ھەققىدە ئېيتقىنىم ياقماي قالدى بولغاي، روبېرت بوركنىڭ نىمىسى بار؟ ئاڭا كىم توسالغۇ بولۇۋاتىدۇ، بورك كىشىلەر ئالدىغا كەلسۇن، ئۆزىنىڭ ئۇنداق ئادەم ئەمەسلىكىگە ئىشەندۇرسۇن، كائىناتتىكى فىلوفېي ئىككى ئادەملەرگە، كىشىلەرگە، مىللەتلەرگە، كەلگۈسىدىكى بوغۇنلارغا پايدا يەتكۈزىدىغانلىقىغا خۇشتار ئىكەنلىكىگە ئىشەندۇرسۇن، ماڭا نەق بىر جاۋاب بېرىپ، ئاشكارىلىسۇن! مۇھەببەت! بىز، خۇداغا شۈكۈر، بېرىپ تۇرغان دېموكراتىيىلىك مەملىكەتتە ياشاۋاتىمىز، بەرھەق، بورك قولىنى قوۋۇشتۇرۇپ، چەتتە ئولتۇرۇپ قالىدىغان ئادەم ئەمەس، ئۇ چىقىپ سۆزلەيدۇ دەپ ئويلايمەن، ئەگەر ئۇ توساتتىن ئېسىگە كېلىپ، فىلوفېي قوللاشتىن ئاينىسا، ئۇنداقتا، چۈشەندۈرەر، مېنىڭ ئويۇمچە، گۇناھىنى بويىنىغا ئالار، ئىش قىلىپ خالىغانچە قىلسۇن، ئامېرىكىنىڭ

گېزىتلىرى بىلەن ژۇرناللىرى ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولماي نېمىلەر ئىدى. ئۇندىن قالسا ئامېرىكىنىڭكىلا دەمسىلەر؟ ھە، رادىئو، ھە تېلېۋىزىيە نېمە؟ ئۇي ـ خىياللىرىنى ئوتتۇرىغا قويسۇن، بىراق مەنمۇ چەتتە قالمايمەن، سىلەرگە ئېيتىپ قوياي ھۆرمەتلىك سايلامچىلار، مەنمۇ ئاممىۋى تەشۋىقات ۋاستىلىرىدىن ئۆزۈمگە ئاددىي ـ ساددا بولسىمۇ بىر ئوتۇن سورايمەن، بىراق زامانداشلىرىمنى ئۆزۈمنىڭ كېلەچەكشۇناسلىق نەزەرىيىلىرىم بىلەن تاڭ قالدۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، مەن ئوت بىلەن ئوينىشىشقا بولمايدىغانلىقىنى، بورك بىلەن فىلوفېينىڭ دۇنياۋى ئوت چىقىرىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى ھەر بىر ئادەم چۈشەنگۈدەك بولغان سائەتتىن باشلاپ، مەندە ئارام يوق، ئۇنىڭ ئويلىرى مۇجمەل ۋە ۋەھىمىلىك، ئۇ ھەممە يەردە ئاياللارنىڭ بىرەرسىنىمۇ قالدۇرماي تاپقۇر نۇرلارغا نۇرلاندۇرۇش مەپكۇرەسىنى يېيىشقا ۋە قىلغان گۇناھى ئۈچۈن مۇتلەق رەۋىشتە ئادەمزاتتىن كەچۈرۈم سوراشنى تەلەپ قىلىشقا تەييار، ئۇندىن كېيىن شۇلارنىڭ بارى، ئەنئەنىۋى دىنلارنى سۈرۈپ چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن، ئادەم يېنىغا مونوپولىيىلىك ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئۈچۈن يېڭى فىلوفېي دىنغا بېرىپ تاقىلىدۇ، دۇنياۋى دىنلارمۇ مۇندىن باشقا قانداق كۈنگە قاپسىلىدىغانلىقلىرىنى ئويلاشسۇن، مانا مۇشۇلار توغرىسىدا ئالدىنئالا غەم قىلىش كېرەك، مەن مانا ئاشۇلار ھەققىدە يازىمەن ۋە ئېيتىمەن، بىز ئەينى ۋاقىتلاردا بۇ ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەرنى ئوربېتىدىن فىلوفېيگە، يەردىن بوركقا يۈگەن، ئېغىزدۇرۇق سېلىشىمىز كېرەكلىكى ھەققىدىمۇ تەكىتلەيمەن ۋە يازىمەن، مەن مانا مۇشۇ يەردە قاتنىشىپ ئولتۇرۇشقان بارلىق مۇخبىرلارغا بۇنى بىلدۈرىمەن، ئەلۋەتتە، ئەنئەنە يولى بىلەن، پەقەت ئەنئەنە تەرىقىدە ئېغىزدۇرۇق سېلىش كېرەك! مۇنداق تەجرىبىلەرگە دۇنياۋى مەنئىي سېلىشنى كىرگۈزۈش يولى بىلەن بۇ ئىشتا مەن سىزلەرنىڭ قوللىشىڭىزلارغا

ۋە ئىشىنىشىڭىزلارغا تايىنىمەن!

يېرىلىپ چىققاندەك قىقاس ـ چۇقان ۋە چاۋاكلارنىڭ گۈلدىراسلىرى ئاڭلاندى، ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى ـ دە، قوللىرىنى تېخىمۇ قىزغىنلىق بىلەن چېلىشىپ، قايتىدىن ۋارقىراشتى.

«ئور...دوك! ئور...دوك!» ئوردوك قايتىدىن كىشىلەرنىڭ چاۋاكىنى توختىتىپ تۇرۇشى راھەتلىنىپ ھەم ئوڭايسىزلىنىپ سوراندى.

ـ 164مەن سىزلەرنىڭ يەنە بىر نەچچە مىنۇتلىرىڭىزلارنى ئالاي، مەن مۇشۇ ئېيتقانلىرىمنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن يەنە قوشۇمچە قىلدىم.

توساتتىن تەنتەربىيە زالىدىن تېلېۋىزىيىلىك يەتكۈزۈش چورت ئۈزۈلدى، ئېكران ئۆچتى، كىمدۇر بىراۋ تىترىگەن قولى بىلەن تېلېۋىزورنى ئۆچۈردى، ئۇ جېسسى ئىدى، ئۇ ئۆيگە قاچان كەلدى، قانداق كىردى، باياتىن نەدە ئولتۇردى، چەتتە ئولتۇرۇۋېلىپ، ئاشۇلارنىڭ جىمىسىنى كۆردىمۇ، ئۇندىن كېيىن كۆرگەنلىرىدىن بارغانسېرى پارالىچ بولۇشۇپ، مىدىرلىيالماي قالدىمۇ؟ يا ئەمدىلا كەلدىمۇ؟164 بورك بىلگەن يوق، كۆز ئالدىدا بولۇپ ئۆتكەنلەرگە گاڭگىراپ قېلىپ، بىر پۇتى گۆرگە ساڭگىلاۋاتقاندەك، قانداقتۇر بىر بوشلۇقنى سەزمىگەندەك، كرېسلودا ئولتۇردى.

ـ قانچىگىچە كۆرۈشكە بولىدۇ زادى؟! ئاشۇنىڭغا قانداق قىلىپ چىداپ قاراپ ئولتۇرىسەن؟!ـ جېسسى ئېرىگە ئاچچىق ھەم قاتتىق سۆزلەپ بىر تەگدى، يېتەر! بولدى! ئۇ ئۇن چىقارمىدى.

ـ خانەدىكى تېلېۋىزورنىمۇ ئاچقۇچى بولما!ـ دېدى جېسسى ئاچچىقلىنىپ،ـ ھازىر بارلىق تېلېفون سىملىرىنى سۇغۇرۇپ تاشلايمەن، جىمىسىنى پالاكەت باسسۇن، جىمىسىنى يىلان سىيىپسۇن، بىردەم بىراۋ، بىردەم جان، بىردەم تېلېفون بېرىش بولمىسۇن! ھازىر ھەممىسى تېلېفون

بېرىشكە باشلايدۇ، قولى بىكارنىڭ بار، سېنىڭ ئۆلىۋېر ئوردوكىنىڭ ئۈياقتىكى قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىنى كۆرگەنلەرنىڭ جىمىسى! نېمە دېگەن بىمەنە سۆزلەر! نېمە دېگەن ئىپلاس يوسۇن! بورك ئۈن چىقارمىدى.

ـ 165سەن نېمىشقا گەپ قىلمايسەن؟! ـ دەپ چاچىلداپ سۆزلەپ كەتتى جېنى چىدىماي قالغان جېسسى، ـ مۇنداق ئىش ھاياتىمدا بولغان ئەمەس!

ـ 165بوش سۆزلە، خۇدا ئۇرغۇر، ـ دېدى روبېرت بورك، ـ ۋارقىرىغىنىڭ بىلەن ھېچنەرسە ئۆزگەرمەيدۇ.

ـ لام ـ جىم دېمەي دومسايغىنىڭدىنمۇ ھېچنەرسە ئۆزگەرمەيدۇ.

ئىككەيلەن تەڭ چىچاڭشىپ، ھۆرپىيىشىپ، تالىشىپ ئولتۇرۇپ قېلىشتى، سىرتتا گۈگۈم كىرگەن ۋاقىت ئىدى، مەڭگۈ ئەستىن چىقمايدىغان كۈزنىڭ ئاجايىپ كارامەت كۈنى ئۆز نۆۋىتى بىلەن ئۆتۈۋاتاتتى، ئارقىغا ئارمان ـ ئىستەك ھەم خىياللارنى قالدۇرۇپ كېتىۋاتاتتى. نېمە بىلەن كېلەرى نامەلۇم يېڭى كۈنلەرگە ئۇدۇللۇق ئۆتۈپ بېرىۋاتتى. . . .

ـ 165ئۆزۈمگە ئۆزۈم ئىشەنمەيمەن، ياق ئىشەنمەيمەن، ـ روھىنى چۈشۈرۈپ تىنچلىقنى جېسسىنىڭ دىرىلىگەن ئۈنى بۇزدى، ـ بۇ نومۇسلۇق ساڭا ھېلىقى مەسىلەدىن كەلگەن، بىراق، ساڭا شۇنچە پەس ھەم ئىپلاس مۇئامىلە قىلار، دەپ ئويلىغان ئەمەسمەن! ئۆزىنىڭ شەخسىي ھەۋەس ـ قىزىقىشى ئۈچۈن ئادەمنى پۈتكۈل دۇنيادا شۇنچىلىك مەسخىرە قىلىشقا بولامدۇ؟! مەن بۇ ئەبلەخنى ھازىر ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن يالتايماس ئىدىم! كېيىن ئاشۇمۇ ئامېرىكىنىڭ پررىدېنتى بولۇشى مۇمكىن؟! بۇ تەڭرى دېگەن نەدە؟! جېسسى بۇلدۇقلاپ يىغلاشقا باشلىدى، بورك ئورنىدىن تۇرۇۋېلىپ ئايالىغا سۇ ئېلىپ كېلىپ سۇندى، جېسسىنىڭ لەۋلىرى تىترەپ، ئىستاكاننىڭ گىرۋىكىگە چىشلىرى تاسىلداپ تېگىپ، سۇنى تۆكۈپ،

چېچىپ، يېتىپ ئىچتى.

ــ 166سەۋر قىل، جېسسى، ئەمدى ،سۆزۈمنى ئاڭلاپ تۇر،ــ دەپ بورك ئايالىنى بېشىدىن سىيلىماقچى بولدى، ئايالى بېشىنى تارتىۋالدى.

ــ 166ئاڭلىمايمەن، ھېچنەرسىنى ئاڭلىمايمەن، ماڭا ھېچگەپ دېمە، باي بولغۇر!ــ ئۇنىڭ ھەلقۇمىنى ياش بوغدى.

ــ 166ئۇنداقتا كەچۈرۈپ قوي، يېنىڭدا تۇرۇپ تۇراي... كەچۈرۈپ قوي....

ئايالى پۇتكۈل تېنى لاغىلداپ تىترەپ كرېسلوغا يۆلەنگەن ھالىتىدە ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى، چېچىمۇ ئاقىرىپ كېتىپتۇ، شۇنداقلا توساتتىن قېرىشقىمۇ باشلاپتۇ. بورك بۇنىڭغا بۇرۇن ئەھمىيەتمۇ بەرگەن ئەمەس ئىكەن، مانا مۇشۇنىڭ ھەممىسى ئاشۇ كۆڭۈل يېرىم بولغان، جان قىينالغان مىنۇتلاردا كۆرۈلۈۋاتىدۇ.

روبېرت بورك تۇماندا قالغاندەك، ئۆز ئۆيىدە ئەمەس ئىدى، يوچۇن بىر ياقتا يۈرگەندەك خانەدە ئۇيان ـ بۇيان مېڭىۋەردى، نەدىكى بىر ھاڭغا چۈشۈپ كېتىدىغاندەك، ماڭسىمۇ، جىم تۇرسىمۇ ئاڭا ھەممە ئىش قورقۇنچلۇقتەك تۇيۇلدى.

166بۆكتۈرمىدىن ئۇرۇلغان كۇتۇلمىگەن زەربىنىڭ كۈچى شۇنچىلىك ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىدىغاندەك ئىدى.

گاھىدا بوكسيۇرلۇق مەيدانىدىكى بوكسيۇرچىلارغا تېلېۋىزوردىن قاراپ تۇرۇپ، بورك چارىسىز قالغان بوكسچىغا ئىچى ئېچىشىپ، بىر ئۇرۇش بىلەن قايتا تۇرغۇسىز بولۇپ يىقىلغان بوكسچى ئۆزىنى قانداق سېزەر بولىدىكىن، يىقىلغۇدەك ئۇرۇلغان، باشقا سەييارىدىن چۈشۈپ قالغاندەك كەلگەن مېتىرونت تاشنى، تۇشمۇ تۇش تەرىپىدىن كەلگەن زەربىنى سەزمەي قارىغان

ھالەتتە ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا نېمە ئالامەت بولىدىكەن، دەپ ئويلىنار ئىدى، ئۇ نېمە ئىكەنلىكىنى ئەمدى بىلىدۇ، ئۇنى قورشاپ تۇرغان دۇنيا، ئۆز ئورنىدا قېلىۋېرىش بىلەن بىرگە، ئادەمنىڭ ئۆزىدە، ئۇنىڭ ئىچىدە پۈتۈنلەي ئاداشقان، كوچىدا ئاققان يېغىن سۈيىدەك، باشتا مەۋج ئۇرۇۋاتقان تومۇرلىرىدا، ئاشۇ ساراڭ-جىنندى ئېقىم يەپ كەتكەن ھالىتىدە، ئۆيىنىڭ قارايغان تاملىرىدا، ئوي ـ خىيالنىڭ گاڭگىرىغان قالايمىقانچىلىقىدا تۇرۇپ كېتىدۇ، ئەمدى ئۇ بۇنى بىلىپ يەتتى.

ئۇ ئۇزاققا، ئۇزاققىچە قىينىلىپ مېڭىپ يۈردى، لېكىن ئاپەتتىن قىينالغاندا پەيدا بولغان پىكىر ـ خىيالى بولسا ھېلىقى قارا كاماردا، بىر سائەت بۇرۇن ئۆزى ئۇچۇن ئۆزى نېمە بولسا شۇ بولغان، ئۆز «جېنى» بىلەن بولغان، ئۇنىڭ ئىنسانىيلىقىنى ئېنىقلىغان، ئۆزگە ئوخشىغان باشلىنىشى بولغان ئۆتمۈشىنىڭ خارابىسىدە روھىي جەھەتتىن قالايمىقان بولغان. ھازىر ئەمدى شۇلارنىڭ جىمىسى ئولىۋېر ئوردوك ۋە ئۇ يولدىن چىقارغان كىشىلەر ئاممىسى تەرىپىدىن بىر زاماتتا ئاستىن-ئۈستۈن قىلىندى، دەپسەندە قىلىندى، كۆيدۈرۈلۈپ يوق قىلىندى، ئۇ دەسسەپ چەيلەنگەنلىكى ۋە كۆيدۈرۈلگەنلىكىنى ۋۇجۇدى بىلەن سەزدى، تېنى ئالاۋلىنىپ كۆيدى، ئۇنىڭ ئۆمرىدە مۇنداق قىلىپ كىشىلەر ئالدىدا زورلۇققا ئۇچرىغان ئەمەس، ئۇندىن كېيىن دەررۇ: بۇندىن باشقا نېمە قىلىش كېرەك؟167 دېگەن سوئال پەيدا بولاي، ياكى ئار ـ نومۇسنى كۆپچىلىكنىڭ كۆز ئالدىدا نامايىشچىل بۇ قارا كوچىگە بېقىندۇرۇش ياكى ئەھۋالدىن قۇتۇلۇشنىڭ بۆلەك يولىنى تاپالماي، ئۆزىنى ئۇدۇلغا ئېتىش قالدى،ـ دەپ ئويلىدى، ئۇ مۇشۇ سائەتتە،ـ ئادەم بارلىق ۋاقىتلاردا يەنە پەۋقۇلئادە مەغلۇبىيەتكە دۇچار بولغان پەيتلەردە قەتئىي ئىشىنىپ كەلگەن نەرسىلەرگە، ئادالەتنىڭ، چىنلىقنىڭ،

ھەقىقەتىنىڭ، . . . . بۇنىڭمۇ كۆپلىگەن ئاتلار بار، ئاخىرى ئىشىنىپ سەلتەنەت قۇرۇشىغا ئىشىنىش بىلەن كۈچ يىغىپ، تۇتۇشۇشقا چىقىپ قالدى، ئۇ بار يا يوق، يا ھايات، يا مامات، ئۆزگە مۇنداق قاتتىق ھەم بىۋاستە ئېيتىدىغان كۈن ۋە سائەتنىڭ كېلەرىنى ھېچقاچان ئويلىغان ئەمەس، شۇ مىنۇتلاردا ئۇ ئۆزگە تېخى بىر غەملىك كەشپىيات ئىختىرا قىلدى، جىسسى ئۇچۇن ئۇنىڭ تراگېدىيىسى ئۆزىنىڭكىدىن ئاللىقانچە ئېغىر بولىدۇ، شۇنىڭغا ئەگىشىپ جېنى بۇرۇنقىدىنمۇ قاتتىق ئازاب تارتتى، ئايالىنىڭ قايغۇسىنى يېنىكلىتىدىغان چارە تاپالمىدى، سۆز تېپىلمىدى، سەۋەبى ئايالى بولۇۋاتقان ۋەقەنىڭ ماھىيىتىنى ئاشكارە، ياخشى چۈشىنىپ تۇرۇۋاتاتتى.

- روبېرت، - دېدى جېسسى تىترەپ.

168 - ھە، جېسسى، ئاڭلاۋاتىمەن، بىرەر گېپىڭ بارمۇ؟

- 168روبېرت بورك، مەن ھازىر ئويلاندىم. . . - دەپ توختاپ قالدى، بورك كۈتۈپ تۇردى، ماڭا ۋاننىدىن لۆڭگە ئېلىپ بەرچۇ، خۇدا ئۇرغۇر.

بورك لۆڭگە ئېلىپ كەلدى، ئۆڭگە بىلەن يۈزىنى سۈرتۈپ ھەلقۇمىغا كەلگەن يىغىنى بېسىشقا تەمشىلىپ، جېسسى ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا ھەرىكەتلەندى.

- 168نېمىنى ئېيتاي دېگەن ئىدىڭ، جېسسى؟

- 168بۇگۈن بېشىڭغا كەلگەن نەرسە، بۇلا ئەمەس، ئۇ ياقتىمۇ، كائىناتتا يۈرسىمۇ، فىلوفېيىنىڭمۇ بېشىغا كەلگەن نەرسىمۇ، - بۇ ئىدىئالىزمنىڭ تراگېدىيلىرىنىڭ بىرى دېگەن ئويغا كەلدىم، مەن، سەن ھۆرمەت قىلغان سوقراتنى ئەسلىدىم، شۇ ۋاقىتتىكىدەكلا، ئۇندىن خېلى مەزگىل كېيىنمۇ ئىدىئالىستىك ئوتوپىياغا لۇكچەكلەر توپى قارشى تۇرۇشقان، كىمدۇر بىراۋ باشقا قاپ، تاغار كىيگۈزىدۇ. ئۇندىن كېيىن ھەممىسى بىرسىنىڭ ئۇستىگە

ھەممىسى ئۆزىنى ئاتىدىغان «تۆگە باستى» ئويۇنى قىلىپ يېتىپ قېلىشىدۇ.

ـ 169بەلكىم شۇنداقتۇر، ـ دەپ جاۋاب قاتتى بورك توختاپ.

169بۇ ئاشۇنداقمۇ، يا ئاشۇنداق ئەمەسمۇ؟ ئوردوك ھەققىدە گەپ قىلمىدىم، بىز ئۇنى ياخشىراق بىلگەن ئەمەس ئىكەنمىز، سەن ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلەشسەڭ بولىدىكەن، ئۇ بىر روھىي كېسەلدەك نېمە، پىرزىدېنتىنىڭ ئورۇندۇقىغا ئولتۇرۇش ئۈچۈن ئۇ نېمىلا بولمىسۇن، يالغان ئېيتىشقا، يالغان ـ يالا ۋە غەيۋەت ـ شىكايەت تارقىتىشقا تەييار، ئۇ توغرۇلۇق مەخسۇس توختىلىۋاتىمەن، ئۇ قارا يەرگە كىرسۇن، بىراق ھېلىقى چوڭ تەنتەربىيە زالىدا ئولتۇرۇشقان لىق كىشىلەرنىڭ ھالىتى نېمىدىگەن بىر ۋەھىمىلىك كۆرۈنۈش، مالنىڭ سانسىز قوزىلىرى دەپسەندە قىلىنىپ كەتكەندەك ئىش. بۇنى كۆرۈپ كېيىن ۋۇجۇدۇڭدا گۇل ئۆسمەي، پەقەتلا خوخا تىكەن ئۆسىدۇ، بوغۇلۇپلا ئۆلگۈڭ كېلىدۇ، كۆزۈڭ كۆرگۈلۈك قىلمىسۇن! ئوھ، روبېرت، بۇ لوكچەكلەر، ھايۋانلار!، بۇ ئاجايىپ ۋەقە، بۇ بىر ياۋايى كۆرۈنۈش! ئاھ، ياراتقان ئىگەم! ئۇ يۈزىنى لۆڭگە بىلەن بېسىۋېلىپ قايتىدىن ئۆزىنى باسالماي يىغلاپ كەتتى.

ـ 169سەۋر قىل، جېسسى، ئۆزۈڭنى بېسىۋال، سەندىن سورىناي، بۇنى كۆڭلۈڭگە بەكمۇ ئېلىۋاپسەن، سېنى چۈشىنىۋاتىمەن، بىراق ئويلىنايلىچۇ، بىر ئاز باشقىچىرەك قارايلىچۇ، ـ دەپ ئۇ ئايالىغا تەسەللىي بەردى، ئايال كىشىنىڭ تەسەللىي بىلەن كۆڭلىنى ئېچىشقا ئالدىرىماسلىق كېرەك دېگەن مەنتىقىگە تايىنىشقا چارىسىز بولدى، ئۆزىمۇ بىر ئاز تېتىكلىشىپ قالدى، ـ ئەلۋەتتە كۆپ جەھەتتىن ئېيتقىنىڭ توغرا، سوقراتنىڭ تراگېدىيىسىنىڭ مۇشۇ مەزگىلىگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقى چىن، بىراق مانا ئويلاپ كۆرچۇ، ماقۇل شۇنداقمۇ بولسۇن، ئامما دېگەن بىر ئۇيۇرلۇك مال ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش

بىر نېمە، يا سەن ئېيتقاندەك، ئەۋلادلار، بىراق ئۇلار شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ تىرىكى، ھېچ قۇتۇلالمايسەن! ئۇلار دېگىنىڭ ھاياتنى قۇرغۇچى ھەم ياشناتقۇچى ئىنسانىي ماتېرىيال، ھاياتنىڭ تۇرۇلۇشىدە، مەن ئېيتار ئىدىم، تۇرمۇش دىئالېكتىكىسىدا بىر ئەنئەنىۋى ئالاھىدىلىك بار، ئۇ، مەڭگۈلۈك تراگېدىيە، ئاقىل ئادەم غەم ـ قايغۇلۇق جەمئىيەتنىڭ ئىستىقبال ۋە تەرەققىيات يولىنى ئاچىدۇ، لېكىن جەمئىيەت بولسا ئۇنى قارغاپ ئۇنىڭغا نالە ياغدۇرىدۇ، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن دەپ شۇ كەشپىيات ـ ئىختىرالارنى قايتا قوللىنىشىدۇ، تونۇش ئارقىلىق كۆزى ئېچىلىدۇ.

ـ 170روبېرت، دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى، جېسسى، ئۇنىڭ ئاۋازىدا ۋە كۆز قارىشىدا ئەيىبلىگەنلىك بىلىنىپ تۇردى، ـ خالىغىنىڭدەك ئېيتساڭ بولىدۇ، بىراق كېيىن كۆزى ئېچىلىدۇ، دەپ مېنى ئىشەندۇرمەن دەپ ئاۋارە بولمايلا قوي، دەسسەپ پايمال قىلغاندىن كېيىن، ئۆزى ئېچىلامدۇ؟ شۇنداق دېمەكچىمۇسەن، ياق، بۇنىڭغا قوشۇلمايمەن، ھازىر ئىككىمىزنىڭ پەلسەپىدىن سۆز قىلىدىغان ۋاقتىمىز ئەمەس، تون كىرىپ كېلىۋاتىدۇ، ئەتە سەن ئۆز سۆزۈڭنى ئېيتىشىڭ كېرەك، ئەگەر ئېيتقۇڭ كەلسە، ئېيت.

ـ 170شۇنداق، ئېيتىمەن.

ـ 170روبېرت، بۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى مەن چۈشىنىمەن، ئوردونىڭ ئارقىدا ئامما بار، سەندە ھېچكىم يوق، ھېلىقى ياش يىگىتتىن باشقا، كىم ئىدى، مىكروفونغا يۈگۈرۈپ كەلگەنچە.

170 ـ ئەنتونى يۈنگېر.

ـ 170ئۇنىڭغا تېخىمۇ تەشەككۈر، بىراق چۈشىنەرلىك، روبېرت، ساڭا ئوچۇقلا چاقىرىق تاشلاندى، سەن ئۇنى قوبۇل قىلماي تۇرالمايسەن، قاراپ تۇر، ئەگەر چىنلىق راستىنلا فىلوفېي ئىككىڭلار تەرەپتە ئىكەنلىكىگە كۆزۈڭ

يەتسە، ئۇنداقتا ھېچنەرسىگە قارىماي تۇرۇپ، ئاشۇ چىنلىقنى دەلىللەش، ئۆز چۈشىنىكۈڭنى ئوچۇق ئېيتىش سېنىڭ ھوقۇقۇڭ.

171 ـ مانا بۇنىڭ ئوبدان توغرا، جېسسى، بىرلا يول بار، ئوچۇق ئېيتىش كېرەك، مەن ئۇيولنى ئويلىنىپ قويغان ئىدىم، «مۇنبەر»دە ماقالە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، مەن دەررۇ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى بېرىشكە ھەرىكەتلىنىمەن، ئۇندىن كېيىن ئاقىۋەتنى قانداق بولىدۇ، بولغاندا، بېرىپ كۆرىمەن، ماقالىنىڭ كۆپچىلىك بۆلىكى تەييار، ئۇ ماقالە كومپيۇتېرغا سېلىنغان، بىراق ھېلىقى يىغىلىشتىن كېيىن كۆپ نەرسىگە كۆزۈم ئېچىلدى، كۆپ نەرسىگە يېڭىچە قاراش توغرا كەلدى، ئويۇمچە، فىلوفېيىنىڭ ئويىنىڭ توغرىلىقىنى مەھكەملىگۈچى دەلىل ـ ئىسپاتلار بولىدۇ، ماقالىدە ئايرىم نەرسىلەرنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىشلەش، بەزى مەزمۇنلارنى قېتىش، كۈچەيتىش زۆرۈر بولۇپ تۇرماقتا، شۇنداق قىلىپ مەن ئۆز رولۇمنى ئوينىماي تۇرۇپ، سەھنىدىن كېتەي دېگەن ئويۇم يوق، فىلوفېيىنىڭكى توغرا، مەن ئۇنى قوللايمەن.

ـ 171ئۇنداق بولسا ۋاقىتنى چىڭ تۇت، ئۆزۈڭ چۈشىنىسەن، بىز ئەقىل ـ ھۇشىمىزنى يىغىشىمىز كېرەك، بۇ دېگەن ئۇرۇش، مەن ئاشۇنداق ئويلايمەن، روبېرت بورك، قەدىمكىدەك سوقۇش!

171توغرا، بىراق بۇ ئۇرۇش رەقىپ ئۈچۈن، دۈشمەن ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزى ئاداققىچە يېڭىش ئۈچۈن ئۇرۇشتۇر، مەن زالدا چاۋاك چېلىنىۋاتقانلارنى ئېيتىۋاتىمەن، بۇ ئۇرۇشنىڭ ماھىيىتى مانا مۇشۇنىڭدا جېسسى.

ـ 171چۈشىنىمەن، بىراق ئۇنىڭدىن جېنىم ئارام ئېلىپ قالغان يېرى يوق، خالىمايمەن، تېخىمۇ ئوچۇق ئېيتقاندا، بۇنداق بولۇشنى قوبۇل

قىلالمايمەن، ئۆزۈمنى چېكىندۈرەلمەيمەن، مېنى كەچۈرۈپ قوي، دۈشمەنگە غەمخورلۇق قىلىشمۇ، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۆزۈڭنى ئۆلتۈرگەننى رەھىم قىلىپ ساقلاپ قېلىشمۇ؟ ھەتتا ھېلىقى خرىستىئان دىنى ھەقىقەتلىرىمۇ؟

ـ 172ئالدىرىما، بۇ خرىستىئانلارغىلا ئەمەس، بىرى قالماي ھەممىسىگە لازىملىق، تىلەككە قارشى، بارلىق بالانىڭ جىمىسى، بىز، ئادەملەر، ئەقلى بار مەخلۇقلار، ھېچنەرسىگە قارىماي، دائىما بۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان ھايات ئۈچۈن جاۋابكارلىقنىڭ قانداق رەۋىشتە بولسا تەدبىرنى تېپىپ قۇتۇلۇپ كېتىش ئۈچۈن سەكراتقا چۈشكەنلىكىمىزدىن، يەنە قارىنى ئاقتىن پەرقلەندۈرمەي ھەم ئۇنىڭدىن قىلچىمۇ قورقۇپ قويماي، ئەپلەپ ـ سەپلەپ قۇتۇلۇپ كەتسەك دەپ ئۇنىڭ ئۈچۈن سانسىزلىغان باھانە تاپقانلىقىمىزدىن چىقىپ تۇرغانلىقىنى كۆپچىلىكنىڭ چۈشەنگۈسى كەلمەيدۇ، ئاشۇنداقلا ياشاش كېرەك، باشقىچە بولۇشقا مۇمكىن ئەمەس دەپ ئۆزىنى ـ ئۆزى بەزلەشتىن بولۇۋاتىدۇ، ئۇندىن قالسا سايلام ئالدىدىكى يىغىلىش شۇنى كۆرسەتكەن ئەمەسمۇ؟! يەر يۈزىدە ئۆزىمىزدىن، ئادەملەردىن باشقا يامانلىقنى پەيدا قىلىدىغان ھېچكىم يوق، شۇنىڭغا قارىماي ھەر بىر ئادەم يامانلىقنىڭ بۇلىقىنى باشقىدىن، ئۆزىدىن، يىراقتىن، ئۆز توپىدىن مەرتىۋىسىدىن، مىللىتىدىن، ۋەتىنىدىن يەنە ئۇندىن باشقا ئىرقىدىن، دىنىدىن، ئىدىئولوگىيىسىدىن يىراقتىن كۆرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ھايات يامانلىق بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كېتىۋېرىدۇ، بۇ تۆرەلمىلەرنىڭ ھاياتلىققا قارشى چىقىشىغىچە بارىدۇ، بولدى! ئۇندىن باشقا بارار يەر يوق! ئۇندىن باشقىسى بولسا ئاينىش ۋە نەسلىنىڭ بۇزۇلۇشىدۇر! شۇلارنىڭ جىمىسى ۋەيران قىلىنىدۇ، بىر تېخنىكىۋى جەھەتتىن قانچىلىك قۇۋۋەتلىك بولساق، يېڭىلىشىشىمىزنىڭ، ئۇياتسىزلىقىمىزنىڭ ۋە بۇزۇقلۇقىمىزنىڭ دەرىجىسى شۇنچىلىك قورقۇنچلۇق، فىلوفېي تولغىقى يانغان ئىرىسي

ئوركېستىرنىڭ بىرلا تىلىغا تېگىپ قويغان ئىدىغۇ، قانچە،قانداق ئاچچىقلىنىش پەيدا بولدى. . .!

ـ هاي روبېرت، ماڭا يېتەر،ـ دېدى جېسسى، سەن ئۇندىن كۆرە مۇشۇ ئويلىرىڭنى ئوچۇققا چىقار، كىشىلەر ئۇقسۇن.

ئۇلار ئۇن چىقارماي قېلىشتى، جېسسى ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا قانچە ھەرىكەت قىلغان بولسىمۇ قايتىدىن ھەلقۇمىدىن ياش بوغۇشقا باشلىدى.

ـ مېنى كەچۈرۈپ قوي، روبېرت، ئەسلىمىگە كېلەلمەيۋاتىسەن، بولالمايۋاتىسەن، كۆرۈپ، ئاڭلىغانلىرىڭغا شۇنچە نومۇس قىلىمەن،ـ دېدى ئۇيىغا ئارىلاش، ھېلىقى لۈكچەكلەر توپىنىڭ ياۋايىلىقىدىن كېيىن مەن ئۆزۈمنى كۆيدۈرگەن، كۆيۈپ كۈلىلا قالغان ئورماندا سەنتۈرۈلۈپ يۈرگەندەك سەزدىم، ئەتراپىدىكىلەرنىڭ جىمىسى، پۇتاقلار، قارىغاي، داۋۇ ـ دەرەخلەر، ھەممىسى كۆيدۈرۈلگەن، ئەتراپ يىلان سىيپاپ ماڭغاندەك ئىنسى جىن يوق، ھەنىۋاسى قاپقارا ۋە جانسىز، نېمە بولار؟ نېمە بولار؟ بىر نەرسە دەپ غودۈرلىدى جېسسى.

بورك ئايالىغا تەسەللىي بېرىشتىن باشقىغا يارىمىدى، ئايالىنىڭ بۇنچىلىك ئازابلىق زار قاقشىغىنىنى ئۇ كۆرگەن ئەمەس، قاچان بولسا چاققان، ھەمىشە ھەر قانداق ئىشلارنى تېز پۈتتۈرۈشكە ھەرىكەتلەنگەن ۋە ئېرىگە قارىغاندا ئاللىقانچە ئورۇنلۇق ئىش قىلىدىغان جېسسى ئوردوكىنىڭ قارا يۈزلۈكىدىن ئۆزىچە ئىزا تارتقاندەك بولدى.

173 ـ سېنى چۈشىنىمەن، روبېرت،ـ دېدى جېسسى سەۋر قىلىشقا تەمشىلىپ، ئىشخانىغا بار، ئىشلە، ماقالەڭنى پۈتتۈر، قەھۋە خالىساڭ،ـ ئاشخانىدا بار، خالىساڭ ئېلىپ بېرىمەن، ئىشلە، ھەرىكەتلەن، مەن مېھمان كۈتىدىغان ئۆيگە كەتتىم، كۈي چالغۇم كېلىپ تۇرۇۋاتىدۇ، شوۋتاكوۋىچىنىڭ

كۈيىگە، بەشىنچى سىمفونىيىسىگە چالغۇم كېلىۋاتىدۇ، لېكىن سەن يېزىۋەر، ئېيتىدىغان ئويۇڭ بارلىقىنى بىلىمەن، ھېچياققا تېلېفون بەرمە، سورىنىمەن! تېلېفونلارنى يىغىشتۇرۇۋەتتىم، ئۆچىلىسىلا تەڭ، قايتا ئورناتما، بار، تۆۋەندىكى ئۆيدىن سەن تىۋىشلىرىمنى ئاڭلىيالمايسەن، ئىشىك بىلەن دەرىزىلەرنى يېپىپ قويىمەن.

مۇزىكىنىڭ تاۋۇشى گاھىدا مېھمانخانىدىن ئىككىنچى قەۋەتكە ئاڭلىنىپ قالاتتى، شۇ كېچە بىئولونچېلدىنچىققان مۇزىكا بۇ دۇنيادا ئۇنىڭ تەقدىرىنى، بەلكىم، بېشى گۆرگە كىرگۈچە كۆرگۈلۈكنى تەڭ كۆرىدىغان ئايالى بار ئىكەنلىكىنى چارەسىزلىكتىن بوركىنىڭ ئېسىگە سالدى، بەلكىم ئۇلارنىڭ جېنى ئامان بولسا، كېيىن بىر ـ بىرىدىن خەۋەر ئېلىشار ۋە بۈگۈنكى ئۇيقۇسىزلىقتىكى ئىسكىرىپكىنىڭ ئاۋازىنى ئارىلىقنىڭ ئارىلىقىدىن ئاڭلىشار.

شۇ كېچىمۇ، ئەتىكى گېزىت تېكىستلىرىنىڭ ئېلېكترونلۇق قۇرلىرى ئېتىلىپ چىقىپ زىچ يۈگۈرگەن كومپيۇتېرقۇرلىرىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، ئۇ ئوكياندىكى كىتلارنىڭ خەۋپلىك دەملىرىنى ئاڭلىدى، ئۇلارنى نەگە جۆنەشكەندۇر؟ دېمەك يەر يۈزىنىڭ قايسى بىر يېرىدە بىر نەرسە بولغانمۇ؟ ھەتتا ئادەملەرمۇ ئورنى تولدۇرغۇسىز ئىش قىلىۋاتقانغۇ؟ تاغدەك دولقۇنلار قارشى تەرەپتىن دولقۇنلاپ، سۇلار تاشقىنلايدۇ، كىتلار ئۈزۈپ كېتىشمەكتە، كۆپ ئۆتمەي ئۆزىمۇ ئۇلارغا ئارىلىشىپ كەتتى، ئوكيان كومپيۇتېر ئېكرانىنىڭ جىمىرلىغان يورۇقى بولۇپ، قاراڭغۇدا يالت ـ يۇلت ئېتىۋاتاتتى، شۇ ۋاقىتتا كومپيۇتېر يىراقتىكى كائىناتتىمۇ، ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئۆزىنى مەزمۇن ماھىيىتىنى تاپقان مەڭگۈلۈكنىڭ بىردەك داۋام ئېتىشىدىكى ئانىنىڭ ھامىلىدار بولۇشىنىمۇ ئۆزىگە مۇجەسسەملىدى، يەنە، ئوكياندا ئۈزۈپ، ئۇ

يەردىكى بارلىق نەرسىنىڭ ئاجرىغاندىكى ۋە بىرىككەندىكى بارلىقى ئۈچۈن يالغۇز ھەم ھەر بىرىدە ئۆزىنىڭكى بولغان دۇنياۋى جاننىڭ ئوبرازىدا مەڭگۈلۈك دېگەن نىمە ئىكەنلىكىگە ئىزاھ بېرىشكە ھەرىكەتلەندى، شۇنداق قىلىپ، پۈتۈنلەي بىر تېكىستنى ھاسىل قىلغان قۇرلار بىرىنىڭ ئارقىدىن بىرى ئېكراندا پەيدا بولدى.

«كاسساندرا تامغىسى، يەككە سىياسىي مەقسەتلىرىنى كۆزلىگەن ئايرىم ناتىقلار بىزنى ئىشەندۈرۈشكە ھەرىكەت قىلىشىۋاتقاندەك، خورلۇقنىڭ يەنە كەمسۇندۇرۇشنىڭ بەلگىسى ئەمەس، ئۇ كۈتۈلمىگەن، بۇرۇن ئادەملەرگە نامەلۇم دۇنياۋى ماسشتابدا كۆز يەتمەس يىراق ئاپەت بەلگىسى يەنە شۇڭلاشقا ئادەمزاتى ئۈچۈن تەقدىرنىڭ ئىجتىمائىي، بىئولوگىيىلىك ھادىسە قاتارى ئالاھىدە مۇئامىلىنى تەلەپ قىلغان، بىزنىڭ غايەت زور ئاپىتىمىز ھەققىدىكى قىلچىلىك بەلگە، فىلوفېيىنىڭ كەشپىياتى، ئاڭ ـ سېزىمىمىز ئىرسىي سەۋىيىدە شەكىل ئۆزگەرتكەنلىكىنى بوغۇندىن ـ بوغۇنغا دۇنياۋى جاننىڭ ئىدىيالىغا قارشى ياشىغان ئادەملەرنىڭ گۇناھى بىلەن شەكىل ئۆزگەرتكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ، تراگېدىيە سايلام ئالدىدىكى يىغىلىشتا كۆرۈنگەندەك، كاسساندرا تۆرەلمىلىرى ياشاش ئۈچۈن كۈرەشتىن باش تارتىشقا مەجبۇرلىغان سەۋەبلىرىنى ئېتىراپ قىلىشتىن قاچقانلىقىمىزمۇ، ھەر قانداق ھىيلە ـ چارە بىلەن باش تارتقىنىمىزمۇ، ھاياتقا نىسبەتەن ئۈمىدنىڭ ئۆچۈشى، دۇنياۋى مەدەنىيەتنىڭ ئۆچۈشى دېگەن سۆز، ئاخىر زامان، قىيامەت دېگەن سۆز! باشقىچە ئېيتقاندا، ئاخىر زاماننىڭ كېلىشىنى بىز ئۆزىمىز شەرتلەيمىز.

سەزگۈسى كۈچلۈك كاسساندرا تۆرەلمىلىرى شۇنى سېزىۋاتىدۇ ـ دە، ئالەملىك كومپيۇتېرنىڭ ئېكرانىدىكىدەك، قوشقات ئايالالرنىڭ چېكىسىگە

پەيدا بولغان كاسساندرانىڭ دېغى ئارقىلىق هايات ئالدىدىكى ئۆز قورقۇنچى هەققىدە بىزگە خەۋەر بېرىۋاتىدۇ، كاسساندرا تامغىسىنىڭ ئۆزىدىن ئەمەس، بۇ قىيامەت قايىملىق ئىلگىرىلەشنىڭ ئىرسىيەتنىڭ قات-قېتىدا پەيدا قىلغان سەۋەبلەردىن قورقۇش كېرەك، بىز زور مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان بولىمىز، فىلوفېي زىددىيەت تېرىغۇچى ئەمەس، ئۇ كائىناتنىڭ پەيغەمبىرى...».

ئاشۇ تەڭ كېچىدىن ئاغقان مەزگىلدە سپاسكىي مۇنارىسىدىكى سائەتنىڭ تىلى هۆيتقۇشنىڭ سائىتىگە - تۇنكى سائەت ئۇچكە يېقىنلاپ قالغان، هۆيتقۇش دۇنيانىڭ تۆت تەرىپىگە، كرېملنىڭ قوڭغۇراقلىق سائەتلىرى ئۈچ قېتىم قوڭغۇراق ئۇرغۇچى قەرەلىدىكى ۋاقىتنى كۇتۇپ تۇردى، ئۇرۇلۇشى بىلەن ئۇ ئورنىدىن قوزغىلىپ، مۇنار ئېگىزلىكىدىن شۇڭغۇپ تىك تۆۋەنگە ئۇچۇپ كېلىپ، مەيداننى قاپلىغان چاسا تاشلارغا تەگكۇدەكلا بولۇپ، قايتا قېيىپ كۆتۈرۈلۈپ، ئۇندىن كېيىن كرېمل سېپىلىنى بويلاپ ئۇچۇپ، ئۇندىن باشقا، ئادەتلەنگىدەك قىزىل مەيدان ئۇستىدە شەپىسىز ئايلىنىپ، قەبرىستانلىق ئۇستىدە ئۇيان - بۇيان روهلىنىپ يورۇق دۇنيادا نېمە بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرمەكچى، بۇ قېتىممۇ هۆيتقۇش مەرتىۋىلىك كاتتا باشلار بىلەن ئۇچرىشىمەن، دەپ كۇتكەن، ئادەتتىكىدەك ئۆلارنىڭ نېمە هەققىدە گۇڭگۇر - مۇڭگۇر پارىڭىنى ئاڭلاشقا ئۇمىدلەنگەن، بۇ قېتىم ئۆلار دېيىشىدىغان گەپ كۆپ ئىدى، بەكمۇ كۆپ ئىدى! چۇنكى شۇنىڭ ئالدىدا قىزىل مەيداندا ئادەمنىڭ ئىمانىنى ئۇچرىدىغان ۋەقە روي بەرگەن ئىدى، ئۇزاق ئۆمرىدە بېشىدىن كۆپ ئىسسىق - سوغۇقنى ئۆتكۇزگەن هۆيتقۇش مۇنداق ئەھۋالنى تۇنجى رەت كۆرۈپ ئولتۇرماقتا، يەنە مۇنداق ئىش بۆلارنىڭ مۇمكىنلىكى ئويىغىمۇ كەلگەن ئەمەس.

بىراق، باشقا جەھەتتىن ئېلىپ قارىساق، شۇ ئەرۋاھلار بىلەن سۆھبەتلەشكەن، يا قۇش، يا روھ ئىكەنلىكى نامەلۇم بۇ ھەيران قالارلىق مۇنارنىڭ ھۆيقۇشى بۇياقتا تۇرسۇن، ئەقىل ـ ھۇشى جايىدا بولغان ئادەملەر دۇرۇس چۈشىنەلمىگەن نەرسىنى نەدىن بىلسۇن ھەم نەدىن چۈشەنسۇن.

ھەممە ئىش بۇنىڭدىن باشلاندى، ھەربىي ھازىرلىقلارنى كېڭەيتىش، دۆلەت مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش، ھەربىي سانائەت جۇغلانمىسىنى ساقلاپ قېلىش بويىچە نامايىش ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن قىزىل مەيدانغا مىڭلىغان كىشىلەر ئېقىپ كېلىشكە باشلىغان كۈزنىڭ كۈننىڭ چۈش مەھەلى ئىدى، مۇخبىرلار يازغاندەك ئىسلاھات ۋە قايتا قۇرۇشنىڭ زويوم ئالماشتۇرۇلۇشى «دۆلەت مۇداپىئە ئورۇنلىرى»نىڭ تامغىقىغا تىقىلغان سۆڭەك بولدى،يىرىك مەملىكەتنىڭ ئارقىغا كېتىۋاتقان كۈچ ـ قۇۋۋەتنى ھەربىي ھازىرلىقلارنى كۈچەيتىش، دۆلەت مۇداپىئەسىنى قېلىپلاشتۇرۇش بىلەنلا ساقلاپ قېلىشقا بولىدۇ، دېگەندەك غۇدۇر ـ غۇدۇر نارازىلىقلار مەلۇم بىر دائىرىدە كۆپتىن بېرى ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان، شۇنداق، بۇنداق ئوي ـ پىكىرلەر توقايدىكى ئوتنىڭ تۇتۇنىدەك بولۇپ ئەل ئارىسىدا تاراپ يۈرگەن، مانا ئەمدى تۇتەپ كۆيۈشكە باشلىدى، ئاڭا ھازىر ئۇنىڭ مەھسۇلاتىنى يىغىۋېلىشقان مىللەتچىلەرنىڭ مىللىي ئۆچمەنلىكلىرىنى قوزغاتقۇچىلار، قايتا قۇرۇش ئىسلاھات دېگەننىڭ يەنە رادىكال دېموكراتلار دەپ ئاتىلىشقانلار غەربنىڭ قىزىقچىلىقى ئۈچۈن يوق قىلىپ قويۇشقان دېگەن قۇرال ـ ياراق سېتىشنى قايتىدىن باشلاشقا، ھەربىي ھازىرلىقى بىلەن دۆلەتنىڭ مۇداپىئەسى كۈچلۈك مىللىتارىستلىق مەملىكەتنىڭ ئونىۋېرسال دۆلەت كۈچىنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئىجتىمائىي پىكىرنى زورلۇق بىلەن كۆندۈرۈشكەن، دالدىدا تۇرۇۋېلىشىپ غۇدۇراشقان يوشۇرۇن كۈچلەر كۆپ ياردەمدە بولۇشتى.

قىزىل مەيدانغا كىشىلەر ھەممە تەرەپتىن ئېقىپ كېلىۋاتاتتى، نامايىشقا بېرىۋاتقانلارنىڭ كۆپى سىرتتىن، بۇرۇن «پوچتا ساندۇقى» دەپ ئاتالغان ۋە تېگىشلىك نومۇرلار بىلەن سىقىرلاشتۇرۇلغان ھەر قايسى «يېپىق» شەھەرلەردىن كەلگەنلەر ئىدى.

ئالماشتۇرۇشلارنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىدا دەل شۇ سىر ـ تىلسىمى سىرتقا چىقىرىلغان «ساندۇق»لاردىن، موسكۋانىڭ بارلىق ۋوگزاللىرىغا كېلىۋاتقان پويىزلاردىن توپ ـ توپ بولۇشۇپ كىشىلەر چۈشۈۋېتىشاتتى، ئۇلار ئاپتوموبىللىق مۇساپىلەرنى بېسىپ كېلىۋاتقان بولۇپ، شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا غول ـ غولى بىلەن جۈنەشتى، ئۇلارغا موسكۋانىڭ دۆلەت مۇداپىئە تەرەپدارلىرى، مىللەتچى ۋەتەنپەرۋەرلەر ستالىننى ئەسلىگەن پېنسىيىچىلەر ۋە باشقا، باشقىلارمۇ موقوشۇلۇشتى، نامايىشچىلار ئېغىر قەلب زەربىسىدىن ئارام ئېلىش ئۈچۈن ھازىرلا يىغىۋېلىشقان، ئۆتكەن مەزگىلنىڭ قالدۇق قىزىقچىلىقلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىشقان نېمىلەرنىڭ سىياقىدا بولدى، ئۇلار ئازلا ۋاقىت بۇرۇن كوچىلاردا قوش ـ قوشلاپ قارغىشقا قالغان، ياخشى ـ يامان سۆزلەرگە قالغان قان تىرناقلىق دىكتاتۇرلارنىڭ ئۆلۈپ تىرىلگەن پورترېتلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈشۈپ يۈرۈشكەن ئىدى.

نامايىشچىلارنىڭ سانى بارغانسېرى كۆپىيىۋەردى. بۇ دۆلەت مۇداپىئەسى ھەربىي سانائەت ۋە ھەربىي ھازىرلىقلارنى كۈچەيتىشنىڭ يوشۇرۇن جايلىرىدا بۇرۇنقى مەزگىللەردە قانچە كۆپ،كۈچلۈك ئادەملەرنىڭ ئىشلىگەنلىكىنى ئېنىق گەۋدىلەندۈرۈپ تۇردى، بۇلار دۇنيانىڭ يېرىمىنى قوراللاندۇرۇشقان، ئەگەر ئىشلەپچىقىرىشنى قايتىدىن قۇرمىسا دۆلەت مۇداپىئەسى،**ھەربىي سانائەت** ۋە ھەربىي ھازىرلىقلارنى كۈچەيتىش ساھەسىدە ئىشلىگەنلىرىنى، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ھەربىي ھازىرلىقلارنى كۈچەيتىش ساھەسىنىڭ

نىسىۋىسىز قالدۇرارىدىن ئەمدى بۇلار سىزىپ جان ھالاكەتكە چۈشۈپ تۇرۇشماقتا، شۇنداق قىلىپ ئۇلار جۆنەۋىرىشتى، بۇ ھەيۋەت ئىقىم كۆز ئالدىدا ئۆركەشلىدى ـ دە، تاشلىرىمۇ، ئۆيلەرنىڭ تاملىرىنى ئۆرۈپ ھەممىنى قويماي ئاققۇزۇپ جۆنىگەن ۋە ھېچقانداق كۈچ توختىتالماس توپان بالاسىنى ئەسكە سالدى، شۇ سائەتتە توپان بالاسى ھالىتىدە ئۆزىنىڭ زورى بىلەن قالدۇق نەرسىلىرىنى، تاشلىرىنى ۋە قومۇرۇلغان ئۆي ـ ئىمارەتلىرىنى يالماپ كېتىدىغاندەك ھەممىدىن قورقۇنچلۇق بولغان «زايومچىلىق توختىتىلسۇن!»، «ھەربىي سانائەتنى بۇلاش ـ تالاشقا يول قويمايمىز!»، «روناق تاپسۇن!ھەربىي سانائەت.»، «دۆلەت ـ ھەممىدىن ئەلا»، «مەملىكەتكە قارشى ئىسلاھاتلار يوقالسۇن!»، «تانكا ـ مۇقىملىقنىڭ كاپالىتى»، «قۇرال ـ ياراقلارغا تاشقى پرىۋوت!»، «دۇنياۋى قۇرال ـ ياراق، ھەربىي ھازىرلىقلار رىقابىتىگە توسالغۇ بولماڭلار!»، «مۇۋاپىق قۇراللىنىشقا قارىتا چالۋاقىغان سۆزلەر توختالسۇن!» دېگەندەك نەق، جايىدا ئېيتىلغان چاقىرىقلار بىلەن تەلەپلەرنى، ئۇندىن قالسا بىلگەنلەر ئۇچۇن پۈتۈنلەي بىمەنە بولغان «پوچتا ساندۇقلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىش!»، «پوچتا ساندۇقلىرىدا ئىشلەۋىرىمىز ھەم ياشاۋىرىمىز!»، يەنە ئاخىرىدا، «ياشىسۇن قورال ـ ياراق ئىشلەپچىقىرىش كۈچ ـ قۇدرىتىنىڭ ھەم دۆلەت بايلىقىنىڭ بۇلىقى!»، «ئىشسىزلىققا يول بەرمەيمىز ! ئەقلىي مۇلۇكنىڭ چەتئەلگە ئېقىپ چىقىپ كېتىشىگە يول بەرمەيمىز!»، «ياشىسۇن قانۇنسىز ئۇرۇش !»،« تېخنىكىۋى تەرەققىياتنىڭ ھەرىكەتلەندۇرگۈچ كۈچى!»، «ساتقىن، ساختا ئىنسانپەرۋەرلەر يوقالسۇن!» يەنە باشقا شۇ خىل تېخىمۇ كۆپلىگەن داۋراڭ ـ شۇئارلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، كوچا ـ كويلاردا لىق بولۇپ جۆنەۋىرىشتى، راست، قەغەزدىن بىر يۇلۇم ئېلىنىپ قورال قىلىنىسىمۇ، بۇنداق قورال ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدىغاندەك

قىلىسىمۇ، بىراق بۇنداق قورالمۇ بەزىدە بەلگىلىك تەسىرگە، باشنى ئايلاندۇرۇىدىغان كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

يىرىك مەملىكەتنىڭ ھەربىي سانائەت،ھەربىي ئارتۇقچىلىقىنىڭ زۆرۈرلۈكى ھەققىدە تىنماي كاكىرىغان سىياسەتۋازلار ۋە ئالىي ھوقۇقدارلار بىلەن جۇمھۇرىيەتچىلەر دەپ ئاتىلىشقانلار بۇنى خالامدۇ ياكى خالىمامدۇ؟ قورال ـ ياراقلارنىڭ خەلقئارالىق يەرمەنكىسىنى ئۆيۈشتۇرغانلار خالامدۇ؟ ئۇ بويىچە بولغاندايەرمەنكىدە، سودا ـ سېتىقتا بىرىنچىلىكنى يېڭىپ ئېلىش، مەملىكەتنىڭ مەنپەئەت ـ قىزىقچىلىقى ئۈچۈن مۇقەددەس ئىشقا تەڭلەشتۈرۈلگەن ھەم ئەڭ مۇھىمى، ساپ پايدىغا مىلياردلىغان دوللارنى بەرىلىشى لازىم ئىكەن. بۇنى ئۇققان ـ ئاڭلىغان ئادەمنىڭ دېمى توختاپ قالغىلى تاسلا قالىدۇ، چۈنكى ئاشۇ مىلياردلىق سوممىلارنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ھەر قاچان ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ تۇزدىن ـ تۇز ئۆز چۆنتەكلىرىگە سېلىپ بېرىشقا ۋەدە بېرىپ كېلىشكەن. تارىختا نامى ئۆچمەس قورال ـ ياراقلارنى داڭلاش بويىچە ئاممىۋى تەشۋىقات ۋاستىلىرىدە ئىجتىمائىي پائالىيەت باشلىغانلار بۇنى خالىغانمۇ؟ ئەمدى ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئويغانغان ئىشنى توختىتالىغۇدەك ئەمەس. بۇنىڭ جىمىسى ئوبوروت ـ ئايلانمىدىكى ئېشىندىدىن ئىبارەت.

قىزىل مەيداندا سانسىز باشلار كۆرۈنىدۇ. ھەربىي سانائەتنى قوللاش يىغىلىشىگە كېلىۋېلىشقان نەچچەمىڭلىغان كىشىلەر مەيدانغا تولدى. « ھەربىي سانائەت»، «ھەربىي سانائەت»، «كرېمىل بىزنىڭكى!»، «كرېمىل بىزنىڭكى!» دېگەن ۋارقىراشلار ئاسمانغا ياڭرايتتى.

سۇرەتكە ئېلىش تىك ئۇچارلاردىن يۇرگۈزۈلدى، بىراق ئۆركەشلىگەن بۇ كۆرۈنۈشلەرنىڭ بەغايەت ماسىشتابىنى ئاشۇ ئاسماندىن ئېلىشمۇ مۇمكىن

ئەمەس ئىدى، قەبرىستانلىقتىكى رادىئو كۆچەيتكۈچ ئارقىلىق تۆش ـ تۆشلارغا ياڭرىغان ئومۇمىي يىغلىش، سۆزلەنگەن نۇتۇقلارنىڭ ئاۋازلىرى بىلەن، مەيداننىڭ ھەر قانداق يېرىدە شۇئارلىرى، پورتېرىتلىرى ۋە ۋارقىراقلىرى بىلەن ئۆزىچىلا چاقىقان نامايىشچىلار پەيدا بولۇپ قالدى. مەيداننىڭ «باتالكا» دېگەن يېرىدە فىدېلچىلەر توپلىنىۋېلىشقان، بۇ ئۇلارنىڭ كۆتۈرگەن پورترېتىدىن ۋە ئۇرانىدىن كۆرۈنۈپ تۇردى، «فىدېل ـ بىز سېنىڭ بىلەن!»، «ياكى سوتسىيالىزم ـ ياكى ئۆلۈم!». تارىخىي مۇزېينىڭ يېنىدىكى ئۆتەر يولىنى ئىگىلىۋالغان سادداmچىلارنىڭ: «سادام ـ سەن بىزگە قېرىنداش!»، «سادام ـ سەن بىزگە بىر قېرىنداش!» دېگەن ۋاقىرىقى ھەيۋەتلىك ۋە دەرغەزەپ بىلەن چىقىۋاتاتتى، يەنە بىر يېقىملىق ئاڭلىنىدىغان چاقىرىق مۇشتۇملىرىنى پۇلاڭلىتىپ يۇقىرى كۆتۈرۈش بىلەن ئېيتىلماقتا: «كاززا، كاززا، كاززا، كاززا، كاززا، كاززافى!».

كۆپلىگەن يىللاردىن بۇيان قۇرال ـ ياراقلار ئامىمىۋى يوسۇندا يەتكۈزۈلۈپ تۇرغان دېيەرلىك بارلىق مەملىكەتلەرنىڭ مەيدانىدا بۈنىڭغا ئوخشاش قىقاس ـ چۇقانغا چۈشكەن قوللىغۇچىلىرى بار ئىدى، جۇڭگوغا، ئىرانغا، پاكىستانغا، شىمالىي كورىيىگە ۋە ئالاھىدە ئەرەب ۋە ئافرىقىلىق ئىتتىپاقداش سېتىۋالغۇلارغا ھەمدەم بولغانلار ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئۇسسۇل ئويناپ تۇرۇشتى، دېمىسىمۇ چۈشىنىشلىك، جۇڭگونىڭ ئۆز مىقياسىغا ۋە نوپۇستىكى پەرقىگە يارىشازىيادە كۆپ قوللىغۇچىلىرى بار ئىدى، «مىلتىقتىن ھاكىمىيەت چىقىدۇ!»، «مىلتىقتىن ھاكىمىيەت چىقىدۇ!» ئۇندىن قالسا ستالىنچىلار ئېيتىپ يۇرگەندەك «ستالىن ياشىسۇن!» دەپ كېلىشتۇرۇپ ۋارقىراشتى ۋە گېنېرالىسىمۇسنىڭ كېلىشتۇرۇلۇپ تارتىلغان پورتېرىتلىرىنى باشتىن يوقىرى پۇلاڭلىتىشىپ كۆتۈرۈشتى. بىراق، شۇ

قىقاس ـ چۇقانلار ئىچىدىكى ئەڭ قىيىنى سەلتەنەت قۇرغان كالاشىنكوۋنىڭ ئاپتوماتى بولدى، «كالاش ـ كرىمىل بىزنىڭ» دېگەن شۇئار ـ ئۇران بارلىق قىيقىرىق بىلەن چىقىراقنى بۆسۈپ ئۆتۈپ تۇردى.

ئاشۇلار بىلەن بىرگە: «مىلتىق كۆككە ئېتىلسۇن، كۆكتىن ئالماس چېچىلسۇن!» دېگەن چۇشىنىشكە قىيىنراق تاپاۋەتمۇ ئېغىزدىن چىقىپ كېتىۋاتاتتى، مانابۇنى: راكېتا ئاسمانغا ئېتىلغاندا ئۇستىدىن ئالماس يامغۇردەك ياغىدۇ، دەپ چۇشىنىش كېرەكمۇ؟ ئۇنداق  بولسا قېنى شۇئالماسلار، ئۇ ئالماسلار مانا ئاشۇنىڭ ھەممىسى ئورتاق روھىي ئەسەبىيلىكنىڭ قازىنىدا بۇلدۇقلاپ قايناپ شۇلارنىڭ ھەممىسى بىرلەشتۇرۇپ كۈچ ـ قۇۋۋەتنى، قىسسىنىڭ يېڭىلىقچىلىقىنى، ئىتتىپاقلىق ئاڭ ـ سېزىمىنى قوزغىدى.

مانا ئاڭغىچە بىرەر ئىش بولىدۇ. ئۇندىن كېيىن، شۇنىڭدا خۇمارلىق ئوتنىڭ ئالاۋلىرى يالت ـ يۇلت ئويناپ يېرىلىپ يېلىنجايدۇ، ئۇندىن كېيىن ئۇ كۆپچىلىكنىڭ ئارزۇسىنى ئاتقۇرۇشقا قوزغىلىدۇ. بىراق ئۇ كىم؟ ئۇ دېگەن باشقا ،سۆزنىڭ كېرىكى نېمە؟ ئۇ! ئۇ....!

بىراق، قەبرىستانلىقتىن ئېيتىلىۋاتقان مۇھىم نوتۇق، سۆز مەنىلىرى، سۆزلەر ئۆزىچىلا ئورۇنلۇق ھەم ئىشەنچلىك بولاتتى. قۇرال ـ ياراق ئىشلەپچىقىرىشنى توختىتىش ئىقتىسادقا ھېچقانداق ياخشى نەپ بەرمەيدۇ، بار بولغىنى دۇنياۋى بازار ئىقتىسادى ئېشىپ تېشىپ ئامېرىكىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئامېرىكا بولسا قول قوۋۇشتۇرۇپ ئولتۇرۇۋالغىنى يوق، قۇرال ـ ياراق دېگەننى يىلىغا كېچەيۇ كۈندۈز ئارقا ـ ئارقىدىن چىقىرىۋاتىدۇ. يەنە بارلىقىنى كەم قالدۇرماي قوراللاندۇرۇشقا يەنە ھەممىنى بويسۇندۇرۇشقا تەمشىلىۋاتىدۇ. ئامېرىكىدىن نېمىمىز كەم؟ يەنە بىر دەلىل بار بولىدىغان، ئۇ

بولسىمۇ زايومچىلىقدىن چىققان ئىشسىزلىق ئېغىر ئىجتىمائىي نارازىلىقنى ئېلىپ كېلىدۇ، ھەتتا زايومچىلىق دۆلەتنىڭ ناھايىتى قۇۋۋەتلىك ئەقلىي يوشۇرۇن كۈچىنى يوق قىلىدۇ، ھەتتا، ھەتتا، ئېيتىلغان سۆزنىڭ بارلىقى نىشانغا ئېنىق تېگىۋاتاتتى، يەنە ھەر بىر دەل تەگكەن سۆز ئۆچەكىشىشنىڭ ئاممىۋى راھىتىنى پەيدا قىلىۋاتاتتى.

بىراق باشقاخىل كۈچمۇ بار ئىدى، شۇ مەھەلدە نامىڭ مەيدانىدا، زايومچىلىقنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ يىغىلىشىنى پەيدا قىلىپ ئۆتەۋاتقان، مىغىلدىغان پەقەت تىزما قاتارىلا ئايرىلىپ بۆلۈپ تۇرغان چېگرىداش باشقا مەيداندا يەنە باشقا بىر يىغىلىش شىددەت بىلەن چۇقان - سۈرەن چىقىرىۋاتاتتى.

بۇ يەردە باشقا جامائەت، جەمئىيەتنىڭ باشقا بۆلىكى، دېموكراتلار، ئىسلاھاتلار، تىنچلىقپەرۋەرلەرلائىسلاھات ۋە قايتا قۇرۇشنىڭ نەتىجىلىرى، ئىش قىلىپ ئەركىنلىكنى سۆيگۈچىلەر ۋە ھەر قانداق مۇددىئا، تىلەكتىكى لىبىراللار يىغىلىش قۇرۇۋاتىشاتتى، ئۇلارمۇ كۆپ ئىدى، ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن مەيدان لۆمشىۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ ئۆز ئېتىقادلىرى، قەتئىيلىكى ۋە زەرىبدارلىقى جەھەتتىن قېلىشمىغان چاقىرىقلىرى ۋەشۇئار- ئۇرانلىرى بار، بۇ يەردىمۇ: « ھەربىي سانائەتگە ئىمتىيازلار توختىتىلسۇن!»، **«ھەربىي سانائەتكە** تۇتقۇن بولغىمىز يوق!»، «ھەربىي سانائەت- مىللىتارىزمغا ياردەمچى!»، «ھەربىي سانائەت- ئۆلۈمنىڭ ھۆددىگەرى!»، «ھەربىي سانائەت- بىر پارتىيە ھۆكۈمرانلىقىنىڭ زەنجىرىدىكى ئىتى!»، **«ھەربىي سانائەت-** ئەلنىڭ قاتىلى!» دېگەندەك لەۋھەلەر بىلەن پلاكاتلار يايراپ يۈرىدۇ.

قىزىل مەيداندا قانداق بولغان بولسا شۇنىڭغائخشاش كۆرۈنۈش. لېكىن مەزمۇنى تەتۈرىچە.

نامايىشچىلار، بۇ يەردىمۇ ئۆزلىرىنىڭ چوقۇنغۇچىلىرىنىڭ ۋە مەدەتكارلىرىنىڭ پورترېتلىرىنىڭ ئېگىز كۆتۈرۈۋېلىشىپ ئەل، يۇرتقا كۆرسەتمەكتە.

بەزىدە شۇ يىغىلىش، بەزىدە بۇ يىغىلىش، بەزىدە قىزىل، بەزىدە نانېز مەيدانىغا ئاپپاراتلارنى كۆتۈرۈۋېلىشقان، ماجالى قالماي يۈگۈرۈشكەن، مۇخبىرلار بىلەن تەپسىلىي خەۋەر يازغۇچىلار ئۇچۇن بۇ ۋەقەلەر ئالدىراش كۆرسىتىلىدىغان ماتېرىياللارنىڭ بۇرۇن بولۇپ كۆرۈلمىگەن مولچىلىقى ھېسابلىناتتى، بىراق ئاشۇنداق بولسىمۇ پىشقان تەپسىلىي خەۋەر يازغۇچىلار ئىككى پلاكاتقا دىققەت قىلىشمايدىغاندەك ئەمەس، ئىككى پلاكات باشقىلىرىغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغانلىقى بىلەن ئۆزىدىن ـ ئۆزى كۆزگە چېلىقىپ تۇردۇ، بىر ئوغۇل بىلەن بىر قىز، سىرتقى تەرىگە قارىغانداستودېنتلار، پلاكاتلارنى ئېگىز كۆتۈرۈۋېلىشىپ كىشىلەرنى ئارىلاپ يۈرۈشتى. لېكىن، كۆرگەنلەرنىڭ ئېيتىشىدا، ئىككەيلەن كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا بىر ـ بىرىدىن يىراقلاشماي، سۆزلىشەلىگۈدەك ئارىلىقتا، بىر ـ بىرىدىن كۆزلىرىنى نېرى ـ بېرى قىلماي يۈرۈشۈپتۇ، ھېچكىم بىلەن تالاش ـ تارتىشقىمۇ چۈشمەپتۇ، ھەمدە پەقەت ئۆزلىرى بىلەنلا بولۇشۇپ چەتنىگەن ھالەتتە ئىكەن. ئوغۇل بالا كۆتۈرگەن پلاكاتتا، قارا بوياق بىلەن: «ئادەم يورۇق دۇنياغا قورال ـ ياراق ياساش ئۈچۈن كەلگەن ئەمەس!» دەپ يوغان يېزىلغان، قىزنىڭ پلاكاتىدىكى يېزىق پۈتۈنلەي ئادەمنىڭ رايىنى قايتۇرىدىغان گەپلەر ئىكەن: «ئەگەر كرېمىل رىقابەتكەلايىق قۇراللاندۇرۇشنى قايتا باشلايدىغان بولسا ئۆزۈمنى كۆيدۈرۈۋالىمەن!».

ئۇلار بىپايان دېڭىز كەڭلىكىدە ئاداشقان قېيىقتەك بولۇشۇپ مىغ ـ مىغ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا يۈرۈشتى. بىراۋنىڭ كۆزىگە چېقىلسا، بىراۋنىڭكىگە چېقىلمىدى. كىمدۇر بىراۋلار بۇنداق كۆرۈنۈشلەرنى چۈشەندى، كىمدۇر بىراۋغا

ئۇلار بىر نەرسىنى بىلدۇرۇپ تۇردى، لېكىن كىمدۇر بىراۋغا ھېچنەرسە بىلدۈرمىدى، ئۇمۇ مۇمكىن ئىدى، چۈنكى ئاۋۇ تەرەپتىمۇ بۇ تەرەپتىمۇ قىزىل مەيداندىمۇ مانېۋىر مەيداندىمۇ ھەر قانداق باياناتلار، چاقىرىقلا، شۇئار ـ ئۇرانلار، ئىتىرازلار، ئەسكەرتىشلەر، كەسكىن ئۇيان ـ بۇيان ئېيتىلغان پوپوزا سۆزلەر نامايىشچىلارنىڭ بېشىغا يامغۇردەك يېغىۋاتاتتى. ئىش قىلىپ، بولغۇلۇق بولدى، كىشىلەرنىڭ ئادەتتە ئىش يۈز بەرگەندىن كېيىن ئۆكۈنۈپ قالمايدىغانلىرى بار. ئۆزىنىڭ توساتتىن بۇ ۋەقەدە بولغانلىقى بىلەنمۇ، يەنە پىشانىگە پۈتۈلمىش ئىشلارنىڭ روي بەرمەي قويماسلىقى بىلەنمۇ ھەيران قالدۇرغان ۋەقەلەر بۇلدۇقلاپ قاينىغان كۆپچىلىك يىغىلىشىدا ئاممىۋى ئەسەبىيلىك، روھىي كېسەلچىلىك بىلەن دۈرت قىلىپ ئوت تۇتاشقاندىن كېيىن يەنە بىر رەت يۈز بېرىدىغانلىقىقا چىن پۈتۈشىدۇ.

كۈننىڭ بۇرنى كىرىمىل سىپىلىدىن ئۇياققا قىيسايدى. ۋاراڭ ـ چۇرۇڭغا چۇشۇپ غەزەپلەنگەن توپقا ئالا كۆلەڭگۇ چۈشۇپ كېلىۋاتاتتى، ھەمدە بىر تاناپ دائىرىسىدىكى مەيدان نامايىشچىلىرىمۇ شاخاردەك قايناپ ئۆركەش ياساۋەردى، ياڭراتقۇلاردىن ياڭرىغان مەسىلىنى ئەۋجىگە چىقىرىدىغان ھەم غەزەپلىك سۆزلەر يىغىلغانلارنىڭ ۋۇجۇدىغا ۋە ئەقىل ـ ھۇشىغا كۆپرەك غەليان سېلىپ بىر جېدەل بۇلارنى سەزدۇرۇشكە باشلىدى، ھەر بىر تەرەپ، ئۇ ياكى بۇ مەيداندىكىلەرمۇ ئادالەتلىككە چاقىرىلىشتى. ھۆكۈمدارلارغا ۋە ئەلگە مۇراجىئەت قىلىشتى، ئۆزلىرىنىڭكىنىلا ھەقىقەت دەپ ھېسابلاپ، ئۆزلىرىنىڭ كۆز قارشىنىلا توغرا دېيىشتى. دۇنياغا ئۆزلىرىنىڭ مەۋقەلىرىنى ۋە يەكۈنلىرىنى سۇنۇش ـ ئىلتىماس قىلىشىپ، قانلىرىنى قاينىتىشتى، جىن ـ ئەرۋاھلىرى كەلدى. توختاۋسىز ھەرىكەتكە ئۆتۈش كېرەكلىكىنى، يىغىلىپ قالغان ئېنېرگىيىسىنى چىقىرىش زۆرۈرلۈكىنى سېزىشتى. ۋاراڭ

- چۈرۈك كۆچەيگەندىمۇ كۆچىدى. ياڭراتقۇلاردىن بىر - بىرىنى ئەيىبلەش، قورقۇتۇپ ئۈركۈتۈش، تەھدىت سېلىش، يامان، ياخشى ئېيتىشىشلار ياڭرىدى، ھەر بىر تەرەپ باشقا، ئۆچ كۆرگۈچى تەرەپنى ئانا ۋەتىنىمىزنىڭ نومۇسسىز دۈشمەنلىرى دەپ ئاتاشتى، ئاڭغىچە دەسلەپكى قېقىلىشلارمۇ باشلاندى، ئالاھىدە ساقچى ئەترىتىنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ بېرىشىپ «مىللىتارىستلار» بىلەن «مىللىتارىستلارغا قارشىلار» بىر - بىرلىرىنىڭ ياغاچقا بېكىتىلگەن پلاكات، پورترېتلىرى بىلەن ئۇرۇشۇشقا باشلىدى. ئاياللار چىرقىراپ، ئەركەكلەر قىيقىراپ تىللىشىشۋەردى. ساۋاش باشلاندى. ئالاھىدە ساقچىلارنىڭ ساۋاشقانلارنى چەكلەيمىز، چاتاقنى باسىمىز، دېگەندىكى ھەرىكىتى ئىككى تەرەپنىڭ چاڭچىلىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. كىشىلەر شۇ بولغۇلۇقنى كۈتۈشۈۋاتقاندەك، يالغۇزلا شۇنىڭ ئۈچۈن يىغىلىشقاندەك بىردەمنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئومۇمىي ئىت ئۇرۇشى، ساۋاش باشلاندى. پەخىرلىنەرلىك كۆتۈرۈلگەن پورترېتلار بىلەن پىلاكاتلارنىڭ شۇجېدەلگە كېرىكى ئوبدانلا تەگدى. ئاشۇلار بىلەن بىر - بىرىنىڭ بېشىغا، كۆزىگە ئۇرۇشۇۋەردى، ئاققان قان، كۆز ياش، ئۇنلىغان، يۈزلىگەن كىشىلەرنىڭ، ئەركەكلەر بىلەن ئاياللارنىڭ، ياشلار بىلەن قېرىلارنىڭ ساۋىشىپ تۇرغانلىرى ئۇجۇر - بۇجۇرىگىچە، ھەمدە ئۇيان - بۇياندىن، تۆپىسىدىن، تىك ئۇچاردىن، يەر ئۈستىدىكى مۇمكىن بولغان بارلىق ئوڭايچىلىقلاردىن تارتىۋېلىنىپ، پۈتكۈل دۇنياۋى تېلېۋىزىيىلىك كۆرسىتىلىشلەرنىڭ ئېكرانلىرىغا يامرىتىلىپ چىقىرىلدى.

مانا مۇشۇنداق قىلىپ بايىقى ئىككەيلەن، ئوغۇل بالا بىلەن قىز بالا، ۋەقەنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا قېلىشتى. ئۇلار كۆتۈرۈپ يۈرۈشكەن پلاكاتلىرىنى ساۋىشىشىدا قوللىنىشىمىغىنى ئۆزلىرىنىڭ شورىغا ئايلاندى، قىزىل

مەيداندىكى ھەربىي سانائەت تەرەپدارلىرى زايومچىلارنى ساۋاشقان چاغدا، توساتتىن ھەربىي سانائەتچىلىكنىڭ بايىقىدەكلا پلاكاتىنى يوقىرى كۆتۈرۈشكەنلەر ئىچىدە ئاچچىقى چىرايىغا چىققان ۋەتەنپەرۋەرلەرنىڭ بۇرنىغا تاقاپ كۆرسىتىۋاتقان ھالەتتىكى بايىقى يىگىت كۆرۈندى.

ـ 187ھوي! شۇنداقمۇ، تارت بۇ نېمەڭنى، كىمنىڭ بۇرنىغا تاقاپ كۆرسىتىۋاتىسەن، كىمنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇماقچىسەن؟!ـ دەپ ۋارقىرىدى قول سالغانلارنىڭ بىرى، دېمەك، توغۇلماي ئۆلۈشمىز كېرەك ئىكەندە؟! ھوي، ئاناڭنى! ....شۇنداق قىلىپ ئۇرۇش،ساۋاشنى داۋام قىلىشتى. پلاكاتنى تىتىپ ئىرغىتىپ تاشلىۋېتىشتى. دەل شۇ پەيتتە، ئادەمنىڭ ئىماننى ئۇچۇرىدىغان، ئەگەر كرېمىل رىقابەتكەمۇۋاپىق قوراللىنىشنى توختاتمىسا، ئۆزىنى كۆيدۈۋېلىشقا قەسەم بەرگەن لەۋھەسىنى كۆتۈرۈپ ئۇ يىگىتكە بولۇشۇش ئۇچۇن بايىقى قىز يېتىپ كەلدى.

قىزنىڭ ئاشۇنداق لەۋھە بىلەن يىغىلىشقا بېرىشى توغرىمۇ؟ مەقسىتى نېمە ئىدى؟ ئۇ نېمە ئۇچۇن مۇنداق قىلدى، ياشلىقىدىنمۇ؟ ياكى يامانلىقىدىنمۇ؟ ۋە ياكى تەتۈرىچە، بۇنداق قەدەم بېسىشقا ئۇنىڭ ئېتىقادى بىلەن چارىسىنىڭ تۈگىگەنلىكى مەجبۇرلىدىمۇ؟ ئۇنىڭ ئاخىرىدا، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ھەربىي ھازىرلىقلارنى كۈچەيتىشنى قوللىغۇچىلار دەسسەپ، پايمال قىلىۋاتقان شېرىكىنىڭ يېنىغا بېرىشتىن بۇرۇن ھېلىقى نەس لەۋھەنى نېمە ئۇچۇن ئىرغىتىپ تاشلىۋەتمىدى؟ ئۇنداق قىلىشنىڭ ئورنىغا قىز جېدەللىك پلاكاتنى قولىدا قارمىغان ھالەتتە شېرىكىگە ئۇمتۇلدى.

ـ 187بۇ نېمە قىلغىنىڭلار؟ تەگمەڭلار! ئۇنى ئۇرۇشقا نېمە ھەققىڭلار بار؟ تەگمەڭلار دەيمەن! توختىتىڭلار!ـ دەپ ۋارقىرىدى قىز.

سۆزى بىكارغا كەتتى، يىگىتنى بەشى دومبالاۋاتاتتى، يۇز، كۆزى ئالا كۆك

بولغۇچە دۇمبالاپ قويۇۋېتىشسە بولاتتىغۇ! بىراق ،بۇ جاڭجالنىڭ ئاخىرىنىڭ نېمە بولارىنى، ئاچچىقى بېسىلماي، ئوغىسى بېشىغا چىققان، غەزەپلەنگەن لۈكچەكلەرنىڭ نېمە قىلارىنى كىم بىلىپتۇ؟!

دۆلەت مۇداپىئەسىنى، ھەربىي سانائەتنى كۈچەيتىشنى قوللىغۇچىلار قىزنى ئاغزىغا كەلگەن يامان سۆزلەر بىلەن تىللاپ قارشى ئېلىشتى:

188 ـ قېنى! قانجۇق، ئامان ـ ئېسەن بۇ يەردىن يوقال، بولمىسا ساڭىمۇ كۆرگۈلۈكنى كۆرسىتىمىز!

شۇ يەردىن ئاغزىدىن ئاق ئىت كىرىپ، قارا ئىت چىقىپ ۋالاقلاۋاتقان بىر خوتۇن دەل جايىغا تەگكۈزۈپ گەپ قىلدى:

ـ 188ھە، سەن چېقىمچىمۇ سەن؟ ئۆرتىنىپ ئۆلمەكچىمۇ؟ ھوي، خالايىق، قاراڭلار، نېمە قىلاي، مانا بۇ ساتقۇن قانجۇق ھازىر ئۆزىنى كۆيدۈرۈپ ئۆلىدۇ ـ دە، بىزنىڭ كىرىمىل چىرىپ تۈگەيدۇ! ھازىر، كۆز ئالدىمىزدىلا تۈمشۇقىنى ئېزىۋېتىڭلارچۇ، ئۆيىنى تاپالماي قالسۇن! ـ قىزنى ئىتىرۋەتتى، چاپىنىدىن ئايرىپ تاشلىدى، قىزنىڭ يۈزى قانغا بويىلىپ كەتتى.

ـ قولۇڭلارى تارتىش، ئەبلەخلەر! ـ دەپ ۋارقىرىدى قىز يۈزىدىكى قاننى ئېرىتىپ. قىزنىڭ پلاكىتىنى دەل شۇ زامات تىتىپ ئىرغىتىپ تاشلاشتى.

ـ 188ھە، ئەمدى قانداق قىلارسەن؟ئۆرتىنىپ ئۆلەمسەن ياكى مۈشتىنى ئاز يېدىڭمۇ؟ بىلجىرلاپ سۆزلىگەن سۆزنى يېزىشتىن بۇرۇن ئويلانغان بولغۇيتتۇڭ! نېمە ئۈچۈن ئۆزۈڭنى كۆيدۈرۈپ ئۆلىسەن؟

جېدەل كىرپىكنى بىر قاققۇچە يۈز بەردى.

ـ 188سەن ماڭا سەرەڭگە يېقىپ كۆر! ـ دەپ ۋارقىراپ تاشلىدى قىز، پۈتكۈل بەدىنى تىترەپ، زەھەر خەندە كۈلكە ئالدىدا. شۇ مازات كىمدۇر بىراۋ ياندۇرۇش ئۈچۈن سەرەڭگىنىڭ قۇتىسىنى ئالدى.

ـ كىمدە ئوت بار؟ خا، خا، خا!

ـ سەن ئۇندىن كۆرە چاقماقنى ئاۋۇنىڭغا ياندۇر! ـ دەپ يەنە بىرى مەسلىھەت بېرىپ قويدى.

ـ 189توختا! ئۇنداق قىلماڭلار! ـ دەپ ۋارقىرىۋەتتى قىزنىڭ شېرىكى، دۇمبالاۋاتقانلارنىڭ قولىدىن سۇرۇلۇپ ئۇلگۇرمىدى. چېقىلغان سەرەڭگە قىزنىڭ دولىسىغا، ئاندىن كېيىن بىرىكمە تالالىق كۆڭلىكىگە چۈشتى ـ دە، دەررۇ كۆيۈشكە باشلىدى.

ھەيمەيلەن ھەيران قېلىشتى. ئۇندىن كېيىن داجىشىپ چاچراپ قېچىشتى. ھەمدە ئوت ئىچىدە پۇچۇلانغان قىز قۇلاق مىڭىنى تىندۇرۇۋەتكىدەك چىقىراپ، چېپىپ يۈردى، شۇ چاغدا قىزىل مەيداندىكى كۆرۈنۈش دەۋزەختىن كەم بولغان ئەمەس، كىشىلەر يىغىلغان يەردىكى غەليان ئۇلارنىڭ شاخاردەك قاينىغان، ۋەيران قىلغۇچى يانغىندەكلا قورقۇنچلۇق ئەمەسمۇ... يېقىنلا يەردە كىمدۇر بىراۋغا بىر شۇملۇق، جېدەللىك ئىش بولۇپتۇ، دېگەن كوچا خەۋىرى چېقىلغان چۈشكەندەك تاراپ، نامايىش ئۆتكۈزۈۋاتقانلارنىڭ بېزىگە ساچىلغاندەك ئۆرە ـ تۆپە قىلىۋەتتى، كىشىلەر ھەممىنى ئۇنتۇپ قېلىشىپ، بىر ـ بىرىنى ئىتتىرىشىپ، مۇدۇرۇلۇپ، يىقىلىپ، قىيقىراق، چىقىراقلار بىلەن ھەر قانداق زۆرۈرلۈكى بولمىغاندىن ھەم بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەستىن بەتتەر، مۇقەددەس بىلگەن پورترېتلىرىنى ھەم يالقۇنلۇق چاقىرىقلىرىنى يەرگە تاشلىۋېتىپ رەستە ـ كوچىلار ئىچىگە قېچىپ يۈرۈشتى. كىشىلەر ئەقلىدى ئاداشقان ھالدا تەمتىرىشىپ قېچىپ كېتىشىۋاتاتتى.

شۇ ئىشلارنىڭ نە ھاجىتى بولسۇن؟كرېمىلىنىڭ يېنىدا چۇقان ـ سۈرەن سېلىشنىڭ نە ھاجىتى بار ئىدى؟ ھېچكىم ئۆزىگە جاۋاب تاپالمىدى ياكى

چاتاق چىقارغۇسى ياكى تاماشا كۆرگۈسى كەلگەنلىكتىنمۇ ياكى راستىنلا شۇنداق بولغانلىقتىنمۇ ئەيتاۋۇر ئۆزىنى ـ ئۆزى كۆيدۈرۈۋالىمەن، دېگەن قىز «گۈررىدە» كۆيگەن سىكۇنتتىن باشلاپ، ۋاقىتنىڭ يېڭى سانىقى ئېچىلدى، ئۇنىڭ چىقىراپ، ئوتتا چۇچۇلىنىپ قېچىپ بېرىۋاتقانلىقىنى يېقىن يەردە تۇرغانلارنىڭ جىمىسى كۆرۈشتى. قىز يەرگە گۈپپىدە غۇلىدى، ئاڭا ھېلىقى يىگىت ۋە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈشكەن بىر نەچچە ئالاھىدە ساقچىلار يېتىشىپ كېلىشتى، ئۇلار كىيىملىرى بىلەن كۆيۈۋاتقان قىزنىڭ بەدىنىدىن ئوتنى ئالدىراپ ئۆچۈرۈشكە كىرىشتى، بىراق كېچىككەن ئىدى، ئۇنىڭ ئامالى قالمىغان شېرىكى بېشىنى قاماللاپ چۆكۈلۈپ يىقىلدى، ئاڭغىچە بىز زاماتتا جىمىگەن مەيدانغا تىك ئۇچار قوندى. قارىغاندا، باياتىندىن بېرى تېلېۋىزىيە ئۈچۈن سۈرەتكە ئېلىپ يۈرگەن بولسا كېرەك، قۇلاقنى تىندۇرغۇدەك غۇيۇلدىغان ھەممىنىڭ ئالدىدىن، شامالدەك ۋە غۇيۇلدىغان ئاۋازى بىلەن تۆۋەنگە لەيلىشىپ چۈشۈپ كىشىلەر يۈگۈرۈپ كېلىشتى. يەردىن قىزنىڭ تېنىنى كۆتۈرۈپ ئېلىشتى. ھېلىقى يىگىتنى ۋە ئىككى ئۈچ ئالاھىدە ساقچىنى بىرگە ئېلىشىپ، ھەممىسى ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈشتى. بىراق، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىراۋ قىلچىلىكمۇئۇنۇتماي، بولغۇلۇقنىڭ ھەممىسىنى فىلىمگە ئېلىۋېلىشقا ئۈلگۈردى.

تىك ئۇچار قىزىل مەيداننىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتتى. مۇنارنىڭ قىلدەك چوقىسىغا تەڭلەشتى ـ دە، تاش كۆۋرۈكنىڭ ئۈستى بىلەن يەنىمۇ يىراق ئۇچۇپ، ئۇندىن كېيىن موسكۋا دەرياسىنى بويلاپ ئۇچۇپ كۆرۈنمەي قالدى.

تىك ئۇچار بىلەن بىللە ئورمانغا كىرىپ يوق بولغان قاناتلىق پەرىشتىدەك، ئۆزلىرى جان پىدالىق بىلەن ئۆز مەپكۇرەلىرىگە شۇنچىلىك بېرىلگەن، كىشىنىڭ كەيپىنى شۇنچىكى ئۇچۇرىدىغان ھەم ئارقىغا

يانمايدىغان، ئۆزلىرىنى قۇربان قىلىشقان ئىككى ياشنىڭ ئاقىۋىتى، يەنى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تراگېدىيىسى شەھەر قوينىغا سىڭىپ يوق بولدى.

ئىشقا ئاشماس قۇرۇق خىياللارغا بېرىلگەن ھەم ئۇلارنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن نېمىلا بولسۇن جاندىن ۋاز كەچكەن پاك مۇھەببەتنىڭ كۈچى ــ ھەي!

شۇ كۈنى كېچىدە شەھەرنىڭ مەركىزى كۈندۈزى بولغان ۋەقەدىن كېيىن ئۈزاققىچە تىنجىغىنى يوق، قانلىرى داۋالغۇپ قالغان ئادەملەر تىنچىپ يېتىشالماي كوچىدا يۈرۈشتى، ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىنىڭ جايىدا ئەمەسلىكى سۆزلىگەن سۆزلىرىدىن، ئۆڭلىرىدىن، باسقان ـ تۇرغانلىرىدىن سېزىلىپ تۇردى، كىشىلەر توپ ــ توپ بولۇشۇپ بىر يەرگە كېلىشىۋېلىپ، تالىشىپ، تارتىشىپ، ئۇنى ــ بۇنى ئويلاپ دەپ بېقىشتى، بەلكىم ئۇنىڭ كىيىمى تېزلا كۆيۈپ ئوت ئالغۇچى ئالاھىدە سۈيۈقلۇق تەركىبىگە قاندۇرۇلغاندۇر، بىراق سۆزسىزلا شۇ قىز ئۆلۈپ كەتكۈچە بېرىش كېرەكمۇ؟ بەلكىم ئۇنداق ئەمەستۇر، بەلكىم پۈتۈنلەي باشقا، ئادەم ئۆزىنىڭ چېكىگە يەتكەن ئىچكى چىڭقىلىشىغا چىدىماي، كۆيۈپ كېتىدىغان قانداقتۇر بىر ئەقىل يەتمەس يارىتىلىشنىڭ مېتافىزىكىلىق ھادىسىسىدۇر؟ ئۇندىن قالسا تۈن نىسپىدە فوسفۇر يورۇقى يېنىپ تۇرىدىغان ئادەملەرمۇ بولىدۇ، دەپ كىشىلەر يۈرۈشمەمدۇ، قانداقلىقىنى كىم بىلسۇن؟

ئاڭغىچە قاشمۇ قارىيىپ،كەچ بولۇپ قالدى. كوچىلاردا كىشىلەر شالاڭلىشىشقا باشلىدى. ئاپتوبۇس، ماشىنىلارنىڭ ئىشىكلىرىنى جاق ــ جۇق يېپىپ، شۇلا يەردە قاراقچى ــ بۇلاڭچىلارغا بېرىدىغانلىرىنى بېرىشىپ، كېچىلىك بەزمىنى ياخشى كۆرىدىغانلار پائالىيەتلىرىگە كېلىشتى. كېچىلىك پائالىيەت ئورۇنلىرىنىڭ ئوتلىرى ياندى، ھاياتلىق سىرىنى جانلاندۇرغۇچى

چىراغلار غۇۋالاشتى، ئېلېكترونلۇق مۇزىكىلار ياڭراپ، كۆكرەكلەر چايقالدى، سورۇنلار كەڭرى يېيىلدى، ھەممىنى ئۇنتۇلدۇردى، ھېچنەرسىنى ئەسكە ئالماسلىق، ئۆزگىدىن خالىي بولۇش، خۇدادىن غىپپىدە خالىي بولۇش كېرەك ئىدى.

شۇ كېچىدىكى قىزىل مەيدان جىمجىت ئىدى. قىمىر قىلغان جان يوق، كۈندۈزدە ئادەملەرنىڭ ھارام كۈچى ئويناقلىغان، جىن ـ شەيتانىنىڭ ئوردىسى بولغان، قان ئېقىپ، ئەجەل قاپلىغان يەردە ھېچكىمنىڭ بار بولغۇسى كەلمىدى، غۇۋا يورۇق بارئىدى، بارلىق يەردە، مەيدان دالدىسىدا تاشلانغاندەك نامايىشچىلار مۇشتلىشىشتا يەنە بىر ـ بىرىدىن قېچىۋاتقاندا، چەيلەنگەن پورترېتلار، شۇئار ـ ئۇرانلار، پلاكاتلار ياتاتتى، ئۇ نەرسىلەر بىلەن ھېچكىمنىڭمۇ كارى بولغىنى يوق.

ئاي كرېمىلنىڭ ئاسمىنىدا بالقىپ ئېگىز تۇردى. ھېلىقى ئۆزىنىڭ زارىققان سائەتى كەلگەندە ھۇيتقۇش ئۇچۇپ چىقتى. يوغان قاناتلىرىنى شەپىسىز شىلتىپ، دۈپدۈگىلەك ئۇيقۇسىزلانغان، چەكچىيىپ يالتىرغان كۆزلىرى بىلەن چوڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇپ قاراپ، ھېلىقى كۆلەڭگۈلەردىن بەتەر ھالدابەزىدە ئۇ، بەزىدە بۇياققا قېيىپ يۈردى. ھۇيتقۇش ھەم تەشنالىقتا ھەم خاپىلىقتا ئىدى، قەبرىستانلىقنىڭ ئۈستىدىن شەپىسىز ئايلىنىپ، ئۇنىڭ ئىشىكىدە تاشتەك قېتىپ تۇرۇشقان كۆزەتچىلەرنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆز قارىسىنى كۆرسىتىپ قويۇپ ھۇيتقۇش مەرتىۋىلىك كاتتا باش ئەرۋاھلارنى ئىزدەپ ئۇندىنمۇ نېرى ئۇچتى، ئۇندىن كېيىن ئۇلارنى كرېمىلنىڭ خىش سېپىلىنىڭ سايە چۈشكەن جايىدىن تاپتى. ياق! ئۇلار بۇ قېتىممۇ ھېچبىرىبىگە گەپ دېيىشمىدى، ئۇلارنىڭ بۇ سەپىرىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى، بىراق سېھىرلەپ قويغاندەك ئىدى، «ياكى سوتسىيالىزم ـ ياكى

ئۆلۈم!» دەپ نامايىشتا ۋارقىرىشىۋاتقانلارنىڭ سۆزىنى ئەسلىرىدە تۇتۇپ قالغان كاتتا باشلار مەرتىۋىلىك قول تۇتۇشىۋېلىپ، بىر يەرنى نىشانلاپ بىر خىل ئۇسسۇل بىلەن بىر قېلىپتا قايتىلاۋېرىشتى. شۇنداق، ئۇئىككەيلەن چارچىماي بۇرۇن ئاڭلانمىغاندەك، كۆرۈنمىگەندەك قىلىپ، ئادەمنى بىزار قىلغۇدەك دەرىجىدە «ياكى سوتسىيالىزم - ياكى ئۆلۈم!» دەپ قايتىلاۋېرىشتى.

ئۇسسۇلنىڭ بۇ رىتىمى ھۇيتقۇشنى تېزلا زېرىكتۇرۇپ قويدى. ھۇيتقۇش ئۇ ئىشلارنى كۆرۈشتىنمۇ نېرى ئۇچۇپ جۆنىدى. ئۇندىن كېيىن سپاسكىي دەرۋازىسىنىڭ يېنىدىن يولى چىقىپ تىك ياندى، نەدىن كېلىپ قالغىنى نامەلۇم مەست خوتۇننى يولۇقتۇردى.

چۇۋۇق چاچ، ئېتىكى يېيىلغان، نومۇسىنى يوقاتقان مەست خوتۇن بىر ئارمانلىق ناخشىنى سوزۇپ ئوقۇپ كېچىدىكى قىزىل مەيداندا تەنھا كېتىۋاتاتتى:

ھەي، ئارمان ھەي، نېچۇن؟
تۇغۇلغاندۇرمەن.
ھەي، جان ئانا ھەي، نېچۇن؟
تۇغقاندۇرسەن؟

ھەي، ئارمان، ھەي نېچۇن؟
بويلۇق بولغاندۇرسەن؟
تۇغدۇڭ مېنى جان ئانا،
ئويلۇق بولغاندۇرمەن؟

ھەي، ئارمان ھەي، نېچۇن؟
تۇغۇلغاندۇرمەن؟
خالىمىغان ئىدىم ئانا جان،
بىكار تۇغقاندۇرسەن؟

ھەي، ئارمان ھەي، نېجۇن؟
تۇغۇلغاندۇرمەن؟
ھەي، ئانا جان ھەي نېچۇن؟
تۇغقاندۇرسەن؟

ئايال مەيداننى يانتۇ كېسىپ، دەلدەڭشىپ، مۇدۇرۇلۇپ، چايقىلىپ كېتىپ بېرىۋاتاتتى. بىر مەھەلدە ماگىزىنىنىڭ، سودا ـ سېتىق ئورۇنلىرىنىڭ دالدىسىغا كىرىپ كۆرۈنمەي قالدى. ئۇنىڭ يۈرەك باغرىدىن چىققان ئارمان ناخشىسى يەنە بىر ئاز ۋاقىت ئاڭلىنىپ ئۇندىن كېيىن جىمجىت بولۇپ قالدى.

ھۇيتقۇش بولسا كىرىمل سىپىلىنىڭ ئۇستىگە ئېگىزلەپ چىقتى ـ دە، باغلارغا قاراشقا باشلىدى. ئۇندىن كېيىن ئاشۇ يەردىن، قېلىن پۇتاقلار ئارىسىدىن توساتتىن، ھېلىقى خوتۇننىڭ تېخىمۇ بەتەر، ھۆكۈرىگەندەك ئۈنى ئاڭلاندى،ئارمانلىق «ئۇھ» دېدى. ئاي كىرېمىل سارىيىنىڭ ئۆگزىسىدىكى قۇببىلارنى، مۇنارلارنى، چېدىرسىمان قۇرۇلۇشلىرىنى مەڭگۈلۈك نۇرى بىلەن شولالاپ تۇرغان سانسىز يۇلتۇزلار ئارىسىدا ئېگىزلەپ تۇراتتى، شۇنىڭ بىلەن ھۇيتقۇشقا، قايتىدىن ئوكياندا ئۈزۈۋېتىشقان يىراقتىكى كىتلارنىڭ دېمى ئاڭلىنىۋاتقاندەك سېزىلىپ كەتتى، ئۇلار نەدە؟ نېمىگە ئالدىرىشىۋاتىدۇ؟ ئەمدى ئۇلارنىڭ جېنى ئارامىدا بولمايدۇ، ئەمدى دولقۇنلار تىنچىمايدۇ.

«مۇنبەر» ئۈچۈن يېزىلىۋاتقان ماقالىنىڭ كۆپچىلىك بۆلىكى تەييار بولۇپ قالغان ئىدى، ئەمدى ئۇنى خۇلاسىلەش كېرەك ئىدى، بىراق ئىش ھەل بولۇشىغا قانچىلىك يېقىنلىغانسېرى بوركىنىڭ بىئاراملىقى شۇنچىلىك كۈچىيىشكە باشلىدى، كاسساندرا تامغىسىنىڭ ئالاھىدە ھادىسىسىنى ئىلمىي جەھەتتىن چۈشەندۈرۈشكە ئۇشۇقچە شۇڭغۇپ كەتمىدىكىن، شۇ چاغدا كىشىلەرنىڭ زور كۆپچىلىكى ئۈچۈن ۋە بەلكىم مۇتلەق كۆپچىلىكى ئۈچۈن، كاسساندرا ھامىلىلىرىنىڭ بەرگەن بەلگىلىرى ھەققىدە ھېچنەرسە كۆرمەي، ھېچنەرسە ئۇقماي، ئامال بار ئۇنتۇپ كېتىش ئۈچۈن كائىناتتىكى فىلوفېينىڭ «غەيۋەتخورلۇق» ھەرىكەتلىرىدىن قانداق تەدبىر بىلەن بولسىمۇ قۇتۇلۇش ئەھمىيەتلىكتۇر، ھېيلىگەر سىياسەتۋاز ئولىۋېر ئوردوك دەل مۇشۇنى سەزدى ـ دە، شۇنىڭغا يارىشا ئىش قىلدى، شۇنىڭ بىلەن مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى، سۆزسىز، ئۇ سىياسىي غەلىبىگە يەتتى، ئەلۋەتتە، ئۇ ئالدامچىلىق يولىدىكى غەلىبە، بىراق كىشىلەرنىڭ ئاممىۋى تۈردە ئۆزىنى ـ ئۆزى ئالداشنىڭ يولىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى ئۇلارغا قانداق قىلىپ چۈشەندۈرىسەن، قانداق قىلىپ ئىشەندۈرىسەن؟

ئوردوكقا قارىغاندا ئۆزىنىڭ سىياسىي تەجرىبىسى، سىياسىي ئىقتىدارىنىڭ يېتەرسىز ئىكەنلىكىنى بورك چۈشىنىدۇ، شۇنداق، ئەمدى ئۇلار دۈشمەن بولۇپ قېلىشتى، شۇنچىلىك كۈتۈلمىگەن يەردىن شۇ دەرىجىدە قارشىلاشقان دۈشمەنگە ئايلىنىشتى، بورك ئۇنى خالامدۇ ياكى خالىمامدۇ، ئالدىدا كۈرەش، قەتئىي يۈز بېرىدىغان كۈرەش تۇراتتى، ئوردوكنىڭمۇ كۈتكىنى شۇ، ئارزۇ قىلغان پرىزىدېنتلىق يولىدا، ئەل ئالدىدا تۇتۇشۇش، بۇ جەھەتتىن ئالغاندا، تەقدىر ئۇنىڭ قولىغا مەردلىكى ۋە ئوڭايلىقى بىلەن كائىناتتىن فىلوفېينى، يەردىن بوركنى سېلىپ بەردى.

شۇ ھەقتە ئويلىنىش بىلەن، ۋاپاسىز سىياسىي كۈرەشكە قانداق تېز تارتىلىپ كېتىشكە مۇمكىن ئىكەنلىكىگە، تىرىشچانلىقى، قان قىزىققان خۇمارىنىڭ ۋۇجۇدىنى قانداق ئازغۇرۇش بىلەن مەھكەم ئىگىلەپ ئالارىنى روبېرت بورك كۆزەتتى، ئوردوك بىلەن كۆزمۇ ـ كۆز يولۇققۇسى كەلدى، ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ كۆزىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ، سۆھبەتكىدىن ئۆتۈپ، يىلىك ئىچىدىكى چۇچۇقۇقا يەتكۈدەك قىلىپ ئۇنىنى قاتتىق چىقارماي: «قارا يۈزلۈكۈڭ مانا مەن دەپلا چىقىپ تۇرمامدۇ!» دېگۈسى كەلدى، ئۇندىن كېيىن ھەممەيلەنگە: «ئوردوك قارا يۈز، مۇنداق نېمىگە ھۆكۈمدارلىقنى بەرمەسلىك كېرەك، چۈنكى ئۇ ھۆكۈمدارلىققا ئەزرائىلنىڭ ئۆزى بولۇپ كەلگەنلىكى بىلەن باراۋەر بولماقچى، ھەممىدىن قورقۇنچلۇقى ـ ئۇنىڭ ئەزرائىل ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەي قالدى!» دەپ ئېلان قىلغۇسى كەلدى، «ياق، ياق ! خىزمىتىم سىياسىي كۈرەش ئەمەس، ۋەزىپەم كاسساندرانىڭ بەلگىلىرى ھەققىدىكى رېئاللىقتىن قېچىش بىلەن يۈلۈنى بوشلۇق قىلىپ، مەسىلىنى يىلتىز تارتقۇزۇپ بالا ـ قازانى باشلىرىغا يىغىۋاتقانلىقلىرىنى كىشىلەرگە دەلىللەپ بېرىش، بىراق بۇ ۋەھىمىلىك رېئاللىق ئىكەنلىكىگە، شۇنىڭغا قارىماي ئۇنىڭدىن قاچماسلىق كېرەك ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى ئىزدەش زۆرۈرلۈكىگە، ئۇلارنى قانداقچە، قانداق قىلىپ ئىشەندۈرىمەن؟!».

بورك ھاۋا يېيىش ئۈچۈن بالكونغا چىقتى، كېچىدىكى ھاۋا سالقىن بولۇپ، كۈز پەسلى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى، قاراڭغۇدا يوپيۇرماقلار تىنىمسىز شىلدىرلاپ ئۈچۈپ چۈشۈۋاتاتتى، بورك سەل توختۇشقا باشلىدى، ئاي تېز سۈرەتلىك تاش يولغا چىقىشىدىكى توقايلىق دۆڭگە تېگەر ـ تەگمەس بولۇپ، يېڭى چىقىپ كېلىۋاتىدۇ، بورك ئېگىزلىكى ۋە قاتمۇ ـ قات دېڭىز

جىيىكىدىكى قوْم دۆۋىلىرى ئەسكە سالغان توقايلىق دۆڭلەرنىڭ نېرى تەرىپىدىكى گولف توپ داللىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى، ئۇ ياققا بۇرۇنقى يىللىرى توپ ئويناش ئۈچۈن بېرىپ قالاتتى.

ئۇندىن كېيىن، قىزىق، ئۇنىڭ ئېسىگە قاچاندۇر بىر كۆرگەن چۈشى كەلدى، كۆرسە، چۈش دېگەن قاچانقى بىر بولغان چىنلىق ھالىتىدە ئادەمنىڭ ئېسىگە قايتىدىن چۈشۈپ تۇرىدۇ. قايسى بىر كېچىسى، قىياسەن، يېقىندىلا، ئۇچۇش كۆرىدۇ، چۈشىدە ئەتراپىدىكىلەر، پۈتۈنلەي گولف توپ ئوينايدىغان كۆك مايسىرەڭ دالا، تۈن، ئاي نۇرى يەرگە تېگىپ تۇرىدۇ، كۆڭلى ئېچىلدى، سەگەك، بىراق ئوڭاي بولماي ئۆزىدىكى توپ تاياقنىڭ زەربىسىنى پۈتۈنلەي پىسەنتىگە ئالمايدۇ، قانچىلىك كەلتۈرۈپ تۇرۇپ ئۇرمىسۇن، تاياقنى قانچىلىك كۈچىنىپ شىلتىسۇن، توپ دۈگۈلەپ قويمايدۇ، ئورۇندا قالغىنى قالغان، ئۇندىن كېيىن قانداقتۇر ئاسمان تەرەپتىن ئۇ دۇنياغا رىھلەت قىلىپ كەتكەن، كافېدرادا بىللە ئىشلىگەن خىزمەتدىشى، پروفېسسور ماكس فرائىد پەيدا بولىدۇ، ـ يۇرە،ـ دەيدۇ، ئۇ پروفېسسور ،ـ ئايغا ئۇچۇپ كېتىمىز، ئۇياقتا شۇنچىكى بىر گۈزەل دالالار بار، ئۇ يەردە گولف توپىنى ئوينايمىز،ـ ماكسنىڭ ئېيتقىنىغا كۆنۈپ، ئەگىشىپ ماڭىدۇ، ئۇلار گولف داللىرىنىڭ ئۈستىدىن لەيلەپ ئۇچۇشىدۇ، ئارقىدىن بولسا ئۇنى قايتىدىن چاقىرىپ، جېسسى يۈگۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ، نېمە ئۈچۈندۇر يىغلاپتۇ، بۇ قانداق چۈش؟ تاڭ قالارلىق، يەنە مۇنداق ئويلاپ كەلگەننى ئانچە ھەيران قالارلىق دېگىلىمۇ بولمايدۇ، ماكس قانچە ھېساب بىلەن ئۆتتۈشنى ياكى ئۆتتۈرۈشنى يۇلتۇزلارغا قاراپ ئېيتىشقا تەمشىلەتتى، ئۇنىڭ ئالدىن كۆرەرلىكى گاھىدا دەل كېلىپ قالاتتى، بىراق كۆپچىلىك ۋاقىتتا سەگەكلىك،«كۆزى ئوچۇقلۇق»ئۇنى مەسخىرىگە قالدۇراتتى، بەلكىم ئۇ دۇنيادا ماكسنىڭ روھى بىر نەرسىنى سەزگەندۇر،

ماكسىنىڭ ئۆز سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، ئۇ ئەكسىچە بىر مۇنەججىملىك ئامىلىنىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى قەرەلىدىن بۇرۇن كۆرۈپ، دوستىنى زەربە ئالدىدا زەربىدىن ئامان قالدۇرۇش ئۈچۈن ئايغا چاقىرغاندۇر، ھېلىقى چۈشكە كىرگىنى ئالدىنئالا ئەسكەرتمۇاتىدۇ.

توغرا، ماكس تىرىك بولسا نامايىشتىكى ئىشلارنى كۆرگەندىن كېيىن، كېچىچە، ئۇلارنىڭ قېشىغا، نىيۇبېرىگە يېتىپ كېلىدۇ، ئۇندىن كېيىن بىر نەرسە ئۆزگىرىپ كەتمىسىلا ئۇ ئاشۇنداق شوخ، بىراق ناھايىتى كۆڭلى يۇمشاق، رايىش ئادەم ئىدى، گاھىدا روياالدا ئاددىي مۇزىكىلارنى جېسسىنى خۇش قىلىپ چېلىپ قوياتتى،خېلى يامان ئەمەس چالاتتى، جېسسى زوقلىنىپ قالاتتى: « دوستلىرىڭنىڭ ھەممىسى، بوب، ماكسقا ئوخشايدۇ، كلاسسىكىلىق ۋارىيانتتىكى كۆلكە قوزغايدىغان تالانت ئىگىلىرى دېگەنلەر دەل سىلەردەك كاھىنلار، بۇرادەرلىكنى قايتا تۈزسەڭلار بولىدىكەن، سەن ئوردىنىڭ تاجىدارى، يەنى ھەر جەھەتتىن ھۆكۈمدارى بولساڭ، ھەمدە كېلىشكەن يىگىت ماكس ئوڭ قولۇڭ بولسا، ھەممىگە ئۇلگۈرەلىگۈدەكسىلەر»، بىچارە ماكس، جېسسىگە خۇپپىيانە ئاشىق ئىدى، ئۇنى گاھى ـ گاھىدا گەپ ـ سۆز بىلەن تاماشاغا ئايلاندۇراتتى، كەيپ،مەستخۇش بولۇپ تۇرغان چېغىدا كۆڭۈلدىكىنى دېيىشىش مەقسىتى بار ئىدى.

«ھە، دېمەمسەن، روبېرت، كۆزۈڭگە قارىتىپ ئېيتاي، ھاياتىمغا چوڭ كاشىلا بولدۇڭ»، «بۇ نېمە دېگىنىڭ؟»، «ئەگەر سەن بولمىساڭ ئىدىڭ، مەن جېسسىگە ئاشىقلىقىمنى ئېيتماقچى ئىدىم»، «ئويۇمچە، ھازىرمۇ كېچىكمەيسەنغۇ؟»، «ياق، ئەگەر توغۇلمايلا قالغان بولساڭ، مانا شۇ چاغدىلا ئېيتماقچى ئىدىم»، «ئۇنداق بولسا قىلچىمۇ چارە يوق ئىكەن، تۇغۇلۇشۇم ئۇياقتا تۇرسۇن، تېخى يېنىڭدا ئولتۇرمامدىمەن»، «گەپنىڭ ھەممىسى دەل

مۇشۇ يەردە، ئەمدى چۈشەندىڭمۇ، ماڭا قاتتىق توسالغۇ بولغانلىقىڭنى...»، «ماكس، دوستۇم، سەن تۇغۇلۇپ قالغان ئادەم ئالدىدا بايقاپ كۆر، ھەمدە سەن خالىغان ماسمۇ ـ ماس كەلگەن شەرتتە بۇنىڭ ھېچ قىزىقى يوق»، «ياق، ئالدىڭدا كۆزگە چېلىقمايمەن، پۈتۈنلەي...»، «قويساڭچۇ !سېنى ئاياللارنىڭ ھەممىسى ياقتۇرىدۇ، تەقى ـ تۇرقۇڭ كېلىشكەن، مۇنداقچە ئېيتقاندا، چىرايلىق يىگىت سەن، قاچاندۇر بىر ۋاقىتتا موتوسىكلىتتە غۇيۇلدىغان ئىدىڭ، ھەممەيلەن ئېغىزلىرىنى ئېچىشىپ قېلىشقان ئىدى، ئۇندىن باشقا سەن مەندىن ياخشىراق سەن»، «ھەئە، موتوسىكلىتچىمەن، سەن بولساڭ دۇنياغا تونۇشلۇق ئوقۇمۇش سەن، مەن موتسىكىلىتچىمەن، سەن بولساڭ، باي ئادەمسەن، يازغان كىتابلىرىڭغا زور قەلەم ھەققى ئالىسەن، پەيزى نيۇ بېرىدە چىرايلىق ئۆيۈڭ بار، ئاياللىڭ ساڭا باخنىڭ، بىتخوۋېننىڭ مۇزىكىلىرىنى ۋىئولونوچېدا ئورۇنلاپ بېرىپ تۇرىدۇ، مەن موتوسىكلىتتە قالايمىقان چېپىپ يۈرىمەن، سەن مودىلاشقان نيۇبېرىدە گولف توپ ئويناپ يۈرىسەن، مەن بولسام موتسىكىلىتتە چېپىپ يۈرىمەن، سەن كىرېمىلدە، ئاقسارايلاردا مۇنبەرگە چىقىپ نۇتۇق سۆزلەيسەن، مەن بولسام موتسىكىلىتتە چېپىپ يۈرىمەن...».

«توختا، توختا! ماكس دېگەندەكلا بىچارە بولۇپ قاپسەن ـ دە، سەن موتسىكىلىتچى ئەمەس سەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ چاغلار ئۆتۈپ كەتتى، سېنىڭ ئۆز ئىلمىڭدە، سىياسىي جۇغراپىيىدە داڭقىڭ تاشىنىمۇ يارىدۇ، پۈتكۈل سەييارىمىز قولۇڭدا، ئاندىن قالسا گەپ...»، «سەييارىدىلا ئەمەس، سەييارە نېمە بولۇپ قاپتۇ؟ سەن ئاۋايلا توساتتىن بىر ئىش بولمىسۇن، ئانىنا ئوماق پولەك قىزلىرىنىڭ پۈختىسىنىڭ پۈختىسى، ئۇقۇپ قالسا نامىڭ نېمە بولىدۇ؟! جاڭجال چىقارمامدۇ، موتوسىكلىتىڭ ياردەم بېرەلمەيدۇ! ئانىنا بولسا

خىيالىدا سىنى ھېچكىمگە تەڭ قىلمايدۇ»، «راست، روبېرت، سەن مېنى سۆز بىلەن قارمىدىڭ، ئاننا ھەققىدە ئېيتقىنىڭ توغرا، ھەمدە ھېلىقى پلانىتا ھەققىدە ئېيتقىنىڭ ئانچە توغرا ئەمەس، سىياسىي ئىشلاردا ھەممىنى بىلىش كېرەك، ئۇنىڭسىز ،يەنى ھەممە ئىشنى بىلمەي تۇرۇپ سىياسىغا ئارىلىشىشنىڭ ئورنى يوق، بۇ ئالاھىدە، ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشقا تەييار تۇرغان ئىلىم، بۇ، مەن ئېيتاتتىمغۇ، مەن مەلۇماتلارنىڭ بانكىسى، شۇنداق بۇ جەھەتتىن ئالغاندا مەن دۇنياۋى بانكىر، 20 ـ ئەسىرنىڭ روتشىدى دېسەڭمۇ بولىدۇ، ھەممىدىن خەۋەردارمەن، ھەممىنى ئۇقىمەن، ئۇندىن كېيىن نېمە بولىدۇ؟ ئاسماندا خۇدامۇ ھەممىنى بىلىپ، ھەممىنى كۆرۈپ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ، دېيىشىدۇ، بىراق خۇدانىڭ قولىدىن ھېچنېمە كەلمەيدۇ.»

بوگون يوق، ماشىنا ۋەقەسىدە جان تەسلىم قىلدى، ئۇچۇپ كۆيۈپ يوردى، ئاننا دەررۇ قېرىشقا باشلىدى، ئوغلى ئۆيلەنگەن، ئۆزى ئايرىم ياشايدۇ، جىسسى ئىككىسى تېلېفون بېرىشىپ تۇرۇشىدۇ، بەزىدە كۆرۈشىدۇ، ئاخىرقى رەت ئاننا ۋاقتىدا كەلدى، ساپ ھاۋادىن دەم ئېلىپ، سەيلە قىلىش ئۇچۇن، ئويلىغانلارنى كۆرۈش ئۇچۇن ھەممىسى گولف توپ مەيدانىغا بېرىشتى، ياخشى ئارام ئېلىشتى، شۇ تەرەپتە، دۇڭگۇر(گولف) توپ كۇلۇبىدا چۈشلۈك غىزا يېيىشتى، ئۇندىن كېيىن ئۆتكەن كۈنلەر ھەققىدە سۆز ئۆز ـ ئۆزىدىن چىقىپ كەتتى، كۆپ گەپ قىلىشتى، مەرھۇم شۇ يەرلەرنى ياخشى كۆرەر ئىدى، غۇژۇلداپ كېلىپ قالدى....

ۋاھ، ھەيرانمەن، دوستۇم ماكس فرايىد، سەن ھېلىقى ئادەملەرنىڭ ئەقلى بىلەن ۋۇجۇدىغا، مۇنداق قىلىپ غەم ـ غۇسسە چۈشۈپ، دۇنيادا بولۇۋاتقان ئىشلارنى كۆرسەڭ نېمە دەر ئىدىڭ، نېمە قىلار بولغۇيتۇڭ، كۆزگە كۆرۈنمەس

ئىرسىي قۇيۇن كۆتۈرۈلۈپ، پەلەكنىڭ چاقى ئايلىنىۋاتىدۇ، ئەمدى ئىككى ئىشنىڭ بىرسىنى قىلىش كېرەك، باشقىلار نېمە بولسا شۇ بولسۇن، ئۆزۈم ئامان بولسام بولدى، دەپ كۆپچىلىكنى ئويلىغاندەك «كۆزۈم كۆرمىسىلا مەيلى، كاسامنى بۆرە يېسۇن» دېگەندەك قىلىپ، قورققاندا بېشىنى قۇمغا تىقىۋالغان تۆگە قۇشنىڭ خۇيىنى چىقىرىش كېرەك ياكى يالتايماي، تەڭرىنىڭ كۆزىگە تىك قاراپ تەڭرىنىڭ كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇشنى قوبۇل قىلىش كېرەك، چۈنكى تەڭرى ئاگاھلاندۇرۇپلا قويىدۇ، كېلىشىش ئۆزىمىزدىن بۇ جەھەتتە ماكس فرايدنىڭ دېگىنى چىن بولدى، ھېلىقى چۈشكە كىرگىنى بىكاردىن ئەمەس، دېمەك، ئالدىنئالا سېزىپ، خەۋپلەندى، ئاپەتتىن بۇرۇن ساقلاپ قالغۇسى كېلىپ چاقىردى، ئايدىكى گولف توپ مەيدانىغا چاقىردى، بىراق ئەمدى ۋەزىيەت قانداق بولار، چۈنكى ئوردوك ھەقىقەتەندىمۇ مەسىلىنى بۇرمىلاپ قويدى، ئەل ـ جامائەتنى كۆز قىرىغىمۇ ئېلىپ قويمىدى، ئالاقىزادە قىلىپ قويدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە قىران بۈركۈت بولۇپ كۆرۈنۈش ئۈچۈن بوركنى كىشىلەر ئالدىدا سىياسىي جەڭگە چاقىرىپ قويدى، ئەمدى بورك تەييارلىنىشى كېرەك، ھېلىقىنىڭ چاقىرىقىنى قوبۇل كۆرۈپ كاسساندرا تامغىسى ھەققىدە ئۆز سۆزىنى ئېيتىشى فىلوفېينى ھەر خىل كۈشكۈرتۈشلەردىن يەنە سىياسىي پۈرسەتپەرەسلەرنىڭ قىلتىقىدىن ساقلاپ قېلىشى كېرەك، ئۇندىن كېيىن ئوردوكنىڭ ھېلىقى قىلىقىنى بۇندىن باشقا نېمە دېمەكچى سەن، ئاھ، ياراتقان ئىگەم، كېچە سائەت ئىككى بولاي دەپ قالغاندا، قوياي بولدى، ئولتۇرۇپ ئىشلەي، دەپ بورك ئېسىگە كېلىشكە باشلىدى، توختاۋسىز ھەرىكەتلىنىش كېرەك، چېكىنىشكە يول يوق، ئىشخانىغا قايتىپ كېلىپ، كىرەردىكى ئەينەك ئالدىدا توختىلىپ قالدى، ئۇيقۇسىز قالغان ئىككى كۆزى چوغدەك قىزىرىپ خىيال بىلەن قايغۇغا تولغان

ئىدى، چاچلىرى پۈتۈنلەي ئاقىرىپ كېتىپتۇ، ھېلىمۇ ياخشى باشقىلارنىڭكىدەك بولۇپ چۈشۈپ كەتمەيدۇ، يېقىندىلا گېرمانلار بىلەن مۇخبىرلار بىلەن يېنىدىن كېمىدە ئۇزۇپ ئۆتكەن رېيىن ساھىلىدىكى ھېلىقىدەك ئوخشىتىش، چاقچاقلار بىلەن بەھەيۋەت، ئېگىز تاغ قىرىدەك قېرى ئۇچۇن ئۇلار ئۇنىڭ سۆھبەت خاتىرىسىنىڭ «بەھەيۋەت ئېگىز تاغ بىلەن سۆھبەت» دەپ نام قويۇشۇپ قالدى، بىراق كۆپ ئۆتمەي، بورك ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندا، كاھىن فىلوفېينىڭ چاقماق ـ يىلدىرىمى چاراقلاپ، كۈن توسۇلۇپ شەيتاننىڭ شاپىلىقىدەك بولغان ئولىۋېر ئوردوك دېگەن نېمىنىڭ چىقىپ قېلىشىنى ئۇلار بىلگەن ئەمەس، شۇنداق قىلىپ تۇتۇشۇشقا توغرا كەلدى.

بورك كومپيۇتېر ئالدىدا ئولتۇراي دېگەندە تىۋىش ئاڭلاندى، تۆۋەن تەرەپتىن جېسسى كېلىۋاتاتتى.

ـ 202ھەي ئىشىڭ قانداق؟ ئۇ بوسۇغىدىن سوراپ قالدى.

ـ 202قانداق بولاتتى، ئىشلەۋاتىمەن،ـ دېدى ئۇ، نېمىگىدۇر ئېسىگە كېلىپ قالغان قاچانقى بىر چۈشنى ئۇنىڭغا ئېيتىشقا ئاغزىنى ئۈمەللەپ كېلىپ، جىم بولۇپ قالدى.

جېسسى چارچىغان ھالەتتە كۆرۈندى، شۇنداق بولسىمۇ ئۇنىڭ كۆزلىرىدە قانداقتۇر بىر ئۇچقۇن چاقناپ تۇراتتى.

ـ 202ساڭا توسالغۇ بولماي دېگەنتىم، بوب، بىراق سېنى تاڭ قالدۇرغۇم كېلىۋاتىدۇ.

ـ 202قېنى، مېنى سەن قانداق ھەيران قالدۇرماقچى؟

ـ 202مانا، بىر قۇچاق قەغەز ئېلىپ كەلدىم، بەلكىم ساڭا كېرەكى بولۇپ قالار.

ـ 203ئۇ نېمە قەغەز ئىكەن؟

203ـ فاكس، كىمنىڭ دېگىن، ئەنتونى يۇنگېرنىڭ.

203ـ ئەنتونى يۇنگېرنىڭمۇ، ـ دەپ قايتا سورىدى، ـ نېمە دەپ يېزىپتۇ؟!

ـ 203يەنە مەن ساڭا بارلىق تېلېفونلارنى ئۈزۈۋەت سورىنىمەن، دەپ ئېيتمىدىممۇ، هارماي تېلېفون بەرگەن بولسا كېرەك، بىراق ئۇنىڭ تېلېفون بېرەرنى كىم بىلىپتۇ، ئۇدا ئەمدى ئايۋاندىكى فاكسنى ئۆچۈرۈشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، خىيالىمغا كەلمەپتۇ، بىر مەھەللەردە شىرق ـ شىرق ئۈن چىقىدۇ، قارىسام، تۈرمەك ـ تۈرمەك قەغەز، مە، ئوقۇ، هەر بىر ۋاراقنىڭ بېشىغا «خۇدا ئۇرغۇر، فاكسنى ئۆچۈرمەڭ!» دەپ يېزىپتۇ، ئۇ، هازىرمۇ ئۇنىڭ فاكسى ۋاراق ئارقىدىن ۋاراق بولۇپ كېلىۋاتىدۇ، ئاڭا نېمە بولۇپ كەتتىكىن؟ بىچارە يىگىت، سەن ئوقۇۋەر مەن قالغانلىرىنى يەنە ئېلىپ كېلىپ بېرىمەن.

كۈتۈلمىگەن ئىش، كېچە سائەت ئىككى، كىمدۇر بىرسى ۋاراق ئارقىدىن ۋاراققا خەت پۈتۈپ فاكس ئەۋەرتىۋاتىدۇ، يازغاندىمۇ، ئۇنى مەن بىلەن تېلېفوندا بىر قېتىم سۆزلەشكەن چالا تونۇش ئەنتونى يۇنگېر يېزىۋاتىدۇ، بىراق سايلام ئالدىدىكى نامايىشتا كۈشكۈرتۈش ۋە ئېزىقتۇرۇشنىڭ يايداق ئېتىنى يۈگەن، ئېغىزدۇرۇقسىز مىنىۋېلىپ چېپىپ كېتىۋاتقان ئوردوكنى، نەتىجىسىز بولسىمۇ تىزگىنىنى تارتىپ توختىتىشقا پېتىنىش بىلەن پرىنسىپال، رەسمىي قەدەم تاشلىمىدىمۇ ـ ئۇ، ئوردوكنىڭ گورۇھىدىكى ئادەم، كۆپچىلىكنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆزلىرىدىن بۆلۈنۈپ ئۇنىڭ سىياسىي قۇربانلىقنىڭ تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتمىدىمۇ، نامايىشتىن كېيىن ئۇ قانداق ئەهۋالدا قالغانلىقىنى ئويلاش ئانچە قىيىن ئەمەس، ئوردوك ئۆزى يەنە ئۇنىڭ ئىخلاس بىلەن بېرىلگەن گورۇھى، سۆزسىزلا خائىنىدەكلا يۇنگېرنى گۇناهكار دەپ قارىدى، ئوردوكنىڭ قانىتىنىڭ ئالدىدا مەنسەپكە ئېرىشىش هەققىدە

ئەمدى ئويلىماي تۇرسا بولىدۇ، تەڭتۇش قۇرداشلىرى شىلدىڭلاپ كۇلۇپ تۇرۇشقان بولسا كېرەك، مۇنداق قىلىپ ئۆز يولىنى ئۆزى تورىغان بولۇپ بۇرۇن كۆرۈلمىگەن ئىش، مانا مۇشۇنىڭدىن قىيىن بولغىنى ئۇ ئوردوك ئابروينى خېلىلا تۆككەن، ئاممىۋى نامايىشقا قاتناشقان ئادەمگە ياردەم بېرىشكە پېتىنىپ ئولتۇرىدۇ، ئەنتونى يۇنگېرنىڭ ئالدىدا بورك ئۆزىنى ئوڭايسىز سەزدى، بىراق، شۇنداق بولسىمۇ كۆڭلى بىر ئاز ئارامىغا چۈشتى، ھېچقاچان، ھېچكىمنىڭ ئاڭا باغرى ئاغرىپ ياردەمگە قول سۇنۇپ باققان ئەمەس، چۈنكى، ئۇ ھەممىشە كۈچلۈك، ئۆزىگە ـ ئۆزى ئىشلەنگەن يىگىت، ئەمدى بولسا بوكس مەيدانىغا كۈچ بىلەن سۆرەپ چىقىرىلدى ئەمەسمۇ؟! كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا كۆك ئالا قويدەك سويۇلۇپ، بوكس مەيدانىغا دۈم چۈشتى، يەنە ھازىرچە كىشىلەرنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەي تۇرۇپ ئۆزىنى كۈچەيتمەكتە، ئەمدى ئۆز ئەركى بىلەن، ئۆمرىنى تەۋەككۇلغا سېلىپ، قايتىدىن تۇتۇشۇشقا، ھۇجۇمغا چىقماقچى، مانا مۇشۇنىڭ ھەممىنى چۈشەنگەن يۇنگېر ھەر بىر ۋاراقنىڭ بېشىدا: «خۇدا ئۇرغۇر، فاكسنى ئۆچۈرۈپ قويماڭ!» دەپ يېزىپ ئولتۇرىدۇ.

«بورك ئەپەندى، ئۆيىڭىزدىكى تېلېفونلىرىڭىزنىڭ نېمە ئۈچۈن ئىشلىمەي قالغانلىقىنى چۈشىنىۋاتىمەن،ـ دەپ يېزىپتۇ يۇنگېر، سىزنى ھېچقاچان زېرىكتۇرمەس ئىدىم، بىراق ئەھۋالىمىنىمۇ چۈشىنىپ قويسىڭىز، ئەگەر ھازىر ئالدىڭىزدا ئېگىلىپ تۇرۇپ، سىزگە ئېيتىپ قويۇشقا قەرزدار بولغان نەرسىلەرنى فاكستا بولسىمۇ بىلدۈرۈپ قويمىسام بۇ مەن ئۈچۈن ھەقىقەتەندىمۇ ئۆلۈم بىلەن باراۋەر، سايلام ئالدىدىكى نامايىشتا بولغان ۋەقەدىن كېيىن، جېنىمنى قويىدىغانغا يەر تاپالمىدىم، مەن ھەممىگە، ھەتتا جان پىدا قىلىشقىمۇ تەييار مەن، ئەگەر ئۇنىڭ قانداقتۇر بىر ياردىمى بولىدىغانلار بولسا، ئاشۇنداق كەيپىنى ئۈچۈرار سۆزۈم ئۈچۈن مېنى كەچۈرۈپ

قويۇڭ، بىراق ئوردوك بىلەن بولغان بۇنداق ئادەم يىرگىنىدىغان ۋەقەگە سىزنى تارتىپ ئولتۇرمامدىمەن، بۇنداق مەيدىسىگە ئۇرىدىغان، ئۆز نامىنى ئۆزى چاقىرغان ۋىجدانسىز، سېسىق سىياسەتۋازغا سىزنى نىشان قىلىپ بېرىۋاتىمەن، مەن كىمگە خىزمەت قىلىپ، كىمنىڭ كەتمىنىنى چاپقان، تەلەيسىزلىكىم بىلەن بىرەر ئىشقا ئاسان ئىشىنىدىغانلىقىمۇ مېنى شۇ كۈنگە قويىدۇ، ماڭا تېخى ئازلىق قىلىدۇ، بىراق هازىر سۆز مەن ھەققىدە كېتىۋاتمايدۇ، كەچۈرۈڭ، خۇدا ئۈچۈن، گەپ ئەمدى بۇنىڭ تاشايىنىدا نېمە قىلىش كېرەكلىكىدە، شۇ ھەقتە، كاسساندرا تامغىسىنى نېمە قىلىمىز، دېمەكچى بولغىنىم. . .».

بۇ يەردىن بىر ۋاراق خەت تۇگەپ كېيىنكىسى بايىقى ئۆتۈنۈش بىلەن باشلىنىدىكەن، «فاكسنى ئۆچۈرمەڭ، خۇدا ئۇرغۇر!».

شۇنداق قىلىپ، بورك ئەپەندى، بۇندىن سىرت نېمە قىلىش كېرەك؟

بۇ ئىشتا ئۆزۈمنىڭ ئەخمىقانە ئىش قىلغانلىقىمغا قارىماي، ئايرىم بىر ئويلىرىمنى ئېيتىشقا رەھىم قىلىڭ، بەلكىم پايدىسى تېگىپ قالار.

بورك ئەپەندى، ئېيتىشقا قانچىلىك ئېغىرلىق قىلغان بولسامۇ ئېيتاي، سىزگە ئاشۇلارنى ئىلتىماس قىلغانلىرىمغا پېتىنغانلىقىمغا ئالدىنئالا ئۆكۈنىمەن، بىراق، ئەمدى ئۆزۈمنى ئاياپ ئولتۇرغۇدەك يېرىم يوق، سىزنىڭ ئالدىڭىزدا كۆڭلۈم شۇنچىلىك، ئەمدى ماڭا ھەممىسى بەربىر.

ئېيتاي دېگىنىم ـ بولارى بولغاندىن كېيىن ئوردوكنى يالغان ئېيتقانلىقى ئۈچۈن ئەيىبلەشكە بولىدۇ، چۈنكى ئۇ سىز بىلەن روبىرو سۆھبەتلىشكەنلىكىگە تايىنىۋاتامدۇ؟! ئۇنىڭ بىلەن تېلېفوندا سۆزلەشكەن،ۋە بەلكىم سۆزلەشمىگەنسىز، سۆزلەشكەندىمۇ باشقا ئىش ـ نەرسىلەر ھەققىدە سۆزلەشكەنسىز، بۇ شۇنداقلا ئوردوكنىڭ ئۆزىگە يارىشا مۇئامىلىنىڭ جايىدا

بولغىنىدۇر. ئۇنىڭ قارا يۈزلۈكىگە يارىشا قىلىنغان مۇئامىلە ۋە سۆزلەشكىنىڭلار يېزىلىپ قالمىدى، مەن ئۇنى بىلىمەن، كېيىل بولالمايمەن، ئويلىنىپ كۆرۈڭ، شۇنداق قىلىشقا بولىدۇ دېسىڭىز مەن ئۇنىڭ ئابروينى قاتتىق تۆكىدىغان كۈچلۈك تەسىردە ئىش ئۇيۇشتۇرىمەن، ئۇنداقتا ئاممىۋى تەشۋىقات ۋاستىلىرى ھەممە يەرنى قاپلاپ كېتىدۇ، بىراق، كۆرۈشتىن، ئاڭلاپ تۇرۇشتىن ئەلۋەتتە باشقا يولىمۇ بار، ئەگەر بورك ئەپەندى فىلوفېينىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە ئىشەنسىڭىز، يەنە چىنلىق ئۈچۈن ئۆز پىكىرىڭىزدە چىڭ تۇرسىڭىز، سىز بىلەن ئاداققىچە چىڭ تۇرىمەن، ئەلۋەتتە، بۇ يەردىمۇ خىزمىتىم غەۋغالىق،شۇملۇق بولماقچى . سىزنىڭ يېقىن ياردەمچىڭىز بولۇپ بېرەلەيمەن، بۇنىڭدا سىز باش تارتمايمەن دېسىڭىز، ئالدىمىزدا چوڭ ئۇرۇشۇش تۇرغانلىقى ئايدىنمۇ ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

ۋەزىيەت شۇنداق بولۇۋاتىدۇ، ھازىرقى ۋاقىتتا سىز مەيداندىكى يالغۇز چەۋەنداز، كائىناتىي كاھىننى ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق ياقلىغان، ئۇنىڭ قىيامەت قايىملىق ئۇقۇم ۋە كۆز قاراشلىرىنى قوللىغان ، بەلكىم، پۈتكۈل سەييارىدىكى يەككە ـ يىگانە ئادەمسىز، سايلام ئالدىدا يۈز بەرگەن ۋەقەدىن كېيىن، ئوردوكىنى يۈزمۇ ـ يۈز تۇرۇپ قوللىغان «بىرلىككە كەلگەن خەلق فرونتى»دىن كېيىن فىلوفېينىڭ ئىختىراسىنى قوللاپ ئېيتار سۆزى بار بەزى كىشىلەرمۇ ئېھتىيات قىلىشىپ ئۈن چىقىرىشماي قالدى، شۇنداقلا خەلقنىڭ زور كۆپچىلىكى. . .».

«فاكسنى ئۆچۈرمىسىڭىز ئىكەن، خۇدا ئۇرغۇر! شۇنداق قىلىپ بورك ئەپەندى !يىغىلىشتىكى سايلامچىلارنىڭ تەرىگە قارىغاندا، خەلقنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى، ھەتتا تىلەككە قارشى دۆلەتنىڭ پۈتكۈل خەلقى دەپ ئېيتسىمۇ

بولىدۇ، كاسساندرانىڭ تامغىسى بويىچە ئالەمىي تەجرىبىگە قارشى، كاسساندرا هامىلىلىرى ھەققىدە خەلقنىڭ بىرەر نەرسىنى ئاڭلىغۇسى يوق، بىلگۇسى يوق، ئايالىلار تاپقۇر نۇرلارنىڭ نازارىتىدە بولۇشنى خالىمايدۇ. «ئالفا بېيسبول» دىكى يىغىلىشتا بولغان ۋەقەنى بارلىق مەلۇماتچى، ئاگېنتلار بەردى، شۇنىڭغا ئەگىشىپ شتاتلاردا ئوردوكنىڭ قەدىر ـ قىممىتى دەررۇ كۆتۈرۈلدى، ھازىر ئۇ ئىنسانىي ھوقۇقنى روبىرو تۇرۇپ قوغدىدى، ئايال، ئانىنىڭ ئەزەلدىن بېرىكى مۇقەددەسلىكىگە چاڭ قوندۇرماسلىق يەنە ئۇ ئېيتقاندەك فىلوفېيچىلارنىڭ كىمى بولمىسۇن، ئۇلار قانداق يەرلەردىمۇ يۇرمىسۇن  مەيلى يەر يۈزىدە، مەيلى كائىناتتا بولسۇن ئۇلارنىڭ قارا سانايدىغان ئىشلىرى بىلەن جان ئايىماي كۆرەش قىلىشى ھەققىدە كىشىلەرگە بىلدۈرۈش قىلدى، تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقاي دېدى، سىزنىڭ فوتو سۈرەتلىرىڭىزنى، بورك ئەپەندى مۇشۇ تاپتا تېلېۋىزيە ئېكرانلىرىدا ئېنىق كۆرستىشىپ تېگىشلىك چۈشەندۈرمىلەر بىلەن بىرگە نامايەن قىلىۋاتىدۇ، موسكۋادىن فىلوفېينىڭ فوتو سۈرەتلىرى تېپىلىپتۇ، ئۇ سۈرەتلەرمۇ ئىشلىتىلدى.

بۇلارنى يېزىۋاتقىنىمدا تېلېفونلارنىلا ئەمەس، تېلېۋىزورلىرىڭىزنىمۇ ئۆچۈرگەن بولسىڭىز كېرەك دەپ ئويلىدىم، سىزنى نامايىشنىڭ نەتىجىلىرىنىڭ ، ۋەقەلەرنىڭ بەتتەر، تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىۋاتقانلىقى ھەققىدە بىلىۋالسۇن دېگىنىم، بۇ جەريان كۈچ ئالىدۇ، تېخىمۇ كۈچىنىپ لاۋۇلدايدۇ، دەپ قورقىمەن.».

فاكسنى ئۆچۈرمىسىڭىز ئىكەن، خۇدا ئۇرغۇر! شۇنداق قىلىپ بورك ئەپەندى، بۇ بولغۇلۇق كۈچىيىپ لاۋۇلدايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن سىز مۇنداق ۋەزىيەتتە ھەممىدىن بۇرۇن قانداق پوزىتسىيىنى ،ھەرىكەتلىنىشنىڭ قايسى يولىنى تاللاپ ئېلىشىڭىزنى ھەل قىلىۋېلىشىڭىز كېرەك دەپ ئويلايمەن،

چۈنكى، «جۇغلانمىنىڭ نازارەت قىلىنىشى» غا ئۇلار مۇشۇنداق نام بېرىشتى، قارشى تەكشى قىيقىرىپ چىقىشلار باشلىنىشى مۇمكىن، ئەگەر سىز «مۇنبەر»گە ماقالە تەييارلاپ تۇرسىڭىز، ئۇنداقتا تەھرىراتقا بېرىشىڭىز كېرەكمۇ ياكى ئۇندىن كۆرە ماتېرىيالنى فاكس، تېلېكس ياكى كىمدۇر بىراۋ ئارقىلىق ئەبەرتىشىڭىز دۇرۇسمۇ، شۇنى ئويلىنىڭ، چۈنكى ،ئاڭلىغىنىمغا قارىغاندا، تەھرىراتنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىدا لەۋھەلەرنى كۆتۈرۈشكەن نامايىشچىلەر يىغىلىشىپ، قورقۇتۇپ، ئۈركۈتۈپ، قىيقىراپ تۇرۇشۇپتۇ، گېزىتخانىنىڭ ئىمارىتىنى كېچىمۇ ـ كۈندۈز بولسىمۇ تەقىبكە ئالىمىز دېيىشىپتۇ، مۇنداق ۋاقىتتا غەزەپلەنگەن كىشىلەرگە ساقچىلار دائىما چىداشلىق بېرەلمەيدۇ، بىلدۈرگەن خەۋىرىم بىردىن ـ بىرى سوغۇق، شۇم. كەچۈرۈپ قويۇڭ.

يەنە قايتىلاپ ئېيتاي: سىز جەڭ مەيدانىدىكى يالغۇز چەۋەنداز، فىلوفېي كائىناتتا دۈشمەنلىرىنىڭ قولى يەتكۈسىز يەردە، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە تىلەكداشلىرى بىلەن بىللە ھەرىكەتلىنىشكە مۇمكىنچىلىكىدىن ئاجراپ تۇرماقتا، قايسى يولنى تاللىۋېلىشىڭىزنى ھەل قىلىڭ.

سىز باشقىلار چۈشەنمىگەن، ئۇدۇللۇق ئوڭايچىلىقتا قاراپمۇ چۈشەنگۈسى كەلمىگەن، كور بەندىلەر چۈشەنمىگەن نەرسىنى چۈشىنىپلا قالماي، يەنە قوللاپ چىقتىڭىز، سىز تەنھا، بۇ يالغۇز ئادەمنىڭ بۇرچى، چوڭ، ئۇلۇغ ئىشنىڭ ھەممىسى كۆپ ۋاقىتلاردا تەنھا ئادەمنىڭ بۇرچى بولۇپ قالىدۇ، نېمە ئۈچۈن تۇرمۇشتا شۇنداق ئەھۋاللارنىڭ بولۇپ قالغانلىقىنى بىلمەيمەن، قانداق، بولغان كۈندىمۇ مەن سىز بىلەن بىرىكىمەن، سىزگە تىرەك بولۇشقا تەييارمەن، باشتا يازغىنىمدەك سىزنىڭ ئالدىڭىزدا ئۆز گۇناھىمنى سەزگەنلىكتىنلا ئەمەس، بەلكى سۆزلىشىشنى ئوردوكقا ئىلتىماس قىلغان

مەن، ئەڭ دەسلەپكىسى، فىلوفېيىنىڭ مەپكۇرەلىرىگە ئۆزۈم بېرىلىپ قالغانلىقىمدىن، ئادەمزاتنىڭ كېلەچىكىگە ئۇ ئىككىڭلارنىڭ مەھكەم باغلانغانلىقىڭلارنى چۈشەنگەنلىكىمدىن شۇنداق قىلماقچى مەن، بەلكىم شۇ ۋاقىتتىقچە ئادەم ئادىشىپ كېلىپ، ئەمدى ياكى ئەقلىڭگە كەل! ئوڭلان ياكى نەسلى قۇرۇپ يوق بولۇپ كەتكەن چۈپچۈرپىلدەك، قەدىمكى جانلىقلار ئىلمىي ھاسىل قىلغان قاتلىمىغا قېلىشقا تەييارلان! دەپ ئۆزىگە خىتاپ قىلىدىغان مەزگىل كەلگەندۇر.

كەچۈرۈڭ، بۇ ۋاراقمۇ تۈگەي دەپ قالدى! «فاكسىنى ئۆچۈرمەڭ، خۇدا ئۈرغۇر، ھېلىھەم ئېيتىدىغىنىمنى ئېيتىپ پۈتتۈردۇم، بورك ئەپەندى، كەچۈرۈپ قويۇڭ، گېپىمنىڭ نان بېرىدىغان يېرىگە ئۆتەي . ئويۇمچە، ئەتىسى يوق بولغان، لېكىن بۈگۈنكىسى بولۇپ بولغان كۈن كۆپ نەرسىنى بىلدۈرىدۇ، جاھاننى زىلزىلىگە سالىدىغان خەۋەرلەر بىلەن مىش - مىش گەپلەر ئاھاڭداش باشلاندى، بۇ ئالامەتتە يەككە - يېگانىلىك، ماسلاشماسلىقلار بولسا سىزنىڭ ئېيتىدىغان سۆزىڭىز، سىزنىڭ كۆپ قارىشىڭىز ھەم ئويىڭىزنىڭ نېگىزى بولماقچى، قانداق ھەرىكەت قىلاي دېدىڭىز؟ ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىغا چىقامسىز؟ ئۇنداق بولسا ئۇنى ئۇيۇشتۇرۇشقا، قاتنىشىشقا، نېمە كېرەك بولسا ياردەمگە تەييارمەن.

ئۇندىن باشقا، سىزگە، نيۇيېرىگە تاڭ سەھەرى بىلەن يېتىپ كەلگۈچىلەرنىڭ ناھايىتى كۆپ بولۇشى شەك - شۈبھىسىز، ئايرىم زىيارەتچى مۇخبىرلارمۇ بىشارەت بەرمەي كېلىشىدۇ، ئەگەر ھېچكىم بىلەن يولۇقۇشقىڭىز كەلمىسە كۆرۈنەرلىك بىر يەرگە: «ھېچكىم بىلەن ئۇچراشمايمەن، يەنە تىنچىمنى ئالماسلىقىڭلارنى سورىنىمەن» دەپ يېزىپ ئىلىپ قويۇشنى ئۇنۇتماڭ.

مەن نيۇيېرىدە گولف توپ مەيدانلىرىدا، شەھەر سىرتىدىكى باغچىلاردا بولغان، ئۇ يەر مەن تۇرغان رىدىنگتىن ئوتتۇز مىنۇتچىلىك يول، ئەگەر خالىسىڭىز كېلەي، سىز بىلەن ئىشنىڭ تېگىنى تەھلىل قىلايلى، شۇندىن كېيىن سىزگە ئادرېسىمنى بىلدۈرۈپ قوياي.

بورك ئەپەندى، كېچە سائەت تۆت بولاي دەپ قالدى، فاكسىم قولىڭىزغا تېگىپ ئوقۇيدىغۇ دېگەن ئۈمىد بىلەن تىنماي يېزىۋاتىمەن، سىزگە ئېيتىدىغىنىم شۇنچىلىك كۆپ ئىدى! چۈنكى دۇنيادىكى بولۇۋاتقان ۋەقەلەرنى ھەتتا كونسايىن نەشىر ئەپكارلار خەۋەر قىلىپ تۇرغانلارنىمۇ، يازاي دېگەن ئىدىم، كۇلتۇر، بۇ ئىشلار مەدەنىيەتنىڭ بوھرانىنى بىلدۈرۈپ تۇرمامدۇ؟! شۇ شەرتلەردە يورۇق دۇنياغا بوۋاقنىڭ كېلىشى مانا ئەمدى كەڭرى دالاغا چىقىپ كېلىۋاتقاندەك سېزىلىدۇ، بىراق ئۇ نەدە، شۇ مانا كەڭرى دالا، ھاياتلىقنىڭ قايسى چەكلىرىدە يوشۇرۇنغان، بۇلارنى ئادەمنىڭ ئوي - خىيالىدىمۇ، ئىش - ھەرىكەتلىرىدىمۇ دۇنياۋى ئىلىملاردىمۇ ياكى كۈندىلىك ئىشلىرىدىمۇ كۆرسەتكۈچ بارماق بىلەن كۆرسىتىش مۇمكىن ئەمەس.

مانا ھازىرلا تېلېۋىزىيىدىن كۆرسىتىشتى، موسكۋادىكى قىزىل مەيداندا، ئۇ يەردە مېڭىپ يۈرۈشنى ياخشى كۆرەتتىم. ئادەم كەيپىنى ئۇچۇرىدىغان ۋەقە بولۇپتۇ. نامايىشچىلارنىڭ ئىككى سېپى توقۇنۇشۇپتۇ، ئېغىر سانائەت يىغىندىلىرىنى ياقلىغۇچىلار بىلەن زايومچىلىقنى قوللىغانلار... نەتىجىدە، بىر قىز ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى، كۆپچىلىكنىڭ كۆز ئالدىدا كۆيۈپ ئۆلدى، ئادەم چىداپ بولالمايدىغان كۆرۈنۈش سىياسىي ئوبزورچىلارنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، بالانىڭ ھەممىسى شۇ كۆيۈپ ئۆلگەن قىزنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ھەمراھىنىڭ نامايىشقا كۆتۈرۈپ كەلگەن پلاكاتىدىن باشلانغان ئىمىش، ئۇ پلاكاتتا... مەن ھازىر ئاخىرىنى دەيمەن، ۋاراق تۈگەي دەپ قالدى...».

«فاكسنى ئۆچۈرمىسگىز ئىكەن، خۇدا ئۇرغۇر، قىزىل مەيداندا روي بەرگەن ۋەقەنى ئېيتىپ بېرەي... بورك ئەپەندى، گەپنىڭ ھەممىسى شۇ پلاكاتتا: «ئادەم يوروۇق دۇنياغا قۇرال ياساپ چىقىرىش ئۈچۈن تۇغۇلغان ئەمەس!» دەپ يېزىلغانلىقىدا، گەپ ئۆزىدىن ـ ئۆزى چۈشىنىشلىك، مۇنداق يېزىش روسىيىدە «دۆلەت مۇداپىئەچىلىرى» دەپ ئاتالغانلارنىڭ مەملىكەت ۋە قەۋم باشقىچە ئېيتقاندا تەقدىرى تەرىپىدىن ئادەملەرنى قىرىپ يوقاتقۇچى قۇرال ـ ياراقلارنى نۇقۇتتەك ئوقتىن باشلاپ («دۆلەت مۇداپىئەچىلىرى» دۇنيا مىقياسىدا ھەر بىر ئادەمنى يۈزدىن ئوق بىلەن غەمسىز قىلىشقا كاپالەتلەندۈرىدۇ) ئاۋازدىن تېزئۇچار ئايروپىلانلارغا كۈن ـ تۈن دېمەي ئوكيان چوڭقۇرلىقىدا مۆكۈپ، بۇيرۇق كېلىشى بىلەنلا قىتئەلەر ئارا راكېتالارنى ئېتىشقا تەييار تۇرغان ئاتوملۇق ئېغىر سۇ ئالدىدىكى پاراخوتلارنى ئىشلەپ چىقارغۇچى سانائەت ساھەسىدە ئىشقا چېگىلگەنلەرنىڭ ئوغىسىنى قايناتتى، بۇ ساھەگە كەتكەن ئەمگەك، سەرپ قىلغان ئىقتىساد، ـ دەيدىكەن ھېلىقى ئەقىللىق ستودېنت ھەتتا، بىزنىڭ ئامېرىكىنىڭ ھەربىي سانائەت يىغىندىلىرىمۇ مۇشۇنداق مۇئامىلىگە ئەرزىيدۇ، ئامېرىكىمۇ ئۆزگە ئوخشىغانلارنى قىرىپ يوقاتقۇچى قۇرال ـ ياراقلارنى ياساۋاتىدۇ، ئامېرىكىمۇ بۇنى قوغدىنىش ھاجىتىمىزدىن ياساپ تۇرۇۋاتىمىز، دەپ ئۆزىنى ئاقلايدۇ.

بىراق ئىككىنچى تەرەپتىن ئالغاندا، ھېلىقى «ئۆزگە ئوخشىغانلار»مۇ پەرىشتىلەردىن ئەمەس، ئۇلارمۇ ئايماي قوراللانغان ھەم ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ناھايىتى قىممەت ئىدىيىلىرى (ھازىر ئەڭ تەسىرلىك شۇئار ـ ئۇرانلار بولسا مىللەتچىلىك شۇئار ـ ئۇرانلىرى) ھۆرمىتىگە، ھەققانىيەتنىڭ ھۆرمىتىگە، يەنە ئۇندىن باشقىسىغا ئەھمىيىتى كەم ئەمەس، ئۆز ئىقتىسادىياتىنىڭ قىزغىنلىقلىرىنىڭ ھۆرمىتىگە بولساقىرىپ يوقىتىشنى ئويلىشىدۇ.

شۇنداق قىلىپ ھەممىسى بىر ـ بىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئۇندىن قالسا، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋەتسىز ۋاقتى بولغان ئەمەس، دائىما مۇناسىۋەتتە بولۇپ كېلىشكەن، ئۇنىڭغا ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى قانداقمۇ قىيقىرماي تۇرالىسۇن، ئۇنداق ئىشلارغا قانداق قىلىپ، ئادەم بالىسىغا تىل چىققاندىن بېرى كۆڭلىدە قايناپ كېلىۋاتقان ئۇرۇش بىلەن قورال ـ ياراقنىڭ سەلتەنىتى ئەقىل ـ پاراسەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كېلىۋاتقان، نەچچە ئەسىرلەردىن بېرى ئادەم جېنى جاكارلاشقا ئۇمتۇلۇپ كېلىۋاتقان نەرسىنى پلاكاتقا ئۆز قولى بىلەن يازماي قويالىسۇن، ۋودورود بومبىسىنى ياسىغان ساخاروۋ روسىيىدە دەل شۇنى چۈشەندى، تىنك توختاپ، قەددىنى رۇسلاپ تەقدىرگە قارشى قەدەم تاشلىدى.

قۇرال ـ ياراق يەر يۈزىدە كۆپەيگەندىن كۆپەيدى، پۈتى بىلەن مېڭىپ، بۇرنى بىلەن تىنغاننىڭ ھەممىسى قۇراللانسام دېگەندە، چىك قىلىپ چەككەننى تاق قىلىپ ئۇردۇ، قوشقات ئاياللارنىڭ چېكىسىدىكى كاسساندرانىڭ تامغىسى شۇنىڭدىن بېشارەت بېرىپ تۇرۇۋاتىدۇ ـ ئەمەسمۇ؟ قورساقتىكى كاسساندرا ھامىلىلىرى شۇنى ئۇنسىز نىدا قىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ ـ ئەمەسمۇ؟! ئۇندىن قالسا، يورۇق دۇنياغا كەلگەن دۇنيادىكى ھەر بىر ئادەمگە ئاز بولغاندىمۇ يۈزدىن قوغۇشۇن ئوق تەييارلىنىپ قويۇلسا، يەنە ئۇ ئادەم ۋاقتى قەرەلىدىن بۇرۇن بىراۋنى ئۆلتۈرۈشكە ياكى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇلسا قانداق قىلىدۇ؟! ھېلىقى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى شۇ ئىشلار ھەققىدە قانداقمۇ ئېيتماي تۇرالىسۇن؟! ھېلىقى قىزىل مەيداندا ئۆزىنى ـ ئۆزى كۆيدۈرۈۋالغان بەختسىز قىزنى ئېيتمامسىز، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا كاسساندرانىڭ يىغىندىسى بىلەن بەلگىلەنگەن ھامىلە مەزگىلىدە ئۇقۇلماي قالغان ھەم بېسىلىپ تاشلانغان نەرسەدەك ئويغاندىمىكىن؟ ئۇنىڭ مەھشەر كۈنىدىكى قىيىنلىشى

بىلەن كىمنىڭ كارى بولىدۇ دەيسىز؟

ئادەمزات قۇرال ـ ياراق ئىشلەپ چىقارماي ئۇرۇش دېگەننى بىلمەيلا ياشىسا، ئۆسۈپ تەرەققىي قىلسا نېمىلەرمۇ بولۇپ كېتەر، ئىدىئالىستىك تەرەپتىن بىمەنىلىك بولسىمۇ، ئوي پەيدا بولىدۇ، شۇندا ئادەم هازىرقىدەك بولاتتىمۇ؟ شۇندا مەدەنىيەت هازىرقىدەك بولاتتىمۇ ياكى يەر يۈزىدە پۈتۈنلەي باشقا تەرەققىيات هۆكۈم سۈرەرمىدى؟ يەنە ئادەم سۈپەت جەھەتتىن باشقىچە بولارمىدى؟ نېمە، تەرەققىياتنىڭ باشقىچە يولى باشلىنىشتىلا باشىندا مۇمكىن ئەمەسمىدى؟ ئەگەر مۇمكىن ئەمەس بولسا، ئەگەر ئادەمگە ئەقىل ـ ئەس يوقىرىدىن نازىل قىلىنغان بولسا، ئەگەر ئەقىل ـ ئەس بىئولوگىيىلىك ماھىيەتتىن تاشقىرى نەرسە بولسا ئۇنداقتا سەۋەبى نېمىدە؟

ئەنە فىلوفېي، كائىناتقا كېتىپ قېلىپ دۇنياۋى پەردىنى قايرىپلا ئاچتى، ئادەملەر مەخپىي قارغىش ھەققىدە بىلىشنى خالىمايدىغاندەك دەررۇ بىلىندى.

بورك ئەپەندى، فىلوفېينىڭ مەلۇماتى قارشىلىقتىن باشقا نەتىجە بەرمىگەن كۆندىمۇ، بەرىبىر ئۇنىڭغا ئىشىنىمەن، مەن ئۇنىڭدىن قايدا بولمىسۇن جان ـ دۇنياۋى، ئەدەب ـ ئەخلاقىي ياقتىن ۋەيران بولۇشى بىلەن تېرەنلىشىپ بېرىۋاتقان روھنىڭ قىيامەت قايىملىق بولۇشىغا قىينالغانلىقىنىڭ جاۋابىنى تاپىمەن.

قارا باغدا، ئەرمەنلەر بىلەن ئازەر بەيجانلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆپ يىللاردىن بېرى داۋام ئېتىپ كېلىۋاتقان جىنايەتكارانە ئۇرۇشتا، دالا كوماندىلىرى دەپ ئاتالغان نېمىلەر قۇربان بولغانلارنىڭ جەسىتىنى سېتىشقانلىقىنى ئۇققىنىڭدا ئىختىيارسىزلا خۇدا بىزنى نېمە ئۈچۈن ياراتتىكىن دەپ سالىسەن، جەڭ مەيدانىدا شەھىد بولغانلارنىڭ مېيىتىنى يەرگە قويۇش ئۈچۈن بىر

تۇغقانلىرى ھەم يېقىن ئادەملىرى سېتىۋېلىش كېرەك ئىكەن. ئۇنى سودىغا ئايلاندۇرۇۋېلىشىپتۇ، ئۆلۈكنى سېتىپ پايدا ئېلىش ئۇچۇن ئۆزىنىڭ، سەپدىشىنىڭ ئارقىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرگەن ۋاقىتلارمۇ بولغان دېيىشىدۇ. بۇ ھەقتە گېزىتتىن ئوقۇغىنىمدا قۇيقا چېچىم تىك تۇردى. شۇنداق ھارام ئىشلار ئادەملەرنىڭ ۋۇجۇدى بىلەن قان تېنىغا ئۆزكاساپىتىنى يەتكۈزمەي قويارمۇ، بۇنداق ھارامىلىقلار ئاستا-ئاستا نەسىل قوغلىشىشنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتمەي كېيىنكى بوغۇنلار ئۆتمەي قالارمۇ؟!

يەنە ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان تاجاۋۇزچىلىقنىڭ بىر مىسالى، سالمان رەشىدنى قوغدىغان ئەدەبىياتچىلارنىڭ مۇھاكىمە يىغىنى بولۇۋاتقان تۈركىيىنىڭ بىر شەھىرىدىكى مېھمانخانىغا ئوت قويۇلغان، ئۇ يەردە مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئىشتىراكچىلىرىلا ئەمەس، خىيالىدا يوق ياشاپ كېلىۋاتقانلارمۇ تىرىكلا كۆيدۈرۈلدى، ئۇ ۋەقەنىڭ ھەممىنى تېلېۋىزىيە ئاخباراتچىلىرى سۈرەتكە ئېلىۋېلىشتى، ئىمارەت لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتىدۇ، تىرىكلا كۆيدۈرۈلگەن كىشىلەر ئوت ئۆچۈرۈشكە ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئوت ئۆچۈرگۈچىلەر ئۆلارنىڭ ئارىسىدا ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ياشلىرىنىڭ چوڭ توپى مەيدانىدا توۋلىشىپ، خۇشھال بولۇشۇۋاتىدۇ، ئۇلار ئوت قويغانلارنى ماختىشىۋاتىدۇ، سەكرىشىپ ئۇسسۇل ئوينىشىپ چۇقان - سۈرەن سېلىشىپ بۇ ئالامەت كۆرۈنۈشنىڭ ئەركىن - ئازادە، ئەيش - ئىشرەتلىك راھىتىنى سۈرۈۋاتىدۇ. ياشلارنىڭ تەلۋىلەشكەن، خۇشامەتلىك يۈزلىرىنى ئوتنىڭ ئۆلۈمىنى ئارزۇ قىلغان يالماپ يۇتۇۋاتقان يېلىنى يورۇق قىلدى، تېلېۋىزىيىگە ئېلىنىشمۇ داۋاملىشىۋاتاتتى، مانا مەن دېگەندەكلا قەدىمكى كىنونىڭ ئۆزى!

بىز نەدە يۈرىمىز، بىز نېمە بولۇپ كېتىۋاتىمىز؟ گېرمانىيىدە تىرىكلا كۆيدۈرۈلگەن! تۈرك ئائىلىلىرى ھەققىدىمۇ ئۆزىمىزگەئۆزىمىز شۇنداق سوئال

بېرىشىمىز كېرەك بولۇپ يۈرمىسۇن؟ سىز گېزىتلەردىن ئوقۇغان بولغۇيتتىڭىز؟

بۇنداق رەزىللىكلەرنى دەۋرسە تۈگىمەيدۇ، يەنە دېگەنسېرى بىردىن ئىككىنچىسى ئېشىپ چۈشىدۇ، ئۇندىن قالسا ھەر قايسى مەملىكەتلەردە بولۇۋاتقان رەزىل، ھارام ئىشلار بارغانسېرى ئادەمنىڭ ئوغىسىنى قاينىتىدىغان بولۇپ، ئەۋج ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقى تۈيۈلىدۇ، مانا شۇنىڭ ھەممىسى يىغىۋېرىپ، ئىرسىيەتكە تەسىرىنى تەگكۈزۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى فىلوفېي دەلىللىدى.

بۇرۇن ئالەمنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى دەپ ئەقىل-پاراسەتكە ئىشىنەتتىم، يۇقىرى پەللە شۇ ئىدى. بىراق بىلىپ كۆرسە ئەقىل - پاراسەت ھاراملىقنىڭ مەڭگۈلۈك تۇتقۇنى ئىكەن، ئۇ قاچاندۇر بىر چاغدا ئۇنىڭدىن بوشىنىدىكەن؟ ئۇندىن قالسا كاسساندرانىڭ تامغىسى شۇ ھەقتە قاڭقىر قاقشاپ تۇرغىنى يوقمۇ بىزگە؟!

كەچۈرۈڭ، بورك ئەپەندى فاكسىنىڭ قەغىزىنى ئالماشتۇرۇۋالاي....

بورك ئەپەندى، خۇدا ئۈچۈن ماڭا ئاچچىقلانماڭ، مېنىڭ ئويلىغىنىم ناھايىتى ئۇزۇن، سىزگە تونۇگۈن كېچە بىلەنلا ۋۇجۇدۇمنىڭ قاپقىسى ئېچىلدى، ئەھۋالىڭىزنى چۈشىنىۋاتىمەن، سىزنى ئويلاپ چۆچۈپمۇ قالىمەن، بىراق غەيرىتىڭىزگە ئىشىنىمەن.

پەيدا بولغان ۋەزىيەت ھەققىدە ئويلاش بىلەن فىلوفىي ئوربېتىدا يۈرسىمۇ، يەردە بولۇۋاتقان ۋەقەلەرنىڭ سىرتىدا قالمايدۇ، دېگەن يەكۈنگە كەلدىم، ئەگەر قارشى چىقمىسىڭىز، ئۇنىڭ بىلەن تېزدىن مۇناسىۋەتلىشىشنىڭ يولىنى تېپىش كېرەك ئىدى، تېخنىكىلىق جەھەتتىن بۇ ناھايىتى مۇرەككەپ ئىش. بىراق، بۇنى تېلېۋىزىيە شىركەتلىرىدىكى ھەم

ئالەم تەتقىقاتى ئىنستىتۇتلىرىدىكى دوستلىرىم ئارقىلىق قىلىشقا ھەرىكەت قىلار ئىدىم، مۇنى قانداق دەيسىز؟ ئەگەر ماقۇل بولسىڭىز ماڭا بىلدۈرۈڭ، ئۇندىن كېيىن مۇنداق ھەرىكەتنىڭ قانچىلىك ئىشقا ئېشىشىنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى سىزگە خەۋەر قىلىمەن.

ئاخىرىدا، ئويۇمچە ئەڭ دەسلەپكىسى، ئەلۋەتتە فىلوفېي بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇنى ئېكراندىن كۆرۈپ ئۇچرىشىپ قويۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ ـ دە؟! ئويۇمچە، ئۇ جاۋاب بېرىشكە تېگىشلىك كاسساندرانىڭ تامغىسىنى ئۇ قانداق يول بىلەن تاپتى يەنە ئۇ بەلگە باشقا بىر نەرسە ئەمەس، بەلكى ھامىلىنىڭ كېلەچەك ھاياتقا قارشى بولغان مۇئامىلىسىنىڭ كۆرۈنۈشى ئىكەنلىكىدىن گۇمانىم يوق، رىم پاپاسىغا يازغان مەكتۇبىدا بۇ ئۇنچىلىك ئېنىق ئەمەس، بۇ جەھەتتىن قانداقتۇر بىر مۇجىمەللىك تۇرغانلىقىنى سىزمۇ بايقىغاندۇرسىز، ئاڭا بۇ سوئالنى باشقىلارمۇ، ئايرىم ئوقۇمۇشلۇق بىئولوگلارمۇ قويۇشلىرى مۇمكىن. مانا شۇ فىلوفېينىڭ مۇجىمەل قالغان نەرسىنى چۈشەندۈرۈپ سوئاللارغا جاۋاب بەرگەنلىكى ماڭا ئەھمىيەتلىك سېزىلدى.

فىلوفېي بىلەن مۇناسىۋەت قىلىش مۇمكىنچىلىكىنى ماڭا قويۇپ بېرىڭ، سىز بولسىڭىز ...سىزگە ئەقىل ئۆگەتكۈچى مەن ئەمەس، تېزدىن زۆرۈرىي پەلسەپىۋى نېگىز، مەۋقە تەييارلاپ ئىبەرتىڭ.

بىز ئۇلىۋېر ئوردوكىنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرغان، كوچىنىڭ ئەسەبىيلەشكەن خەلقى بىلەن توقۇنۇشماي تۇرالمايمىز. تەقدىر دېگەن شۇ! بىز يېڭىپ چىقىشىمىز كېرەك، شۇ كوچىدىكىلەرنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن!

سىزنىڭ ئەنتونى يۇنگېرىڭىز.

P.S. ئىز ـ دېرىكىم كېرەك بولسا، ئۆيۈمدىكى فاكسنىڭ، تېلېفوننىڭ نومۇرلىرى، ئادرېسىم، ھەممىسى مۇشۇ ۋاراقلاردا. خىزمىتىمگە

مۇناسىۋەتلىكلىرىنىڭ كېرىكى يوق، ئەمدى خىزمەتكە بارمايمەن.

سەھەر سائەت تۆت يېرىم بولۇپ قالغان ئىدى، روبېرت بورك يېزىقچىلىق ئۇستىلىنىڭ ئۇستىدىكى يېيىلغان فاكسنىڭ قەغەزلىرىنى قارماپ ئۇنىسىز ئولتۇردى، يېنىدا جېسسى،فاكسلارنى ئۇمۇ ئوقىدى.

ـ 217ئاھ خۇدا، نېمە بولۇۋاتىدۇ، نېمە ئىشلار يۈز بېرىۋاتىدۇ، ـ دەپ ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇھسىندى ئۇ، بىر ئاز بولسىمۇ ئۇخلىساڭچۇ،ـ دېدى ئېرى،ـ يالغۇز قالغۇڭ كەلسە مەن نېرى كېتەي، بىراق بەربىر ئۇخلىيالمايسەن، بۇ ۋاقىتتا نەدىكى ئۇيقۇ ئىكەن ئۇ، بولۇۋاتقاننىڭ ھەممىسىنىڭ ناھايىتى مۇھىم ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋاتىمەن. بىراق، مۇمكىنچىلىك مۇرەككەپلىشىشىنى خىيالىمغا كەلتۈرمىگەن ئىدىم، ئەمدى نېمە دېيىشىمنىمۇ بىلمەيمەن.

217شۇنداق جېسسى، ئەنتونى يۇنگېرنىڭ ئېيتقانلىرى توغرا، ئەڭ توغرا،ـ بورك ئويلىنارلىق گەپ قىلدى، ئۇنى بىزگە تەقدىر ئىبەرتىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى يېڭى ئەۋلادنىڭ ھەرىكىتى، بۇ دۇنيانى باشقىچە قوبۇل قىلىش، ھەرىكەتلىنىشنى بىلىش دېگەن شۇ، دەررۇ سېزىلىپ تۇرىدۇ، ئۆزۈم ماقالىدىن باشقا، ـ ماقالە ناھايىتى چوڭ بولۇپ قالدى، پۈتۈن بىر بەتنى ئىگىلەيدۇ، نېمە بولار بىلمەيمەن، بىرەر ئىشنىڭ پەيدا بولۇشىنى كىم بىلىدۇ، ئىككىمىز ئۆيگە ھېم بېكىنىۋالدۇق، بىراق يۈز بېرىۋاتقانلاردىن پۈتۈنلەي ئۆزىمىزنى قاچۇرالمايمىز، بۇ ھېلىقى ئوردوكنىڭ قىلغان قارا نىيەت ئىشى. . . .

ـ 217قاۋىغان ئىتنى بوشىتىپ ھەيدىگەنلىكىنى دېمەمسەن!

217ـ شۇنداق، قاۋىغان ئىتنى بوشاتتى، شۇ بوشىتىلغان غالجىر ئىت، ناھايىتىمۇ غالجىر، ئوردوك فىلوفېي ئىككىمىزنى ئامىمغا ئاتايىن ئەيىبلەتكۈزۈۋاتىدۇ.

218ـ ساڭا قارشى چىقىپ قالغان شۇنچە كىشىنى ئىشەندۈرەلىشىڭگە ئىشەنمەمسەن؟

ـ 218مەن ئارقىمغا قايتمايمەن، دەلىللەيمەن، بىراق نەتىجىسى قانداق بولىدۇ، ئېيتىش قىيىن. كاسساندرا ھامىلىلىرىنىڭ ئالاھىدە ھادىسىسىنىڭ ئاشكارىلىنىشى ئېلىپ كەلگەن چۈشىنىكلىرىگە، ھازىرقى ھاياتلىق يولىمىزغا، تەپەككۇرىمىزغا، كونا ئۆرپ ـ ئادەت ۋە كونا قائىدىلىرىمىزگە قاتتىق زەربە بېرىدۇ. بۇ كاسساندرا ھامىلىلىرىنىڭ مەشھەر كۈنىگە بېغىشلانغان جاۋابىنى ئېتىراپ قىلىش دېگەنلىك.دېمەك،بۇ بېشىدىن ئايىغىغىچە ھەممىدىن، بۇرۇنقى سىياسىي، ئىجتىمائىي تۈزۈلۈشلەردىن، ئەخلاقىي قېلىپلاردىن گۇمانسىراش دېگەننى بىلدۈرىدۇ، ئەلۋەتتە بارلىق كونا ئۆرپ ـ ئادەتلەرنىڭ مۇنداق ۋەيران بولۇشى ھېچكىمگە،يەنى ئېغىر ئۇستخان ئايالالاردىن ئوردوكقا ئوخشىغانلارغىچە ياقمايدۇ، ھېلىقى مۇداخىلىگە يېتىپ بېرىۋاتقان قارشىلىق مانا شۇنىڭدىن.

ـ بىراق ئۇلارفىلوفېينىڭ ئۆزىنى مۇداخىلىچى دەپ تونۇۋاتامدۇ!

218ـ بەرھەق، ئۇلار ئۇنى مۇداخىلىچى دەپ بىلىشىۋاتىدۇ، ماڭا ئۇ پەيغەمبەر، باشقىلارغا شەيتان ھالىتىدە پەيدا بولدى، بۇرۇنقىدەك ياشاپ كەتسەك، شۇنداق ياشاۋېرىمىز ياكى كاسساندرا ھامىلىلىرىنىڭ سانىنىڭ كۆپىيىپ بېرىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ قىيامەت قايىمنىڭ مۇقەررەر روي بېرىشىنى ئالدىنئالا چەتكە قاقىمىز، ئادەمزاتنىڭ ئالدىدا مانا مۇشۇنداق مەسىلە تۇرۇۋاتىدۇ.

ـ 218فىلوفېي ئۆزى يېزىۋاتامدۇ، ئۇنىڭ مەلۇماتى كىشىلەر ئۇچۇن ئاسماندىن يەنە بىر كۈن پەيدا بولۇپ چىققاندەك كۆتۈلمىگەن ۋەقە، بىراق بۇ ئىككىنچى كۈن ھاياتلىقنىڭ ئەسىرلەردىن بېرى قېلىپلىشىپ قالغان

ئوڭايچىلىقىنىڭ ۋەيران بولۇشى مۇمكىنغۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە سىلەرنىڭ دۈشمەنلىرىڭلار فىلوفېينى، ئۇنىڭ تەجرىبىلىرى ئىنسانىي ھوقۇقىنى بۇزغانلىق دەپ گۇناھ ئارتىپ تۇرۇشىمىدۇ. مانا مۇشۇنىڭ ئۆزى گەپ ئەمەسمۇ؟ ماۋۇنى قانداق دەيسەن؟

ـ 219ياق، بۇ ئىنسانىي ھوقۇقىنى بۇزغانغا يەتمەيدۇ! كۆز قارىشىمدا، ياق، بۇزۇلمايدۇ، ئۇنى يازدىم، ئوقۇساڭ بولىدۇ. كاسساندرا تامغىسىنى بىلىش بۇ پەرزىمىز، جامائەتنىڭ پەرزى، يەنە ئىنساننىڭ پەرزى، ھەممىدىن بۇرۇن ھامىلىدار ئايالنىڭ پەرزى، ئەگەر كېرەك بولسا، ئۇنىڭ قورسىقىدىكى ھامىلە قىيامەت قايىملىق بەلگىلەرنى بېرەمدۇ ـ يوق، تەكشۈرۈپ بىلىش ئۇنىڭ ۋەزىپىسى، كاسساندرا ھامىلىلىرىگە مۇناسىپ ئىستاتىستىكىلىق مەلۇماتلار كېيىن بېرىپ جەمئىيەتنىڭ ئەھۋالى ۋە تەرەققىياتى ھەققىدە ئالدىن بىلدۈرگۈچى بىردىنبىر قەدىرلىك ئىجتىمائىي رەھنەما بولۇپ قالىدۇ.

ـ 219ماقۇل، سېنىڭكىنى توغرا دەي، روبېرت، لېكىن شۇنىڭ ھەممىسىنى باشقىلار قوبۇل قىلىشمىسىچۇ؟ تاسادىبەن، ھېچكىمنى قايىل قىلدۇرالمىساڭچۇ؟ ئۇنداقتا نېمە بولىدۇ؟

219كۆپ نەرسە ئەھۋالغا، ئومۇمىي ۋەزىيەتكە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، ئەنتونى يۇنگېر توغرا ئېيتىدۇ، بۇنىڭغا فىلوفېينىڭ ئۆزىنى ئارىلاشتۇرۇش كېرەك، ئۇنىڭ دەسلەپكى كوزۇرى بولسا كاسساندرا ھامىلىلىرىنىڭ جاۋابىدىن زامان ئاخىرى بولىدىغانلىق ھالەتنى ئېنىقلىغان ئىلمىي بايقاشلار، ئۇ شۇ ئىلمىي بايقاشلارنى كىشىلەرگە يېيىشى زۆرۈر. شۇنىڭ بارىدىن بىرگە ئېلىپ بىئولوگىيىلىك ئامىللاردىن تارتىپ ئۇندىن كېلىپ چىققان! پەلسەپىۋى يەكۈنگىچە يەنە بىر قېتىم كىشىلەر ئالدىدا تەستىقلاش كېرەك. ئالساق، ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا، فىلوفېي ئۆزى تۇز، بىۋاستە ئەفىرىنىڭ

ئىكران ۋە خەۋەر ـ پروگراممىلىرىدا پەيدا بولغىنى ناھايىتى ئەھمىيەتلىك، ئەگەر يۇنگېر ئويىنى ئىشقا ئاشۇرالىسا مۆجىزە بولىدۇ، مەن بار كۈچۈم بىلەن قوللايمەن، ھازىر ئاڭا فاكس يوللايمەن، قالغان ئىشلارنى باشقا كەلگەندە كۆرەرمىز. . . .

ئىككەيلەن تەڭ جىمجىت بولۇپ قېلىشتى، خالاتچان، ياداڭغۇ، ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزگەن تۈننى ياڭاقلىرى ئولتۇرۇشۇپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى يات ئادەملەردەك قىياپەتتە ئولتۇرۇشتى، ئۇلار ئۆمرىدە بىرىنچى رەت شۇنداق خەۋپلىك تۈنگە قاۋىلىشتى، ئۇ تۈن ئۇلارغا كۈندىلىك خەۋەر بېرىپ تۇردى، ئالەم شۇنداق قايغۇ ـ ھەسرەت ۋە ئازاب بىلەن كېچىمىدۇ.

سىرتتا يەرگە يورۇقلۇق چۈشۈپ تاڭ ئېتىپ قالدى.

كۈن تۇنۇگۈنكىدەكلا ئوچۇق، كۈزنىڭ كۈنىدىكىگە سالقىن ھەم يېقىملىق بولىدىغانلىقى سېزىلدى، يىراقتىن قۇشلارنىڭ سايرىغىنى ئۇقۇلدى، قايتىدىن تاڭ سەھەردە يىراققا ئۇچۇپ كېتەر توپ يىغىلىپ تۇردى، توقايلىق دۆڭنىڭ ئالدىدىكى گولف توپ مەيدانلىرىنىڭ ئۈستىدە ئۇلارنىڭ قانداق ئايلىنىپ تۇرغانلىقى، قانداق قىلىپ ئوكيانىنىڭ ساھىلىنى بويلاپ تۆۋەن تەرەپكە شارپىلداپ شاۋقۇن سېلىپ تۇرغان ئاق يايلىلىق دولقۇنلارنىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇپ، يىراق سەپەرگە چىقىشلىرىنى روبېرت بورك كۆز ئالدىغا كەلتۈردى، ئۇلار بىرگە بۇ يەردىن ئۇچۇپ كەتكۈسى كەلدى، بىراق ئۇنىڭ ئالدىدا توساتتىن ھاياتىدىن باش تارتقۇسىز ئىشى بولۇپ چىقىپ كەلگەن نەرسىنى ئۇلاشتۇرۇپ تۇرغان.

يورۇق دۇنيانىڭ ئۇلارغا قول سېلىنىمىغانلىقىنى ئۇلارنى ئۇنۇتمىغانلىقىنى ھەم ئۇنۇتقۇسى كەلمىگەنلىكى تاڭ ئاتار بىلەن مەلۇم بولدى، بۇ ئۇنىڭغا چىكاكودىن كەلگەن فاكستىن باشلاندى، ئەرىكا ھەيران

قىلىپ، چۆچۈپ تۇرۇپ يېزىپتۇ: «كېچىچە تېلېفون بېرىپ ئالالمىدىم، تېلېفونۇڭلار ئىشلىمىدى، فاكسىڭلار بوش بولسىدى، دادا، نېمە بولۇۋاتىدۇ؟ بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ چىكاكودا پاتپاراقچىلىق ھەممە ئادەم نارازى، جون بىلەن ئىككىمىز داڭ قېتىپ قالدۇق، سورىناي، توختات، ئاپا، دادامنى قوي! دېسەڭ بولار؟!».

جېسسىنىڭ ئەلۋەتتە كۆڭلى ئارامىدا ئەمەس:

ـ 221قىلىمىز، روبېرت، سەن بالىنىڭ دادىسى، قىزىڭ خاپا، ئۇنىڭ بويىدا بار، كۈيئوغۇلىمىزنىڭمۇ خۇشال تەرى يوق، مەن ئۇنى چۈشىنىمەن، جون دېرىكتورلۇق كېڭەشنىڭ ئەزاسى، ئۇ مەسىلىسىنى چۈشەندۈرۈشى كېرەك، بىز شۇلارنى ئويلىمىساق بولمايدۇ.

ـ 221توغرا، ھەممە گېپىڭ توغرا،ـ بوركنىڭ ماقۇل بولماسلىق چارىسى قالمىدى. بىراق، مۇندق ۋەزىيەتتە نېمە دېسەم بولار؟ بۇ ئائىلە مەسىلىسى بىلەن پۈتمىدىغان ئىش ئەمەس بولسىلا بولاتتىغۇ ئىلاھىم! سەن ئاڭا ئىنتىلمە! جېسسى، كومپيۇتېرئېكرانىغا يازىمەن، تېلېفون بېرىمەن، چۈشەندۈرىمەن، ئۇنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىمەن، ياشلارنىڭمۇ ئۆز ئەقىللىرى ئۆزىدە بولۇشى كېرەك ـ دە، ئەلۋەتتە، ئۇلارغا، بولۇپمۇ جونغا، شىركىتىنىڭ تەرەققىياتى ھەممىدىن ئەھمىيەتلىك ـ دە، بىراق ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردىن تاشقىرىمۇ ياشاش بار، يەنە ئۇنىڭدىكى مەسىلىلەر بارلىق ھەم ھەر بىر ئادەم ئۈچۈنمۇ ئەھمىيەتلىك، راست، ئۇ ئىككەيلەن خۇدا قوشقان قوشماق، ئىتتىپاقلىق دېگەن شۇنداق بولسۇن ئىلاھىم، بىراق ئۆزۈڭ چۈشىنىسەن، مەنپەئەتپەرەسلىك، ئىجتىمائىي مەنپەئەتپەرەسلىك دېگەننىڭ قانداقتۇر بىر چېكى بولۇشى كېرەك.

ـ 221ھوي روبېرت، ساڭا لېكسىيە بولسىلا بولىدىغۇ، قولۇڭ بوشىغاندا

ئېكرانغا فاكس يوللاشنى ئۇنۇتما ـ ،دەپ قويۇپ، جېسسى يۈك كوپتىسىنى دولىسىغا ئارتىلدۇرۇپ سېلىشكە تۇتۇندى، يۇنگېرنىڭ كېڭەشكە ئالدىراپ، بېشارەتسىز كەلگەن كىشىلەردىن «تىنچىمىزنى بۇزمىساڭلار ئىكەن» دېگەن ئۆتۈنچ ھەم ساڭا مۇناسىۋەتلىك كەچۈرۈم سوراپ يازغان ئۇقتۇرۇشنى ئېلىپ قويۇش ئۈچۈن جۈنىدى. بۇ ئۆزلىرى ئۆيدە مۈشۈك، ئىت... دەپ قويىدىغان ئادەتتىكى ئىشدەك بولمىسىمۇ، شۇنىڭغا قاتتىق ئوخشىغان ساقسايغان مۈشۈكنىڭ ھالىدا،ئۇنىڭ ھەمراھلىقىدا ھۇجرىدىن چىقىپ كەتتى.

جېسسى يېنىدىكى مۈشۈك، ئىتقا بىر نېمە دەپ چېچىنى تاراۋېتىپ ئىشىكنى يېپىپ چىقىپ كەتكەندە روبېرت بورك تۈن بويى ئولتۇرۇپ پۈتتۈرگەن ماقالىسىنى «مۇنبەر»گە بېرىش ئۈچۈن فاكس ئالدىدا ئولتۇردى. تەھرىراتنىڭ خىزمەتچىلىرى كەلگەندە، ماتېرىيال ئۈستىدە يېتىشى ھەم دەررۇ نۆۋەتتىكى سانىغا بېرىلىشى ئىدى، ماقالىنىڭ تېز بېسىلىشىدىن ئۇنىڭ ئەنسىرىشى يوق بولاتتى، ھەتتا روبېرت بورك: «تېكىست ھېچقانداق ئۆزگەرتىلمەي، مۇئەللىپ قانداق سۇنغان بولسا دەل شۇنداق بېسىلسۇن!» دېگەن تەلەپنى قوشۇپ يېزىپ قويدى، ماقالىنىڭ بېسىلىشىدىن بوركنىڭ گۇمان قىلمىغان سەۋەبى، «مۇنبەر»نىڭ بېسىپ ئېلان قىلىشتىن باشقا چارىسى يوق ئىدى، فىلوفېيىنىڭ كائىناتتىن يوللىغان مەكتۇبىنى بېسىشقا بەل باغلىغان گېزىت تەھرىراتىدىكىلەر ئەمدى ئۆز پوزىتسىيىسىدىن باش تارتالمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە گېزىتمۇ ئۆز قەدرى ـ نەرقىنى ساقلاش كېرەكتە، گېزىت تەھرىراتىدىكىلەر شۇنداق قىلىپ يا بار، يا يوق ئەھۋالدا كېسىپ ئېيتقان چاغ بىر ھېساپتا بۇرۇن كۆرۈلۈپ باققان ئەمەس.

بىراق، بۇ ماقالىدىن كېيىن نېمە بولارى ناھايىتى ئېنىق ئىدى، گېزىتنىڭ يۈزىدە بېسىلغان يازمىش ھەققىدىكى فىلوفېيغا مۇناسىۋەتلىك

بولغان ھەمدە ئۇنىڭ، بوركىنىڭ، ئىسمىغا دۇچ كەلگەن قاپسىلىشلار تاڭنىڭ دەسلەپكى سائىتىدىن باشلاپ ئاياۋسىز ھەم قاتتىق بولىدىغاندەك تۇيۇلدى، ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، ئالدىدا ئۆلمىگەن يەردە قالىدىغان قاپسىلىش تۇرغان ئىدى....

ھەر بىر پائالىيەتتىن بەلگە بەرگۈچى قوڭغۇراقتەك تاق ـ تاق قىلىپ سۇنۇلغان ئورگىنالنى ھىم قىستۇرۇپ فاكس ۋاراق ئارقىدىن ۋاراق چىقىرىۋاتاتتى. فاكس بېرىشكە ئۇلگۇرگىنى ياخشى بولدى،ئىش پۈتەر زامات سىرتتا قانداقتۇر بىر ماجرانىڭ باشلانغانلىقىنى روبېرت بورك سەزدى، ئۆيگە تۇكلىرىنى دۇگدەيتىپ، ھۇرپەيگەن مۇشۇكى كىرىپ كەلدى، ئۇ مۇشۇك سىرتتىن ئۆچ كۆرىدىغان لالما دۆبۈتنى يولۇقتۇرغاندا شۇنداق بولۇپ قالاتتى، بىراق ئۇنىڭ ئارقىدىن روبېرت دەرىزىدىن قانداقتۇر بىر قەغەزلەرنى ھەم خەرىتىنى قارماپ پىشايۋاندا ئۆينى كۆزلەپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان جېسسىنى كۆردى. ئۇ ئالاقىزادە بولۇپ ھاسىراپ كىرىپ كەلدى. تەرىگە قارىغاندا ئۇنى كوچىدا بىرسى مۇشۇ ئەھۋالغا سېلىپ، جېسسى بولسا دەل مۇشۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قېچىپ كېلىۋاتقان ئىكەن دېگەندەك ئىدى.

ـ 223نېمە بولۇپ كەتتى؟ ـ 223 دېدى، ئېرى ئاڭا ئىختىيارسىز ئۇمتۇلۇپ، ـ روبېرت، بۇ بىر ئاجايىپ ھادىسە، شورى قۇرسۇن، سىرتقا چىقسام ئاۋۇ بۇلۇڭدا نەدىكى بىر لۈكچەكلەر ماشىنىلىرىنى توختىتىپ قويۇپ تۇرۇشىدۇ، مانا قارا، نېمىلەرنى چاپلاپ قويۇشقانلىقىنى، جېسسى گېزىتلەر بىلەن بىرگە سىرتتا تامدىن سىرىپ ئېلىپ ئۆيگە ئېلىپ كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى بوياق بىلەن ئالدىراپ ـ سالدىراپ يېزىلغان ئۇياتسىز، بىئەدەب، ھاقارەتلىك، ئادەم خورلىغان يازمىلارنى ئۇستەل ئۇستىگە تاشلىدى، ئۇلارغا قاراپ بېقىپ بوركىنىڭ ئۆزىمۇ مادارسىزلاندى، غەمگە چۈشتى، «بوركىنىڭ

بىزنىڭ كوچىدا ياشىغانلىقىدىن ئۆيلىمىز!» دېگەن خەت ئىدى. قوشنىلارنىڭ بىرسى يازغان بولسا كېرەك. يەنە «ئاياللارنى ئۆزۈمىنىڭ دەپ يۈرگەن، قورساقتىكىلەرنى ئۆجۈقتۇرغان بورك بىزنىڭ نيۇبېرىدىن چىقىپ كەت!»، «نيۇبېرىنىڭ ئاياللار ئازادلىقى تەشەببۇسىدىكى ئاياللىرى بوركنى ئۆچ كۆرىدۇ!». باشقىلىرى بۇنىڭدىنمۇ يامان «بورك خائىن!»، «بورك ـ ك.گ.ب نىڭ جاسۇسى!»، «بوركنى خىزمەتلىرىدىن ئېلىپ تاشلاش كېرەك!». «ماڭا ئۆچرىشىپ قالىدىغان بولساڭ قېرى، مانا ئەمدى ئۆلتۇرىمەن! ھۇ كاسساندرانىڭ ھامىلىسى».

224 ـ دېمەك، تاڭ ئاتماستىنلا باشلايلى دېيىشكەن ئىكەن!ـ دەپ غۇدۇرىدى، تەئەججۇبلىنىپ قالغان بورك.

224 ـ تاڭ ئاتماي، كۆرۈپ تۇرمىدىڭىزمۇ، تاڭ ئاتماي ئەمدى بۇنىڭ ئارقىدىن نېمە ئىش يۈز بەرمەكچى، روبېرت، نېمە ئىش يۈز بەرمەكچى؟ بۇ ئەقىلگە سىغماس ئىش بولدىغۇ!

روبېرت بورك ئاقىسىغا ئالغان ئىككى قولىنىڭ ئاغرىغىنىغا قارىماي ئارقىغا قوۋۇشتۇرۇپ تۇتۇپ تۇرغان يېرىدىن ھۇجىردا ئالدى ـ ئارقا ئۇياق ـ بۇياق ماڭدى.

ـ 224ھەممىسىگە تەييار تۇرۇشىمىز كېرەك،ـ دېدى، ئۇ ئايالىغا قىيىقىراپ ئۇنى سىرتقا چىقارماسلىقىقا ھەرىكەتلىنىپ، قېنى قىزىپ تۇرغان چاغدا سەۋر قىلىشمۇ ناھايىتى قىيىن ئىشتە، ئىشنىڭ باشلىنىشى شۇ بولغاندىن كېيىن، ياخشىلىق كۈتۈش كېرەك، تۈنۈگۈنكى نامايىش يۈز بەرمىگەن بولسا ئىدى، بۇنىڭ ھەممىسى ئازدۇر ـ كۆپتۇر مەدەنىيلىكنىڭ چېكىدە ئۆتۈشى مۇمكىن بولسا ئىدى، ھېلىقى جىن ئۇرغان ئوردوك كۈشكۈرتۈپ ئىبەرتمىدىمۇ؟ بىر نېمە دېمەك تەس.

225ھېلىقى بۆلۈڭدا تۇرغانلارنى سەن كۆرگەن ئىكەنسەن ـ دە! جېسسى سىرتنى ئىما قىلدى، تۇرغان تۇرقلىرى يامان، تەرى سوغۇق، ماشىنىلىرىنىڭ يېنىدا تاماكا چېكىپ تۇرۇشىدۇ، مەن بۇلارنى تاملاردىن سىيرىپ ئېلىۋاتسام ماڭا ئىسقىرتىشىپ، ۋارقىرىشىپ ھىجىيىپ تۇرۇشتى.

ـ ئەپتى ئەنگىزىگە قارىغاندا كىملەردەك كۆرۈندى، مۇشۇ يەرلىكلىرىمۇ؟

225ـ نەدىن بىلەي، بايىقى پادىچى ئىشتان ـ چاپان كىيگەنلەرنىڭ ئارىسىدا ئاياللارمۇ باردەك قىلىدۇ.

225ـ چۈشىنىشلىك، ـ دەپ قويدى غۇدۇراپ بورك، چۈشىنىشلىك ھېچنەرسىنىڭ يوقلۇقىغا قارىماي.

225ساقچىلارغا مەلۇم قىلىش كېرەك، روبېرت ساقچىلارغا تېلېفون بەرگىنە، چارە كۆرۈشسۇن.

225ـ جىددىيلەشمەي تۇر، تېلېفون بېرىشكە ئۈلگۈرىمىز، كۈتۈپ تۇرايلى، ئەگەر بىرەر ئىش بولسا، ئۇنداقتا ئەلۋەتتە تېلېفون بېرىمىز.

ـ 225بۇندىن ئارتۇقمۇ بىرەر ئىش بولارمۇ، بولسىمۇ بولارى دەل مۇشۇ، ھە، سەن قويۇپ تۇر دەيسەن!ـ جېسسى ئۇستەلدە ئولتۇرۇپ كەتتى، يەنە يىغلاشقا باشلىدى.

225ـ جېسسى، جېنىم! شۇنداق بولسىمۇ، سەۋر قىلغىن، ـ دەپ بورك ئۇنىڭ ئۇستىگە يېقىلىپ، ماغدۇرى كەتكۇدەك بولۇپ غۇدۇرىدى، جېسسى بولسا سۆزلەشكە دەرمانى كەلمەي ۋايساۋەردى:

ـ 225بۇ نېمىدىگەن شۇملۇق! بۇ نېمىدىگەن شۇملۇق!

ـ 225مەن ھازىر دورا ئېلىپ كېلىمەن، ھازىر، جېسسى سەۋر قىلغىن، ھازىر كېلىمەن.

ئۇ جېسسى ياتىدىغان ھۇجرىغا دورىغا يۈگۈردى، پايپاسلاپ بېرىۋېتىپ

ئىشىكنىڭ قانىتىغا سوقۇلۇۋالدى، شۇ پەيتتە بۇلۇڭدا يېيىلىپ ياتقان قەغەزلەرگە كۆزى چۈشتى، جىسسى كېلىۋېتىپ ھېلىقى قەغەزلەرنىڭ بىرىنى ئىرغىتىپ تاشلىۋەتكەنلىكىنى ئۇ چۈشەندى، جېسسى شۇنچە پايپاسلىغىنىغا قارىماي ئېرىم كۆرمىسۇن دەپ ئىرغىتىپ تاشلىغان بۇ قەغەزدە نېمە باردۇر؟ ئۇ قولىغا ئېلىپ ئوقۇدى ـ دە، چۈشەندى، كۆزى قاراڭغۇلىشىشقا باشلىدى، «بورك كۆتۈڭنى فىلوفېيگە تۇتۇپ بەر، ئۇ شورى قۇرغۇرغا كائىناتتا خوتۇن دېگەن يوق ئەمەسمۇ!» ئۇنىڭ بىلەن بىرگە شۇ مەزمۇنغا ماس سۈرەت تارتىلغان، تۆۋەن تەرىپىدە: «سالام، كاسساندرا ھامىلىسى».

ئۇ قورۇغا، ئۆزىنىڭ ھېلىقى كەڭرى بېغىغا قانداقچە چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي قالدى، ئەخلاقىي جەھەتتىن، كەم ئەقىللىقتىن ھەم نادانلىقتىن نېمە قىلىپ نېمە قىلمايۋاتقانلىقىنى بىلمىگەن ئادەملەرگە كەچۈرۈم بېرەي، بۇنداق ئېپلاسلىقتىن يۇقىرى تۇراي، دەپ ئۇ ئۆزىنى قانچىلىك تەسەللىي تاپقۇزۇغىنى بىلەن، كۆڭلى ئارامىغا چۈشمىدى، ئەمدى مانا، ئۇنىڭ بېشىغا ئەڭ بۈيۈك ئويلار كەلگەن ھەم ئىچكى سېزىمگە سۆز بىلەن چۈشەندۈرسە يىراق مەڭگۈلۈكنىڭ مۇمكىنچىلىكى غۇۋالاشقان ئۇندىن كېيىن ئۇنى چۈشەندۈرۈشكە ھەرىكەتلىنىپ قۇمغا قانداقتۇر بىر خۇپىيانە، تىلسىملىق چەگمەچلەر چېگىلگەندە، ئايالى قاقاھلاپ كۈلگەن يەردە مۇنداق ھايۋاندىن بەتتەر خورلىنىپ، ھاقارەتلىنىپ بېشىنى تىك كۆتۈرەلمەي ئولتۇرىدۇ، بۇ نېمە، ئۇنىڭ ئاق سۆڭەكلىكى ھەم بۇنىڭ بۇنداق ھالىتىگە لايىق كەلمىگەن، زىيادە ئاق كۆڭۈللۈكى ئۈچۈن تەقدىرنىڭ قاقاھلاپ كۈلۈشىمۇ؟ قارىسا ئۇ تەجرىبىسىز تۇرمامدۇ؟ تۇرمۇشنىڭ شۇنچىلىك تاش يۈرەك، رەھىمسىز ئىكەنلىكىنى بىلەلىگۈدەك تۇرمامدۇ، مانا ئەمدى ئۆلگىنىپ قالغان چاغدا مۇنداق زەربىلىك تاياق بېشىغا تېگىپ ئولتۇرىدۇ.

بالقىپ چىقىۋاتقان قۇياش ئاڭا بەربىردەك، كېرەكسىزدەك سېزىلدى، ھېچنەرسىنى كۆرگۈسى، ھېچنەرسىنى ئۇققۇسى كەلمىدى، ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر ئۆيدىن قارماپ گېزىتنى تاشلىۋەتتى، بۇ يەرلىك نيۇيېرى گېزىتىنىڭ تېز چىقىرىلغان سانى ئىدى، ئۇ قاپقاندىكى بۆرە بولغانلىقىغا يەنە بىر قېتىم ئىشەندى، بىرىنچى بېتىدە ئولىۋېر ئوردوكىنىڭ سايلام ئالدىدىكى يىغىلىشتىن كېيىن بەرگەن ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىنىڭ خۇلاسىنى بېسىلغان، ماتېرىيال ئاسسوش، ئەتىد نەشرىياتىدىن ئېلىنىپتۇ، مۇنبەردە قولىنى ھەيۋەت بىلەن شىلتىگەن ئوردوكىنىڭ فوتو سۈرىتى بىرلا ئەمەس، كەڭرى سەھىپىلەر بويىچە بېرىلگەن، ئالدىدا چوڭ ھەرپلەر بىلەن يوغانتىپ يېزىلغان ئۇنىڭ نۇتقى «ئىرسىي جۇغلانمىنى بولشىۋېزملىق تازىلاشقا يول يوق!».

قارا، فىلوفىي رۇس، دېمەك، سۆزسىز بولشېۋىك، سەپسەتە، بىراق، تەشۋىقاتىمىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چاپلانغان چاراقلىرىنىڭ بىرىدە نېمە ئۈچۈن بوركىنى ك.گ.ب نىڭ جاسۇسى دېگىنى ئەمدى چۈشىنىشلىك بولدى، ھەممە ئىشنىڭ بۇلغانغان بىر بۇلاقتىن چىقىۋاتقانلىقى توغرا، بۇ توغرىلىق سۆزلىگۈسىمۇ، ئويلىغۇسىمۇ كەلمىدى، كۆڭلى بۇزۇلۇپ ھايات ۋاپاسىز بىلىندى.

ئۇ يان تەرىپىدىن ئايالىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ بۇرۇلدى، يىغىدىن ئىككى كۆزى ئىششىغان جېسسى غەيرەتلىك بولۇشقا بەل باغلىغاندەك تۇراتتى.

227ئەنتونىدىن ھازىرلا جىددىي فاكس كەلدى، مانا،ـ دەپ جىسسى ئېرىنىڭ يېنىدا ئولتۇردى، «بورك ئەپەندى،ـ دەپ يېزىپتۇ، ئەنتونى يۇنگېر، ـ بىز تېلېفون بىلەن تېزدىن سۆزلەشمىسەك بولمايدۇ، سورىنىمەن، تېلېفونلىرىڭلارنى ئىشلىتىپ ئالاقە قىلىڭلار، سۆزىمىز كائىنات بىلەن

تېلېۋىزىيىلىك مۇناسىۋەت ھەققىدە، ئۇنى ئىشقا ئاشۇرالىساق، ئۇنداقتا بىز كىشىلەرنىڭ كۆزىنى قانداق ئاچالايمىز، سۆزلىشىشىمىز كېرەك، بىز تېخنىكىنى ئۆيىڭىزگە بورك ئەپەندى، بىزگە ھەممە جەھەتتىن ھۇجۇم قىلىشقا باشلاشتى، بىراق بېشىڭىز ھەرگىزمۇ تۆۋەن بولۇپ قالمىسۇن، مەن ئون مىنۇتتىن كېيىن تېلېفۇن بېرىمەن، سىزنىڭ ئەنتونى يۇنگېرىڭىز.»

ـ 228بۇ ياخشى گەپ، ئەنتونى يۇنگېرنى ئىشقا كىرىشكەن ئىكەن!ـ بورك جانلىنىشقا باشلىدى، كەل تېلېفونلارنى ئىشلىتەيلىچۇ، جېسسى، تېلېفون بەرسە بېرىشسۇن، بەربىر قۇتۇلالمايمىز، قۇلاق، بۇرنىمىز كېسىۋېتىلگەندەك بولۇپ بۇرۇختۇملۇقتا ئولتۇرغاندىن ياخشى!

ـ 228ئۇ دېگىنىڭمۇ راست، ئاۋۇسىغا ئۇدا كەلگەن يەنە بىر فاكس مانا،ـ دېدى جېسسى، بۇ ئۇنىۋېرستېتىنىڭ باشلىقىدىن كەپتۇ، «بورك ئەپەندى، قىزىقسىنىدىغان ئىشىڭىزنى ئويلىغاندىكى ئۆتۈنۈشۇم: لېكسىيە ئوقۇش ئۇچۇن ئۇنىۋېرستېتىگە كەلمەي قويۇڭ»،ـ دەپ يېزىپتۇ، ئۇ.

ـ 228ھەممىسى چۇشىنىشلىك،ـدېدى بورك،ـ يۇر تېلېفونغا، شۇ پالاكەت باسقان تاڭدا ئەنتونى يۇنگېرنىڭ بەرگەن تېلېفونىنىڭ قوڭغۇرىقى يورۇق نۇردەك سېزىلدى.

ـ 228بورك ئەپەندى، سىزنىڭ ئاۋازىڭىزنى ئاڭلىغىنىمغا خۇشالمەن، فاكس ياخشى، بىراق ئاۋازنى ئاڭلاش ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى.

ـ 228ئەلۋەتتە، ئۇنى بىردەمسەن، ئىككى دەمسەن،ـ دەپ بورك خۇشاللىق جاۋاب بېرىشكە تەمشەلدى.

228ـ ئايالىم جېسسىمۇ ساڭا سالام ئېيتىۋاتىدۇ،

ـ ئوبدان، ياخشى، مەنمۇ ئۇ كىشىگە رازى، بۇگۇن ھەممىمىز كۆرىشىمىز دېگەن ئويدىمەن،ـ ناھايىتى ياخشى،

ـ بولامدۇ، ئەنتونى يۇنگېر.

ـ 229سۆز سەندە، ئەنتونى يۇنگېر، ئىلتىماسىڭنى ئېيت. كېچىدىكى فاكسىڭ بىزنى زىنداندىن سورۇغۇپ چىققاندەك بولدى، شۇنداق قىلىپ ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز كۆلۈمسىرىمىسەك بولمايدىغاندەك قىلىدۇ، قېنى، ئەمدى نېمە قىلساق بولىدۇ، ئىستىقبالى بولامدىكىن؟

ـ ئىشنىڭ كەڭرى پروگراممىسى بار، بىراق ھەممىدىن بۇرۇن سىزگە ئېيتىپ قوياي، سىز بىلىۋېلىڭ، بورك ئەپەندى، تەھرىراتقا ئەۋەتكەن ماقالىڭىز، بەلكىم، ئەمدىلا كائىناتقا، فىلوفېيگە بېرىۋاتىدۇ، مەن ئۇنى بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن سۈرۈشتۈرىمەن، بۇ فىلوفېينى كائىناتتىي ئىرىسىيەتشۇناسلىق بويىچە ئۇنىڭ يەردىكى دەسلەپكى تەرەققىياتى بولغان، سىز بىلەن مەن سىزنى شۇنداق ئاتاپ قوياي تونۇشتۇرۇش ئۈچۈنلا قىلىنىۋاتقىنى يوق، شۇنداق قىلىپ فىلوفېي، بەلكىم، ئەمدىلا سىزنىڭ يازمىڭىز بىلەن تونۇش بولۇۋاتىدۇ، بىز تېلېۋىزىيىلىك مۇناسىۋەت ئۇيۇشتۇرۇپ، فىلوفېي ئىككىڭلارنىڭ ئىشتىراك قىلىشىڭلار بىلەن مۇھاكىمە ئۆتكۈزىلى، دەپ ئولتۇرىمىز.

ـ 229ئەنتونى يۇنگېر، ساداغاڭ كېتەي، بۇ ئويۇڭ لايىقىدا ئىكەن. بىراق ،ئۇنى قانداق ئۇيۇشتۇرۇشۇڭنى ئويلاپمۇ يېتەلمەيۋاتىمەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە ۋاقىت قىس تۇرسا.

ـ 229ئۇنىڭ يارىسى يەڭگىل، بورك ئەپەندى، مەن يالغۇز ئەمەس، ئىشەنچىلىك دوستلىرىم، كەڭ مۇناسىۋەت دائىرەم بار، «مۇنبەر» پۇتۇنلەي، بىز تەرەپتە، ئۇ تەھرىرات كېرەك بولسا ئۆز جېنى ئۈچۈن ئىشلەۋاتىدۇ، بىراق ئەڭ مۇھىمى تېلېۋىزىيە مۇناسىۋەتىنىڭ بارلىق ئۇلاپ كۆرسەتكۈچى تارماقلىرى، بۇنى دۇنياۋى ۋەقە سۈپىتىدە كۆرۈپ بەكمۇ قىزىقىشىۋاتىدۇ، ئۇلا

ئەمەس، مۇز تەپكەنلەرنىڭ كۈتمىگەن يەردىن چۈشكۈچى پايدىنى ھەسسىلەپ يوغانتىپ تۈرۈشقان چېغى، شۈڭلاشقىمىكىن جىنىنى سەكراتقا چۈشكەندەك ئىشلىتىشىۋاتىدۇ.

ـ 230چۈشەندىم؟ مۇز تەپكەنلەر كىم؟

ـ 230كەچۈرۈڭ، ئاددىي، قوپال سىلىشتۇرۇپ قويغاندەك قىلىمەن، شۇنداق، بىز مۇز ئۈستىدە، بوپتۇ، ئۇنى قويۇپ تۇرىلى ھازىر، كەچۈرۈڭ، مەن ئۆزۈمنى توختىتىۋالدىم، ۋاقىت قىس، سۆزۈمنى ماشىنىدىن ئۇلاي، بىز سىزگە، نيۇبېرىگە كېتىۋاتىمىز، بىز تۆتىمىز، مەن، يەنە ئۈچ يىگىت، كائىناتىي مۇناسىۋەتنى پۇختا ئىگىلىگەن زىيالىيلار، شۇنداق قىلىپ تۆتىمىز ئىككى ماشىنا بىلەن كېتىۋاتىمىز، ماشىنىنىڭ بىرسى بولسا تېخنىكا بىلەن جابدۇلغان جىپ، فۇرگون ماركىلىق جىپ، قالغان ئىشلارنى يولدا كېتىۋېتىپ چۈشەندۈرىمەن، بىز نيۇبېرىدە قىرىق مىنۇتتىن كېيىن بەلكىم ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇن پەيدا بولىمىز، دەپ ئويلايمىز، خەرىتىدىن مۆلچەرلىگەندە ئۆيىڭىز «كونفېرانس» دېگەن تاللا بازىرىدىن يېرىم مىل نېرى تۇرىدىكەن، شۇنداقمۇ؟

ـ 230شۇنداق، توغرا، ئۈچ بۆلەك نېرىدا، ياخشى، دېمەك بىز يولغا چىقتۇق، شۇنداق قىلىپ، شىلدىڭلاپ كۈلمەڭ، مەن شىتابنىڭ باشلىقى، فىلوفېي كائىنات مارشالى، سىز،ـ مەن جىسسىنىڭ قارمىقىدىكى پودپولكوۋنىك دەپ بورك سۆزنى ئىزاھلاپ كەتتى، ئەمدى، بىز مۆھلەتكە، ئەنتونى، ۋاقىتنىڭ قىسقا ئىكەنلىكىنى بىلىمەن، سەن ياش يىگىت، ئۇندىن باشقا سەمىگدە بولسۇنكى مېنىڭ ئويۇمنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇلماقچى بولغاندىكى كائىناتىي مۇناسىۋەت چىقىمىنى ئۆز بوينۇمغا ئالىمەن.

230ـ كېچىكىپ قالدىڭىز، بورك ئەپەندى، بۇ ئىشقا قىزىققان

تېلېۋىزىيە ئورۇنلىرى ھەممە خىراجەتنى سەرپ قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كۆزلىگەنلىرى بار، خاۋاتىرلەنمەڭ، ئۇندىن قالسا قولۇمدىن يەنە بىر ئىش كېلىدۇ، دادام بەلگىلىك تەسىرى بار ئادۋوكات، شۇڭلاشقا، ئۇ جەھەتتىن ئويلانمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، فىلوفىي ھەققىدە ئويلىنىڭ،ــ ئوردوك ھەققىدە،ــ دەپ قوشۇمچە قىلدى بورك.

231بىرىنچى قىسمىدا ئۇ ھەتتا بىلىكىنى تۇرۇپ ئىشقا كىرىشتى، ئۇنى يولغا چىققاندا ئېيتىمەن، سەل تۇرۇپلا بورك ئەپەندى، كەچۈرۈڭ، بىراق سىزگە ھەم رەپىقىڭىزگىمۇ ئۆيدىن چىقماسلىقنى ئىلتىماس قىلىمەن، ھەتتا تاللا بازارغىمۇ، چىداپ تۇرۇڭلار، بۇگۈن سىرتقا چىقىشقا بولمايدۇ، بىز ھەممە نەرسىنى ئېلىپ بارىمىز، بىز يولغا چىقتۇق.

بىر ئازدىن كېيىن، ئۇ يولدىن تېلېفون بەردى، شۇ ئىككى قېتىملىق تېلېفون جىرىڭلاشنىڭ ئارىلىقىدىكى بىر ئاز ۋاقىت بوركنىڭ رەپىقىسى بىلەن بىر ئەسىردەك يۇك ــ تاقلىرىنى كۆتۈرۈپ پويىزغا ئولتۇرغاندا بۇ چاغقىچىلىك بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئارقىدا، ئۇيۇق سىزىقىدىن نېرى يوق بولغاندەك، پويىز بولسا تېخىچە ئورنىدىن قوزغالماي تۇرغاندەك، ۋاقىت مىدىرلىماي تۇرۇپ قالغاندەك سېزىلدى، ئۇلارنىڭ ھاياتى ئەمدى باشقا، بىر ۋەقەدىن ئىككىنچى ۋەقەگىچە مىنۇتلار بىلەن ئۆلچەنگەن تەتۈر ساناق ئالغانلىقىنى، ئۇلار تەقدىرنىڭ بەلگىلەنگەن پەيتىنىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى توساتتىن چۈشەندى، قانداقتۇر بىر تىلسىماتلىق، قانداق بولۇشى نامەلۇم تەقدىرگە ئەمەس، بەلكى ئۇلارغا يېقىن كىرىپ كەلگەن زوراۋان كۆچلەرنىڭ ئوي ــ مەقسەتلىرىدىن يەنە ھەرىكەتلىرىدىن كېلىپ چىققان تەقدىرگە دۇچار بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىشتى.

ــ 231بىز ئاپتوبۇسقا چىقىۋاتىمىز،ــ دەپ خەۋەر قىلدى، ئەنتونى

يوْنگېر،ـ پائالىيەت بوْروْنقىدەكلا، ھېلىلا كوْروْنمەيدوْ، موْلچەردىكى ۋاقىتتا بېرىپ قالارمىز دەپ ئويلايمەن، ئاڭغىچە ئىش ـ ھەرىكىتىمىز ھەققىدە سوْزلىشىپ توْرايلى.

ـ 232قوْلاق سەندە، ئەنتونى، سىرتقا نېمە بولۇۋاتقانلىقىنى بىلگۈم كەلدى، جېىسى بىلەن ئىككىمىز ھەممىدىن قول ئوْزوْپ قالدوْق، ئوْندىن باشقا تېلېۋىزور بىلەن رادىئونى ئوْچوْروْپموْ قويدوْق،

ـ بورك ئەپەندى، راستىنى ئېيتاي، ئەھۋال ناھايىتى ئېغىر، بىلىۋېلىشىڭىز كېرەك، ھەممە يەردە ھەممە مەملىكەتلەردە ئەھۋال بىردەك، ھەممە يەردە ئامىۋى نارازلىق بار.

ـ ھىم، ھە،ـ دەپ غوْدوْردى بورك توْروْبكىغا ،ـ ئەنتونى، بىلىشىمچە، كىشىلەر كاسساندرا ھامىلىلىرىنى توْرموْشتىكى مەۋجوْت بولغان چىنلىق سوْپىتىدە قوبوْل قىلىشماي توْروْشىدوْ، شوْنداق، ئەلۋەتتە، بوْ پسىخولوگىيۋى جەھەتتىن ناھايىتى ئېغىر زەربە دېگىن، بوْنىڭچىلىك بولغان ھاياتنىڭ ھەممە نېگىزىدىن، توْپكى تومۇرىدىن باشلاپ قايتا قاراش زوْروْرچىلىكى كېلىپ چىقىدوْ، ئوْندىن كوْرە، گوْماننىڭ زەھەرلىك يىلىنىنى چەتكە قېقىپ يانچىپ سالغان ياخشى....

ـ 232توغرا ئېيتىپسىز،ـ دېدى ئەنتونى،ـ مەن بوْنى موْنداقچىلا سېلىشتوْراتتىم، مىسالى، سان ـ فرانسىسكودىكى كوْۋروْكنىڭ قوْروْلمىلىرىدىن يېرىق تېپىلىپتوْ دەيلى، بىراق ھازىرچە ئوْتوْشكە توسالغوْ بولمايدوْ، ئوْ ھەقتە ئويلاشنىڭ نېمە كېرىكى بار؟ يوْكلەرنى تېز ـ تېز كوْپرەك توشوْپ ئوْتكوْزوْۋېلىش كېرەك، كوْۋروْكنى نېمە قىلىشنى كېيىن باشقىلار ئويلىسوْن، بىراق ، دىققىتىمىزنى بىر نەرسىگە بوْراي دېدىم، بورك ئەپەندى، ھازىرچە يولدا ۋاقىت بار چاغدا ئوپىراتورلارنىڭ بىرسىنىڭ قولىدا ماشىنىنىڭ

رولى بار، شۇنداقتىمۇ سىز بىلەن يىراق ئارىلىقتا تۇرۇپ سۆزلىشىۋەرسەم بولىدۇ.ـ ئەمدى دىققىتىڭىزنى بىرەر قىزىقسىنارلىق نەرسىگە بۇراي، ئۆزىڭىز يەكۈن چىقىرىڭ، گېزىتلەرنى ۋاراقلاپ چىقتىم، رادىئودىن ئاڭلاپ، تېلېۋىزورغا قارىدىم ـ دە، فىلوفېيىنىڭ مەلۇماتىغا قارىتا تەتۇر، دۈشمەنلىك خاھىشلارنى بايقىدىم، فىلوفېيىنىڭ مەلۇماتى مىللىي ئار ـ نومۇسقا قاتتىق تېگىپتۇ، بۇ ئىسرائىلىيىدە يەھۇدىيلارنىڭ ئىرسىي جۇغلانمىسىنى بىراقلا يوق قىلىشقا ئۇرۇنغان ھەرىكەت سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىدى، تاپقۇر نۇرلارغا قارشى قالقان تېپىش، فىلوفېيىنىڭ نۇرلاندۇرۇشنى يوق قىلىدىغان بىر نەرسە سۈپىتىدە ئويلاپ چىقىش كېرەك!ـ دېگەن شۇئار تاشلاندى، روسىيىدە بولسا ناھايىتى كۈچلۈك قارشىلىق كۆرسىتىش پائالىيىتى، فىلوفېي تېزدىن كائىناتتىن چۈشۈرۈلسۇن، ئۇ ھېچقانداق كاھىن ئەمەس، ئۇندىن قالسا، ئەڭ مۇھىمى، بىزگە بىر قېتىملىق ئىسلاھات ۋەقايىتا قۇرۇش يېتىشىدۇ، گايدارنىڭ ئىسلاھاتلىرى يېتىپ ئاشىدۇ، ئەمدى رۇس ئېلىنىڭ ئىرسىي جەھەتتىن قايىتا قۇرۇلۇشىغا يول بەرمەيمىز، فىلوفېي دېگەن كائىناتتىكى گۇرباچېۋ! ئۇ ئامېرىكىغا سېتىلغان ئادەم! ئۇ روسىيىنى چۆكتۈرگىلى تەييارلىنىۋاتىدۇ!ـ دېگەن تەلەپلەرنى قويغان، شۇئارلارنى توۋلاشلار نامايىشقا ئايلاندى، ۋەقە مانا مۇشۇنداق تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى.

ـ 233بۇ ناھايىتىمۇ قايغۇلۇق، ئاڭلاشقا ئېغىر ۋەقە، جېنىم قورۇلۇۋاتىدۇ، نېمە قىلىش كېرەك؟ روبېرت بورك ـ ھۆلۈقۈپ قالدى.

ـ ئۇنىڭدىن كېيىنكىنى ئاڭلاڭ، جۇڭگودا ۋەھىمىلىك باشقا بىر كۆتۈرۈلۈش، بۇ ئۇلارنىڭ نوپۇس جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقىنىڭ ئەھمىيىتىنى يوققا چىقىرىش ئىكەن، ئۇلارنىڭ شۇئارى، «نوپۇس جەھەتتىكى جان سانىنى تېز ئاشۇرۇشقا يول بەرمەيمىز!» ھىندىستانغا بولسا «كاسساندرانىڭ تامغىسى

دىنىي مۇراسىملىق بەلگە بىلەن بويالسۇن!» دېگەن چاقىرىق تاشلاندى.
234ـ ھوي، ھوي،ـ بۇ نېمە ئىشلار بۇ دەپ ھەيرانۇھەس قالدى.
ـ 234بىراق، مېنى ھەممىدىن بەكرەك ھەيران قالدۇرغان باشقىسى، بورك ئەپەندى، قىزىق ، بۇنىڭغا نېمە دەيسىز، ھامبورگدا ھېلىقى داڭلىق، پورتنىڭ ھەممە يېرىدە ئېقىپ يۈرۈشىدىغان پاھىشىۋازلار بىلەن ئاشىنىدارچىلىق قىلىدىغانلار چۇقان سېلىپ قارشى چىقىشتى، ستىسىلىيىدە قارا قول پارتىيىسىدىكىلەر پالېرمونىڭ ساھىلىدا، مۇنداقچە ئېيتقاندا پۇتكۇل خەلق بويىچە يۈرۈش قىلىشنى ئۇيۇشتۇرۇشتى، لاتىن ئامېرىكىسىدا ستىخىيىلىك  ھالدا كۆپ ساندىكى قارشى چىققۇچىلار، قەتئىي مەخپىي ئەپيۇن ئۆسۈملۈكلىرىنى تېرىشقان رايونلاردا بولۇۋاتىدۇ، بۇندىن سىرت شەھۋانىي فىلىم ـ كىتاب، ئەسەر ئىشلەيدىغانلارمۇ چەتتە قالغىنى يوق، ئۇمۇ قارشى چىقىۋاتىدۇ، توۋا، تېررورلۇق تەشكىلاتلىرى ھەتتا،ھەر قانداق ئىنقىلابچىلارنىڭ ھەممىسى پۈتۈنلەي قارشى، ئەگەر فىلوفېي قول يېتىدىغان يەردە بولسا ئىدى، ئۇنداقتا ئۇلار ئۇنى... دېمەكچىمەنكى، ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى ھەربىي دائىرىلەرمۇ بەك نارازى، ھەممىدىن چۈشۈنۈكسىز بولغىنى شۇكى بىر مەھەل زىلزىلە قوزغىغان كىنو فىلىملىرىنىڭ فىلىم ئىشلىگۈچىلىرىمۇ نارازلىق بىلدۈرۈۋاتىدۇ.
ـ234مۇنداق دېگىن، ئەنتونى،ـ دېدى روبېرت بورك،ـ بۇ يەردە بىر خىل كەسپىي ئۇيۇشچانلىقى بار ئىتتىپاقلىق بىلىنىپ تۇرۇۋاتىدۇ، قانداقلا ئۇيۇر ،پادابولمىسۇن ياشىغۇسى، كۆپەيگۈسى كېلىدۇ، مەن شۇنداق دەر ئىدىم، كاسساندرا تامغىسى بولسا ئۇلارنىڭ چېكىسىگە چىققان چىيقان، كېلەچەكتە ئۇلارنىڭ ۋەھىملىك بولۇپ قېلىشى ۋەھىملىك، جەمئىيەتتە بۇ ئۇيۇرلارنىڭ كۆپىگە تەلەپ سولغۇنداپ قالىدۇ، شۇنداق قىلىپ ئۆزىنى ـ ئۆزى ساقلاپ

قېلىش ئىقتىدارىمۇ ئويغاندى، ئۇيۇر ئوڭايسىزلىقنى ۋە زىددىيەتنى سەزدى، ئۇلارنى چۈشىنىمەن، ۋەي! ئەنتونى، ياخشى ئاڭلانماي قالدى، بۇ نېمە ئىش.

ـ ئۇنىڭىزنى ئەڭ ياخشى ئاڭلاۋاتىمەن، ئېيتىۋېرىڭ، تەپەككۇر ـ ئويىڭىز ناھايىتىمۇ جەلپكار ئىكەن.

ـ 235مانا شۇنداق، توغرا، ئوقۇلۇشى ئوڭلاندى، دەۋېرەي، سۆزلەۋېرەي، ئەگەر فىلوفېينىڭ باياناتىنىڭ تەسرىدە ئادەم بالىسىنىڭ ئادىمىيلىكى ئۆزگەرسە، ئەگەر ئادەمزاتى دائىم ھامىلىلەرنىڭ بەرگەن بەلگىسىگە قۇلاق تۇرۇپ ئۆزىگە باشقىچە قارىغان بولسا، ئۇنداقتا ئىنسان خاسلىقىنىڭ ئۆزىنى ئەكس تەرەپتىن كۆرسىتىشكە كۈنۈشى ئازىيىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ھاجەتمەنگە تەلەپ قويۇلماي قالغان جەمئىيەتتە ئاشنادارچىلىقنى كەسىپ قىلىدىغان ئادەممۇ بولمايدۇ، ھامبۇرگدىلا ئەمەس، شاپاقچىلارنىڭ بۇرۇنقىدەك ئەلۋان ھارخىل توپىمۇ بولمايدۇ، قارا قول پارتىيىسىدىكىلەر دەل شۇنىڭ ئۆزى، باندىتلىق، جىنايەتچىلىك ھەممىسى بىر ـ بىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئەگەر كاسساندرا تامغىسى ئۇيات ئەمەس ئاگاھلاندۇرۇش بولسا، ئەڭ مۇھىمى ئادەملەر پۈتۈنلەي ئۆزى ـ ئۆز تەرەققىياتىغا ئۆزىنى تەتۈر تەرەپتىن كۆرسىتىشكە ئىرسىي جەھەتتىن كۈنۈشى يوق بولسا، ئۇنداقتا ھازىرقى بېشىمىزدىن كېچىۋاتقان بوھران ئاقلىنىدۇ، ئىختىيارسىز بىر سوئال تۇغۇلىدۇ. . . .

ـ 235ئوتتۇرىغا قويۇشقا نېمە ئۇچۇن بولمايدىكەن؟ مەسىلە باشقىدا: كىشىلەر سۆزۈمنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلارمىكىن؟ چۈنكى ھېلىقى سەن دېگەن قارشى چىققۇچىلار ئۆزلىرى يېڭىلىپ قېلىشتىن قورقىشىدۇ ـ دە، ئاسايىشلىق، پاراۋانلىقتىن ئاجراپ قېلىشتىن قورقىشىدۇ ـ دە، چۈنكى ئۇندىن باشقا تەپەككۇر تۈپكى تۈمۈردىن ئۆزگىرىشكە تېگىشلىك، ئۇ، ھېلىقى

كاسساندرا هامىلىلىرى ئۆزىدە ئەسلىي بار بولغان ئىقتىدارىدا شۇنچىلىك چۆچىگەن هالدا هاياتتىكى ئىپلاسلىقىنى، هارامتۆشلۇكىنى چەتكە قاقىدۇ، ئاڭ ـ سىزىم ئۇندىن قالسا ئەخلاقى ياخشى نىيەتلىك خالىسلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك هالدا ئۆزگەرمەيدۇ، ئامان قىلىش بىلەن تەرەققىياتنىڭ بىردىنبىر چىن شەرتى شۇ بولىدۇ، هازىرقى شەرتتە شۇنىڭ ھەممىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلىشى مۇمكىن ئەمەس، بورك ئەپەندى، ھەر قانداق دىنىي جەمئىيەتلەرنىڭ قارشى بولۇشلىرى ھەققىدە كۆپلىگەن مەلۇماتلار چۈشۈپ تۇرماقتا.

ـ 236ئۇ چۈشىنىشلىك ئىش، كاسساندرا تامغىسى ئۆز تەبىئىيىتى بىلەن بىردەك دەرىجىدە، مۇتلەق رەۋىشتە ھەممىسىگە لازىم، بۇ مەنادىن ئالغاندا كاسساندرا هامىلىلىرىنىڭ رىئاكسىيىسى ھەممىباب ئادەمزاتىنىڭ توپلارغا، گورۇھلارغا، ئىقىملارغا ،ئۆز ھەم ياتقا بۆلۈنگەنلىكتىن پايدىلىنىپ مۇنداق بۆلۈنۈشتىن ھەم قارىمۇـ قارشى تۇرۇشلاردىن روھانىي مۇداخىلە قىلغان كۈچلەرگە كاسساندرا هامىلىلىرى بۇلار ئۇچۇن كاشىلا ئاپەتلىك دىنىي مەزھەپچىلىكلا ئەمەس، ئومۇمىي قىيىن مەسىلە، ئۇنداق كۈچلەر فىلوفىينى يەنە ئۇنىڭ مەلۇماتىنى بارلىق تىللاردا هالىنىڭ يېتىشچە، بولۇشىغا يامان كۆرگەن سۆزلىرى بىلەن ئېيتىدۇ، شۇڭلاشقا مىنى تاڭ قالدۇرار ھېچنەرسە يوق بۇ يەردە....

236ـ بۇ ئويىڭىزغىمۇ قوشۇلىمەن، بورك ئەپەندى، بۇ پاراڭ كۆزۈمنى بۇرۇنقىدىنمۇ كۆپرەك ئاچتى، كەچۈرۈڭ، بۇ مۆھلەتكە، مىنى كود ـ نومۇر بويىچە تېلېفونغا جىددىي چاقىرىشۋاتىدۇ، ياق، ياق، ترۇبكىنى قويماڭ، نىمە ئىكەنلىكىنى هازىرلا بىلەي، ئۇندىن كېيىن سۆھبىتىمىزنى يەنە ئۇلايمىز، (ـ ھەي! ھەي! قانداق يېڭىلىقلار؟ ئاشۇنداقمۇ؟ ھەقىقەتەنمۇ، شۇم خەۋەر

ئىكەن، بۇ قېتىم ھەممەيلەن چۈشىنىشلىك ھەرىكەت قىلىمىز.) بورك ئەپەندى، كەچۈرۈڭ، كەلگەن مەلۇماتقا قارىغاندا ۋەزىيەت يامانلىشىۋاتىدۇ، مەن سىزدىن يەرلىك ساقچى ئورگانلىرىغا تېلېفون بېرىپ، تاللا بازاردىن ئۆيىڭىزنى كۆزلەپ نامايىشچىلارنىڭ چوڭ توپىنىڭ قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ قويۇشىڭىزنى سورىنىمەن، دەرىزىڭىزنىڭ تۆپىدە تۇرۇۋېلىشىپ نارازىلىق بىلدۈرۈشى، قىيقىراپ، ھۆكۈرەشلىرى تۇرغانلا گەپ.

ـ 237يارايسىز، ئەنتونى، ھازىر ساقچى ئورۇنلىرىغا تېلېفون بېرىمەن، ئايالىم بايا تېخى ئېيتقان، ئۆزۈم ئېرەن قىلماي قويدۇم، بىزگە قارىتا ئۇلار تاڭ سەھەرلا ھەر خىل ۋاراقچىلارنى تاملارغا چاپلاپ بولۇشقان، جېسسى ھازىر ئۆزى بېرىپ ساقچىلارغا تېلېفون بېرىدۇ.

ـ 237شۇنداق بولسۇن، بورك ئەپەندى، سۇ كەلگۈچە توغان سېلىش ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ماڭا ھازىرلا خەۋەر كەلدى، ماقالىڭىز بېسىلغان «مۇنبەر» ئوقۇرمەنلەرنىڭ قوللىرىغا تېگىپتۇ، ھېلىقى تېز چىقىرىلغان سانى ئىكەن.

ـ 237شۇنداقمۇ؟!ـ دەپ سالدى ئەقلى ـ ھۇشى جايىدا بولماي تۇرغان روبېرت بورك، ـ دېمەك، گېزىتچىلار ۋاقتىنى بىكار كەتكۈزمەيدۇ ـ دە، ئۆزىدىن مەلۇم، سىزدەك بەلگىلىك تەسىرى بار كېلەچەكشۇناسنىڭ ھەر بىر سۆزى ھازىر ئالتۇنغا باراۋەر، ئەلۋەتتە، ماقالىڭىزنى چۆرىدىگەن ھالدا ئەمدى ھەر قانداق تالاش ـ تارتىش بولىدۇ دەڭ! بۇ مۇھاسىردە قالغان سېپىلدىن بىرىنچى قېتىم ئېتىلغان زەمبىرەكنىڭ ئوقى، بىراق بۇ ئوردوكنى كۆزلەپ ئېتىلغان يەككە ـ يىگانە تۆھمەتقۇ، بۇ ئىشقا قاتتىق خاپا ئىكەنلىكىمنى يوشۇرالمايمەن، پوزىتسىيىڭىزنى بىلىشكەن كىشىلەر بار ھەم ئاز ئەمەس دەپ ئويلايمەن، كاسساندرا ھامىلىلىرىنىڭ پەۋقۇلئاددە ھامىلىسى زېرەك، زەكىي

ئىقتىساسلىقلارنى ئويلاندۇرماي قالمايدۇ، بۇ ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز چۈشىنىپ بىلىشىمىزدىكى بۇرۇلۇش ياساش پەيتى ئەمەسمۇ؟ تارىختا قاچان يەنە مۇنداق بولىدۇ؟ بۇ ھادىسىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەنگەنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ياز پەسلىدە بېغىدا سايرىغان قۇشتەك كۆڭۈللىرى يايراپ قېنى قىنىغا پاتماي قېلىشى كېرەك ـ دە، بىراق تىلەككە قارشى ئىقتىساسلىقلارنىڭ زور كۆپچىلىكى زەربىسى قاتتىق ئېقىمغا قارشى مېڭىشقا پېتىنالمايدۇ، مەن بۇنى نان يېگەندەك بىلىمەن، جەمئىيەتكە سەر خىللارنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىشى سۈبيېكت دېگىنىڭىز شۇ، قاتتىق قارىشلىق يوق، بارمايدۇ، ئاۋازىنى قاتتىق چىقارمايدۇ، دالىدىدا كۈتۈپ تۇرىدۇ، بۇ چاغدا ئوردوك قولىغا مەشئەل ئېلىپ يۈگۈرۈپ ئەقىل ـ ھۇشى بىلەن جىمىسىنىڭ ئوتىنى، دۇنياۋى ئوتىنى يېقىپ يۇرۇپ قاراپايىم خەلقنى ئۆزىگە تارتىپ كۆتۈرۈپ چىقىشقا ئۇلگۇردى، ھەممىسى شۇئار توۋلىشىپ ھەرىكەت قىلىشقا لۈكچەكلەر شايكىسىگە بېرىپ قوشۇلۇشقا ئالدىراشماقتا، پاھىشىۋازلار ئۇيۇشقان ھالەتتە نامايىشقا چىقىپ يېتىشسا، باشقىلار ھەققىدە تېخىمۇ ئېيتىمىز؟!

ـ 238ئەنتونى، كەچۈرۈڭ، يېشى چوڭ ئادەم سۆپىتىدە سۆزىڭىزنى بۆلۈپ قوياي، مەن بەكمۇ ياش ھېلىقى پاھىشىۋازلار ھەققىدە ئېيتقاندا، گەپ قىلغاندا. . . كۆلكىڭىز قىستاپ كەتتى، ئۇنى بىلىمەن، ماڭا بولسا بۇ ناھايىتىمۇ قايغۇلۇق سېزىلىدۇ، ئەلۋەتتە، بارلىق مەزگىللەردە ئۇلارنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشى ،قىلغان ئىشلىرىغا يارىشا ئىشلار، مۇئامىلىلەر بولۇپ كەلگەن. بىراق، مۇنداق ئىشنى، پاھىشىۋازلار توپ ـ توپى بىلەن كىشىلەر ئالدىدا نارازىچىلىق نامايىشقا چىققىنىنى كەچۈرۈۋېتىڭ، ھېچقاچان ئاڭلىغان ئەمەسمەن، ئۇلار ئۆزلىرىگە خاس مىجەزدىكى ئۆزلىرىنىڭ كەسپىي قاشقىسىنىڭ بارلىقىغا ھەم مەندۇرمەنلىكىگە قارىماي بىچارە پاھىشىۋازلار شۇ

يەردىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ياشاش ئەھۋالىغا بېقىندى ئىكەنلىكىنى سېزىشىپتۇ، ھەقىقەتەندىمۇ كاسساندرا تامغىسى بولسا بۇ مانا ئاشۇلارغا ئوخشىغان ئىرىسىيەتشۇناسلىقنىڭ چىت ـ چاتقال ئورمىنىدا سۇلغۇن گۈللەرگە قاراپ بوزلاپ يىغلاپ تۇرغاندەك ئەمەسمۇ؟

239ئۇلارنى نامايىشقا سىياسىي ئاشنادارچىلىقتىكى ئەر ـ ئاياللار ئازدۇرۇپ چىقاردى. باشقىلارنىمۇ ئازدۇرۇپ چىقارغانمۇ دەل شۇلار، ھازىر، ئەينەك كولبىدىن ئۆزىنى  ئۆزى چىقارغان ساراڭ ئوردوك، ئەمدى ئۆزى باشقۇرۇپ ئالالماي قالدى دەپ ئويلايمەن، مىسال كەلتۈرۈش ئۈچۈن يىراقلاپ كېتىشنىڭ ھاجىتى يوق. مانا، يولدا نېمىلەرنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن، بىزنى قوغلاپ سېزىپ تۇرۋاتىمەن، ماشىنىلاردىكىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ماڭا ئوخشاش تېلېۋىزىيىدىن بىر ـ بىرىگە بىر نەرسىلەرنى دەپ قىيقىراشماقتا، ئۇلارنىڭ ئەپتى ـ ئەنگىزىدىن ياخشىلىقنىڭ نىشانى بىلىنەشمەيدۇ، ھەر بىر ماشىنىدا كىشىلەر پەۋەس ئولتۇرۇشۇپتۇ، ماڭا دېگەنلەرگە قارىغاندا، بۇلار تاللا بازارنىڭ يېنىدىكى ماشىنا توختاش مەيدانىدا ئۈچرىشىدىكەن.

239 ـ مۇنداق دەڭ، ئەنتونى، ئۇ يەر شۇنىڭغا ئوخشىغان يىغىلىشلار ئۆچۈن بەكمۇ قولاي.

ـ 239شۇ يەرلا بولسا مەيلى ئىدىغۇ! كەچۇرۇڭ ھەتتا مېنىمۇ ئالاقزادە قىلىپ قويۇشتى، (ـ ۋەي، ئاڭلاۋاتىمەن، شۇنداقمۇ، ئەنتونى يۇنگېر، بۇ مەن، چۈشىنىشلىك، شۇنداق، ھە، ئېيت، ئاڭلاۋاتىمەن، شۇنداق بولىدۇ دەپ ئويلىغان، يارايسەن! ماڭا دائىم بىلدۇرۇپ تۇر، چۈشەندىم، خوش!) بورك ئەپەندى ھازىرلا ماڭا خەۋەر قىلىشتى، نيۇيوركنىڭ كوچىلىرىدا تىقما ـ تىقما نامايىشلار، ھەتتا ب د ت نىڭ ئىمارىتىنىڭ ئالدىدا كىشىلەر كۆپ

يىغىلىۋاپتۇ، ساقچىلار تەستە تۇرۇۋېتىپتۇ، نامايىشچىلار فىلوفېينى كائىناتتىن ئېلىپ چۈشۈشنى تەلەپ قىلىشىۋاتقان ئىكەن، بۇ بولسا خەلقئارالىق ھەرىكەتكە ئايلاندى، ئۆزىدىكى بار ئەھۋالغا يارىشا، ئالدىنقى قاتارلاردا بويىشىپ: «قاراڭلار!بىزگە كاسساندرا تامغىسى بېسىلغان، بىزنى ئاسراپ قېلىڭلار!» دېگەن پلاكاتلارنى كۆتۈرۈشۈۋېلىشىپتۇ، يەنە كۆپلىگەن ئەرلەر ھەم ئاياللار، تىلەكداشلىقىنى بىلدۈرۈشۈپ چېكەلىرىگە قايچىنى بەلگە قىلىشىپ بىللە كېلىشىمەكتە، ۋەزىيەت مانا مۇشۇنداق.

ـ ئۇچراشقاندا سۆزلىشەرمىز، يېقىندا بېرىپ قالىمىز، ئەڭ مۇھىمى بورك ئەپەندى، ئەسۋاب ـ ئاپپاراتلارنى ئورنىتىپ، فىلوفېي بىلەن مۇناسىۋەت تۇرۇپ، ئۇندىن كېيىنكىسىنى جىددىي ئويلىنىمىز.

240 ـ كۈتىمەن، ئەنتونى، ئۆينىڭ يېنىدىن قانداقتۇر بىر ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى، جېسسى ماشىنا ئۆيىمىزنى ئېتىۋەتكىلى كەتتى، دەرىزىدىن كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن، كىمدۇر بىراۋلار سۇ ئۇزۇش كۆلچىكىمىزگە تاش ئىرغىتىپ، زوراۋانلىقنى قىلىۋاتىدۇ، ساقچىلار ھازىرلا كېلىشكە تېگىشلىك ئىدى، كۈتۈۋاتىمەن، يەنە بار، ئەنتونى، كەچۈرۈڭ، فىلوفېي بىلەن ئالاقىنى تاملاشقا قانچىلىك ۋاقىت كېتىدۇ؟

ـ 240باللار ئېيتىشىۋاتىدۇ، بىر سائەت چامىسىدا، بەلكىم بىر ئاز ئۇزاقراقتۇر، ئىش كۆرگۈزىدۇ، شۇنداقتىمۇ سىز، مۇنداقچە ئېيتقاندا فىلوفېي بىلەن يۈزمۇ يۈز سۆزلىشىسىز، ماڭا خەۋەر قىلىشتى، ئۇ فاكس بويىچە ماقالىڭىزنىڭ تېكىستىنى ئېلىپتۇ، ئىستراتېگىيە ۋە تاكتىكا، ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىنى قانداق ئۆتكۈزۈش ھەققىدە سۆزلىشىۋېلىش كېرەك، كەلگەندە يەنە سۆزلىشىمىز، بىز ئاندىن كېيىن بارىمىز، كۈتۈڭ!

كوچىدا چۇقان ـ سۈرەن ئەۋج ئالدى، ماشىنىدىن چىققانلارنىڭ ھەم تاللا

بازاردىن بۇياققا پىيادە كېلىۋاتقانلارنىڭمۇ يامراتقانلىقىمۇ دەرىزىدىن كۆرۈنۈپ تۇردى، يىغىلغانلار قورۇقنىڭ سىرتىدىكى باغلارنىڭ تۈۋىدە بىر نەرسە ھەققىدە قىزىق سۆزلىشىپ بوياقلار بىلەن بويالغان پلاكاتلارنى ھەم چاقىرىقلارنى تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك قارماپ تۇرۇشتى، ھەممىسىنىڭ دەيدىغىنى بىر، ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق قورقۇتۇپ ئۈركۈتتى، «بورك ساڭا ساۋاب يوق!»، «يالغان ئىلمنى ياراتقان شەيتاننى ياتقان يېرىدە جايلايمىز!»، «پروفېسسورنىڭ چېكىسىگە كاسساندرا تامغىسىنى بېسىش كېرەك!»، «ئىنسانىي ھوقۇقنى دەپسەندە قىلغان ئادەم ئۆزى دەپسەندە بولىدۇ!»، « ئىلىمنىڭ تېرورزىمچىسىغا چىداشقا سەۋر قىلمايمىز!»، «بورك ـ شەيتاننىڭ شاپىلىقى!»، «فىلوفېي بىلەن بوركنى بىر تۈۋرۈككە باغلايمىز!» يەنە باشقا، باشقىلار. . . .

دىققىتى بىر يەردە بولمىغان بورك ئويغىنىۋەردى بۇلار كىملەر، بۇ كىشىلەر؟ نېمە ئۈچۈن، نېمە سەۋەبتىن بۇلار بۇ يەرگە يوپۇرۇلۇپ كىرىپ كېلىشتى؟ بۇرۇن بىلىشمىسە، كۆرۈشمىسە بىر ـ بىرىنىڭ بۇ دۇنيادا بار ـ يوق ئىكەنلىكىدىن خەۋەرلىرى بولمىسا، ئەمدى مۇنداق قىلىپ مەزگىل پەيتى كېلىپ ئۇچرىشىۋاتىدۇ، ئەمدى ئۇلار قانداقتۇر بىر ۋەقە بولۇشىنى كۆتۈرۈشۈپ، كوچىدا چۇقان ـ سۈرەن قىلىشىپ، قارا، ئاق، ئەرلەر، ئاياللار، ياشلار ھەم قېرىلار، بەزىلىرىدە ياڭراتقۇلار، بەزىلىرىدە فوتو ئاپپارات ۋە تېلېكامىرالار بار، كۆپچىلىكى قولفونلۇق، ئۇلار ئالىلىقانداق بىر كىشىلەر بىلەن قىزغىن سۆزلەشمەكتە، بۇ كۈچلەر بورك بۇرۇن ماي بوياق ياكى باشقا سىزما رەسىملەرنىڭ تاختاي ـ رەختلىرىدە، تىياتىرخانىلارنىڭ سەھنىلىرىدە ھەم كىنو سيۇژىتلاردا تەسۋىرلەنگەنلەرنى كۆرۈپ، تارىخىي ئىزدىنىشلاردىن، نەزەرىيىۋى ماقالىلاردىن ئوقۇپ يۈرۈپ، ئۇنىڭ مۇئەللىپلىرى قەھرىلەنگەن كىشىلەر توپىنى سۈرەتلەپ يېزىپ، ئۇنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرىنى مۆلچەرلەپ

بولغۇسىزلىقىنى، سەۋەبى نېمىدە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشتە ھەرىكەت قىلغان ھېلىقى كۈچلەر دەل شۇلار ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش شۇنچىلىك تاڭ قالارلىق خىيالغا كەلمەس ئىش ئىدى.

ئەمدى مانا، بايىقى قەھرىلەنگەن توپ بولۇپ شەكىللەنگەن بىرنېمىلەر بۇ يەردە تۇرۇشىدۇ، ئۇلار ئۆينى ئايلاندۇرۇپ توسۇۋالغان توسمىغا تەرەپكە قادىلىپ قاراپ تۇرۇشماقتا، دەرىزىدىن ئۆڭ - چىرايلىرى كۆرۈنۈپ تۇرۇشماقتا. بۇلار نېمىلەرنى خالايدىكىن؟ خالايدىغانلىرى نېمە بولۇشى كۈتۈپ تۇرۇشماقتا، ئۇلارنىڭ قوللىرى كۆزگە كۆرۈنمەس مەشئەل يېقىش كېچىسىنىڭ كۈچ ئۇلاپ يۈتكۈزۈش ئوتىنى يېقىشتا. ئۇلارنىڭ پۈتلىرى رىم قوزغىلاڭلىرىنىڭ قانغا بويالغان تاشلىرىغا ئۇرۇنماقتا، ئۈستى تەرەپلەردە ئوغىسىنى تۆكۈشكە ھەرىكەت قىلغان بۇلدۇقلاپ قاينىغان ياۋايى ھەرىلەرنىڭ ئۈنى ئاڭلانماقتا. بۇ ئۇلارنىڭ گۇناھىمۇ ياكى باشلىرىغا چۈشكەن قارا ئاپەتمۇ ياكى قانداقتۇر بىر زۇلۇم قارا كۈچ ئۇلارنى جازالاش ئۈچۈن بۇ يەرگە ھەيدەپ كەلدىمۇ؟ نېمە قىلىش كېرەك؟ تۈنۈگۈن يېقىندىلا ھېسابلاپ كۆرسە ئۆزى بىلەن كەتكەن داھىيلارنى كۆرگەندە شادلانغانلىقلىرىنى ھەم بېرىلگەنلىكلىرىنى بىلدۈرۈپ مەيدانلاردا يۈز مىڭلىغان ھەلقۇملاردىن چىققان ئاۋاز بىلەن يەر - سۇنى بۇزۇپ لەرزىگە كەلتۈرۈشكەن ئۇلارنىڭ قولىنىڭ شىلتىلىشى بىلەن غەربكىمۇ، شەرققىمۇ، شىمالغىمۇ، جەنۇبقىمۇ تېزدىن قان كېچىپ تالاپ، قاۋاپ يۈرگەن ئىتتەك يۈلقۇنۇپ ئېتىلغانلارغا نېمە دەرسەنكىن تاڭ، تۈنۈگۈن، يېقىندىلا ئىشتىنىغا سىيىۋەتكۈدەك دەرىجىدە ياخشى كۆرگەن ئادىمىنى كۆزنىڭ قىيىقى بىلەن بولسىمۇ بىر قارىۋېلىش ھەم شۇ زامات ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ دۇنياغا ئاتلىنىۋېرىش ئۈچۈن ئېيتىلغانلارنىڭ، دارغا ئېسىلغانلارنىڭ، قىتئەسىنىڭ ئۈستىدىن قارا قۇيۇن بولۇپ ئۈچۈپ كېتىش ئۈچۈن ستالىنىنىڭ تاۋۇتى ئالدىدا

بىر ـ بىرىنى دەسسەپ ـ چەيلەشىپ ئۆلتۈرۈشكەنلەرگە نېمە ئېيتماقچى سەن، كېچىلا تۈنۈگۈنكى تېھراننى ئوڭتەي ـ توڭتەي قىلىپ، يەر ـ سۈنى بۇزغان چۇقان ـ سۈرەن بىلەن تاش بارانغا قېلىپ ئۆلۈمدىن قاچقان ئىراننىڭ داھىيسى ئۇچۇپ چىقىپ كېلىۋاتقان ئايروپىلاننى ئاز يەردىن ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇش ـ قونۇش جاھازىلىرىدىن قارماپ بۇزۇپ ئالغانلارغا نېمىلەرمۇ دېيەلەيدىغانسەن؟ ئەقلىدىن ئاداشقان، قەھرىلەنگەن كىشىلەر توپى ئۇچۇش مەيدانىدا، دالىلىرىدا يەنە دالالارغا يۈگۈردى، ئاسماندا بارغانسېرى ئېگىزلەپ كېتىۋاتقان ئايروپىلاننىڭ ئوتى ئۆچۈپ يېنىپ كېتىۋاتاتتى، ئادەملەرنىڭ يۈلۈشقا مادارى يەتمىگەن يۇلتۇزلار ئاسماندا جىمىرلاپ تۇرۇشتى، ئۆكۈنچى ئىچىدە قالغان ھېلىقىلار كۆيۈپ پىشىپ، يەرنى تېپچەكلەپ ھېلىقى ئايروپىلاننى تېزدىن قايتا قوندۇرۇپ بېرىشنى ئاللادىن يېلىنىپ، سورىنىپ تۇرۇشتى، ئەمدى شۇ قەھرىلەنگەن توپ بۇ يەردە، ئۇنىڭ ئۆينىڭ ئالدىدا يېگى بىر ئىش چىقىرىشنى، بىرەر ۋەقە بولۇشنى كۈتۈپ تۇرماقتا.

ئۇ دەرىزىدىن قاراپ تۇردى، يېنىدا جېسسى ئۇلارنىڭ پاراڭلىرى نېمە ئۇچۇندۇر ھاۋاسىز بوشلۇقتا لەيلەپ يۈرگەندەك بىلىندى.

ـ 243قارىمامسەن، روبېرت بۇلارنىڭ راستىنلا ئەلپازى يامان.

243 ـ بۇنىڭدىنمۇ يامان بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

ـ ئويۇمچە، ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىشىم كېرەك، بېرىش كېرەك.

ـ 243بۇ نېمە دېگىنىڭ، روبېرت، كاللاڭ جايىدىمۇ؟

ـ 243كاللام جايىدا، مېنى ئۇلار مۆكۈۋالدى دەپ چۈشىنىشمىسۇن، قوزغىلاڭ ئىرسىي چېكىنىشنى توختىتىپ قويمىسۇن، ئەكسىچە، زورلۇق قايتا قىيامەت قايىمىنىڭ بولۇشىنى تېزلىتەرىنى چۈشىنىشسۇن دەۋاتىمەن، كاسساندرا تامغىسى بولسا بىرگە تاشلانغان تەقدىرىنىڭ قارا تېشى

ئىكەنلىكىنى ئېيتقۇم كېلىدۇ، ئۇلارغا كاسساندرا ھامىلىلىرى بىلدۈرگەن ھەر بىر بەلگە ھەممىمىزگە تەئەللۇق، ئەگەر بىز شۇنى چۈشەنسەك، ئامال تېپىلىدۇ، ئۈمىد پەيدا بولىدۇ. ئالدىدا نېمە بارلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئارقىغا بۇرۇلۇپ قاراش كېرەك.

ـ 244ئەھمىيىتى يوق، بىراق كىشىلەردىن بۇرۇن ئويلانغىن، روبېرت بورك، سەن بۇنى كىمگە ئېيتىپ چۈشەندۈرۈۋاتىسەن، بۇ ئۇنىۋېرسىتېتتىكى لېكسىيە ئەمەس، گېپىڭنى كىم ئاڭلايدۇ؟ بۇ يەرگە سۆزۈڭنى ئاڭلىغىلى كەلگىنى يوق!

244ـ باشقا چارەم يوق.

ـ بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ ئۆزۈڭ ئېيتمىدىڭمۇ ھازىر ئەنتونى كائىنات بىلەن مۇناسىۋەت قىلىدۇ، فىلوفېي بىلەن كۆرۈشىسەن، ئۇندىن كېيىن ئىككىڭلار ھەممىنى سۆزلىشىسىلەر، كېچىدە بولسا فىلوفېي ئىككىڭلار ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزسەڭلارمۇ قىيىن مەسىلە توغرۇلۇق ئۆز كۆز قارىشىڭلارنى ئوتتۇرىغا سالىسىلەر، ئاندىن كېيىن كىشىلەر ئاخىرى سىلەرنىڭ ئۇلارغا يامانلىق قىلمىغانلىقىڭلارنى چۈشىنىدۇ دەپ ئويلايمەن.

ـ ئېيتقىنىڭنى ئاڭلاۋاتقاندا دېگەنلىرىڭ ماڭا توغرا سېزىلىدۇ، جېسسى، بىراق گېپىڭنى ئاڭلاۋاتقان ۋاقىتتىلا، چۈنكى ھېلىقى تۇرغانلار ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىنى كۈتۈشمەيدۇ، بۇلار بۈگۈن دەررۇ چىقىرىلىشى كېرەك، بۇلارنىڭ قوللىرى قىچىشىپ ئاران تۇرۇشماقتا، ئۆزۈڭ قاراپ باققىن، كۆردۈڭمۇ بىرىنىڭ ئارقىدىن بىرسى ئېقىپ كېلىۋاتىدۇ، كىشىلەر قانچىلىك كۆپەيگەنسېرى بۇلارنىڭ قېنى شۇنچىلىك قىزىپ بارىدۇ، ھېلى كەچ بولسا ئۆزۈم شەخسەن چىقىپ ئۇلار بىلەن ئوچۇق سۆزلىشىشىم كېرەك.

ـ 244چۆچۈپلا تۇرۇۋاتىمەن، روبېرت، ئۆزۈڭنى تەۋەككۇلغا سالمىساڭچۇ.

ـ 245تەۋەككۇلغا سالمىسام قانداق بولىدۇ؟ ئۇلارغا فىلوفېينىڭ باياناتى ھەققىدە ئويۇمنى ئېيتىمەن.

ـ 245سەن ئۇنى ماقالەڭدە ئېيمىدىڭمۇ؟

ـ 245ئۇ ئاز ياكى پۈتۈنلەي يوق بىر نېمە، ئاۋۇ كىشىلەر ماقالە ئوقۇشمايدۇ.

ـ 245روبېرت، قارىساڭ، ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقانلىرىنى، سۈرىتىڭنى كۆيدۈرۈشىۋاتىدۇ!

ـ سۈرىتىمنى؟ مەن كىم، سىياسىي رەھبەر، بىلمەمەن؟

ـ 245قارا، فوتو سۈرىتىڭنىڭ چوڭايتىلغان كۆچۈرۈلمىسى ئىكەن.

ـ 245نېمە دېمەكچىسەن؟ قەغەزنى كۆيدۈرۈپ قىلىۋاتقانلىرى ئۆكۈنەرلىك.

ـ 245ساقچى دېگەنلەر نەدە؟

ـ 245ساقچىلارنىڭ بۇ يەردە ھاجىتى بار؟ ساقچى كەلگەن، ئاۋۇ كىرىش ئېغىزىدا ئۈچى تۇرمامدۇ؟ سەن ئۇلارنى بايقىمىدىڭمۇ؟

245ـ بار بولغىنى ئۈچۈنمۇ؟ نېمە ئۈچۈن جىم تۇرىدۇ؟

ـ 245ئۇلار نېمە قىلسا بولاتتى؟كىمدۇر بىراۋنىڭ يەنە بىراۋنىڭ پورتېرتىنى كۆيدۈرگەننى ياخشى كۆرىدىغاندۇ، بولغىنى شۇ.

ـ 245مۇنداق ئەھۋالنى تېلېۋىزوردىن نەچچە رەت كۆرگەن ئىدىم، ئەمدى نەق ئۆزىنى كۆرۈۋاتىمەن، قاچاندۇر بىر قېتىمقى ھىندىستاندىكىدەك ۋەقەنىڭ ئۆزىلا ھاي، ئەنتونى كەلسە ئىكەن تېز، ئۇلار نېمىشقا ھازىرغىچە يوق، يا؟

ـ بىلمەيمەن، بۇنداق چاغدا سىياقلانغۇچىلارمۇ بار بولىدۇ، سەنمۇ بىلىسەن.

ـ ئىككەيلەن جىمىپ قېلىشتى، ئۆرە تۇرۇشىنمۇ، ئولتۇرۇشىنمۇ،

سۆزلەشنىمۇ، سۆزلىمەسلىكنىمۇ خالاشمىدى.

ـ ئاڭغىچە قەھرىلەنگەن كىشىلەر دۈپۈرلىشىپ، قوزغالدى ـ دە، كوماندا بېرىلگەندەك: «بورك جازالانسۇن! بورك جازالانسۇن!» دەپ بىرلا ئاۋاز بىلەن قىيقىراپ قېلىشتى.

غەزەپ ـ نەپرەتلىك قىقاس ـ چۇقان ئەۋج ئالدى، چىداش قىيىن بولۇشقا باشلىدى، ھېلىقى غەزەپلىك كىشىلەر روبېرت بوركنىڭ چىقىپ كېلىشىنى تەلەپ قىلدى، نەدىن كەلگىنى نامەلۇم چېكىلىرى بويالغان ئاياللار پەيدا بولدى، ئۇلار «مۇنبەر» گېزىتىنىڭ يېڭى سانىنى پۇلاڭلىتىشىپ چۇقان بىلەن كىرىپ كېلىشتى، «بورك خائىن»، باشقا بىر توپتىكىلەر «ئوردوكنىڭ سۆزى ھەق! ئوردوكنىڭ سۆزى ھەق!» دەپ ۋاقىراشتى.

ۋەزىيەت قىيىنلاشتى، قەھرىلەنگەن كىشىلەر پېتىراشقا باشلىدى، ساقچىلار ياردەم بېرىشەلمىدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرسى توپنىڭ ئارىسىدىن زورىغا سۇغۇرۇلۇپ چىقتى ـ دە، ماشىنىدىن قانداقتۇر بىر يەرگە تېلېفون بېرىشكە باشلىدى، ئۇنىڭ تۇرقىدىن ياردەم سوراۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى.

قەھرىلەنگەن ئەسەبىيلەشكەن شايكىلار يولنى سەلدەك قاپلاپ ئۆينى كۆزلەپ ماڭدى، كۆپچىلىكنىڭ قىسىمىدىن ئۇرۇندۇقلار پارە ـ پارە قىلىنىپ ئورمانغا پۇركەنگەن يولدىكى چىراغلار يەرگە غۇلاپ چۈشتى، كانايلىرى يىرتىلغۇدەك قىيقىرىشىپ ئادەم چىدىغۇسىز، چۇقان ـ سۈرەن كۆتۈرۈلدى، ئېرىنىڭ چاپان كىيىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ جېسسى قورقۇپ، چۆچۈپ كەتتى.

ـ 246نەگە بارىسەن؟ سىرتقا چىقما!

246بورك جېسسىنى نېرى ئىتتىردى، شۇ دەقىقىدىن باشلاپ ئۇنىڭ دەررۇ قاراڭغۇلىشىشقا باشلىغان كۆزلىرىدە دۇنيا ئۇنىڭ بۇرۇنقى قوبۇل

قىلىشىنىڭ چېكىدىن قانداقتۇر باشقا ياققا ئېغىپ كەتتى، ئىككەيلەننىڭ كۆز نۇرلىرى ئۇچراشتى، ۋۇجۇدى خۇش كەيپ تۇردى، يايرىدى بىراق نەدىكى بىر يىراق تەرەپتە يۇرگەن ھالەتتە ئىدى.

ـ مېنى تۇتما، تەقدىرىمگە يېزىلغاننى كۆرۈشۇم كېرەك،ـ دېدى، جېسىنىڭ چارىسىزلىقتىن چىرايى تاتىرىشقا باشلىدى.

ـ ئۆلۇمگە قاراپ كېتىۋاتىسەن!

ـ ئامال قانچە،ـ بورك مۇرىسىنى كۆتۇرۇپ قويدى، بەربىر بېرىشىم كېرەك.

ـ ئۇ نېمە ئۇچۇندۇر كىيىم ئىلغۇچتىن قالپىقىنى ئالدى ـ دە، سىرتقا كۇچلۇك قەدەم تاشلىدى، سىرتقا چىقتى، شۇ زامات ئۇنى ئىسسىق بىر سېزىم قاپلاپ، ئۇنى تاقەتسىز كۇتۇپ، تىرىكلا يېلىنجاپ تۇرغان كىشىلەر توپىنىڭ دولقۇنى ئۇردى، ئۇ كۆرۇنۇشى بىلەنلا بىراقلا پەيدا بولغان چۇقان ـ قىيقىرىقتىن ھاۋا تەۋرەندى، لوزۇنكىلار بىلەن پلاكاتلار دەررۇ شاراق ـ شۇرۇق قىلىپ ھەرىكەتكە كەلدى، ھەر بىر ئۆز پلاكاتلىرىنى بوركنىڭ كۆزىگە سانجىپ كۆرسىتىشكە تەييارلاندى، بورك ئالدىدا تۇرغانلارنىڭ ھەممىسىگە بىر باشتىن قاراپ لېكىن بىرەرسىنىڭمۇ چىرايىنى پەرق ئېتەلمەي ھېلىقى ئۆزىنىڭ شەخسەن ئۆزى كۆرۇشۇش نىيىتىدە كۇلۇمسىرەپ ئىشىكنىڭ ئالدىدا تۇردى، ئالدىن كېيىن قالپىقىنى شاپپىدە كىيدى ـ دە، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا ئادەتتىكى ھالىتىگە كەلدى، كەڭ پىشانە، يورۇق يۇز، سەل جۇدەڭگۇ، چوڭقۇر قوي كۆزلۇك ، ئېگىكى ھەم بوينى رۇس، مەھكەم، ئاق چاچ.

مەزمۇت قەددى ـ قامىتى بولدى ـ دە، شۇقالدى، ئۇ ھازىر يەنەبىر قېتىم فرانكفورتلۇق مۇخبىرلار ئېيتقاندەك بەھەيۋەت، ئېگىز تاغنىڭ ئۆزىلا بولدى.

بىر تىنىقتىن كېيىن ھودۇققىنىدىن گاڭگىرىغان ئاۋازى بىلەن بورك

بىر نەچچە ئېغىز سۆز قىلىشقا ئۈلگۈردى.

ـ 248كاسساندرا ھامىلىلىرى، ئۇمۇ سەۋەنلىكىمىز ھەم گۇناھىمىز، ئۇنىڭ ئالدىدا جاۋابكار بولۇشىمىز كېرەك!

بىر ئايال ئاڭا مۈشۈكتەك ئېتىلدى.

ـ 248سەن مانا ماۋۇنى كۆردۈڭمۇ؟ دەپ داغ چۈشكەن چېكىسىنى كۆرسەتتى.

248بۇ تامغىنى ماڭا ھېلىقى كائىناتتىكى شەيتان بېسىپ ئولتۇرىدۇ، مانا ئوقۇ! شەيتاننىڭ ناخشىسىنى، شەيتان بىللە ئوقۇشۇپ بېرىشىدۇ،ـ دېدى ـ دە، كېلەچەكشۇناسنى ئۇنىڭ ئۆز ماقالىسى بېسىلغان گېزىت بىلەن يۈزىگە شاقىلدىتىپ ئۇرۇشقا باشلىدى، گېزىت تىتىلىپ كەتتى، قالپاق بېشىدىن ئىرغىدى ـ دە، دەررۇ دەسسەپ چەيلەشلەردە قالدى، ئايال بولسا تېخىمۇ كۈچەپ قىيقىراۋەردى، بەلكىم ئۆيدە شۇنداق ۋارقىراپ، جارقىراپ كۆنگەن نەرسە بولسا كېرەك،

ـ بۇنىڭ يازمىكەشلىكىنى قارا، سېنى يازدۇرىمەن! ھېلىقى كائىناتقىچە يېتىمەن! ھېلىقى فىلوفېي دېگەن شەيتاننى مۇنداق قىلىپ ئۆلتۈرىمەن.

ـ 248ئۇر، ئۇنى، ئۇر!ـ دەپ ۋارقىراشتى، ئايالنىڭ زورۇقۇشى بىلەن قانلىرى قىزىشقان ئەتراپتىكىلەرـ بۇياققا تارت ئۇنى، بۇياققا سۆرە! ـ دەپ ۋارقىراشتى. ئارقىدا تۇرغانلار ئۇندىن كېيىن بوركنى كۆزلەپ مۇشتلىرىنى تۈگكەن پېتىچە جۆنەشتى. ئاڭا ئونلىغان قوللار ياماشتى، ئاندىن كېيىن روبېرت بورك ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پومىداقلىنىپ كەتتى، جېسسى تۇرتۇلۇپ قالدى، ئۇنىڭ يالۋۇرغىنىمۇ، كۆز ياشلىرىغىمۇ ھېچكىم پىسەنت قىلمىدى.

مانا مۇشۇنداق ياۋايى مەنزىرىنى سۈرەتكە ئېلىشقا ھەرىكەت قىلىشقان تېلېۋىزىيە خادىملىرىنىڭ تۇپىمۇ دۇمبالاندى، ئاپپاراتلىرىمۇ دەسسەپ پايمال

قىلىندى، قانداقتۇر بىر چارە قىلىشقا تەرەددۇتلانغان بىر نەچچە ساقچىلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ ئايلانمىدىكى پاتپاراقچىلىقتىن يامان ئەھۋالغا دۇچار بولدى، روبىرت بوركنى بولسا بىر ياقتا، نەدە ئىكەنلىكى نامەلۇم، بىراق بىر ياققا سۆرەپ بىرىشتى، ئۇنىڭ ھەلقۇمىدىن، چىچىدىن تارتىشىپ ئۇياق ـ بۇياققا سۆرەپ يۈزىنى تونۇغۇسىز قىلىپ قانغا بوياپ، ھەر بىرى ئۆز تەرىپىگە سۆرەپ كەتتى، قەھرىلەنگەن ھېلىقى كىشىلەر ئۆزىنى ئۆزى دەل شۇنىڭ ئۆزىدە ئەدەتكۈزدى، مانا شۇ قالايمىقانچىلىق يۈز بىرىپ ئەۋجىگە چىققاندا ھەددىدىن ئاشقان بىر توپ كىشى كېلەچەكشۇناسىنىڭ كەڭرى بېغىغا، شۇ ئۇزۇش كۆلچىكىنىڭ قېشىغا كېلىشتى، ئۇدۇل شۇ يەردە دۇنياۋى روھنىڭ مەخپىي تىلسىملىرىنى ئاچماقچى بولۇپ قۇمغا قانداقتۇر بىر تېپىشماقلىق تۈگۈنلەرنى سىزىپ چەگكەن ئەمەسمىدى؟ مانا دەل شۇ يەردە بولار ئىش بولدى، كىمدۇر بىرسى نەدىندۇر تاپقان تۆمۈر تاياق بىلەن بوركنى، چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ باشتىن ئاياغقىچە ئۇرۇۋەردى، بورك قاتتىق ۋارقىراپ سالدى ـ دە، ئىككى قولى بىلەن بېشىنى بېسىپ ھۇشىدىن كەتتى، ئۇنىڭ قانغا بويىلىپ تاياق يەپ ياتقىنىغا قارىماي يەنە بەزىلىرى ئۇنى تېپىۋاتاتتى.

ئاڭغىچە لۈكچەكلەر توپىدا قانداقتۇر بىر يېڭى ھەرىكەت پەيدا بولدى، قانداقتۇر بىر كۈچلۈك ئادەملەر بوركنى كۆزلەپ ئۇمتۇلۇشۇپ يولدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى تۈشمۇ ـ تۈشتىن ئىرغىتىپ تۈرتۈپ كېلىۋاتاتتى، بۇ كائىنات بىلەن مۇناسىۋەتلەشمەكچى بولۇشقان ئەنتونى يۈنگېر ۋە ئۇنىڭ يولداشلىرى ئىدى، ئۇلارنىڭ ئارىلىشىشىنىڭ ئەمدى بۇ يەردە قىلچىمۇ كېرىكى يوق بولغان ئىدى. ئۇلار ئۆلگۈچە تېپىلىك يەپ ياتقان بورك تەرەپكە تېزلا يېتىپ كېلىشتى.

ـ 249بۇ نېمە قىلغىنىڭلار؟ بۇ كىمنىڭ قولىدىن كەلگەن ئىش،ـ ئەنتونى يۈنگېر قولىغا تەگكەنلىكى ئادەمنىڭ ھەممىسىنى ـ ھەممىڭلار

جىنايەتچى ئىكەنسىلەر، ئادەم ئۆلتۈرگۈچىلەر، قانخورلار! ـ دېدى

كۆكتىن ساقچىنىڭ تىك ئۇچارى تۆۋەنلەۋاتاتتى، تىك ئۇچارنىڭ قۇلاقنى پاك قىلغۇدەك ئاۋازى يەردىكى قىيقىرىقنى ئاڭلاتقۇزمىدى، قاتتىق شامال كۆتۈرۈلدى، بۇ ئاۋازسىز فىلىمدىكى مەنزىرىنى ئەسلىتەتتى، ئۇن چىقماستىن ھەيۋەتلىك بىر توپ تىك ئۇچار قوندى، ئۇندىن كېيىن كالتەكلەرنى تۇتۇشۇپ ساقچىلار سەكرەپ چۈشۈشكە باشلىدى، ھېلىقى غەزەپلەنگەن كىشىلەر شۇندىلا ھەرىكەتلىرىنى يىغىشىپ ھەر تەرەپكە چاچراپ قېچىشۋەردى، كۆپچىلىكى تاللا بازار تەرەپكە، ماشىنىلىرىغا بەدەر قېچىپ كېتىشتى، خېلى بىر قىسمىلىرى ھاپىلا ـ شاپىلا ماشىنىلىرىنى بۇرىشىپ بىردەمدىلا كۆزدىن غايىپ بولۇشتى، بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن ئىنسى ـ جىن قالمىدى.

ئەنتونى يۇنگېر ئىككى ياردەمچىسى بىلەن روبېرت بوركىنىڭ يەنچىلگەن تېنىنى كۆتۈرۈپ، يەنە بىرى ھۇشىدىن كېتىپ مۇدۇرۇپ چايقىلىپ كېلىۋاتقان جېسسىنى قولتۇقىدىن يۆلەپ كېلىۋاتاتتى.

ئۇلارنىڭ ھەممىسى ساقچىلار بىلەن بىرگە تىك ئۇچارغا چىقىشتى، ئۇندىن كېيىن يۇنگېرنىڭ ياردەمچىلىرى قايتىدىن يەرگە چۈشۈپ كائىنات بىلەن مۇناسىۋەت قىلىش ئاپپاراتلىرى بىلەن جابدۇلغان ئۆز ماشىنىلىرىدا ئولتۇرۇشتى. تىك ئۇچار ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى، تىك ئۇچار ئۆيدىن تىك يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈپ چىقتى، ئەتراپ جىمجىت بولۇشقا باشلىدى.

شۇ ئەتراپتا ھېچقانداق بىر جاندار قالمىغان. ئىشىك ـ دەرىزە، پەنجىرىلەر پاچاقلانغان. ئورۇندۇقلار ھەر تەرەپكە ئىرغىتىلغان. چىراغلىق تۈۋرۈكلەر بۇزۇلغان. قومۇرۇلۇپ تاشلانغان ھەم ئېلىشمان ئادەملەرتەرىپىدىن كېلەچەكشۇناسنىڭ كەڭرى بېغى پېتىقلىنىپ مالىماتاڭ قىلىنغان. ئۆينىڭ ئەتراپىدا قىمىر قىلىدىغان جاندار، چارپايەلەرمۇ يوق، پەقەت قالغىنى تاش

تالقان بولغان كەڭرى تالا ئىدى.

بىر مىنۇتتىن كېيىن تىك ئۇچار ئايروپىلان گولف توپ مەيدانلىرىنىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈشكە باشلىدى. روبېرت بورك قاچاندۇر بىر چاغدا شۇ يەرگە بېرىپ تۇرۇشنى ياقتۇراتتى. تۇنۇگۈن يېقىندىلا شۇ غۇۋا مۆلدەرلەپ تۇرغان يېشىل ساسلىق چۈشىگە كىرىپ، مەرھۇم دوستى ماكس فرايد ئۇنى چۈشىدە گولف توپ مەيدانلىرىغا چاقىرغان ئىدى.

تىك ئۇچار ئايروپىلان دوختۇرخانىسىغا قاراپ ئۇچتى.

ئەنتونى روبېرت بوركنىڭ ئۈستىگە ئېڭىشتى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇچىسىدىكى كۆڭلىكىنى يېشىپ ئېلىپ بېشىنى تاڭدى. بۇ قان توختىتىشنىڭ چارىلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ روبېرت بوركنىڭ كۆڭلەك بىلەن ئورالغان بېشىنى تىزىغا قويۇپ تىرىكلىكىنىڭ نىشانى بارمۇ ـ يوقمۇ؟ دەپ سەپ سېلىشقا ھەركەتلەندى، بىرەر مۆجىزە پەيدا بولۇشقا ئۈمىدلەندى، قايسى بىر كۆز چىمچىقىدا كېلەچەكشۇناسنىڭ ئۆڭ ـ سۆلىگە جان كىرگەندەك قىلىپ كۆزىنىڭ قاپاقلىرى بىلىنەر ـ بىلىنمەس مىدىرلىدى، يۇنگېر بۇنى بايقاپ قالدى. ئىككەيلەننىڭ كۆزلىرى ئۇچرىشىپ قالدى. بورك يۇنگېرنى بەلكىم تونىدى. ئۇلار ئۆز ئۆمۈرلىرىدە تۇنجى رەت يۈز كۆرۈشتى ھە شۇ زاماتلا خوشلاشتى. بىردىنلا، مەڭگۈلۈك، روبېرت بوركنىڭ بېشى شىلىق قىلىپلا چۈشتى.

يۇنگېر ھۆكرەپ يىغلاپ تاشلىدى. جېسسى جانسىز ياتقان ئېرىغا نېمە ئىش بولغانلىقىنى چۈشەنمەي گاڭگىراپلا قارىدى. ساقچىلار باشلىرىنى ئۇنسىز چايقىشىپ قايغۇرغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى. تىك ئۇچار دوختۇرخانا ئۈستىدىن تۆۋەنلەشكە باشلىدى. بىراق كەچ بولۇپ قالغان ئىدى.

251 251 251شۇ چاغدا ئوكياندا قاتتىق دولقۇن باشلاندى،

مېتېروئولوگىيە خىزمەتچىلىرى كومپيۇتېرلىق قانالىلار بويىچە ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ جىيىكىدىكى قاتتىق دولقۇن ھەققىدە خەۋەرنى تېزلا تاراتتى. ئاتلانتىك ئوكيان بوشلۇقى ئۈستىدىن ئۇچۇۋاتقان ئايروپىلانلار قاتتىق سىلكىندى، ئايروپىلاننىڭ رەھبەرلىرى يولۇچىلارنىڭ بەلۋاغلىرىنى چىڭ باغلىشىنى، ئورۇنلىرىدىن تۇرماسلىقىنى سورىنىپ ئۇچۇشنىڭ مۇرەككەپلىكى ھەققىدە يەردىكى خىزمەتچىلەرگە رادار بىلەن خەۋەر قىلىشىۋاتاتتى، ئايروپىلان مۇلازىملىرى كۆلۈمسىرەش بىلەن يولۇچىلارغا مۇئامىلە قىلىشقا باشلىغىنى بىلەن پايدىسى بولمىدى. ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ قەھرى ئېشىپ باردى.

كىتلار ئالەمنىڭ رادارلىرىغا ئوخشاش، ئادەتتىكىدەك ئۆزلىرىنىڭ سەزگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى ۋۇجۇدىغا تۈيغىنىنىڭ ھەممىسىنى، ئالەم سادالىرىنى ئۆزلىرىگە سىڭدۈرۈۋاتاتتى. شۇنداق قىلىپ، كىتلار تۈرنىدەك سەپ تارتىپ ئوكياننى شىنە قاقاقاندەك يېرىپ ئۈزۈپ كېتىشىۋاتاتتى. ئوكيان ئۇلارنىڭ بۇ تەرتىپىنى بۇزۇشقا، قايتىدىن ئارقىغا بۇراشقا ھەرىكەتلەندى. بىراق، ئۇلار تاغدەك دولقۇنغا بەزىدە كۆمۈلۈپ قېلىشىپ بەزىدە قايتىدىن لەيلەپ چىقىپ ئۇندىن كېيىن قايتا كۆمۈلۈپ، جىمىكى كۈچ - قۇۋۋىتى بىلەن ئۈزۈپ كېتىۋېرىشتى.

ئۇلارغا بۇنچىلىك مەدەت بېرىپ، مۇنداق ئەگىشىپ بېرىۋاتقان كۈچ قايسى؟ ئۇلار نېمە ئۈچۈن يەنە قەيەرگە ئۈزۈپ كېتىشىۋاتىدۇ؟

موسكۋا. قىزىل مەيداندا كېچىنىڭ بىر گۇگۇم ۋاقتى. ھۇقۇش ئۇچۇپ چىقىدىغان مەھەل كېلىۋاتىدۇ، ھۇقۇش ھازىر سپاسكىي مۇنارىسىنىڭ سائىتىنىڭ ئالدىدا مۈگدەپ ئولتۇرىدۇ، تۆۋەنگە ئۇچۇپ چۈشىدىغان پۇرسەتنى كۈتمەكتە. بۈگۈن غەيرىي بىر خەۋپلىك دۇنيادا بىر ماجرا بار. ھۇقۇش ئۇنى

سەزمەكتە،... بىر ماجرا بار.

ئالدىراش ئىلان قىلىنغان «كائىنات ـ يەر» دېگەن ئاخبارات ئىلان قىلىش يىغىنى شۇ كۈنى بەلگىلەنگەن سائەتتە بولدى ھەم بارلىق ئاساسلىق قانالللاردىن بېرىلدى.

بىراق، ئاڭغىچىلىك تېلېۋىزىيە شىركەتلىرى «ئەفىر ئالدىدىكى بوران ـ چاپقۇن»غا قاۋىلىپ قېلىشتى. كېلەچەكشۇناس روبېرت بوركىنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدە خەۋەر ئاڭلانغان زامات دۇنيانىڭ يەنە بىر تەرىپىدىن تېلېفونلار تېنىمسىز جىرىڭلاپ كېلىپ سوراپچىلاش كۆچەيدى. ئايرىم ئەزەلدىن بولۇپ كۆرۈنمىگەندەك مۇنداق ئاخبارات ئىلان قىلىش يىغىنى ئۈچۈن تېلېۋىزىيىلىك تارقىتىشنى پىلانلاشتۇرۇپ قويۇشقان ھەر قايسى مەملىكەتلەرنىڭ،ھەرقايسى تىلدىكى تېلېۋىزىيە شىركەتلىرىدىن كۆپ تېلېفون كېلىشتى. بۇ تراگېدىيىنىڭ نەتىجىسى نېمە بولىدۇ؟ فىلوفېي بىلەن تېلېۋىزىيە مۇناسىۋىتى قىلىشقا مۇمكىنلىك بولارمۇ؟ ئۇنىڭ بىلەن كىم سۆھبەت قىلىدۇ؟ ئەمدى دەپ بېقىڭلارچۇ ئاخبارات ئىلان قىلىش يىغىنى بولۇشنى كۈتۈش كېرەكمۇ ياكى كېرەك ئەمەسمۇ؟ دېيىشىپ ھەممەيلەننىڭ تېزدىن بىلگۈسى كەلدى.

يەر بولسا ئادەتلەنگەن ئايلىنىپ چۆرگىلەش قېلىپىدىن ئازماي ئۆز ئوقىدا ئايلىنىۋەردى. مۆلچەردىكى ۋاقىت سائىتى يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى. ھەممەيلەن تاقەتسىزلىنىپ كۈتۈپ تۇرۇشتى.

بىر چاغلاردا تېلېۋىزورنىڭ ئېكرانىدىن كۆپچىلىكنى كۈتتۈرگەن يېزىقلار كۆرۈندى. ئارقىدىن دىكتور ئايال چىقىپ روبېرت بوركىنىڭ ئۆلۈمىگە دۇنيادا بولۇۋاتقان ئىنكاس ھەققىدە ھەم شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئاممىۋى مەلۇمات دېتاللىرىنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرى ھەققىدە كۆرۈمەنلەرگە بىلدۈرۈپ قويۇشى

تېلېۋىزىيىلىك كۆرستىشلەرنىڭ ۋەزىپىسى دەپ ھېسابلانغانلارنى ئېلان قىلدى.

چۈشەندۈرۈشلەرنىڭ بەكمۇ بىر تەرەپلىمە بولغانلىقىنى ئېيتماي كېتىشكە بولمايدۇ. ئۇلار بايىقى ئېيتىلىپ يۈرگەنگە ھەمقايغۇ بولۇش، كۆڭۈل ئېيتىشىش... قاتارلىق ئومۇمىي سۆزلەردىن باشلاندى. ئاندىن كېيىن دىكتور ئايال ئۆز كۆز قارىشىدىن بايقىلىپ تۇرغان قىممەتلىك تەبەسسۇمىنى ئاران يوشۇرۇپ رەسىملىك چۈشەندۈرۈشنى ، فىلوفېي كاسساندرا تۆرەلمىلىرى ھەققىدىكى ئاقلىغۇچىنى، دىكتور ئايالنىڭ ئېيتىشىدا، روبېرت بوركىنىڭ «لىنچ سوتى»غا دۇچار بولغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان سوراپ ئېنىقلاشنىڭ نەتىجىسىنى ئالدىراپ تىنەپ كۆرسەتتى. «نەتىجىسى ناچار ھەم مۇشۇ ۋاقىتتىلا ھەيران قالارلىق، ئۆزۈڭلار كۆرۈڭلارچۇ، ھۆرمەتلىك كۆرۈرمەنلەر!» دېگەن بىر - بىردىن دانىمۇ - دانە ،ئايرىلىپ تۇرسۇن ئۈچۈن تۇرلۇك رەڭگە بويالغان كىچىك مومىلارغا ئوخشاش رەڭلىك جەدۋەللەردىن كۆرۈنۈپ تۇردى. سوئالغا جاۋاب بەرگەنلەرنىڭ 11 پىرسەنتى قەھرلىك ياۋايى توپنىڭ جىنايەتكارانە ئىشىنى ئەيىپلىشىپ ئۇ ۋەقەدىن جامائەتنىڭ ئەخلاقىي جەھەتتىن بۇزۇلۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈشكەن ئىكەن. ھەمدە جاۋاب بەرگۈچىلەرنىڭ قالغان، ئازراق بۆلىكى ۋەقەگە پۈتۈنلەي سەل قارىغانلىقىنى بىلدۈرۈشۈپتۇ.

ئۇندىن كېيىن تېلېۋىزىيە كۆرۈرمەنلىرىگە شۇ كۈنكى ئاممىنىڭ كوچىغا چىقىشلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تەھلىللىرىنى خۇلاسىلەپ كۆرستىشتى. ئۇ دۆلەتلەردىن، شەھەرلەردىن، رايونلاردىن يەنە ئادەم جەمئىيەت ھەم باشقا توپلارنىڭ شۇ ۋەقەگە قاتناشقانلارنىڭ ئۇزۇن تىزىملىكى ئىدى، بۇندىن بەتتەرى بولسا پۈتكۈل دۇنيا دېيەرلىك، خەلقنىڭ بارلىق قاتلاملىرى

ھېلىقىدەك ياكى بۇنداق شەكىلدە كائىنات كاھىنىنىڭ كاسساندرا دېگىنى تېپىش ئۈچۈن يەرگە تاپقۇر نۇرلارنى چېچىشقا قارشى نارازلىق تۇغدۇرغانلىقى ئېنىق بولۇپ تۇردى، مۇنداق بولغاندا كىشىلەرنىڭ ئوي ـ خىيالىدا، يۇرۇش ـ تۇرۇشلىرىدا مىللەتچىلىك ئامىللىرىنىڭ كۆپ تەسىر قىلغانلىقى كۆزگە چېلىقىدۇ.

بىراق ھەممىدىن يامىنى ھە پسىلەردە بولۇپتۇ، بەلكىم بۇ قاچاندۇر بىر چاغدىكى كاسساندرا تۆرەلمىسى تۇغۇلۇشقا مەجبۇر بولغان، ئەمدى مۇنداق قىلىپ يورۇن دۇنياغا يامان كۆرگەنلىكلىرىنىڭ يەرلىرىدە ۋايساپ يۈرگەن، ئۇندىن قالسا مۇنداق قىلىپ قوزغىلاڭ بىلەن پۈتكەن، چۈشىنىپ سەزمىگەن جاۋابىدۇر، ئۇنداق بولمىسا بۇنداق ئادەمنىڭ رايىنى ئۈچۈرىدىغان ئىشلارنى بۇ كۆزەتكۈچىلەر ھەم قوشۇمچە ياردەمگە كېلىشكەن ساقچىلار بىلەن بولغان جېدەل ـ ماجرانى نېمە دەپ چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ. ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىگە روبىرو چىقىشمىدىمۇ؟ بىر تەرەپنىڭ باشلىرىدا دۇبۇلغا، قوللىرىدا تاياق ھەم قالقان، ئىككىنچى تەرەپنىڭ قولىدا ھېچ نەرسىسى يوق، بىراق كۆكرەكلىرىدە ئۆچمەس ئۆچ، ئىزا. جاندىن كەچكەنلىكنىڭ قەھرى. ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى ۋە ھەر قايسى شەھەرلەردىكى گۇندىپايلار قوزغىلىڭنىڭ قانداق تاشقى سەۋەبى بولمىسۇن، بالا ـ قازانىڭ ھەممىسى قىلغان جىنايەتلىرى ئۈچۈن جازا مۆھلىتىنى ئۆتەۋاتقانلار تەرىپىدىن ناھايىتى يامان دەرىجىدە قوبۇل قىلىنغان ئاپەتلىك كاسساندرانىڭ بەلگىسىدە ئىدى.

شۇ كۈننىڭ ھەتتا خېلى ئېغىر جاڭجاللىرىنى مۇخبىر ـ ژۇرنالىستلار خەۋەر قىلىشتى، مىسالى، دېڭىزچىلار نارازىلىق بىلدۈرۈشۈپ دېڭىزغا چىقىشتىن باش تارتىشقان، قايسى بىر پورتتىن ئېنىقلانغان تەپسىلى خەۋەرشۇكى، ئىلگىرى تاشلاپ كەتكەن كەڭ ـ كۈشادە ئۆيلەرگە ئوخشاپ

قالغان ھالدا كىملەر جىيەكتە تۇرۇشماقتا.

ئۇندىن قالسا ھەممىسىنىڭ تىلىكى-كائىناتلىق چىقىمچى فىلوفىينى راكىتا بىلەن ئېتىپ چۇشۇرۇش! ئۇنىڭ ئوربىتىلىق ئىستانسىسى بولغان تاپقۇر نۇرلارنىڭ چەشمىسىنى يوق قىلىش.

سەييارىنىڭ ئۇدۇلمۇ ـ ئۇدۇل تەرىپىدىن ئېلىنغان شۇنىڭغا ئوخشىغان ۋەقەلەرگە تېلېۋىزىيىلىك كەسپىي ئوبزور قىلغاندىن كېيىنلا ئاخىرى ئېكراندىن ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى باشلىناي دەپ تۇرغان زال كۆرۈندى. زالدا ئەلنىڭ مىغ ـ مىغ ئىكەنلىكى دەررۇ كۆزگە كۆرۈندى. كىشىلەر تاملارغا يۆلىنىپ تۇرۇشتى. قىستاڭچىلىق يەردە ئولتۇرۇشتى. ئولتۇرغانلارنىڭ كۆزى سەھنىدە ئوربىتىدىن فىلوفىي كۆرۈنۈپ تۇرغان چەكسىز نۇقسانسىز لايىقلاشتۇرۇلۇپ ياسالغان چوڭ ئېكراندا بولدى.ئۇ زالنىڭ يان تەرىپىگە كەلتۈرۈلۈپ، سەھنىنىڭ يان باغرىغا قويۇلغان ئىدى، سەھنىدىكى شىرەنىڭ يېنىدا ئىككەيلەن: ئەنتونى يۇنگېر بىلەن تېلېۋىزىيە ئۇچۇرلىرىنى سىنغا ئالغۇچى كەڭرى يەلكىلىك ئۇئولتىر شىرمەت ئولتۇرۇشتى. ھەر بىرىنىڭ ئالدىدا مىكروفونلارنىڭ تۇگۇنچىكى. زالدىكىلەرنىڭ ھە مىمىسى قاتتىق دولقۇنلىنىپ تۇرۇشقان، ئولتۇرغانلارنىڭ ئۆڭۈپ، تاتارغان يۈزلىرىدىن خەۋپسىرەش، مۆلدۈرلەپ تۇرۇۋاتقان كۆزلىرىدىن، سوزۇلغان بويۇنلىرىدىن بايقىلىدۇ، جاللاتنىڭ ئۆزىنى دەل يالتايماي تارتىپ ئېلىشقا ئۈلگۈرۈشكەن ئۇستا فوتوگرافلارنىڭ ئاپپاراتلىرىنى قارماپ تۇتۇشقان قوللىرى بىلىنەر ـ بىلىنمەس تىترەپ ئالدىدا شارىلداپ ئاققان سۇدىن كېچىشتىن قورقۇپ، جىيەكتە توپلىشىۋالغان ئۆچكىلەردەك بولۇپ تۇرۇشماقتا.ئادەتتە سۆزلەپ كۆنگەن ئادىتىگە قاشقا باش، ئۇ ئولىۋېر شىرمەتنىڭ كەسپىي ئادىتىنى ئىشقا سېلىپ ھىجىيىشى، سىلىق- سىپايىلىكى، تەخسىكەشلىكى ئانچە

ياربشىپ كەتمىدى، ئۇنىڭ نۇقسانسىز ياسانغىنى، گاڭگۇڭ، باتۇرلۇقى بۇ قېتىم غەيرىي كۆرۈندى، ۋەزىيەتكە لايىق كەلمىدى، ئەنتونى يۈنگېر تەتۈرىچە ،ناھايىتى خىيالچان ئولتۇردى، ئۇنىڭ قايغۇدىن ھەسرەتلىنىپ ئولتۇرغىنى بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى يوق بولغاندەك ۋە ئايىماي تىرىشىش بىلەنلا ھەممە ئەركىنى يىغىپ چىداپ ئولتۇردى. چۈنكى، مىليۇنلىغان كۆرۈرمەنلەر ئالدىدا كائىنات كاھىنى فىلوفېي بىلەن سۆھبەت قۇرۇشقا قاتنىششى ھەمدە ئۇۋەقەنىڭ ئورنىغا روبېرت بوركىنى ئالماشتۇرۇشى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ كۈنى كېچىدە دۈبلىنىدىن رەپىقىسى كەتتى، ئەتىسى ئىككەيلەن ئۇچۇپ كېلىشمەكچى. ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى سەۋەبىدىن ئۇلارنى ئايروپورتتىن كۈتۈۋېلىشقا ئۆلگۈرمەي كۆڭلى يېرىم، ياڭاق گۆشلىرى تۈگۈلۈپ، چىشلىرىنى چىشلەپ ئولتۇردى، ئۇنىڭ ئۆز ئالدىدىلا قازا قىلغان روبېرت بوركىنىڭ تاللاۋالغان يولىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن ئۇ يا تۇرۇشلۇق بەرسۇن ياكى كوچىنىڭ ھەم ئۆزلىرى كۆرسىتىپ قويغان سەۋدايىلاشقان كىشىلەرنىڭ توپى سىرتتىن كۆز سېلىپ يۈنگېرنىڭمۇ بورك كۆرگەننى كۆرۈپ قېلىشىنىڭ ئەجەپ ئەمەسلىكى ھەققىدە سۆزلىشىپ تۇرۇشقان ئىدى. ئوردوكىنىڭ گوروھىدىكى تۈنۈگۈنكى يولداشلارنىڭ مەسخىرىلىك كۈلۈمسىرەشلىرى ۋە ھەيران قالغاندەك دولىسىنى قوۋۇشتۇرۇشلىرى ئالدىدا «ئۆلسۇن!» دېگەندەك تەقدىرنىڭ ئۇنى ۋەقەلەرنىڭ تەۋەككۈلچىلىقىغا چىقىرىپ تاشلىغانلىقىنى ئەنتونى چۈشىنىپ تۇردى.

ئاڭغىچە توپلانغان كۆپچىلىكنىڭ چىدامچانلىقى يېتەر چېكىگە يەتتى، ھەممەيلەن ھەل قىلغۇچ پەيتنى يەنى فىلوفېينىڭ تېلېۋىزىيە ئېكرانىغا چىقىشىنى كۈتۈپ قېلىشتى. شۇنداق قىلىپ، سىياسىي تەھلىلچىلەردىن كىمدۇر بىرسى ئېيتقاندەك ئۇنى قامالغا ئېلىپ ئۆچەكىششىنىڭ دۇنياۋى

ئوتىنى تولۇق كىرگۈزۈشمەكچى. ھەممىسى شۇنداق بولىدىغاندەكلا كۆرۈنۈپ قالدى. پارتلاشقا يېقىنلىشىشتا ھەر بىر سىكۇنتنى تەتۈرچە سانىغاندەك، كۇتكەن ۋاقىت يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى.

كۇندۇز دوختۇرخانىدا روبېرت بوركنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ھەققىدە يەكۈن چىقىرىلغاندا كۆز يېشىنى ئاران توختىتىپ جېسسى مۇنداق دېگەن ئىدى.

ـ 258ئەنتونى يۇنگېر، ئەگەر سېنى روبېرت بوركنىڭ تەقدىرى كۈتسە، ئۇنداقتا دەيدىغان سۆزۈم يوق، ئۇنىڭ ئۇچۇن ھەقىقەت ھەممىدىن ئەلا ئىدى، ئۇ شۇنىڭ كۈنىگە يەتتى. بىراق، ئۆزۈڭ ھەققىدە ئويلان، سەن ياش، ئىقبالىڭ ئالدىڭدا. روبېرتنىڭ ئارقىدىن ئۆمرۈڭنى تەۋەككۇلغا سېلىشىڭنىڭ ھاجىتى بارمۇ؟

سۆزنى ئۇزارتىپ سۆزلەش بۇ چاغدا ئېغىر كېلەتتى، ئەنتونى قىسقىغىنا جاۋاب قايتۇردى:

258ـ ئېيتقىنىڭىزنى چۈشىنىمەن، جېسسى .بىراق، مەنمۇ روبېرت بورك تەمتىرىمىگەن نەرسىدىن تەمتىرىمەس ئىدىم.

ئۇلار ئاغرىقخانىنىڭ دەھلىزىدە دەرىزىنىڭ يېنىدا ئاغرىق ـ سىلاقلار بىلەن دوختۇرلاردىن خالىي تۇرۇشتى. سېخىي قۇياش نۇرى ئەينەكتىن ئۆتۈپ دەھلىزگە تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئاسمانمۇ ئەينەكتىن قارىغاندا نۇر چۈشۈرۈپ جىممەكتە. ھېلىقى ئىش يۈز بەرگەن ئاۋۇ تەرەپتە كېلىندون دەرەخلىرى ئۆز ساپاقلىرىدا دىرىلداپ تىترەپ سارغايماقتا. كېلەچەكشۇناسنىڭ تۇل قالغان ئايالى جۇدالىقتىن مۈكچىيىپ دۇنيا كۆزىگە كۆرۈنمەي قالدى.ئۇ شۇ پەيتتە نېمە سەۋەبتىندۇر يار بېشىدا قاۋىغان ئىگىسىز لالما ئىتنى ئەسكە سالاتتى. جېسسى بىرەر ئىش قىلىشنىڭ چارىسىنى بىلمىدى. كۆز يېشى توختىماي

ئېقىۋەردى. ئۇندىن كېيىن بەلكىم ئۆزىنى ئەپلەپ تەسەللىي تاپقۇزۇش ئۈچۈن ئۆز خىيالدىكىلەرنى ئۇن چىقىرىپ غۇدىراۋەردى.

ـ 259روبېرت دائىما، مۇھەببەت ـ بۇ ئىككى دەريانىڭ قوشۇلۇپ ئېقىشى،ـ دەيتتى، مەن كۈلەتتىم، پاساھەتلىك سۆزلەرنى بەكمۇ ياخشى كۆرىسەن ـ ھە، بوب(بوب ـ «بورك» دېگەن ئىسمىنىڭ ئەركىلەتمە شەكلى.) ئەمدى ئىشىنىپ ئولتۇردۇم مانا، ئەمدى دەريايىم يوق. توختىدى. سۈيى تارتىلدى، ئۇ بولسا دەريائىدى ،ئەمدى مەن بولسام جىيەككە سۇزۇلۇپ قېلىۋەردىم.

ئۇندىن كېيىن ئۇ تېخىمۇ كۈچەپ سىرلىق سۆزلىدى.

259ـ ئۇھ شور پېشانە كىتلەر، ۋىئولوۋېچېلدا كۈي ئورۇنلاۋاتقاندا سىلەرنى ئەمدى كىم ئەسلەيدۇ؟

ئېيتىلغان سۆزلەرگە ئەنتونى بەكمۇ ھەيران قالدى، بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ دەپ ھەتتا سورىغۇسىمۇ كەلدى. بىراق سورىمىدى. جۇدالىقتىن ئېيتىلىۋاتسا كېرەك، دەپ ئويلىدى.

ئۇندىن كېيىن خوشلىشىشقا توغرا كەلدى. ئەنتونى تېلېۋىزىيىلىك مۇناسىۋەتكە تەييارلىنىشى كېرەك ئىدى، ۋاقىت بەكمۇ ئاز قالغان ئىدى. جېسسى چىكاكودىن كېلىدىغان قىزى بىلەن كۈيئوغلىنى كۈتۈپ ئاغرىقخانىدا قالدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تاڭ ئاتقۇچە خوشلاشتى، ئەنتونىنىڭ بىر يەردىن يولى بولدى. ئۇ ئاغرىقخانىدىن دۇبلىنگە تېلېفون بېرىپ سەپەرگە چىقىۋاتقان كەتتى بىلەن سۆزلىشىشكە ئۈلگۈردى. دەلدەڭشىشكە باشلىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ كېلىشى بىلەن ئۇلارنى قونالغۇغا ئورۇنلاشتۇرۇش ھەققىدە غەم قىلىش كېرەك ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، بەربىر ۋاقىتقا توغرا كېلىپ قالدى. مۇنداق بولارىنى كىم مۆلچەرلەپتۇ. زامان بىلەن ماكاننى تېشىپ ئۆتۈپ بىر ـ بىرىگە ئۇدۇللاپ ئۇچقان مېتېئورنتلارلا شۇنداق دەل سوقۇلۇشى مۇمكىن.

كەتتى بىلەن سۆزلىشىشمۇ ئاسان بولمىدى. كەتتى ئۇنىڭ تېلېفون بېرىشىنى كۇتۇۋاتقان يەنە ئۇنىڭ ئېنىق ئاۋازى كۆز نەزەرىگە بەخت ـ سائادەتنىڭ ئۆزىنى ئېسىگە قايتا سالدى. ئاڭا كەتتىنىڭ ھەممە تەقى ـ تۇرقى ، كىرپىكلىرىنىڭ بىر ـ بىرىگە تېگىشكىنىمۇ، نەپەس ئالغىنىمۇ، باسقان ـ تۇرغىنىمۇ بەخت ھېسابلىناتتى. دەلىللەشمۇ، راسلىنىشىمۇ تەلەپ قىلىنمىغان بەخت بولاتتى.

ـ 260ئەنىم ئىككىمىز يېرىم سائەتتىن كېيىن يولغا چىقىمىز، سېنىڭچە قانداق؟ ئەنتونى، كۇتۇپ تۇرامسەن؟260 ھوي ئەنتونى، بۇ سەنمۇ! ـ دەپ قۇۋانىپ كەتتى، ـ سېنى قاچان تېلېفون بېرەر دەپ خېلى كۇتمىدىممۇ، تروبكىدىن سېزىلگەن تونۇش نەپەستىن ئۇ ئىسسىپ چىقتى.

ـ كەچۈر، كەتتى تىنچىم خېلى بەك بۇزۇلدى، تېلېفون كەلگەنگە ئۇلگۇرمەي قالامدىمەن، ـ دەپ قورقتۇم.

ـ 260ئۇنىڭ ھېچنەرسىسى يوق، يېقىندا كۆرۈشەرمىز، مۇنداقلا ئۇنۇڭنى ئۇققۇم كەلگەن.

260 ـ ھە دېمەمسەن، بىر زۆرۈر ئىش چىقىپ قالدى، ھازىر چۇشەندۇرۈپ ئولتۇرۇشقا ۋاقىت يوق، ھەممىنى كېيىن ئېيتىپ بېرىمەن، سەن نامىمدا ئاناڭدىن كەچۈرۈم سوراپ قوي، تىلەككە قارشى سىلەرنى ئايروپورتتىن كۇتۇۋالالماي قالدىم، تاكسىغا ئولتۇرۇڭلار، ئۇندىن كېيىن....

260 ـ نېمە بولدى ئەنتونى؟ شۇنچە ئېغىر بىرەر ئىش بولدىمۇ؟

ـ 260ھەئە، ناھايىتى ئېغىر، دەپ كەلسەك،.. ئۇزۇن سۆزنى قىسقىلا

ئېيتاي، بۇگۈن كېچىدە مەن، ۋاپات بولغان روبېرت بوركىنىڭ ئورنىغا ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىغا قاتنىشىشىم كېرەك.

261 ـ قانداقچە؟ ئۇنى قەھرىلەنگەن نامايىشچىلار ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى، دەپ رادىئودىن ئاڭلاتمىدىمۇ، لېكىن ئۇ يەردە نېمە لازىمىڭ بار؟

ـ 261چۈشەنسەڭ، شۇ فىلوفېي بىلەن كائىناتلىق مۇناۋىسۋەتنىڭ تەشكىللىگۈچىسى مەن.

ـ 261فىلوفېي بىلەنمۇ؟ ھېلىقى فىلوفېي بىلەنمۇ؟

تشۇنداق ئەنتونى بىلەن روبېرت بورك بىرگە چىقىپ سۆزلىمەكچى.

261 ـ ھېچنەرسە چۈشەنمىدىم، ئەنتونى! ھېچنەرسە!

ـ كېيىن ئېيتىپ بېرىمەن، ۋەزىيەتكە يارىشا فىلوفېي بىلەن ئەمدى سۆھبەتلىشىشىم كېرەك بولدى، مەن كېيىن ئاپام ئىككىڭلارغا چۈشەندۈرۈپ بېرىمەن. بىراق، باشقا چارە يوق... كەتتى ئۇنىنى تۆۋەنلىتىپ چىقىرىپ قالدى. تېلېفوننىڭ تروبكىسىنى قولى بىلەن دالدىلاپ ئالغانلىقىنى ئەنتونى چۈشەندى.

ـ 261يارايسەن، ئەنتونى، كېيىن ئېيتىپ بېرەرسەن، ھازىرچە ئاپامغا ھېچنەرسە ئېيتماي قوياي، كائىناتنىڭ نەدىكى بىر سارىڭى پۈتكۈل دۇنياغا قالايمىقانچىلىق سالدى، دەپ ئۇنىڭ تىنچى بەكمۇ بۇزۇلدى، نارازى بولدى، مېنىڭمۇ قۇۋۋانغىنىم يوق.

261 ـ ئىككىڭلارنى ئوخشاش دەپ چۈشىنىمەن، ـ دېدى ئەنتونى، بىراق سورىدىغىنىم كەتتى، ئاپاڭ قۇرۇق، بىكارلا تىنچسىزلانمىسۇن، ئېيت، كېيىن ھەممىنى ئالدىرىماي ئېيتىپ بېرىمەن. سېنى كۈتىمەن كەتتى. سېنى سۆيىمەن. ئايروپورتتىن تاكسىغا ئولتۇر ـ دە، تېز كەل، ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى تۈگىشى بىلەن تېلېفون بېرىمەن، ئاندىن كېيىن

ئۇچرىشىمىز. باشقىسىغا تۇتۇلۇپ قالما، ئايروپىلانغا كېچىكىپ قالمىغىن، كۆرۈشكۈچە ئامان بول، سېنى سۆيىمەن.

ـ 262كۆرۈشكىچە ئامان بول، ئەنتونى، كۆرۈشكىچە... ھەممە ئىشىنىڭ ياخشى بولۇشىنى خالايمەن، دائىم يېنىڭدىمەن.

ـ 262مەنمۇ كۈتىمەن.

كەتتى ئانىسى ئىككەيلەن ئولتۇرغان ئىرلاندىيىدىن ئۇچۇپ چىققان ئايروپىلان ئاتلانتىكنىڭ ساھىلىغا يېقىنلاپ قالغان بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ قالدى.بۇچاغدا ئەنتونى يۇنگېر سەھنىدە ئولتۇرۇپ بولغان ئىدى، زالدا بولسا بۇ چاغدا كائىنات مۇناسىۋىتىنىڭ باشلىنار مەھەلىگە ساناقلىق سىكۇنتلار قالغان ئىدى. شۇنداق قىلىپ، پۇتكۈل ئادەمزاتنى دەۋرەتكەن فىلوفېي دېگەن نېمە ئەل ئالدىغا چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بارلىق گۇناھى ئۇچۇن جاۋاب بېرىدۇ. بارلىق گۇناھى ئۇچۇن جازالىنىدۇ.

شۇ كۈنى ئەنتونى يۇنگېرنىڭ بېشىغا «مۇنداق ئاپەت تاسادىپىي ئائىلىمىزنىڭ بېشىغا چۈشسە كاسساندرا تامغىسى كەتتىنىڭ ماڭلىيىدا پەيدا بولسا قانداق قىلارمىز؟ ئۇنداقتا نېمىمۇ قىلارمىز؟ چۈنكى ئۇ كاسساندرا ئادەم تاللاپ يۈرمەيدۇ، ھەممىنى تۈگەشتۈرىدۇ، ھېچكىممۇ ئۆزىنىڭ ئىرسىي تىپىدىكى ھاياتقا بولغان بالا ـ قازانىڭ يوشۇرۇنۇپ ياتقانلىقىدىن قۇتۇلۇپ كېتىمەن دەپ ئېيتالمايدۇ» دېگەن ئوي بىر نەچچە رەت كەلدى.

زالدىكىلەرنىڭ كائىنات بىلەن ئالاقە قىلىشىنى تاقەتسىز كۈتۈپ ئولتۇرغىنىغا قارىماي سىگنال ئاڭلىنىپ ئېكران يورۇق بولغاندا كۆپچىلىكى تەخىرسىزلىكتىن چۆچۈپ كېتىشتى، زال تىمتاس بولۇپ قالدى، رىياسەتچى ھاپىلا ـ شاپىلا كىشىلەرگە قايرىلدى.

262ئەمىسە، بىز ئۆزىنى كائىنات كاھىنى فىلوفېي مەن دەپ ئاتىغان

ئوربېتىلىق ئىستانسىدىكى زىيالىي، بىئولوگنىڭ ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىنى يەتكۈزۈشكە باشلايمىز، ھەممىڭلارغا مەلۇم بولغان پاكىتنى يەنە فىلوفېينىڭ رىم پاپاسىغا مۇراجىئەت قىلغىنىنىڭ غەيرىي ئىش ئىكەنلىكىنى ھەم ئۇندىن كېيىن ئۆتكەن قايغۇلۇق ۋەقەلەرنى قايتلاپ ئولتۇرمايمەن، ھازىر بولسا دىققەت قىلىپ قويۇڭلار!

ئېكراندىن بىر نەچچە رەت ئەفىر مۇنارىنىڭ ئۆچۈپ يانغان دولقۇنىدا گاژىلدىغان مۇجىمەللىك بىر نەرسىنىڭ قارىسى پەيدا بولدى. ئۇندىن كېيىن كۆرۈنۈش ئېنىقلاشتى ـ دە، ئېكراندىن ھەممىگە نەۋاخ مەلۇم، بىراق تېلېۋىزور كۆرۈرمەنلىرىنىڭ ئالدىغا بىرىنچى قېتىم كۆزمۇ كۆز چىقىپ تۇرغان ئادەمنىڭ يۈزى كۆرۈندى. ئۇندىن كېيىن دەل شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىمۇ مۇشۇ ۋاقىتچە ھېچكىم ئېغىز ئېچىپ گەپ قىلمىغان ۋاقىتتا ئورۇنلىرىدىن سەكرەپلا تۇرۇشقان فوتوگرافلار فىلوفېينىڭ تەقى ـ تۇرقىنى ئېكراندىن سۈرەتكە تارتىشىپ ئىشقا كىرىشتى.

رىياسەتچى ئۇئولتېر شېرمەت چاراسلىغان نۇرلاردىن كۆزىنى توسۇپ تۇرغان بولسىمۇ نارازىلىقىنى بىلدۈرۈشكە ئامالسىز قالدى.

263 ـ كۆزىمىزنى ئۇيالدۇرۇپ چاراس ـ چۇرۇس چاقنىغان نۇرلارنى توختىتىڭلار! بىز ئىشنى باشلايمىز.

چاراقلاپ يېنىۋاتقان نۇرلار ئازىيىشقا باشلىغاندا فىلوفېينىڭ يۈزى چوڭقىيىپ كائىناتتىن بىر جانلىقنىڭ ئۆڭى يېقىنلاپ كەلدى. بۇ ئادەمنى گاڭگىراتقان ۋاقىت ئىدى. ھە ياكى ئۇلۇغ پەيغەمبەر ياكى چوڭ ساراڭ، ياكى بىر ھەددىدىن ئاشقان شەيتان ئىكەنلىكى نامەلۇم نېمە شۇ ئەمەسمۇ! مانا توپىلاڭ بىلەن ئاپەتلەرنىڭ گۇناھكارى! مانا تاپقۇر نۇرلار بىلەن كائىناتتىن ئايالىلارنى نۇرلاندۇرغان! مانا كاسساندرانىڭ بەلگىسى ھەققىدە بالايى قازالىق

ئىلىمنىڭ بەرپاچىسى!

ئۆڭ ـ سۆلىگە قارىغاندا فىلوفېيىنىڭ ئەللىكتىن ئەمدىلا ئاشقاندەك تەرى بار. جۇدەنگۇ، ئاق سارغۇچ چېچى سەل دوك كەلگەن دولىسىغىچە يەتكەن. ساقىلىنى ئاق ئارىلىغان كىشى ئىكەن. ئۇ ئېكراندىن زالدىكىلەرگە قولىدىكى هاسا تايىقى هەم بوغچىسى بار. هازىرلا بولسا سىگنال، ئۇچۇر يېتىدىغان يېرىگە توغرا بېرىۋاتامدۇ، ياقمۇ؟ دەپ شۇنى بىلىش ئۈچۈن توختاپ قالغاندەك توساتتىن يولدىن يولۇققان يوچۇن يولۇچىدەك قارىدى، كەچمۇ كىرىۋاتىدۇ، ئۇلگۇرەمەنمۇ دېگەن قىياستا، كۆز قارىشىدا خاۋاتىرلىنىش هەم سالاپەت بار، ئەنتونى يۇنگېر مۆلچەر بىلەن ئۇنى شۇنداق ئويلىغان ئىدى، هازىر بولسا ئويىنىڭ دەل كەلگەنلىكىگە ئىچ ـ ئىچىدىن سۆيۈنۈپ ئولتۇرماقتا. كائىناتىي كاهىن ئۆزىنىڭ چىركاۋنىڭ كونا سۇرەتلىرىگە ئوخشىغان تەقى ـ تۇرقىغا قارىماي، ئورېتىلىق ئىستانسىنىڭ ئىچكى بېزىلىشىگە تولۇق باب كېلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئولتۇرۇشىدىن ئىشىنەرلىك هەم جەبدەسلىك چىقىپ تۇراتتى. بەلكىم بۇنداق بولۇشىغا ئۇنىڭ يەردىن ناهايىتىمۇ يىراقتا ئىكەنلىكى هەم تىكەندەك يالغۇز قېلىپ پۈتكۈل قان ـ تەرىنى بېغىشلىغان ئىشى سەۋەب بولغاندۇر. تېرەن يۈز قورۇقلىرى، سالپايغان قاپىقى، ئۆتكۈر كۆزلىرىنى تارتىپ ئالغۇچى ۋە قايغۇلۇق بىر نەرسە يوشۇرۇنۇپ تۇراتتى.

يەتكۈزۈلۈشىنىڭ باشلىنىشىدا ئەنتونى يۇنگېر ئىنگىلىزچىنى قانچىلىك بىلىدىغاندۇر؟ دەپمۇ خاتىرجەمسىزلەندى. چۈنكى، ئادەم كۆپ چاغدا چەتئەل تىلىدا بىمالال يازغىنى بىلەن ئەلنىڭ ئالدىدا ناهايىتى ئەركىن، ئالاهىدە سۆزلىيەلمەسلىكى مۇمكىن. بىراق، فىلوفېيىنىڭ دەسلەپكى سۆزىدىن كېيىنلا ئەنتونىنىڭ خىيالى تىنچىدى. بىر ئاز چاندۇرۇپ سۆزلىشى بولمىسا، تېگى ـ تەكتى رۇس بولغان كائىناتتىكى كاهىن ئىنگىلىزچىنى قەدىمكىدەك

سۆزلەيدىكەن.

ئۇئولتىر شىرمەت ياسالما ئوچۇق ـ يورۇقلۇق، ئالاھىدە پەرق بىلەن، ھەتتا خوشامەتچىلىك بىلەن:

ـ 265سالامەتسىزمۇ، فىلوفىي، قىرىندىشىم! كەچۈرۈڭ، سىزگە شۇنداق مۇراجىئەت قىلساق توغرا بولامدىكىن؟ ـ دېگەندىن باشلاپ سۆھبەت باشلىنىپ كەتتى.

265 ـ شۇنداق، بولىدۇ، ـ دېدى كائىنات كاھىنى، ـ خالىغانىنىڭ ھەممىسىگە مەن قىرىنداش.

ـ 265ئەگەردە ئاغا ـ ئىنى بولۇشنى خالىمىغانلار بولسىچۇ؟ ـ 265 دەپ يۇز ـ خاتىرىسىز سۆزلىدى، ئولتىر شىرمەت.

ـ 265ئۇ ھەر كىمنىڭ ئۆز ئەركى، خاپىلىق يوق. بىراق، ئاشۇ مىنى خالىمىغانلار ئۇچۇنمۇ كۆڭلۇمدە ئۆزۈمنى قىرىنداش ھىسابلايمەن.

ـ 265نىمە ئۇچۇن شۇنچىلىك ئىشەنچىلىك ئىيتىسىز؟ شۇسەۋەبدىن سىز بىزنىڭ ۋاپاسىز دۇنيادىن يۇقىرى تۇرغانمۇ؟

ـ 265ماڭا قانداق مۇئامىلە قىلىشمىسۇن، ھەر بىر بەندىنىڭ قايغۇ ـ شادلىقىغا ئورتاق بولۇش ئادەمىي بۇرچۇم.

ـ 265بوپتۇ دەيلى، مەيلى ،ياخشى، بىراق ئۇچقاشقىنىمىزنى مۇشۇ ئەھۋالدىكى ئۆز ئارا كۆڭۈل چۈشەندۈرۈشتىن باشلىمايلى، ـ دەپ تاشلىدى ئۇ ئولتىر ـ بۇندىن ئىبغىرى، ئۇندىن باشقا ئۆزىڭىز چۈشىنىپ تۇرغاندۇرسىز، قورقۇنچلۇق ئىشلار بار! يەنە سىز بىلەن، فىلوفىي قىرىندىشىم، مۇنداقچە ئىيتقاندا سىزنىڭ ئوبىتىلىق ئىستانسىنىڭ تۇرالغۇ سۇپىسىدىكى ئىش ـ ھەرىكەتلىرىڭىز بىلەن بىۋاستە، تۇزدىن ـ تۇز ئالاقىدە، ئاخبارات ئىلان قىلىش يىغىنىمىزغا كېلىپ ئولتۇرغانلارنىڭ كېلىش سەۋەبىمۇ شۇ، ئەمدى،

سۆھبەتنى باشلاشتىن بۇرۇن سىزگە ئولتۇرغانلارنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي، زالدا ئاخباراتچىلىقنىڭ مۇھىم ئىش، مۇھىم ئادەملىرىنى بىۋاستە، تۇز تېلېۋىزىيىلىك يەتكۈزۈش بولۇۋاتىدۇ، مەن رىياسەتچى، نام - شەرىپىم ئۇ ئولتېر شېرمەت. يېنىمدىكى ئەنتونى يۇنگېر. بۇ ئەنتونى يۇنگېر بۇگۈن تاڭ سەھەر بىلەن ئاممىۋى نارازىلىق بىلدۈرۈشنىڭ نەتىجىسىدە قازا قىلغان كېلەچەكشۇناس روبېرت بوركىنىڭ ئورنىغا تېلېۋىزىيىلىك ئالاقە قىلىشقا قاتناشماقتا، كەچۈرۈڭ، بولغاننى بولغانچە ئېيتىشقا توغرا كەلدى. شۇ قايغۇلۇق ۋەقەنىڭ سەۋەبچىسى سىز بولۇپ تۇرۇۋاتىسىز، قىسقىسى، ئەنتونى يۇنگېر ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ ئوي - پىكىرىنى ئېيتىدۇ.

- 266رەھمەت، ئۇئولتېر شېرمەت، مەن ئەنتونى يۇنگېرنى بىلىمەن، فىلوفېي ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ كۆز قىرىنى ئەنتونى يۇنگېر تەرەپكە تاشلىدى، - مەن ئەنتونى يۇنگېرنى سايلام ئالدىدىكى نامايىشتىن كېيىن بىلگەن ئىدىم، تېلېۋىزوردىكى خەۋەرنى كۆرگەنمەن، سۆزىڭىزنى بايقىماستىنلا بۆلۈپ ۋە ئۆچۈرۈۋەتكەندىن كېيىن ئېيتىشقا تېگىشلىكىنى ئېيتاي، مەن مۇشۇ پەيتتە، مۇشۇ ئۇچرىشىشنى كۇتكەن ئىدىم، ماڭا يەنە تېخى سىز ئەسكە سېلىپ كەتكەن ئىش ھەققىدە، ئەقىلنى ھەم ۋۇجۇدىنى كۆيدۈرگەن ئوتنىڭ يېلىنىنىڭ كائىناتتىكى ماڭا قانداق يېتىۋاتقانلىقى ھەققىدە ئېيتىشقا مۇمكىنىيەت بەرسىڭىز، ئەلۋەتتە، ئۇ ئوتنى مەن تۇتاشتۇردۇم، ئەلۋەتتە، بۇ چىنلىق.بىراق، مەن ئوت ئۇچقۇنلىرىنى ئۇلغايتىش، ئوتنى تېخىمۇ كۆيدۈرۈش ئۈچۈن ئەمەس، ئادەملەرنىڭ ۋۇجۇدىنى يورۇق قىلاي دېگەن ئوي بىلەن كۆتۈرۈپ چىققان ئىدىم، ئىش ئويلىغان يەردىن چىقمىدى، قايتىدىن جىمىكى نەرسە قاراڭغۇ تۇنگە ئايلاندى، ئۇمىدىمۇ بولمىدى دەپ قورقىمەن، بەلكىم مەن مۇشۇ ياشقا كېلىپ يۇۋاشلىق بىلەن، دەرھەقىقەت، يۇۋاشلىق-

چىنلىق ۋە سەلتەنەتنى قۇربىدۇ دەپ ئۇمىدلەنگەن ئىدىم، يىغلىشىپتىمەن، ئىنسان ۋۇجۇدىنى يورۇق قىلغانلىنىڭ ئورنىغا توپىلاڭ قوزغاپ، نارازىلىق تۇغدۇرغان ئىكەنمەن، ئۇنىڭ ھەممىسىنى تىلىۋزىيە ئېكرانىدىن كۆرۈپ تۇردۇم، بۈگۈن نيۇيېرىدە بولغان ۋەقەنىمۇ كۆردۇم، روبېرت بورك بىلەن تېلېۋىزىيە ئارقىلىق ئۇچرىشىشنى كۈتكەن ئىدىم، ئۇ ھەقتە كىشىلەر خەۋەر قىلىشقان، ئۇ كىشى بىلەن سۆزلىشىشكە جان دىلىمدىن خۇشتار ئىدىم، بىراق، ئادەمنى ئۆز ئۆيىنىڭ يېنىدىن يىرتقۇچلاردەك تالاپ كېتىشكەنلىكلىرىنى كۆردۈم، خۇددى رۇسلار ئېيتقاندەك بىئەقىل ھەم ئاياۋسىز توپىلاڭنى كۆردۈم. ئۇمۇ گۇناھىم، كائىناتتا يۈرۈپ ماڭا خۇدانىڭ سۆزىنى ئەۋەتكەن پىكىردىشىمنىڭ ئۆلۈمىنىڭ بىۋاستە سەۋەبچىسى بولدۇم، ئالدىڭلاردا چۆكۈلۈپ كەچۈرۈم سورايمەن، ئادەملەر! بىراق، ئەمدى كەچۈرۈشنىڭمۇ كېرىكى يوق بولۇپ قالدى، باشقىلار ئۆلتۈرگەن روبېرت بوركنى ئۆز جېنىمدىن كەچكەندىمۇ تىرىلدۈرۈلمەيمەن، ئۇنىڭ ئۈچۈن جېنىمنى قۇربان قىلىشقا تەييار ئىدىم، ئەگەر....

سوئاللىرىڭلارغا جاۋاب بېرىشتىن بۇرۇن يەنە بىر نەرسىنى ئېيتقۇم كېلىۋاتىدۇ، بەلكىم زالدىكىلەرنىڭ ھەممە سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىشقا ئۈلگۈرمەسمەن، ئالدىنئالا كەچۈرۈم سورايمەن، مەن ئۇ دۇنياغا كېتىدىغان كىشى، ياشايدىغانلار سىلەر، ھايات دېمەك ـ جاۋابنى ئۆزى تېپىش دېمەكتۇر، مېنى چۈشىنىڭلار، يەنە قولۇڭلاردىن كەلسە، كەچۈرۈڭلار، خوشلىشىش ئالدىدا بىر سۆزۈمنى ئېيتاي دېگەن ئىدىم، ئۆز كەشپىياتلىرىمنى، نام ـ ئابروي ئۈچۈن، مەنمەنلىك ئۈچۈن ھەم ئۆزۈمگە ئوخشىغان بەندىلەردىن ئۆزۈمنى ئالاھىدە ئورۇنغاقويۇش ئۈچۈن ئومۇمغا يېيىپ ئولتۇرغىنىم يوق. بۇ كەشپىياتلار نامەلۇم قېلىۋېرىشى بىلەن دۇنيا بۇنىڭغىچىلىك بولغان

ۋاقىتتىكىدەكلا ھېچنەرسىدىن خەۋەرسىز باياشادچىلىقتا ئۆتۈۋېرىشى مۇمكىن. بىراق، دائىما تەرەققىي قىلىپ يالجىپ تۇرغۇچى، تونۇپ بىلىش ئارقىلىق دۇنياغا كۆزىمىز ئېچىلىش ئۇچۇن بىز مەڭگۈلۈكنىڭ مەناسى ھەم ماھىيىتى سۈپىتىدە يارىتىلغان ئەمەسمىزمۇ؟ ئۇنىڭسىز يورۇق دۇنيانىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن نە پايدا؟ ئەگەر مەڭگۈلۈك ئېھتىياجىمىز بولمىسا ھەم ئۇنى پەملەپ چۈشەنمىسەك ئۆزىمىزگە كېرەك بولغاننى ئۆز ئاجىزلىقىمىزدىن ھەم خارلىقىمىزدىن، ھەقىقەتتىن، ئۆز بۇرچىمىزدىن قېچىپ تۇرساق، ئۇنداقتا ھېلىقى مەڭگۈلۈكنىڭ بولغانلىقىدىن نە پايدا!؟ بىز ئەقىل ـ ھوشى بار جانلارنىڭ ئورۇن، مەۋقەسىنى تۆۋەنلىتىپ تۇرۇۋاتامدۇق؟ ئۇندىن قالسا خۇدامۇ يوق، ماتېرىيەمۇ يوق ئەمەسمۇ؟! ئەگەر بىز تەرەققىياتنىڭ يولىنى بىر مەلۇمات دەپ ھېسابلىساق ئۇنداقتا مەڭگۈلۈكنىڭ ماھىيىتىغا ئەگىشىپ يېڭى، ھەممىنى تۈگەل ئۆز ئىچىگە ئالغان مەلۇماتنىڭ ئۇزلۇكسىز ئېقىمىدا ئەمەسمۇ؟ ئاڭنىڭ چەكسىزلىكى تونۇپ بىلىشنىڭ چەكسىزلىكىدە. بىراق، بۈيەردىكى ئۆزىمىزنى تونۇپ بىلىشتىن قېچىپ تۇرۇۋشىمىز، دەل ئېيتقاندا، چىنلىقنى بىلىشتىن قېچىشىمىز ئەمەسمۇ؟ شۇنىڭ بىلەن بىز شۇنچىلىك زارىقىپ كۈتكەن مەڭگۈلۈكتىن قېچىۋاتامدۇق؟

ئېنىق كونكرېت ئەھۋاللار بويىچە ئابستراكت ئويـ تەپەككۇر يۇرگۇرتكەنلىكىم ئۇچۇن ئولتۇرغانلاردىن كەچۈرۈم سورايمەن. بىراق، بۈگۈن بىز روبېرت بوركىنى ئۆلتۈرگەندە ئۇنىڭ بىلەن قوشۇپ مەڭگۈلۈك ماھىيەتنىڭ بىر بۆلۈكىنى قوشۇپ ئۆلتۈردۇق، مېنى كەچۈرۈڭلار، مەن....

ـ 268قويۇپ تۇرۇڭ، قويۇپ تۇرۇڭ، فىلوفېي قېرىندىشىم ،ـ دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى، ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋالغان ئۇئولتېر شېرمەت، ئەلۋەتتە، بۇيۈك ماتېرىيە ھەققىدە تەپەككۇر قىلىش ياخشى، مەڭگۈلۈكنىڭ پەلسەپىسى

ناھايىتى قىزىقسىنارلىق. بىراق سىز ئادەمنىڭ تۇغۇلۇشىنىڭ مەخپىي سىرلىرىغا ئارىلىشىپ تۇرۇۋاتامسىز؟، ھامىلدار ئاياللارنىڭ ماڭلىيىدا كاسساندرا بەلگىسىنىڭ پەيدا قىلغۇچىسى بولغان سىزنىڭ كائىناتىي تەجرىبىلىرىڭىز ھەققىدە گەپ قىلىۋاتىمەن، مەنپەئىتىمىزگە پۈتۈنلەي يول بىرىلگۈسىز قوشۇن تەشكىللەۋاتىسىز، ھەمدە بۇنىڭغا، ئىسىڭىزگە سىلىپ قويۇشقا رۇخسەت قىلىڭ، ماقۇل بولۇشقا يەردە پەقەت ئازغىنا ئادەم تەييار! ئىسىڭىزگە سالاي! يەردە، بىز گۇناھقا پاتقان يەردە. ئۇندىن سىز ھەممەيلەننىڭ، قەھرىلەنگەن ئەلنىڭ قولى يەتمەس كائىنات بوشلۇقىدا تۇرۇۋىلىپ تەپەككۇر بەرمەڭ، ئەلنىڭ قەھرىنىڭ ئۆزى ئوبدان بىر ئادالەت، پوزىتسىيەمنى ئىچىپ قويغانلىقىم ئۇچۇن كەچۈرۈپ قويارسىز، بىراق ھازىر رىياسەتچىدەك سىپايىلىق قىلىدىغان چاغ ئەمەس. شۇڭا، مەن ئىش- ھەرىكىتىڭىزگە نارازىلىق بىلدۈرمەي تۇرالمايمەن، مەيلى قانداقلا ياخشى نىيەتتە بولماڭ، ئۆز ئىلمىي كەشپىياتلىرىڭىزنىڭ ھۆرمىتى ئۇچۇن گەپ قىلالاتتىم، ئۆزىڭىز قانائەت ھاسىل قىلىش ئۇچۇن سەييارىمىزنىڭ خەلقىگە توپىلاڭ ،قالايمىقانچىلىق سىلىشقا سىزگە كىم يول بەردى؟ قانداق كۈچ تۈرتكە بولدى؟! ئۇندىن قالسا ئۆزىڭىز، رۇس مىللىتىنىڭ دىنىي داھىيلىرى، روھانىيلىرى ئىيتىشى بويىچە، مەيلى ئۆزىڭىزگەئۆزىڭىزئات قويغان كۇندىمۇ، كاھىن بولۇۋالسىڭىز ،شۇنىڭ ھەممىسى تەكەببۇرلۇق ئەمەسمۇ؟سىز خۇدانىڭ قۇدرىتىگە شەك كەلتۈرۈۋاتامسىز؟! مۇقەددەس كىتابدا: «نەسىل قالدۇرۇڭلار ھەم كۆپىيىۋىلىڭلار» دەپ يېزىلغان ئەمەسمۇ؟ دەل شۇنداق يېزىلغان، سىزبولسىڭىز ھېچكىمنىڭ نەزەرگە ئىلىنمايدىغان نەرسىنى تەكشۈرمەكچىسىز، تۇغۇلۇشنىڭ مەخپىي سىرىنى دوزاخنىڭ كۈچلىرىگە قۇربانلىق قىلغان ئەمەسمۇسىز؟ كۆز قارىشىمدا بۇ دەل شۇئىشنىڭ ئۆزى!

ئوردوك ئەپەندى بۇ ھەقتە سىياسەتۋاز كەبى سۆز قىلغان بولسا مەن مىليونلىغان ئەلنىڭ تەپەككۇرىنى ھۆرمەتلىگەن ئاخباراتچى قاتارىدا سۆز قىلىمەن.

مۇشۇ يەردە، زالدا قىقاس ـ چۇقان باشلاندى. بۇ بىر ھەيران قالارلىق، ئەقىلگە سىغماس مەنزىرە ئىدى. ئاخباراتچىلار، ئۇلارنىڭ ئالدىدا كائىناتتىن بىرلىۋاتقان تېلېۋىزىيە ئېكرانىدىكى سۈرەت ئەمەس. بەلكى سەھنىدە فىلوفېينىڭ ئۆزى تۇرغاندەك كۆرۈنۈپ ئورۇنلىرىدىن ئىرغىپ تۇرۇشۇپ، مىكروفونلارغا يۇلقۇنۇپ بىرىشىپ قوللىرىنى شىلتىپ تۇرۇشۇۋاتاتتى، فىلوفېي بولسا سەۋر قىلىشقا ھەرىكەتلىنىپ،ئويناقلىغان كۆزلىرى بىلەن ئاچچىقتىن لەۋلىرىنى چىشلەپ بولغۇلۇقنى ئېكراندىن كۆرۈپ ئاڭلاپ تۇردى.

قايغۇدىن ئۇنىڭ ئۆڭى بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكى بايقالدى.بۇنداق يىغىلىشنىڭ ئەمدى نامايىشتىن پەرقى يوق ئىدى. مىكروفونغا قولى يەتكەن ھەر بىر ئاخباراتچى نام ـ شەرىپىنى، گېزىتنى، ئاگېنتلىقنى ئېيتقان زامات دەررۇ كائىناتتىكى كاھىنىنى جاۋابقا تارتىشقا تەلەپ قىلىشۋاتاتتى، بۇنداق پەلسەپىگە يول نەدە، كۇندىلىك ھايات ھەممىدىن يۇقىرى تۇرىدۇ ئەمەسمۇ؟ فىلوفېينى ئېغىر ئاچقۇزۇشمىدى.ئۇنىڭ ئەھۋالى يامان بولغاندەك كۆرۈندى. ئۇ توساتتىن ئېكراندىن يوق بولۇپ كەتتى. زالدا غەليان باشلاندى. ئېكران بوش قالدى.

ـ 270نەگە كەتتىڭىز؟ سىزگە نېمە بولدى؟ ـ 270 دەپ قىيقىرىدى ئۇئولتېر شېرمەت.

ئاڭغىچە ئۇ قايتا كۆرۈندى، قولىدا ئالەمكارنىڭ ئالەم كىيىمى.

زالدىكى قىقاس ـ چۇقان بىر پەس تىنچىپ قالدى، بۇ نېمە قىلغىنى، دېيىشىپ ھەممىسى ھەيرانلىقتا قاراشتى. فىلوفېي ئۇن چىقارماستىن ئالەم

كىيىمىنى كىيىشكە باشلىدى، ئەنتونى يۇنگېر شۇ ئارىلىقتىن پايدىلاندى، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ زالغا قايرىلدى.

ـ مەن 271مۇشۇ تېلېۋىزىيىلىك ئالاقىنى ئۇيۇشتۇرغۇچىلارنىڭ بىرى ئىدىم، شۇڭا ئولتۇرغانلاردىن ماڭا قۇلاق سېلىپ قويۇشنى سورىنىمەن، مۇشۇ ئىش ھەققىدە ئۆز بۇرچۇم ۋە ھوقۇقۇممۇ بار، باشقىلاردىن بۇرۇن ئۇئولتېر شېرمەتنىڭ ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلىشنى ماڭا بېرىشنى سورىنىمەن، سىز دەيدىغىنىڭىزنى دەڭ،

ئۇئولتېر شېرمەت ھەممە تۇرغانلارنىڭ تىلىكىگە قارشى بۇ مۇخبىرلارنىڭ تېز ئۇچرىشىشىغا كۆپ ئوخشىماي قالدى، ئاخبارات ئېلان قىلىش دېگەن سوئال ـ جاۋاب بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ، ھازىرغىچە بىرەرمۇ تېگىشلىك سوئال سورالمىدى، ئەقىل ئىشلىتىشنىڭ ئورنىدا ئاچچىق سۆزلەر ئېيتىلىۋاتىدۇ، مەن كۆپلىگەن ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنلىرىغا قاتناشقان، بىراق مۇنداق خىلدىكىنى كۆرگەن ئەمەسمەن، ھەتتا يېقىندا ئىراننىڭ چەت يېرىدە ئۇرۇش ـ جېدەل چىقىپ كەتكەندىمۇ ھەر قانداق سوئاللار سورىلىپ، ھەر قانداق پوزىتسىيىلەر بىلدۈرۈلگەن ئىدى. ھازىر بولسا بەزىبىركىشىلەر خوردا ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇۋەتكەندەك قىيقىرىشىپ ئۇندىن كېيىن شەرتسىز رەۋىشتە ھەممىسى بىر ئېغىزدىن بىر ھۆكۈمگە قول قويۇشقا تەييار.

ـ 271كەچۈرۈڭ، ئەنتونى يۇنگېر ـ ئۇئولتېر شېرمەت چىدىماي قالدى، ئۇنداق بولسا نېمە ئۈچۈن سىز ئاڭلارمەنلەرگە، ئاڭلارمەنگىلا ئەمەس، پۈتكۈل دۇنياغا ئۆز ئويىڭىزنى تېڭىشقا ئۇرۇنىسىز؟ مەزكۇر ۋاقىتتا نېمە ئۈچۈن دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ئۇچرىشىشنىڭ باشقا ئىشتىراكچىلىرىنى ئۆز كۆز قاراشلىرىنى بىلدۈرۈش ھوقۇقىدىن ئايرىۋېتىسىز؟!

ـ 271مۆھتىرەم ئۇئولتېر شېرمەت، چۈشىنىمەن،ھازىر ۋەزىيەت

شۇنداق، تېلېۋىزىيىدىن خەلق ئاممىسىغا ئۆزىڭىزنىڭ بىرىلگەنلىكىڭىزنى كۆرگۈزۈپ،جامائەتچىلىكنىڭ مەنپەئىتىنى تاماشادەك كۆرۈگەن پەيتتە سىياسىي قەدىر ـ قىممەتكە ئېرىشىسىڭىز بولىدۇ، راستمۇ؟ بىراق ئۇنىڭدىن چىنلىق ئېنىقلىنىشقا باشلىنىدۇ، ۋەزىيەت باشقا، شۇڭا مەن كېچىكتىم، سىياسەتتىن ۋە ئۇنىڭ ئازغۇرلۇقىدىن باش تارتىشنى ئۆتۈنىمەن، شۇنداق، بىزياخشى كۆرگەن سىياسەتتىن. مەيلى ئۇ سىياسەت قانداق شەكىلدە بولمىسۇن، ئەگەر بۇ قولىمىزدىن كەلسە ئوڭاي بولىدۇ. سىياسەتسىز قىيىن مەسىلىلەرنىڭ نېگىزىگە يېقىنلىيالمايمىز. ھەقىقەتكە يېتىش باتۇرلۇقنى ھەم ئەمەلىيەتنى تەلەپ قىلىدۇ.

272ـ ھەقىقەتىڭىز بىلەن باتۇرلۇقىڭىز نېمىدە؟ـ272 دەپ ۋاقىراپ قالدى زالدىن بىراۋ.

ئۇئولتېر شېرمەت قانائەتلەنگەندەك باش لىڭشىتىپ تەكەببۇرانە كۈلۈمسىرىدى. زال ئىچى جىممىپ، جىمجىت بولۇپ قالدى.

ـ 272باتۇرلۇق ھەققىدە،ـدېدى ئەنتونى يۇنگېر سۆزىنى كۈچەيتىپ سۆزلەپ، ئۇنىڭ مەندە قانچىلىك ئىكەنلىكىنى باشقىلار ئېيتىپ بېرەر، ئەمدى بولسا ئىشقا ئۆتەيلى، مانا ئالدىمىزدا ئېكراندا بۈيۈك ئىلمىي كەشپىيات ياراتقان ،ھەتتا مەنمۇ تارىختا بولۇپ كۆرۈنمىگەن دېسەممۇ بولىدىغان ئادەم ئولتۇرىدۇ. ئۇ بىزگە ياقامدۇ، ياقمامدۇ؟ بۇ باشقا مەسىلە، بۇ ئىلىم ـ پەن. قېرىنىدىشىم فىلوفېي ماڭا ھەم مۇقەددەس ئاتىنىڭ پەرزەنتلىرى ئۈچۈن تەكىتلەنگەن كاسساندرا تۆرەلمىسىنىڭ قىيىن مەسىلىلىرىنىڭ ئەھمىيىتىگە كۆزىمىزنى ئېچىپ قاراشقا ھەرىكەت قىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۈگۈن ئالا توپىلاڭچىلارنىڭ قولىدا قازا قىلغان يەنە بىر كۆزگە كۆرۈنگەن زاماندىشىمىز كېلەچەكشۇناس روبېرت بورك فىلوفېينىڭ كەشپىياتىنى ئادەمزاتى روھىنىڭ

تەدرىجىي تەرەققىياتىدىكى يېڭى قەدىمى دەپ باھالىدى. ئۇ مەتبۇئات يۈزىدە يېزىپ ئېلان قىلدى. ئۇ ئۇنىڭ ئاخىرقى نۇتقى، ۋەسىيىتى بولۇپ قالدى. مەن ئۆزۈم يالغۇز ئالاھىدە بىرباھالاشقا يەكۈن چىقىرىشقا ئۇمتۇلمايمەن. بىراق ئېيتاي دېگىنىم: كۈندىلىك مەنپەئەتلىرىمىزنى كۆزلەپلا كاسساندرا تۆرەلمىلىرىنىڭ مەسىلىلىرىگە سەل قارىماسلىقىمىز كېرەك. سۆز مانا مۇشۇ نىڭدا، ھەمدە ئۆزىمىزگە يەنە چۈشىنىشلىك سەۋەبلەر بىلەن فىلوفېي مۇقەددەس ئاتىنىڭ ئۆزىگە سوئال قويايلى، كىشىلەرگە تونۇش بولغان كاسساندرا تۆرەلمىلىرىنىڭ ئالدىدا ئەمدى ئادەم نېمە قىلىشى كېرەك؟

ـ 273يۈنگېر ئەپەندى، ـ دېگەن ئايالنىڭ ئۈنى ئاڭلاندى، كەچۈرۈڭ، بۇ سوئالىڭىز بەكمۇ ئۆكتەملىك ئەمەسمۇ؟ كىمنىڭ ئالدىدا، تۆرەلمىلەرنىڭ ئالدىدىمۇ؟ تېگىشلىك سوئاللارنىڭ سورىلىشىنى خالىغان ئىدىڭىز، ئۇنداق بولسا مەتبۇئاتتىكى بېسىلغان مەكتۇپ ئۈچۈن ئەقلىدىن ئاجراپ گاڭگىراشقا، چارىسى تۈگەشكە سىلەر قاپساۋاتقان مىليونلىغان ئوقۇرمەنلەر ۋە تېلېۋىزىيە كۆرۈرمەنلىرى ئۈچۈن ئوچۇق ھەم تۈز جاۋاب بېرىڭچۇ، سىلەردىن ھېچكىم، بىرىمۇ سوراپ قويمىسا نېمىشقا سىلەر، فىلوفېي ئىككىڭلار، جامائەتچىلىككە ھېلىقى ئاپەتلىك قېيىن مەسىلىنى شۇنچىلىك جان تالىشىپ تېڭىۋېرىسلەر؟

ـ 273گەپ شۇ، سوراۋاتقىڭىزدا، خانىم، بىراۋلا ئەمەس، سانسىز جان ئىگىلىرى سورىشىۋاتىدۇ، تۆرەلمىلەر نىداسى بىلەن بىزگە مۇراجىئەت قىلىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ قۇلاق قېتىپ زېھىن سېلىپ ھەم يالۋۇرۇپ سورىشىۋاتىدۇ. لېكىن، بىز بولساق جاۋاب قىلىشتىن قېچىپ قورققاقلىق قىلىۋاتىمىز، ئۇندىن قالسا، بۇ شور پېشانە تۆرەلمىلەردىن قۇتۇلۇش ناھايىتى ئوڭاي، بۇنىڭ ئۆزىلا ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز ئالداش، يەنە ئۇلار ئۈچۈن ھەممىمىز،

مانا مەن بىلەن سىزمۇ، خانىم، بۇرۇنقى ئابا ـ ئەجدادلىرىمىزمۇ گۇناھكار، ھەممىمىزگە مۇراجىئەت قىلىشقان بۇ نىدالارنى تەكرارلايمەن. ئۇلارغا قۇلاق سېلىشقا، گۇناھلارنى ئاجرىتىپ تونۇشقا، تەپەككۇر يۇرگۇزۇشكە مۇھتاجمىز، بۈيۈك فىلوفېي مانا شۇنى ئىشقا ئاشۇردى، مەن ئۇنىڭ كۆز ئالدىمىزدا تىكلىنىپ ئېكراندىن بىزگە قاراپ ئولتۇرغىنىدا، ئۇنىڭ بۈيۈكلۈكى ھەققىدە ئوچۇقلا ئېيتىپ قويۇشقا مەجبۇر بولۇپ ئولتۇرۇۋاتىمەن، مەندە باشقا چارە يوق، شۇنداق، ئۇ بۈيۈك، دانىشمەن ئادەم، مانا سىز مېنى ھەم سىز ئېيتقاندەك، ئاپەتلىك قىيىن مەسىلىنى جامائەتچىلىككە تاڭغاندا بىزنى نېمىنىڭ تۇرتۇپ تۇرغانلىقى ھەققىدە چۈشەندۈرۈپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلىۋاتىسىز. ئالايلى، ئېينىشتېين نىسپىيلىك نەزەرىيىسىنى بىراۋنىڭ زورلىشى بىلەن ئوتتۇرىغا قويدىمۇ؟ فىلوفېي شۇ ئېينىشتېيىنگە ئوخشايدىغان زىيالىي، ئۇ داھىي، ئۇ تەجرىبىلەر بىلەن كەشپىيات، ئىختىرالارنىڭ ساھىبى، ئۇنىڭ قىلغىنى ئەقلىنىڭ ئىشى، مەن شۇنداق چۈشىنىمەن، تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدىن قۇياشنىڭ بالقىپ چىقىشىغا ھېچكىم توسالغۇ بولالمىغاندەك ئىش بولۇپ، كەشپىياتقىمۇ توسالغۇلۇق قىلىش مۇمكىن ئەمەس، بىز ئادەملەر، جامائەتچىلىك مۇئامىلىمىزنى ئىزاھلاپ ئېلىشىمىز كېرەك، گەپ مانا مۇشۇ ھەقتە... بىز ئۆز ـ ئۆزىمىزگە ئېيتىشىمىز كېرەك، ئادەمزاتى بۇندىن باشقا، ئۆزگىچە ھاياتنىڭ يېڭى ئىستراتېگىيىسىگە مۇھتاج.

شۇ ۋاقىتتا ئۇئۇلتېر شېرمەت ئالدىدىكى شىرە ئۈستىدە تۇرغان تېلېفون تروبكىسىنى شاپپىدە كۆتۈرۈپ ئالدى ـ دە، كىمدۇر بىراۋغا قىسقا تىلىكنى بىلدۈردى.

ـ 274باش ئاپپارات، سىز تەييارمۇ؟ ـ ئۇندىن كېيىن تروپكىنى تۇتقان ھالەتتە ئەنتونى يۇنگېرگە ئۇدۇل قايرىلدى.

ـ 275فىلوفېي ئىككىڭلارنىڭ نۇتۇق سەنئىتىڭلارغا خەلقئارالىق جامائەتچىلىكنىڭ جاۋابىنى ئۇققىڭىز بارمۇ؟ ئىشەنگۈڭىز كېلەمدۇ؟

275ـ نېمىنى دەۋاتىسىز؟

ـ 275بىزنىڭ ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىمىزنىڭ تەسىرىنى.

دۇنيانىڭ ھەممە بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدىكى شەھەرلەرنىڭ مەيدانلىرىدا كۆرسىتىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتماقچى مەن، دەررۇ تەرجىمە قىلىنىپ بېرىلىۋاتىدۇ، قېنى؟ سەييارىمىزدە نېمە بولۇۋاتقان ئىكەن، كاھىن فىلوفېي بىلەن ئۇنىڭ ياقىلىغۇچىلىرىنىڭ خىيالىغا كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ جاۋابى قانداق ئىكەن، مۇشۇ يەردە ئولتۇرغانلارنىڭ بارى بىرگە قاراپ كۆرەلەيدۇ، يەنە سەمىڭلارغا سالاي،ـ دۇنيانىڭ يەر ـ يەرلىرى، بىر سۇتكىنىڭ ھەر قانداق ۋاقتى ھەر خىل تىللار، قېنى، دىققەت ئاغدۇرۇڭلار!ـ دەپ تېلېفون تروپكىسىدىن بۇيرۇق بەردى:

ـ مەركىزىي كۆرۈنۈشنى قوشۇڭلار، قېنى، باشقىلاردىن بۇرۇن بىزگە تىيەنئەنمېن مەيدانىغا بېرىڭلار، خەلقى ھەممىدىن كۆپ مەملىكەتنىڭ مەركىزىدە، بېيجىڭدا نېمە بولدى ئىكەن؟ كۆرىلى.

سەينانىڭ ئوتتۇرىسىدا يالتىرىغان چوڭ ئېكراندىن ئۇدۇل كۆرۈنۈشتە يولباشچىنىڭ بوز رەڭلىك جوڭسەنفۇسى بىلەن تارتىلغان ماۋزېدۇڭنىڭ ھەممىگە تونۇش بولۇپ كەتكەن پورتېرتى قادالغان، تىيەنئەنمېننىڭ كىشىلەر بۇقۇلداپ قايىنىغاندەك مەيدانى كۆرۈندى، ماۋزېدۇڭنىڭ سۈرىتى ئالدىدا مەيداندىكى ئادەمنىڭ رايىنى ئۇچۇرىدىغان پەيتتە مىغ ـ مىغ كىشىلەر گۈرگىرەپ، بۇژغۇنى كۆككە ئوخچۇپ تۇرغان ئادەم ئوكيانىنى ئەسلىتىدۇ، جۇڭگولۇقلار خۇددى ئوت ـ چېقىن چاقناپ كېتىدىغاندەك، چۇقان سېلىشىپ، قىيقىراپ ھۆكۈرەشمەكتە ئىدى، بۇنداق مەنزىرىنىڭ ستودېنتلاردولقۇنى

باستۇرۇلغان1989۔ يىلىلابولغانلىقىنى باش ئاپپارات خەۋەر قىلدى.

۔ تىيەنئەنمېن مەيدانىدىن بىر ئىغىزدىن چىققاندەكلا چىققان قىيقىراقنى ئاڭلاڭلار!۔ دەپ سۆزىنى ئۈلىدى. باش ئاپپارات ئۇ مۇنداق دېدى:

۔ فىلوفېيگە ئۆلۈم! سوتسىيالىزمنىڭ دۈشمىنى راكېتا بىلەن ئېتىپ چۇشۇرۇلسۇن.!

زالدىكىلەرنىڭ غۇدۇرۇشۇۋاتقاندا بۇلارنى ئېكراندىنمۇ بايقىغان فىلوفېي مىكروفوننىڭ يېنىدا تىنىق ئالماي قېتىپ قالغان ئەنتونى يۇنگېرگە، بۇيرۇق بېرىۋاتقان ئۇئولتېر شېرمەتكە قاراپ تۇردى:

-- ئەمدى موسكۋاغا، قىزىل مەيدانغا دىققەت ئاغدۇرۇڭلار!

قىزىل مەيداندىمۇ شۇ خىل كۆرۈنۈش تاڭدىكى بىلىنەر ۔ بىلىنمەس ھەر قايسى يەردە يېقىلغان گۇلخان، توپ۔توپ كىشىلەرنىڭ ۋارقىراشلىرى: «ئۆزگە ۔ ئۆزى ئات قويغان فىلوفېيگە ئۆلۈم! باشقۇرۇلىدىغان بومبا بىلەن ئېتىپ چۇشۇرۇلسۇن!» ئۇندىن كېيىن شۇ قېنى قىزىغان، كۆۋەجەپ دولقۇنلاۋاتقان توپنىڭ ئۈستىدىن ئېكراندىن بىر نەچچە رەت قارىسىنى كۆرسەتكەن، ئولتۇرغانلارنىڭ ئىختىيارسىز دىقىتى تارتىلغان ھۇقۇشقا ئوخشاش كېچىلىك ئۇچارلىق ۔ تىنارلىقنىڭ كۆرۈنگىنى ھەيران قالارلىق ئىش بولدى، ھېلىقى قاناتلىق مەخلۇق، كۆزگە كۆرۈنمەس يىپ بىلەن باغلاپ قويغاندەك، بەزىدە قەبرىستاننىڭ، بەزىدە كرېمىل ئۈستىدىن ئۇندىن كېيىن قىيقىراپ، ھۆكۈرگەن ياۋايىلاشقان كىشىلەر توپىنىڭ ئۈستىدىن بىلىنەر ۔ بىلىنمەس سەكراتقا چۇشۇپ، سىلكىنىپ ئۇچۇپ يۈردى.

ئۇئولتېر شېرمەت دۇنيانىڭ باشقا يەرلىرىدىن۔ بېرلىن، ۋارشاۋا، مونرېئال، رىئو دىژانېيراۋدىن ئۆزۈندە ئېلىپ كۆرستىشكە دەممۇ دەم كوماندا بېرىپ تۇردى، شۇنىڭدەكلا ھەممە يەردە بايىقىدەكلا قىيقىرىق بىلەن ۋارقىراق

ئاڭلىنىپ بايىقى «فىلوفېيگە ئۆلۈم!»، «خۇمپەرنى راكېتا بىلەن ئېتىپ چۈشۈرۈش كېرەك!» دېگەن ھۆكۈم چىقىپ تۇردى.

277ـ يېتىدۇ! ماڭا قۇلاق سېلىپ قويۇڭلار! دېگەن سول ياقتىكى ئېكراندىن فىلوفېينىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

ــ قۇلاق سىزدە، باغرىم فىلوفېي،ــ دەپ لىپىلدىدى يەنىمۇ بەك خورازدەك بويۇنداپ، لايىقىدا سىپايىلەشكەن ئۇئۇلتېر شېرمەت،ــ دېموكراتىيىنىڭ شۇنداق نەرسە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇپ نېمە دېمەكچىسىز؟ 277 ئۇ گېدىيىپ قەددىنى تۈزىدى، ئايپاڭ بېشى كۆككە تاقاشقاندەك كۆرۈندى.

ـ بۇنىڭغىچىلىك نېمە دېگەن بولسام يەنە شۇنى دەيمەن،ــ دېدى فىلوفېي، شۇنداقلا ھەممىگە قايىل بولغىنى، ھەممىدىن ۋاز كەچكەنلىكى ئۇنىڭ چىرايىدىن ئېنىق كۆرۈندى، سىزگە مەن رازى، ئۇ ئولتېر شېرمەت، مەن ئۈچۈن دۇنيانىڭ تۇش-تۇشىدىن تەپسىلىي خەۋەر ئۇيۇشتۇرغانلىقىڭىزغا مۇشۇنىڭدىن كېيىن كۆڭلىدە خۇدۇك قېلىشى مۇمكىن ئەمەس، ھەممە ئىش تولۇن ئايدىنمۇ ئوپئوچۇق، ھەيران قالدىم، ۋەزىپەم ئادەمزاتنىڭ قەلبىنى ۋەيران قىلىشتىن قۇتۇلۇپ كېتىش مۇمكىنچىلىكىگە، ھەتتا تەدرىجىي تەرەققىياتنىڭ يېڭى باسقۇچىغا ئۆتۈش مۇمكىنچىلىكىگە بۇراش ئىدى، ئۇنىڭ يولى بىرلا، يەنى كاسساندرا تۆرەلمىلىرىنىڭ قىيامەت قايىملىقىنىڭ بەلگىلىرىگە قۇلاق سېلىش ھەم ئومۇمىي جەھەتتىن جامائەتنى ۋە جامائەت ئىچىدىكى بىزنىڭ ھەر بىرىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇش زۆرۈرىيىتى ھەققىدە يەكۈن چىقىرىش، نەتىجە-سوغۇچىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسىلەر، ھەرىكەتلىرىم زايا كەتتى، قاڭقىر قاقشاشلىرىمنى زامانداشلىرىم، تاپتاقىر تەتۈر قوبۇل قىلىشتى، بوينۇمغا ئېلىپ ئېتىراپ قىلىمەن، مەن يېڭىلدىم. ئەمدى گەپ

تامام .ئەمدى يەكۈن چىقىرىشنىڭ مەزگىلى كەلدى.

-- باغرىم فىلوفېي، مانا ئەمدى سىز نەق ھالدىكى ئەھۋالنى چۈشەندىڭىز، گەپ مانا مۇشۇ ھەقتە: ئەمدى ئەلنى، جامائەتچىلىكنى تىنچىتىش كېرەك، شۇنداق ئەمەسمۇ؟-- دېدى ئۇ ئولتېر شېرمەت ئاقىللىنىشىپ.

-- توغرا، دېمەك شۇنداق،- دەپ باش لىڭشىتتى فىلوفېي روبېرت بوركنى ئۆلۈمگە دۇچار قىلغان، كۆرۈلۈپ باقمىغان نارازىچىلىقنىڭ گۇناھكارى بولغاندىن كېيىن خۇدا ئالدىدىمۇ، ئەل ئالدىدىمۇ جاۋابكار مەن، مانا ئەمدى مەزگىلى، قول بىلەن قىلغاننى بويۇن بىلەن تارتىدىغان مەزگىل كەلدى، مېنىڭ شادلانغىنىم، تەقدىرىم ھەل بولۇش سائىتىدە مېنىڭ ئومۇمىي خەلق ئالدىدا بولغانلىقىم ھەم ئۆلارنىڭ مېنىڭ ئېيتقانلىرىمنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەنلىكى.

-- باغرىم فىلوفېي،- دەپ قوشۇق سالدى بايىقى ھالەتتىكى ئۇئولتېر شېرمەت، ئۆزىنى پۈتكۈل دۇنيانىڭ كۆرۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ۋە ھەر بىر سۆزىنىڭ ئالتۇنغا ئەرزىيدىغانلىقىنى چۈشىنىپ،- فىلوفېي باغرىم،- دېدى ئۇ قايتىدىن،- سىزدىن ھېچقانداق پائالىيەت قىلىشنى تەلەپ قىلمايمىز، ئاممىنىڭ قېنى قىزىپ تۇرغىنى راست، بىراق ئۆلارنى شۇنىڭغا مەجبۇرلىدىڭىز....

-- توغرا، توغرا، ئۇنى چۈشىنىپ تۇردۇم،- دەپ جاۋاب قاتتى فىلوفېي ئىللىق سۆزىڭىز ئۈچۈن رەھمەت. بىراق مەن قىلغان ئىش ئالدىن ئويلانماي قىلغان ئىشلارنىڭ بىرى ئەمەس، ئۇ ئىشىم ئۈچۈن جاۋابكارلىق بېرىشىم كېرەك، ئەگەر ئىختىرا-كەشپىياتىمنى، مەپكۇرەمنى يەريۈزىدىكىلەرنىڭ ئىنسان ۋۇجۇدىنىڭ ئۆزىنى - ئۆزى يېڭىچە تونۇپ بىلىش قاتارىدا قارىشىنى

ياكى مەقسىتىمگە يېتەرمەنى، ۋەيران بولۇپ يېڭىلىپ ئۆز كەشپىياتىمنىڭ قۇربانى بولارمەنى، ئۇنىڭ ئاسارىتى ئالدىدا قېلىپ ئۆلەرمەنى بىلمەيمەن، باشقىچە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئۆزۈمنىڭ بېشىمنى نېمىگە تىققانلىقىنى بىلمەن، ئاخىرقى سۆزۈم ماناشۇ، ئادەملەرگە قانداقتۇر بىر شۇملۇق قىلاي دېگەن خىيالدىن يىراق. مەن، بىراق ئىش يۈزىدە ھەممە باشقىچە بولۇپ چىقتى. ياخشى ئويۇم يامانلىققا ئايلاندى. ئەمدى، ئۇنىڭ ئالدىدا ھەممىمىز ھالسىز، بىراق كەشپىياتىمنىڭ ئۆزىدىن، كاسساندرا تۆرەلمىلىرىنىڭ غەلىتە ھادىسىسىدىن، ئۇلارنىڭ قىيامەت قايىم بولىدىغانلىق خەۋىرىدىن تىنىپ باش تارتمايمەن، قىيامەت قايىمنىڭ كېلىشى ئۆزىمىزدە ھارام تۆشلۈك يېيىلغاندا، ئويلىغان ئويىمىز بىلەن قىلغان پائالىيەتلىرىمىزدە ئىككىلىكنى ھەم ئۇلار بوھرانغا يېقىنلاپ قالغان ئادەمزاتنىڭ ئىرسىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى كىشىلەر بىلىشى كېرەك، ئۇنىڭسىز ھەممىدىن كېچىكىمىز. . . .

زال ئىچى قىقاس ـ چۇقان بولدى، نارازى ئاۋازلار ئاڭلاندى، ئولتۇرغانلارنىڭ بىرسى مىكروفونغا ئاچچىقلىنىپ ۋارقىراشقا باشلىدى:

ـــ قورقۇتۇشىڭىزنى توختىتىڭ! جامائەتنى قورقۇتۇشنى دەررۇ توختىتىشنى تەلەپ قىلىمەن! ئوچۇقلا ئېلان قىلىپ قوياي، بىز ئادەمزاتنىغا كائىناتتىن زومىگەرلىك قىلىشنى كۆزلىگەن شەيتاننى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز، توغرا، بۇرۇنقى ھاكىممۇتلەقلەرنىڭ بىرىمۇ بۇنداق زومىگەرلىك قىلىشنى ئويلاپمۇ بېقىشقان ئەمەس، لېكىن، بۇ فىلوفېي بولسا كائىناتتا تۇرۇۋېلىپ قورقۇتۇش، ئۈركۈتۈش ئارقىلىق دۇنياۋى ھۆكۈمران بولۇشقا ئۇمتۇلماقتا. فىلوفېي ھازىر ئەلنىڭ قەھرىدىن يىراقتا، ئۇ شۇنىڭغا ئىشىنىۋېلىپ ئادەمزاتنى ئۆز خاھىشىچە قوداڭشىتىۋاتىدۇ.

ئەنتونى يۇنگېر چىدىماي قېلىپ، ئۇمۇ مىكروفوننى يۇلۇپ ئالدى.

—— ئەپەندى ، نام ـ شەرىپىڭىزنى بىلمەيدىكەنمەن، مىكروفوندا ۋارقىراپ سۆزلەشتىن بۇرۇن، ھېچ بولمىغاندا كىملىكىمىزنى زالدىكىلەرگە ئېيتىپ قويۇشىڭىز كېرەك.

280ـئاتىلىپ كېلىۋاتقان ئىسمىم سىمىت، جون سىمىت.

—— ئەمىسە مۇنداق، جون سىمىت! مەلۇم مەقسىتىڭىزنىڭ بارلىقىدىنمۇ ياكى بىلمىگەنلىكىڭىزدىنمۇ؟ بىلمىدىم. بىراق،ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى بۇرمىلاۋاتىسىز. ئەركىڭىز بىلەن ھوقۇقىڭىزنى ھېچكىم بۇزۇۋاتقىنى يوق. ئۆزىڭىز خالىغاندەك ياشاۋېرىڭ، بىراق كەشپىيات قىلغان، ئادەمزات تارىخىدا بۇيۇك كەشپىيات ياراتقان زىيالىي سىزنىڭ كۆڭلىڭىزگە ئارامسىزلىق چۈشۈپ قالىدىكەن دەپ ئۆزىنىڭ ئىلمىي ئىزدىنىشلىرىنىڭ نەتىجىلىرىنى جامائەتتىن يوشۇرۇپ قالالمايدۇ، يەنە بىزنىڭمۇ يوشۇرۇشىمىز لازىم ئەمەس، فىلوفېينى ھەقىقەتتىن تېيىشقا، ئۆزىگە قارشى چىقىشقا مەجبۇرلۇشقا بولىدۇ. بىراق، فاكىت دېگەن فاكىت. كاسساندرا تۆرەلمىلىرى بار ھەم مەۋجۇد بولۇۋېرىدۇ. بۇندىن سىرت، كاسساندرانىڭ بەلگىسى ئۆزىمىزنى تىز پۈككۈزۈۋاتقان ھارامىلىق ھەققىدە بىلدۈرگىنى بىلدۈرگەن. شۇڭلاشقا، ئۆزىمىزنى ئالدىماسلىقىمىز كېرەك، بولغان ئىشنى ئۆزىمىزدىن يوشۇرماسلىقىمىز كېرەك. تەتۈرىچە، بىز، قانداق دېسەم ئېنىقراق بولاركىن؟ ئوققا كۆكرەك تۇتۇپ بېرىشىمىز كېرەك.

—— ھەي، ھەي، مۇشۇنداق دېيىشكە قانداق ئاغزىڭىز باردى؟ ئوققا كۆكرەك تۇتۇش؟!ـ دەپ، ئوقنى كىمنىڭ كۆكرىكى بىلەن توسىماقچى سىز؟ ئاياللارنىڭ كۆكرىكى بىلەن توسىماقچىمۇ سىز، ئاياللارنىڭ كۆكرىكى بىلەنمۇ؟!ـ دەپ زالنى قاپلىغان بىر ئايالنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. سىزنىمۇ

ئەركەك دەيدىكەن ـ ھە! ئەرلەر ھوقۇقدارلىقى تەرەپدارىنىڭ شۇ يەردىمۇ ئۆزىنى كۆرسەتكۈسى بار! مەن ئۇققا كۆكرىكىمنى تۇتمايمەن! پىشانەمگە ھېلىقى ئىپلاس ۋە رەسۋا كاسساندرانىڭ بەلگىسىنىڭ چىقىشىنى خالىمايمەن!

-- كەچۈرۈڭ!- ئېكراندىن فىلوفېينىڭ ئۈنى ئاڭلاندى،- كەچۈرۈڭ، خۇدا بار، سۆزىڭىزنى بۆلەي دېگەن ئويۇم يوق ئىدى. بىراق، كاسساندرانىڭ بەلگىسى ئىپلاسلىقلا ئەمەس، ئۇياتمۇ ئەمەس ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ قويۇشۇم كېرەك. پۈتۈنلەي ئۇنداق ئەمەس، مەن ھېلىھەم چۈشەندۈرىمەن. ئۇ بوغۇندىن ـ بوغۇنغا يىغىلىۋېرىپ ئۆزىمىزدە يىغىلىپ قالغان يامانلىق، ھارامتۆشلۈك ھەققىدە ئەسكەرتىش بېرىۋاتقان كاسساندرا تۆرەلمىسىنىڭ رېئاكسىيىسى ـ جاۋابى، ئاخىرى قىيامەت ئۆزىمىزدە يوشۇرۇنۇپ ياتىدۇ، بۇ تامغا بىزگە مانا شۇنى بىلدۈرىدۇ. سىزلەردىن سورىدىغىنىم، ئاخىرقى سۇتكىلاردا ئاڭلىغانلىرىمنىڭ ھەم كۆرگەنلىرىمنىڭ بارلىقى ئۆز كەشپىياتىم!! قەرەلىدىن، چېكىدىن بۇرۇنلا يارىتىلغانلىقىنى، ئۇنى زامانداشلىرىمنىڭ چۈشىنەلمىگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇرىدۇ، مانا شۇ سەۋەبتىن مەن يوق بولۇشنى، بۇ ھاياتتىن ۋاز كېچىشنى، ھېچكىمگە يامانلىق تىلىمەي كېتىۋېرىشنى خېلى ئۇزۇن جەرياندىن كېيىن قارار قىلدىم، بىر ياخشى يېرى، بۇنى كائىناتتا، ھېچكىم ماڭا توسالغۇ بولماي تۇرغان ئەھۋالدا قىلىمەن، مانا شۇ ئاخىرقى مىنۇتلاردا سۆزۈمنى ئاڭلاپ، مېنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقانلارنىڭ ياكى مەن ھەققىدە كېيىنچىرەك بىلگۈچىلەرنىڭ ئالدىدا بېشىمنى ئېگىپ، كەچۈرۈم سورايمەن، ياخشى نىيەت بىلەن قىلغانلىرىم سىزلەرنى جاپا چەكتۈرۈپ قويدى، ئەمدى مېنىڭمۇ سەپىرىم قېرىدى، مەن ھازىر ئوچۇق كائىناتقا چىقىمەن ـ دە، ھايات مۇساپەمنى ئاياغلاشتۇرىمەن، تەقدىر شۇ، بۇ قەدەمدە تەييار بېشىمغا دۇبۇلغا كىيىشىملا قالدى، بىراق ئۆزۈم ياخشى

كۆرگەن پۇشكىنىنىڭ: « ئېسىت، بۇلۇتنىڭ ئۇستىدىكى پەرىشتىلەر قەسىرلىرىگە خۇداغا قوشنا بولۇپ يوشۇرۇنسام.» دېگەن مىسرالىرىنىڭ پىشانەمگە پۈتۈلگىنىدەك ئۆسۈپ يېتىلگەن ئۆزۈمىمۇ يەتسەم دەپ ئارزۇ قىلغان يەردىكى ھەم ئۆزۈمنىڭ كائىناتتىكى پاناھگاھىمنى تاشلاپ كېتىشتىن بۇرۇن، مۇشۇ ئاخىرقى قەدىمىنى تاشلاش ئالدىدا، مېنى ئاڭلاپ ھەم كۆرۈپ ئولتۇرغانلارغا ئېيتارىم شۇكى ـ تاپقۇر نۇرلار بىلەن سەييارىمىزنى نۇرلاندۇرغۇچى بارلىق جابدۇق يوق قىلىندى، بارلىق ھېسابلاشلار ۋە ئىشلەپ چىققان سان ـ سىفىرلار، يازمىشلار، كاسساندرا تامغىسىنىڭ غەيرىي ھادىسىسىنى ئېچىشقا مۇناسىۋەتلىك بولغاننىڭ بارلىقى يوق قىلىندى. شۇلارنىڭ جىممىسى يوق بولىدۇ، مەن بىلەن قوشۇلۇپ كېتىدۇ، بۇندىن سىرت، ھېچقاچان، ھېچنەرسە بولمىغاندەك، جىممىنى ئۇنتۇڭلار ـ دە، بىخىرامان ياشاۋېرىڭلار، بەلكىم قانداقتۇر بىر ۋاقىتتا ئادەمزاتى ئەقىل ـ ئويى بىلەن بۇلارغا يەنەمۇراجىئەت قىلار. بىراق، ئۇنداق ئىشلار بىزدىن كېيىن بولماقچى، ئۇ كېلەچەكنىڭ ئىشى، ھازىرچە ھەممىسى قايتىدىن ئۆز ئورنىغا كېلىدۇ، ھېچقانداق ئىز قالمايدۇ، ئەگەر مەندىن كېيىن ئوربېتىلىق ئىستانسىنى كىمدۇر بىراۋ تىنىتىپ قارىسا كۆزىگە چېلىقارلىق يالغۇز نەرسەــ دەل بۇ ئۆز ئۆمرۈم ھەققىدە يازغانلىرىم، تەقدىر ھەققىدە، مەزگىل ھەققىدە ماڭا كاسساندرا تۆرەلمىلىرىنىڭ قانداق قىلىپ ھەم نېمە ئۈچۈن زاھىر بولغانلىقى ھەققىدە ،كائىناتتىكى كاھىنىنىڭ ئەسلىمىلىرى ئۆزۈمنىڭ كېيىنكىلەرگە قالدۇرغان يالغۇز نەرسەم شۇ، ئەگەر كۆڭلۈڭگە مۇۋاپىق كەلسە، ئوغلۇم ئەنتونى يۇنگېر، ئۇ يازمىشلارنى ساڭا مىراسقا قالدۇرىمەن، ۋەسىيىتىم بولسۇن، قىممەتلىك ئەنتونى، سېنى ئوغلۇم دېگىنىم ئۈچۈن كەچۈرۈپ قوي. بىراق بۇ قەلبىمنىڭ ئەركى، يەنە سېنى ئەل ئالدىدا ئوغلۇم دەپ ئاتاشقا مەجبۇر قىلغان

تەقدىرگە رازىمەن، تەقدىر ئىكەن، ئەۋلادسىز قالدىم، شۇنداق بولۇپ ئاخىرقى سىكۇنتلاردا روھانىي ئوغلۇم ئەنتونى يۇنگېرىم بار دەپ ئويلىيالىدىم.

زالدىكىلەر قىمىر قىلماي قالدى، ئۇندىن كېيىن قايتىدىن فىلوفېينىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

ـ 283ـ مېنى كەچۈرۈڭلار، خالايىق! خوشلىشىۋاتقاندا ھەممىنى ئېيتالمايمەن. بىراق، كېتەر ۋاقتتا بىر نەرسىنى ئېيتماي تۇرالمايمەن، مېنى ئۆزىگە ـ ئۆزى ئات قويغان كاھىن، ئۆز ئېتىنى ئۆزى فىلوفېي دەپ چاقىرغان دېگەنلەرمۇ بولدى، ئۇنىسى راست، كاھىن قىلىپ ھېچكىم چېچىمنى قىرقىغان ئەمەس. بىراق، بۇ ئىشنىڭ ئەھمىيىتى چېركاۋنىڭ قائىدە ـ رەسىملىرىدىكىدەك ئەمەس، ئەھمىيىتى بولسا، مەيكۈرەگە ئىشەنگەنلىكىنىڭ كۈچىدە، مانا شۇ جەھەتتىن مېنى توغرا چۈشەنسەڭلار ئىكەن دەيمەن.

ـ قەرەلى كەلدى، سىلەر بىلەن خوشلىشاي، سەييارە بىلەن خوشلىشاي، مەن سەييارىمىزنى ئېكرانلارنىڭ بىرىدىن تولۇقى بىلەن كۆرۈپ تۇرىمەن، باشقا ئېكراندا سەييارىمىز ئۇچۇر ـ بۇچۇرگىسىگىچە ئالقانغا سالغاندەك دانە، چوڭايتىلىپ كۆرسىتىلگەن ئايرىم دالدىرمىلەر باغۇ ـ بوستان، چۆپ ـ ئۆسۈملۈكلەر، تاشلار، يەنە ھېلىقىدەك قانداقتۇر بىر تاڭ قالارلىق، ھازىرچە ئانچە چۈشۈنىكسىز، قانداقتۇر ئەقىلگە سىغماس كۆرۈنۈش، ئەگەر ئوربېتىلىق كۆرۈنۈشتىكى كۆرۈنۈۋاتقانىنى يەرگە ئېلىپ بېرىشكە تېخنىكىلىق جەھەتتىن مۇمكىنچىلىك بولسا ئۇنى ئۆزۈڭلار كۆرۈڭلار، ئەنە، مېنىڭ ئوڭ تەرىپىمدىكى ئاتلانتىك ئوكيان! قاراڭلار، تاغدەك دولقۇنلار جىيەككە سېلىپ ئۇرۇلماقتا، ئاندىن ئاۋۇنى كۆرۈۋاتامسىلەر، نېمە بولۇۋاتقانلىقىنى؟! سىلەر كىتلارنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتامسىلەر؟! ئاۋۇ، ئالاھىدە بىر ئۇيۇر! ئۇلار تاغدەك بولۇپ ئوكياندىن ئۇرۇپ

چىقىشتى، ئەنە، قاراڭلار، ئاھ شۇملۇق، ئاھ، پالاكەت، كىتلار شىددەت بىلەن بېرىپ ئۆز تېنىنى ساھىلغا ئۇرماقتا، قاراڭلار، بۇ نېمىدېگەن ئاجايىپ بىر مۆجىزە؟!ـ ھە! بۇلار جېنىدىن كەچكەن كىتلار! ئۇلارغا نېمە بولدى؟ نېمە ئۈچۈن ساھىلغا ئۆزىنى تاشلاپ ياتىدۇ؟! ئۇلارنىڭ جېنىدىن كېچىشكە نېمە سەۋەب بولدى؟ بۇ قىلغىنى نېمىسى؟ بۇ كىتلەربىلەن بىزنىڭ ئاخىرقى نىيىتىمىزنىڭ بىر ـ بىرىگە دەل كېلىپ تۇرغىنىدۇر؟ سائىتى ـ قەرەلىگە! كىتلارنىڭ ئۆلۈمگە جان قىيغانلىق سەۋەبىنى مەن چۈشىنىشكە باشلىغاندەك قىلدىم، بۇ ھادىسىنىڭ ماھىيىتىگەتېرەن كىرەلمىگەنلىكىمنىڭ ئۆزى روشەن بولدى، ھاياتنىڭ بۇ مۆجىزىۋى سىرىنى بىلىش ئۈچۈن ئەمدى ۋاقىت يوق، روبېرت بوركمۇ مۇشۇنىڭ ئۆزى، ئۇنىڭ ماقالىسىنى ئوقۇپ چىقىپ، تەپەككۇرىنىڭ تېرەنلىكىنى چۈشىنىشكە باشلىغان ئىدىم، بىراق يېزىلغانلارغا ئېيتىلمىغان يەنە بىر نەرسە قېتىلىپ تۇرىدۇ، مەن بىر ـ بىرىمىزگە ياردەمدە بولۇپ ئۆز ئارا كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلايمىز، ئۇندىن كېيىن بىزگە روھنى يېڭىچە چۈشىنىش زاھىر بولىدۇ، دەپ كۈتكەن ئىدىم، بىراق ئۆلگۈرمەي قالدۇق، تەقدىر بۇيرۇماپتۇ، كىتلارمۇ شۇنداق بولدى، ئەگەر ئۇلارنىڭ تىلى بولسا ئىدى، بىر قانچىلىغان نەرسىنى بىلگەن بولار ئىدۇق، مەن قارىمىلىپ قالدىم، مەن ئۇلارنىڭ نالەشلىك ئۇنىنى ئۇققاندەك بولۇۋاتىمەن، كىلار مېنى ئۆزلىرى بىلەن بىرگە چاقىرماقتا، مەنمۇ ئۇلارنىڭ ئارقىدىن كەتتىم، مەنمۇ شۇ خىل تېنىنى ساھىلغا تاشلاپ، جېنىدىن كەچكەن كىتنىڭ ئۆزى، ئاخىرىقىسى روبېرت بوركقا مۇراجىئەتىم، مەن ئالدىڭدا ئەيىپلىك، مەن كىتلار بىلەن قوشۇلۇپ ساڭا جۆنىدىم، قوشۇۋېلىڭلار!

ئۇندىن كېيىنكى كۆز ئالدىدا بولۇۋاتقانلار كۆرگۈچىلەرنى ھەيران قالدۇردى، فىلوفبې پۇتكۈل دۇنيانىڭ، شۇ ۋاقىتتىكى تېلېۋىزىيە

ئېكرانلىرىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغانلارنىڭ جىمىسىنىڭ ئالدىدا ھايات بىلەن خوشلاشتى، كاھىنىنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتى ئۇنىڭ ئۆز ئەينەن ،قايتمايدىغانلىقىنى راستلاپ تۇردى، ئادەمنىڭ ئۆز جېنىدىن ئۆزى قىيىپ تۇرۇۋاتقانلىقىغا گۇۋاھ بولۇپ ئولتۇرۇشقانلارنىڭ جىمىسى بىلىپ تۇردى، فىلوفېينى ئويلىغان ئويىدىن تارتىشقا، ئۆلۈم بوسۇغىسىدىن ئۇنى قايتىشقا چاقىرىشقا ھېچكىمنىڭ مۇمكىنچىلىكى يوق ئىدى.

زال تىمتاس بولدى ـ دە، ھېچكىم ئورنىدىن قوزغالمىدى، ھېچكىم لام ـ مىم دېمىدى، ھەممەيلەننىڭ كۆزى كائىناتىي كاھىنىنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى كۆز چىمىلداشلىرى ئۆتۈۋاتقان ئېكرانغا قادالدى، ئۆلۈم ئەركىنلىكى ھېچنەرسە بىلەن ئورۇننى تولدۇرۇۋالغۇسىز، ھېچنەرسە بىلەن ئۆلچىگۈسىز روھنىڭ مۆجىزىسى، بىر تراگېدىيىسى ئىكەنغۇ،ـ دەپ ئويلىدى، توساتتىن ئەنتونى يۇنگېر، ئاڭغىچە فىلوفېي بېشىغا ئېغىر كائىناتىي دۇبۇلغىنى كىيدى، ئۇنىڭ خىزمەت كىيىمىنىڭ ياقا تۈگمىلىرىنى ئېيتىۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، مانا شۇ ۋاقىتتىن تارتىپ ئۇنىڭ ئۆڭى غۇۋا ـ شىرە بولۇپ قالدى، ھەممە تەييار بولدى، ئەمدى ئالەم كېمىسىدىن سىرتقا چىقىشلا قالدى، فىلوفېي قايرىلىپ قارىدى، بەلكىم بىر نەرسەنى ئېيتقان بولۇشى مۇمكىن، بىراق سۆزى ئاڭلانمىدى، خوشلىشىش ئۇچۇن قولىنى پۇلاڭلاتتى ـ دە، ئوچۇق ئالەمگە ئۆزىنى تاشلاش ئۇچۇن قاپقاقنى قاراپ قەدەم شىلتىدى، قاپقاقنىڭ قانىتى يېنىك ئېچىلدى ـ دە، فىلوفېي بوشلۇققا قەدەم تاشلىدى.

ئۇ يۇلتۇزلار ئارىسىدىكى چەكسىزلىككە قەدەم تاشلىدى، ئۇستىمۇ، ئاستىمۇ سول تەرىپىمۇ، ئوڭ تەرىپىمۇ، گورزىنتىمۇ، پايانىمۇ،چەن ـ ئۆلچىمىمۇ بولمىغان چەكسىزلىككە تاشلاندى.

ئۇ لەيلەپ قالدى، ئۇندىن كېيىن ئالەم كېمىسىدىن يىراقلاپ، تەرەپسىز

لەيلەپ كېتىۋاتاتتى، ئۇ سالماقسىزلىقتا لەيلەۋېرىپ بىر مەھەلدە كۆرۈنمەي قالدى.

ساھىلغا ئۆزىنى تاشلىغان كىتلار، كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ، سۇيى تېيىز ساھىلدا جان تالىشىپ قىينىلىپ ئۆلۈپ يېتىشتى، ئوتتا پۇچىلانغان تاغدەك تېنى قارىيىپ، ئۇلارنىڭ گەۋدىلىرى ھەر ياندا ياتتى.

يەر شارى بولسا ئادەتتىكىدەك قۇياشنى ئايلىنىۋەردى.

ئەتىسى سەھەر بىلەن پۈتكۈل دۇنيانىڭ گېزىتلىرىنىڭ جىمىسى بىرىنچى بەتلىرىدە «ئالەم بوشلۇقىدا بىرىنچى قېتىم ئادەم ئۆز جېنىدىن قىيدى!»، «كائىنات كاھىنى فىلوفېي ئادەمزاتنى كاسساندرا تامغىسىنىڭ ئېغىر سىنىقىدىن قۇتقازدى!»، «جېنى جەننەتتە بولسۇن!» دېيىشىپ بىر ئېغىزدىن جار سېلىپ چىقىشتى، شۇنىڭغا ئوخشىغان كۈچلۈك، تەسىرلىك كەيپىياتتىكى يەنە باشقا كۆپلىگەن بايانلار گېزىتلاردىن، تېلېۋىزىيە ئېكرانلىرىدىن ھەم رادىئو قاناللىرىدىن جار سېلىندى.

«مۇنبەر»دە ئەنتونى يۇنگېرنىڭ نامىدا تېزلا بىر نەچچە قۇرلار ئېلان قىلىندى: « ئاتىلىرىم فىلوفېي بىلەن روبېرت بورك»، «چىغىر يول، ئىز سېلىپ كېتىشتى، مەن شۇ چىغىر يول ۋە ئىزنى بويلاپ ئۇلاردىنمۇ يىراققا كېتىمەن».

بىراق تەبەسسۇم بىلەن مەسخىرىلىك، يىغىرىنى تاتىلىغان قىيقىرىقلارمۇ بولدى: «ئۆزىگە ـ ئۆزى ئات قويغان كاھىنىنىڭ ئېتىنى كۆككە كۆتۈرۈپ ماختاش تەلەپ قىلىنمايدۇ، ئۇنىڭ ئاللىبۇرۇن قورسىقى يوغىناپ ھامىلىدار بولۇپ، كائىناتتا!».

يەنە باشقا تاڭ قالدۇرارلىق يېڭىلىقلارنىڭ ئارىسىدا، بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ نەچچە رەت ئېلان قىلىنغان، سىرلىق بايانات كېزىپ يۈردى: «ئاتلانتىك

ئوكيانىنىڭ غەربىي ساھىلىدا كىتلارنىڭ چوڭ توپى ئوكياندىن قۇرۇقلۇققا ئۆزىنى تاشلىدى، جانۋارلارنىڭ بارى ئۆلدى».

يەنە بىر تاڭ قالارلىقى، روسىيىنىڭ گېزىتلىرىدىن ئېلىنىپ بىمەنە خەۋەر بولۇپ مۇنداق بىر يازمىش ئېلان قىلىندى، «تۇنۇگۇن كېچە قىزىل مەيداندا نامەلۇم بىراۋ قەبرىگاھقا قاناتلىق ھايۋاننىڭ تاپى يەنى ھۇقۇشنى تاشلاپ كەتكەن، تەكشۈرۈلگەندە ئىچىدە پارتلاتقۇچ يوق بولۇپ چىقتى».

ئىككى كۈندىن كېيىن روبېرت بوركىنىڭ مېيىتى يەرلىكىگە قويۇلدى، قەبرىستان جىمجىت، كۆز، قۇياش ئوپئوچۇق، خوشلىشىش زىيارىتى ۋاقتىدا ئەنتونى يۈنگېر ئاسمانغا كۆز يۈگۈرتتى ـ دە، ئويلاپ قالدى: ئىككەيلەن تەڭ ھەقىقەت يولىغا چۈشۈپ، ماڭلايلىرىغا پۈتۈلگەن جاينى ئىگىلەشتى، بىرى :

287كائىنات بوشلۇقىدىن، چەكسىزلىكنىڭ ئېقىمىدىن، ئىككىنچىسى يەر يۈزىدىن، مەڭگۈلۈكنىڭ قۇچىقىدىن جاي تېپىشتى.

ھەقىقەتمۇ ئۇلار بىلەن....

« ئۆمۈر سەپىرىم قېرىدى، پانىيلىق شارابىنى ئىچەرىمگە ساناقلىقلا ۋاقىت قالدى، كومپيۇتېردە ۋىدالىق مەكتۇبۇمنى يېزىپ ئۈلگۈرۈشكە ئالدىراۋاتىمەن، مانا قىزىق، ھاياتىمدا بۇ ئويغا كەلگەنلىكىمنى قارا، مەن ھازىر يەردە يورۇق كۈن ئاستا ـ ئاستا قاراڭغۇلىشىپ تۈنگە ئايلىنىپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن، ئۇندىن كېيىن ئۇ قايتا يورۇق بولۇپ، يېڭى كۈنگە ئايلىنىدۇ، مانا بۇ مەڭگۈلۈكنىڭ كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان ئېقىمى مانا بۇ مەزگىلنىڭ كۆز ئالدىدىكى چەكسىزلىكى، بىراق ئوربېتىدىن قاراپ تۇرغان سۇبيېكت ئۈچۈن چەك قويۇلدى.

ئالەم ماسىشتابىدا ئادەم ئۆمرى چىۋىننىڭ ئۆمرى، بىراق ئادەمگە ئەقىل ـ ھۇش بېرىلگەن،يەنە ئادەمنىڭ ئۆمرىمۇ ئۇزارتىلغان شۇ، بىراق تەتۈرىچە

بولدى، ئەقىل ـ ھۇش ئۆمۈرنى كەسكىن قىسقارتىۋاتىدۇ، كۈننىڭ تۈن بىلەن ئالمىشىشىنىڭ مەخپىي سىرىغا مەن قانچە رەت دىققەت قىلدىم، شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈمگە ـ ئۆزۈم ئاخىرقى چېكىتنى قويۇشنى ئويلىغان ئەمەسمەن، چۈنكى ھۆكۈم كۈنۈم ، مەندەك بەندىنىڭ بىۋاپا ھاياتىنىڭ ئاخىرقى كۈنى كەلدى، ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆمرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بارلىق نەرسىگە ئوخشاش، ھۆكۈم كۈنۈم بىللە كېتىدۇ، ھۆكۈم كۈنۈمنى ئۆزۈمگە ئۆزۈم بەلگىلىدىم، قايغۇلۇق ئارتۇقچىلىقىمۇ، ياناس خاتالىقىمۇ شۇنداق.

شۇ ھايات سەپەرىمنى يېزىپ پۈتتۈرۈش بىلەن ئەگەر مۇمكىنچىلىك بولسا، كائىناتىي ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىغا چىقىمەن، ئۇندىن كېيىن ھاياتلىق بىلەن خوشلىشىمەن، ئۆز جېنىمدىن ئۆزۈم ۋاز كېچىشىم كېرەك، ئۆزۈمگە چىقارغان ھۆكۈمۈم شۇنداق، مەن جامائەتنىڭ ئادەتكە ئايلانغان ئاڭ ـ سېزىمنى ۋەيران قىلدىم، مىليۇنلىغان ئادەملەرگە ئۆچ كۆرۈنىدىغان بولدۇم، مەن روبېرت بوركنىڭ ئۆلۈمىنىڭ سەۋەبچىسى، مەن تۈيۈق يولغا قاۋالدىم، يوق بولۇشۇم، ھاياتتىن قول ئۈزۈشۈم كېرەك، باشقا يول يوق!.»

كىشىلەر سەكراتتا ئادەمگە نەپەس يېتىشمەي قالىدۇ، دەپ قويۇشىدۇ، شۇنداق بولسىمۇ، ئېيتار سۆزۈمنى ئېيتىۋالاي، يەردىكىلەرنىڭ جىمىسىنىڭ قارغىشىغا قالغان ئادەمنىڭ ئۇنى ئۆچ كۆرىدىغان دۇنيانىڭ نېمە بولۇشى بىلەن نېمە كارى؟ ماڭا دېمەكنىڭ ھەممىسى يىلان سىيىپغاندەك دۇنيا ئېلىپ كەتسۇن دېسەم بولاتتىغۇ! بىراق، ئۆز ـ ئۆزۈمگە ئۆلۈم تەييارلانغان ۋاقىتتىمۇ ئۆزۈمنىڭ چۆچىگەنلىكىمنى يوشۇرالمايمەن، ئادەملەر قانداق قىلار ئىكەن؟ كاسساندرا تامغىسى بىلەن بولغان ۋەقە كېلەچەكتە ئادەملەرنىڭ ئەقلى بىلەن ۋۇجۇدىغا قانداق تەسىر بېرەر ئىكەن؟ ئۇندىن قالسا ھەرقانداق بولغان كۈندىمۇ قارغىشقا قالغانلىقى بىلەن يەنىلاھەقىقەت بولۇشتىن قالمايدۇ ـ دە، بۈگۈن

چەتكە قېقىلغان قىيىن مەسىلە ئەتە قايتا لەيلەپ چىقىدۇ، ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس.

هۆكۈم كۈنۈم كەلدى، ئۇ كەلمەي قويمايتتى، ماڭا چېكىنىش يولى يوق، مەن سىلەرگە، ئادەملەر! ئۆزۈمنىڭ جان سىرىمنى قالدۇرۇۋاتىمەن، ئۇندىن كېيىن سىلەر ئۆزىنى كېيىن كائىناتتىكى كاھىن دەپ ئاتىۋالغان مېنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى، نەدە تۇغۇلغانلىقىمنى قانداق ياشىغانلىقىمنى، نېمە ئىش قىلغانلىقىمنى، بالايى ئاپەتلىك كاسساندرا تامغىسىنىڭ سىرىنىڭ ماڭا قانداق ئېچىلغانلىقىنىڭ تىلسىمىنى بىلىسىلەر....

خوشلىشىۋېتىپ يەنە ئېيتاي، ئەڭ كۈتۈلمىگەن ئويلار يەنە خىياللار ماڭا ئالەمدە يۈرگىنىمدە كەلدى، ئۇنى نېمە دەپ چۈشەندۈرۈشۈمنى بىلمەيمەن، كائىناتتىن بۇلۇت ئارىسىدىكى يەرگە قارىغانسېرى خۇشاللىنىپ ئويلىنىمەن، ئۇھ خۇدا، يەر شارى نېمىدېگەن كارامەت يارالغان! ئەدناسى كۈنمۇ كىشىلەر ياشىغان يەرنىڭ هۆرمىتى ئۈچۈن يارالغان بولسا كېرەك، بولمىسا شۇنىڭ بارنىڭ ماھىيىتى قايسى؟ دۇنيا ئادەمگە كېرەك، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ مەۋجۇت، شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەم ئۇنى تۇيۇپ سېزىدۇ، تۇيۇپ سەزگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ بار، بولمىسا مانا بۇ سامان يولىنىڭ نېمە كېرىكى، نېمە؟ بىراق ئاشۇ پانىيلىقنىڭ ھەممىسىگە ئادەم ئۆزى ئەرزىمدۇ؟ مانا مۇشۇ ئەقىل يەتمەس دۇنيانىڭ تۈزۈلۈشىگە؟ مانا ئادەمنىڭ تىلسىمى!

ۋاقتىم پۈتتى،ناھايىتى ئاز قالدى،بىر ئازدىن كېيىن ئىستانسىدىن ئۆزۈمنى تاشلايمەن،سەكرەيمەن،يەردىن يىراق،ناھايىتى يىراق، شۇنىڭ بىلەن ئۇنۇم ئۆچىدۇ، مېنى كەچۈرۈپ قويۇڭلار.

فىلوفېي»

كائىناتىي كاھىنىنىڭ بۇرۇنقى ياشىغان جايىغا ئەرشكارلارنىڭ گۇرۇپپىسى

كەلگەن دەسلەپكى كۈنلا فىلوفېيىنىڭ مەكتۇپى بىلەن جان سىرىنىڭ تېكىستى رۇس تىلىدا يەرگە ئىبەرتىلدى، ئالەم كېمىسىنىڭ كوماندىرىنىڭ تېزلا بەرگەن بايانىدا شەخسىي كومپيۇتېرنىڭ ئىچىدە فىلوفېي قالدۇرغان ۋەسىيەت ساقلانغانلىقى، ئۇ ئالەملىك ئىستانسىنىڭ كەلگۈچى شەخسىي كومپيۇتېردا ساقلانغان ئۇنىڭ جان سىرىنى ئەنتونى يۇنگېرگە بېرىپ قويۇشنى سورىغانلىقى ئېيتىلدۇ، «ئەنتونى يۇنگېر يازغانلىرىمنى خالىغانچە پايدىلىنىشقا ھەقلىق».

تېكىست: «سەن بىلەن ھەم سەندىن كېيىنكى كەچۈرمىشلىرىم» دەپ تەقرىب قويۇلغان، ئۇندىن باشقا تۆۋەندىكىلەر يېزىلغان:

«ئالەمدىكى ئوربېتىلىق ئىستانسىغا دۇچار بولىمەن دەپ بۇرۇن ھېچقاچان ئويلىمىغان ئىدىم، ئاڭا مېنى ئىلىم - پەن يولى ئېلىپ كەلدى، بىراق ، ئالەمگە يالاڭلا ئىلمىي مۇدىئا بىلەن جۆنىمىگەنلىكىمنى، ئۆزىنى - ئۆزى يەر يۈزىدىن قوغلانغاندىن كېيىن ئۆزىنى - ئۆزى كائىنات كاھىنى دەپ ئاتىغان قوغلاندى ئىكەنلىكىمنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، ئىلگىرى سىياسىي ياكى قانداقتۇر بىر سەۋەبلەر بىلەن چەت دۆلەتتىن ماكانىغا، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا كېلىشتىن باش تارتىشقان، شۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل دۇنيانىڭ كۆز ئالدىدا يىرىك مەملىكەتنىڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى چىققان ئادەملەر ئۆزلىرىنى ‘‘قايتماس’’لار دەپ ئاتاپ قويۇشاتتى، شۇلاردەك مەنمۇ ئۆزۈمنى’’يالتايماس‘‘دەپ ئاتاپ قويسام بولغۇدەك.

بىراق، يوق، ئۇ سۆز بۇ يەرگە توغرا كەلمەيدۇ، مەن سۈرگۈن قىلىنغۇچىمۇ، داجىغاقمۇ ئەمەس، بۇ بولسا چۈشەندۈرۈلۈشى مۇرەككەپ بولغان كىشىلەردىن قېچىش، كائىنات ئارقىلىق كىشىلەردىن بىكىنىش، روھنىڭ كائىنات بىلەن بىر گەۋدىلىشىشىنىڭ ناھايىتى ئەپسىز ئاڭلانغانلىقىغا

قارىماي، مەن مۇشۇنداق قىلىپ قويار ئىدىم، بىراق كائىناتتا ئۆتكەن ئۆمرۈم پۈتكۈل ھاياتىمنىڭ مەنتىقىي خۇلاسىسى، تەرەققىياتىمنىڭ ئەڭ ئالىي ھەم ئاخىرقى نوقتىسى بولدى، بۇ ئۆز زۆرۈرلۈكى ئالدىنئالا بەلگىلەنگەن تەقدىر بولسا كېرەك، شۇنداق بولارىغا مۇمكىن ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش قىيىن. بىراق، يورۇق دۇنيادا نېمىلەر بولمايدۇ، نېمە ئىشلار يۈز بەرمەيدۇ.

تەقدىرىمنىڭ باغلىنىشى كىشىلەرنىڭكىدەك ئەمەس، باشقىچە بولدى، شۇ سەۋەبتىن ئۆمۈر بويى تۆرىلىشىمنىڭ، تېخىمۇ ئېنىق ئېيتقاندا، تۇغۇلغانلىقىمنىڭ سىرىنى ئېيتىشتىن قېچىپ ئۆمۈر بويى ئۇنى ئارقىمۇ ـ ئارقا يامانلىقتا تۇرتۇشكە ھەرىكەتلىنىپ كېلىۋاتىمەن.

بوۋاق ۋاقتىمدا يوتقانغا ئوراپ تۇرۇپ بالىلار باغچىسىنىڭ ئىچكى بوسۇغىسىغا، ئۇدۇل كىرگەندىكى يېرىگە تاشلاپ كېتىپتۇ، مېنىڭ تەگاتىمنىڭ كرىلېتسوۋ(كرىلېتسوۋ ـ دېگەن تەگات، رۇس تىلىدا بوسۇغا، دەھلىز دېگەن مەنانى بىلدۈرگۈچى سۆزدىن كەلگەن. ئۇيغۇرچىگە تەرجىمە قىلغۇچىدىن)بولۇپ قالغانلىقىمۇ دەل شۇنىڭدا، بۇ تەگات بالىلار باغچىسىدا قويۇلغان، ئېتىمنى ئاندرېي قويۇشۇپتۇـ دە، ئاتامنىڭ ئېتىنىمۇ شۇ سۆزدىن ياساپ ئاندرېيېۋىچ دەپ ئاتىشىپتۇ. كرىلېتسوۋ ئاندرېي ئاندرېيېۋىچ دېگەن نامنىڭ ئۆزى بۇ بىر پاجىئە، ماڭا كېيىن باشقىلارنىڭ ئېيتقانلىرىغا قارىغاندا 1942 ـ يىلىنىڭ ئايىغىدا قىشنىڭ قاراڭغۇ تېگىدا بولغان ئىكەن، ئۇ تاڭ ئېسىمدەبار، خىرە ـ شىرە يادىمدا ئەلۋەتتە، بۇنىڭغا ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ، شۇنداق بولسىمۇ، ئامال قانچە؟ بولغان ئىشلارنى ئۆز ئەينى ئېيتىۋاتىمەن، ئاپام ماڭغاندا چىققان قارنىڭ غىچىرلىغان ئاۋازى ئېسىمدە. شۇ قىشنىڭ سەھەرىدە ئۇنىڭ ئالدىراش كېلىۋاتقانلىقىمۇ ئېسىمدە. ئۇ مېنى كۆكرىكىگە مەھكەم بېسىپ ئىككى تەرىپىگە ئالاڭ ـ بۇلۇڭ قاراپ، دۈگدىيىپ ماڭغان

ئىدى، ئۇنىڭ يۇرىكىنىڭ دۇپۇلدەپ قاتتىق سوققانلىقى ئاڭلىنىپ تۇرغان. ئۇ قاتتىق هاسىراپ قۇلىقىمغا بىر نېمىلەرنى شىۋىرلاپ، يىغىنى هەم كۆز يېشىنى توختىتىشقا هەرىكەت قىلىپ كېلىۋاتاتتى، بالىلار باغچىسىنىڭ بوسۇغىسىغا مېنى تاشلاپ قويماقچى بولۇپ كېلىۋاتقان چاغدا مەن يۆگەك ـ كۆرپەمنىڭ ئوچۇق يېرىدىن ئۇنىڭ ئۆڭىنى، قار يېپىشقان كىرپىكلىرى بىلەن كۆزلىرىنى، بوزارغان ئاسماننى، لەپىلدەپ چۈشۈۋاتقان قارنى كۆرگەن ئىدىم، قار ئوڭ ـ تەتۈر ئايلىنىپ بولۇشىغا يېغىۋاتاتتى، بەلكىم ئاپام ماڭا شۇ چاغدا «سەن يىغلا، كىشىلەر تېز بايقىسۇن» دەپ شىۋىرلىغاندۇر؟

ئاپام مېنى بوسۇغىغا قويغاندا ئۇنىڭ بۇ ئىشىنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى دەررۇ چۈشەنگىنىم يوق، سوغۇقتىن ئۇششۇدۇم، ئۇ قايتىپ كېلىپ، مېنى باغرىغا بېسىپ ئالىدۇ، دەپ كۈتتۇم، بىراق ئاپام دەرەخلىككە يوشۇرۇنۇپ، چەتتە قار كۇرتۇكىدە تۇردى، كەلمىدى، شۇنىدىن كېيىن يىغلاپ كەتتىم، قاتتىق يىغلاپ كەتتىم، ئۇنىڭغىچە ئىشىك ئېچىلدى ـ دە، كىمدۇر بىراۋ كېلىپ مېنى قولىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ ئېلىپ كەتتى.

كۇرتۇك، يەنى قار دۆۋىسى دېگىنىم. كېيىن باشقىلاردىن تىكەندەك يالغۇزلۇقتا ئاڭلىغانى سۆزۈم شۇ بولدى، «ئاپامنىڭ ئىزىنى قار كۇرتۇكىدىن كۆردۇق،ـ بولدى، باشقا هېچقاچان، هېچقاچانقى يەردە ئىز قالغانلىقى كۆرۈنمىدى...».

هازىر مەن كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەلەيمەن، بىر ياققا تاشلاپ قويغان بالىسى ۋارقىراپ ياتسا كەلمەي، دەرەخلەرنىڭ دالدىسىدا قانداقمۇ چىداپ تۇرغاندۇ؟ دائىما بىر چۈش كۆرىمەن، قېلىن قار كۇرتۇكىنى يېرىپ ئۇنىڭ ئىزىغا قارايمەن، ئىزى قويۇق ئورمانغا كىرىدۇ، قورقىمەن، سوغۇق قارغا پاتىمەن، كېيىن: «ئاپا! ئاپا!» دەپ قىيقىراشقا باشلايمەن ـ دە، ئويغىنىپ كېتىمەن.

بىراق شۇ بالايى ـ ئاپەتلىك تاڭدا مېنى شۇنداق بالايى ـ ئاپەتلىك تاشلاندى قىلىشقا ئانامنى نېمە مەجبۇرلىغان ئىكەن؟ ئېسىت، بىلسەمچۇ؟ دادام كىم ئىكەن؟ ئانام دادامنى ئۆزىلا بىلىدىغاندۇ بەلكىم، مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش كۆپ سوئاللار ماڭا جاۋابسىز، ئۆمۈرلۈك تېپىشماق بولۇپ قالدى، باللار باغچىسىدا بۇ ئەھۋالدا ماڭا ھېچكىم نەزەر تاشلاپ قويغاندەكمۇ قىلمايتتى، گاھىدا ئۆز سىرىمنى كىمدۇر بىراۋ بىلەن بۆلۈشكۈم كەلگەن بىلەن ئۇنداق قىلىشقا ئۇنچىلىك خۇشتار ئەمەس ئىدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە، شۇ قار يېغىپ تۇرغان قىشقى تاڭدا ئانام مېنى باغرىغا بېسىپ كۆتۈرۈپ ماڭغاندىن باشقا ئەسلىگۈدەك ھېچنەرسە يوق. ئۇندىن قالسا، بىر ئىشنى يادىمدا قالدۇرۇپ قالغانلىقىمغا ھېچكىممۇ ئىشەنمەيتتى.

بىراق، ئېيتقانلىرىمغا قىلچىمۇ ئىشەنمىگەنلىكىنى بىلدۈرمەي ئاڭلىغۇسى كەلگەن يورۇق دۇنيادا تىكەندەك يالغۇز ئايال ۋالېريا ۋالېنتىنوۋنا بار ئىدى، خىزمەتداشلىرى ئۇنى ۋاۋا دېيىشەتتى، بىزمۇ شۇنداق ئاتىشاتتۇق، باللار ۋاۋا، ۋاۋا ئاچا دەيتتۇق، يەنە شۇنداق ئۆزىدە قانداقتۇر بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك يېقىنلىق، ئىللىقلىق بار ئىدى، ئۇندىن كېيىن ئەلۋەتتە، ۋاۋا ئاچا ھەممىمىزنىڭ سۆيۈملۈك تەربىيىچىمىز ئىدى.

باللار ئۆيىمىز رۇزا شەھىرىنىڭ چەت ياقىسىدا، مالىيۋكا يېزىسىنىڭ يېنىدا، ئۇ يەر مۆلچەر بىلەن موسكۋادىن يۈز چاقىرىمچە نېرى، بىزنىڭ 751 ـ نومۇرلۇق باللار باغچىسى، مەيدان، ئوچاستىكا يېتىم باللارغا باشپاناھ بولغان بولۇپ موسكۋا شەھەر ئەتراپىدىن گېرمان ئەسكەرلىرى چېكىنىپ كېتىشى بىلەن شەكىللەنگەن ئىكەن، شۇ چاغدا ۋاۋا بولسا ئورمان ـ توقاينىڭ ئىچىدە، قوشنا جايلاشقان كومپوزىتورلارنىڭ ئۆيىدە ئىشلەيتتى، بۇ ھەقىقەتەندە سوۋېتلەر ئىتتىپاقىلىق كومپوزىتورلارنى يېتىشتۈرۈپ

چىقارغۇچى جاي ئىدى، بۇ يەردە، خەزىنىدەك بايلىق بار جايدا، ھەر بىرى يەككە بىر قورۇدا ياشىغان ،ھەر قايسى رايونلاردىن ھەم جۇمھۇرىيەتلەردىن كېلىشكەن كومپوزىتورلار يۈز يىلغا يارايدىغان مۇزىكىلارنى  يارالغاندىن تارتىپ پەقەتلا ئۇلۇغلاردىن ئۇلۇغ بولغان يول باشچى ۋە ئەللەرنىڭ ئاتىسى يولداش ستالىننى مەدھىيىلىگەن سەلتەنەتلىك مەدھىيە خورلىرى بىلەن دىنىي مەدھىيە ناخشىلىرى كەبى مەدھىيىلەرنى يېزىشقان، بۇ يەرگە گاھىدا ئۆتۈكچىنىڭ ئوغلىدىن 20 ـ ئەسىرنىڭ ھۆكۈمدارىغا ئايلانغان بۇ ئادەمگە بېغىشلانغان ئەسەرلەرنى ئاڭلاپ، تەنقىدىي پىكىر بېرىش ئۈچۈن پارتىيىنىڭ ئالىي ئەربابلىرى كېلىشكەن، گاھىدا بۇ يەردە ھەربىي ناخشا ـ ئۇسسۇللار كۆرسىتىلەتتى، ئاتا بىزمۇ، بالىلار باغچىسىدىكىلەرمۇ كېلەتتۇق، ۋاۋا ئاچا ئىجادىيەت ئۆيىنىڭ باشلىقى ئىدى، بىراق ئۇ ئۆزىمۇ ئادەتتىكى پىيانىنوچى ئەمەس ئىدى، شۇ سەۋەبتىن ئۇرۇشتىن كېيىن ئۇ بالىلار باغچىمىزغا مۇزىكا يېتەكچىسى بولۇپ كەلگەن ئىكەن .

1941 ـ  يىلىنىڭ كۈزىدىن 1942 ـ يىلىنىڭ يېزىغىچە روزادا يەنە ئۇنىڭ چەت ياقىلىرىدا گېرمانلارنىڭ تانكىلىق ئەسكەرلىرى تۇرغان، ئۇ ۋەقەلەرگە، ئەلۋەتتە ھېچقانداق چېتىشلىقىم يوق ئىدى، بىراق تۇغۇلغان ۋاقتىم بىلەن تاشلاندىلىق تەقدىرىمنىڭ ئوتتۇرىسىدا، كۆرۈنۈشتە، قانداقتۇر بىر مۇناسىۋەت باردەك قىلاتتى. نېمىلا بولمىسۇن ۋاۋا ئاچا بۇ ھەقتە ئويلانغان، ھەم مەن بىلەن سۆزلەشكەندە، جان ـ جىگىرىمىزنى تۆكۈپ قالغان چېغىمىزدا، شۇنى قىيتىپ ئېيتىپ قوياتتى، ئۇ ئۆزىمۇ يېرىم يىلغىچە گېرمانلارنىڭ تاجاۋۇزىدا قالغان، ھەممە ئىش ئېسىمدە ئىكەن، ئۇ مېنى نوتىغا ئۆگىتىپ، مۇزىكا بۆلۈمىدە ئىككىمىز قالغان چاغلاردا، پارىڭىمىز مۇزىكىلىق ساۋاتتىن چىقىپ كېتەر ئىدى.

ۋاۋا، ۋاۋا! كۆز ئالدىمدا بايقالماي قېرىۋاتقان جان ـ دىلىم، يېقىنىم، مېنى ئۆز باغرىدىن چىققان بالىدىنمۇ ئارتۇق كۆرگەن شۇنداق كىشىنىڭ ئانام بولۇپ قالغىنى نېمىسى! ھەممىدىن قىزىقى، ھېچقاچان يېنىمدا ئانام بولغان ئەمەس، لېكىن ۋاۋانىڭمۇ بالىسى بولغان ئەمەس، ئۇنىڭ يېتىم ـ يېسىرلەرگە ئامراق بولۇپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبى تەنھالىقىدىن بولدىمىكىن؟!

ـ ئاندرېيۇشا، ـ دېدى ئۇ ماڭا، ئەلۋەتتە تاشلاندۇق بولۇپ قالغانلىقىڭغا ھەسرەت چېكىسەن، سېنى چۈشىنىمەن، ئارمان قىلماي تۇرالمايسەن، بىراق ئۇندىن باشقا چارىمۇ يوق، ئۇندىن كۆرە،ئۆزۈڭگە سىرتتىن كۆز يۈگۈرتۈپ باققىن، شۇنىڭدىلا باشقا نەرسىنى كۆرىسەن، ئەگەر يېڭىلىشمىسەم، ئاندرېيۇشا، خۇدا ساڭا چوڭ ئىقتىدار بەرگەن، سۆزۈم ھەق، مۇشۇ ئېيتقىنىمنى قاچاندۇر بىر ئەسلەرسەن، ئەقلىڭ پاك، بەكمۇ ئىقتىدارلىق بالىسەن، مانا بۇ مۇزىكىنى مىسال ئالايلى، سەن پۈختا مۇزىكانت بولۇپ چىقىشىڭ مۇمكىن، بىراق كىم بولۇشۇڭنى ئۆزۈڭ ھەل قىل، مۇزىكا ئۆزۈڭ ئۈچۈن، لېكىن ئەلگە باشقا ئىشىڭ بىلەن خىزمەت قىلىشىڭ مۇمكىن، مانا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئوقۇشۇڭنى داۋاملاشتۇرساڭ، ئۇ چاغدا ھاياتىڭ ئۆز قولۇڭدا بولىدۇ، ئۇندىن كېيىن مۇشۇ ئىقتىدارىڭ بىلەن ئاندرېيۇشا، ئاق يولۇڭ ئېچىلىدۇ، ساڭا ھېچنەرسە توسالغۇ بولالمايدۇ، شۇنداق، ساڭا ئاناڭ ھەققىدە ھېچنەرسە نامەلۇم دەيلى، بىراق ئاناڭنىڭ كىم ئىكەنلىكىمۇ پۈتۈنلەي نامەلۇم ئەمەسمۇ، يەنە بالىسىدىن ۋاز كېچىپ، يىتىپ كېتىشكە ئاناڭغا نېمە تۈرتكە بولغان، ئۇنى نېمە مەجبۇرلىدى؟ ئېيتىش ئۈچۈن ھەر قانداق ئىش بولۇپ كەتكەن كۆنلەردىمۇ ، ئويۇمچە، ئاڭا گۇناھ ئارتماسلىقىڭ كېرەك، ياق، ئانىنى ئۆچ كۆرىدىغان پەرزەنتمۇ بولمايدۇ، سەن خاپىلىما، بىراق مەن ئاڭا رازى بولۇشۇڭ كېرەك دېمەكچى، شۇنداق! سەن تاڭ قالما، بىراق

ئۆزۈڭ ئويلاپ كۆرگىن، ئاندرىيۇشا، ئوقۇشقا، بىلىم ئېلىشقاھىرىسمەن بولۇشتەك ئىقتىدارىڭ ئاناڭدىن، ئاتاڭ بىلەن ئاناڭدىن، سەن بۇ ئىقتىدارنى ئەجدادىڭدىن، بولۇپمۇ ئاناڭدىن ، ئاناڭ ئارقىلىق ئالدىڭ، سېنى تاشلاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ بېشىدىن نېمىلەرنىڭ كەچكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ، بىراق ئۇ شۇنداق قىسمەتلەرگە دۇچار بولغاندىن كېيىن، دېمەك، ئۇنىڭ باشقا چارىسى قالغان ئەمەس، بۇنداق قىلىش، دېمەك، سېنى ئامان ساقلاپ قېلىشنىڭ بىردىنبىر مۇمكىنچىلىكى بولسا كېرەك، نېمە ئۈچۈنلۈكىنى ئېيتالمايمەن، بىلمەيمەن، ھېچكىم بىلمەيدۇ، بىراق ئاناڭنىڭ باشقا ئامالى قالمىغانلىقىغا سېنى شۇنداق قىلىپلا ئامان ساقلاپ قېلىشى بولغانلىقىغا ئىشىنىمەن، شۇنداق قىلىپ ئۇ زور تەۋەككۈلچىلىققا پېتىنغان، بىراق مانا، ئامان ـ ئېسەن يۇرۇۋاتىسەنغۇ، باشقىنى بىلمەيمەن، بىراق باللار باغچىسى دېگەن بىزنىڭ مەملىكەتتە قۇرۇق گەپ ئەمەس، ئۆزۈڭدىنلا بايقىساڭ بولىدۇ، يەنە بولسا بۇ تېخى ئاناڭدىن، ئاناڭ ئارقىلىق، ئۆڭ ـ چىرايىڭ، بوي تۇرقۇڭ، سۇمباتىڭمۇ، خۇداغا شۈكۈر! ساڭا كۆپ نەرسە ئاناڭدىن يارىتىلغان. . . ، دېمەك، ئاناڭدىن كەلگەن، ساڭا مەسلىھەتىم، ئاناڭنى باشقا بىرەرمۇ چارىسى قالمىغان ئىكەن دەپ يۇر، چوڭ بولۇپ ئەر بولغىنىڭدا تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى چۈشىنىسەن.

يىللار ئۆتكەنسېرى ۋاۋانىڭ ئوچۇق تەھلىل قىلىشقا بولمايدىغان، قانداقتۇر بىر ئالاھىدە ئەھۋالنى تەكىتلەپ سۆزلىگەنلىكىنى چۈشەندىم، ئۇنىڭ ئۆز پەمىگە قانچىلىك ئىشەنگەنلىكىنى ئېيتىش قىيىن. بىر قانچە يىلدىن كېيىن، مەن موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇپ يۇرگەن چاغدا، ۋاۋا مەڭگۈلۈك كۆز يۇمدى، شۇنداق قىلىپ ۋاۋانىڭ توساتتىن تىلغا ئالغان بىر سۆزى، ھېچقانداق، يا ئېنىقلىغۇچى، يا چەتكە قاققۇچى پاكىتى يوق مۆلچەر

بىلەن ئىسىمدە مەڭگۈ قېلىۋەردى.

مەن توققۇزىنچى سىنىپتا ئوقۇپ يۈرگەندە، يېنىمىزدىكى مالىيىۋكا دېگەن يېزىدابىر چوڭ ئاپەت روي بەردى، بىر ئايال ئون يەتتىگە كىرىپ قالغان قىزى بىلەن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشتى.

ئانىسى ئىسىلىپ ئۆلۈۋالدى، ئەگىشىپ قىزىمۇ شۇنداق قىلدى، ئۇلار پەقەت شۇ ئىككىلا جانلىق ئائىلە ئىدى، ئانىسى كومپوزىتورلارنىڭ ئىجادىيەت ئۆيىنى يۇيۇپ تازىلىغۇچى، قىزى مەكتەپتە ئوقۇپ، ئۆسۈپ بوي تارتىپ كېلىۋاتقان ئىدى، بىراق ئايال قىزىنى گېرمان ئەسكەرلىرى ئەتراپىدىن چېكىنىپ يېرىم يىلدىن كېيىن تۇغقانلىقىنى ھەممەيلەن بىلىشەتتى، يەنە ئۇ ئايال ئۆز قىزىنى گېرمان سولداتىدىن، مۇنداقچە ئېيتقاندا، باسقۇنچىدىن، تاجاۋۇزچىدىن، فاشىستتىن يەنە باشقا شۇنىڭغا ئوخشاشلاردىن تۇغقانلىقى ھېچكىمگە يوشۇرۇن ئەمەس ئىدى، قوشنىلىرى ئۇ ئايالنى كۈن ئالالماس قىلىپ قويغان، مەكتەپتە قىزنىڭ ئاڭلىمىغان بىرەرمۇ مەسخىرە ـ مازاقلىرى يوق ئىدى، بۇ قايغۇلۇق ۋەقەدىن ئۆزىنى يوقاتقان ۋاۋا شۇ كۈنى بىر قىزىقسىنارلىق سۆزلەپ سالدى، بەلكىم ئۇ گەپلەرگە ئۆزىمۇ پىسەنت بەرمىگەندەك قىلاتتى، بىراق ئۇنىڭ سۆزلىرى كۆڭلۈمگە شاپپىدەبىر نەرسىنى كەلدۈردى ـ دە مەڭگۈ ساقلىنىپ قېلىۋەردى، مۇشۇ ۋاقىتقىچە ئۆچمىدى، ناتالىيا، ـ دېدى ئۇ تەربىيىچىلەرنىڭ بىرىگە، نېمىدېگەن شۇملۇق! شۇنچىلىكمۇ رەھىمسىز ئۆلۈم بولامدۇ، ئانىسىمۇ، قىزىمۇ ئۆزلىرىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈۋېلىش... نېمە شۇملۇق بۇ؟... ئادەمنى شۇنداق ئەھۋالغا يەتكۈزگەنلىرىگە قارىمايسىلەرمۇ! بۇلارنىڭ گۇناھى نېمە؟! شۇنداق! ئۇرۇش دېگەن ئۇرۇش، ئۇنىڭ ئۆز ھېسابى بار، ئۇرۇشتا قان ئاقىدۇ، كىشىلەر ئۆلىدۇ، بىراق شۇنچىلىك رەھىمسىزلىككە، زورلاۋانلىققا، خورلاشقا، غەزەپلىنىشكە

بولارمۇ؟! مەيلى ! بولار ئىش بولۇپتۇ، شور پىشانە ئاجىزە گىرماندىن تۇغۇپ قويۇپتۇ، بولارى بولۇپتۇ- دە، ئۇنىڭ نىمىسىگە كىشىلەر مۇنچىلىك قەست قىلىپ قويۇشتى، نىمىدىگەن ياۋايىلىق؟! ئۇ قىزنىڭ گۇناھى نىمە؟ ئۇندىن قالسا ھىچكىم ئاتا - ئانىسىنى ئالدىن تاللىۋالالمايدۇ، خۇدا كىمنى بەخش ئەتسە شۇ ئاتا - ئانا بولىدۇ، ئۇلار نە گۇناھى ئۇچۇن ئىسىلىۋېلىشتى؟! نىمە، ئانىسى ئەپلەپ - سەپلەپ بالىسىنى ئەل قاتارى بولسۇن ئۇچۇن بىراۋنىڭ ئىشىكى ئالدىغا بالىسىنى تاشلاپ قويۇپ ئۆزى بولسا «ئىنس - جىنىسنى بىلدۇرمەي، يەر يۇتۇپ كەتكەندەك كۆزدىن غايىپ بولۇپ تىرىكلا ئۆلسە ياخشى بولاتتىمۇ؟». 

شۇندىن بىرى مەھەلى كەلگەندە تۇخۇمدىن چىكىلىپ چىققان چۆجىدەك بولۇپ كۆڭلۈمگە بىر ئوي غىلىلىتتىدە كىچەتتى، ھە بەلكىم، ئاتامىمۇ دەل شۇنداق ئادەم بولسىچۇ، ئۇندىن كىيىن ئانام بىچارىنىڭ بوۋاقنى ئىشىكنىڭ ئىچىگە تاشلاپ قويۇپ، ئۆزى مەڭگۈ قايتا كەلمەس بولۇپ كۆزدىن غايىپ بولۇشتىن باشقا چارىسى قالمىغان بولسىچۇ؟ 

مۇنداق ئىشنىڭ قانداق شەرتتە، قانداق قىلىپ، قانداق مۇمكىنچىلىكتە روي بىرىشىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈشكە ھەرىكەت قىلدىم، ھەر خىل ئويلارنى ئويلىدىم، ھەر ياڭزا تۈگۈنلەرنى يەشتىم، شۇلاردىن ھاڭغىرقاي پايانسىزلىقنى، تەنھالىقنى،رەھىمسىزلىقنى سەزدىم، مۇنداق ئەھۋال پەقەت سۆلىرى چالقىغان دېڭىزدا كىمنىڭ سىرتىدا قالغان ئادەم ئۇچۇن سادىر بولۇشى مۇمكىن. 

بىرەركىمنىڭ قىيقىرغىنىغا، چاقىرغىنىغا قارىماي قارىسىنى يوقاتتى، ئەتراپىدا بىرەر جاندارمۇ يوق، دولقۇنلار، دېڭىزلار، ساھىلمۇ يوق. بىراق ،ئۇنى بۇ دېڭىزغا كىمدۇر بىراۋ تاشلاپ كەتتى- دە؟! كىم؟

شۇ سوئالغا جاۋاب ئالغۇم، بىلگۈم كەلدى، بۇنى نېمە ئۈچۈن بىلگۈم كەلدى، ئۇنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار بولار؟ چۈشەنمەيمەن، راست ئۇ ماڭا نېمىمۇ ئاتا قىلار؟ ھېچنەرسە، بىراق شۇنچىلىك بىلگۈم كەلدى، ئەگەر ھەقىقەتەندىمۇ گېرمان سولداتى ئاتام بولسا، ئۇ كېيىن نېمە بولدىكىن؟ ئۇندىن كېيىن بېشىمغا توساتتىن بىمەنە ـ ساندىراق ئويلار كەلدى، نېمە ئۈچۈن ئۇ ئاتام بولۇشى كېرەك ئىدى؟ كىم ئۇنى سورىدى؟ مېنى تۆرەلدۈرۈپ قويۇپ، ئاندىن يىتۈپ كېتىش ئۈچۈن «پۈتكۈل ياۋروپانى بېسىپ ئۆتۈپ كەل!» دەپ ئۇنى كىم چاقىردى؟ بەرھەق، ئۆزۈمنىڭ تېگى ـ تەكتىمنى بىلگۈڭ كېلىدۇ، بىراق بىلەلمەيسەن، ئويلىنىۋېرىسەن، تۇغقان ئانامنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلگۈم كېلىدۇ، بەرھەق، شۇ گېرمان سولداتنىڭ، ئاتامنىڭ تەقدىرى نېمە بولدىكىن؟ تىرىك قالغانمىدۇ، يا قۇربان بولغانمىدۇ ۋە بەلكىم تىرىك، ساق سالامەت، گېرمانىيىنىڭ بىر يېرىدە بۇ يورۇق دۇنيادا 1942 ـ يىلى باللار باغچىسىنىڭ بوسۇغىسىغا تاشلاپ قويۇلغان ئوغلى بار ئىكەنلىكىدىن خەۋەرسىز يۈرگەندۇ، مانا شۇ ئوغلى مەندۇرمەن، ئۇنىڭ بولسا كارى يوق، توساتتىن مۆجىزىۋى سېزىپ كېلىپ قالسىچۇ؟! مانا كەلدىم، ئوغلۇم نەدە؟ دېسە، شۇنىڭ بىلەن نېمە بولماقچى ئىدى؟ بىراق بۇ قۇرۇق خىيالنىڭ كېرىكى نېمە؟ ھەممە ئىش شۇنداق بولغان كۇندىمۇ ئاڭا، ئۇ گېرمانغا بىر تۇكورۇك سىياقىدا ئۇنتۇلغان شۇ ۋەقەنىڭ نېمە كېرىكى بار، ئۇ نېمە ئۈچۈن ئازاب چېكەر؟

مانا شۇنىڭغا ئوخشىغان ئەپسىز، ئەقىلگە سىغمىغان ئويلار كاللامدىن چىقىپ كەتكىنى يوق، ئۇنىڭغا ئۆلىنىپلا ئويغا نېمىلەر كەلمىسۇن، ئادەم تەقدىرلىرىنىڭ ئاچال يوللىرىدا سۆزسىزلا ئۇرۇش ھەممىشە يۈز بەرگەن، شۇنداق بولۇپ ئاتا ـ ئانىلىرى تۇرمۇشنىڭ ھاڭلىرىغا چۈشۈپ كېتىپ يوقالغان، ئۇرۇشتا ئانا قورسىقىدا تۆرەلگەن باللارنىڭ تراگېدىيىسى كېلىپ چىققان،

ئۇلارنى كوھىقاپنىڭ ئىزغىرىن شامىلىدىن باشقا يېتىرقاشىنىڭ، چەتلەشنىڭ، ئۆچ كۆرۈشنىڭ بىر ئۇچى سوقۇپ تۇرىدۇ، ئۇندىن كېيىن شۇنىڭ بىلەن كۆڭلۈمدە مەندىن پەرقلىنىپ، بارلىق «نورمال تۇغۇلغانلارغا، دۇنياغا ئىچ ـ ئىچىمدىن قارشى پەرقلىنىپ تۇرۇش سېزىمى پەيدا بولىدۇ، ئۇلارغا، يورۇق دۇنياغا ياخشى يول بىلەن كەلگەنلەرگە ئېنىق ئارتۇقچىلىقىمنى دەلىللىگۈم كېلىدىغان بولدى، جامائەت غەيرىي ئىنسان ئىكەنلىكىمنى كۆرسە، داھىيلىقىمنى كۆرسە يەنە مېنىڭ دانىشمەنلىكىمنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولسا دەپ ئويلايتتىم، كۈچكە كۈچ بىلەن، يامانلىققا يامانلىق بىلەن جاۋاب بېرىشكە دائىما تەييار تۇرغۇم كەلدى».

تۇرمۇش يولىغا شۇنداق ئوي ـ سانا بىلەن چىققان ئىدىم. مەن بۇ دۇنيادا تىكەندەك يالغۇز، يەككە ـ يىگانە ئىكەنلىكىمنى ئېسىمدىن بىراقلا چىقىرىۋەتكۈچى ئەمەسمەن، ئاتامىمۇ، ئانامىمۇ، ئاغا ـ ئىنىمىمۇ، ئاچا ـ سىڭلىمۇ، يەڭگەممۇ، جىيەنىممۇ، ئانىسىنىڭ ئاكىسى ياكى ئۇكىسى دېگەندەكلەرمۇ، ھېچكىمىم يوق ئىدى، مەن ئاسماندىن چۈشۈپ قالغاندەك جان ئىدىم، بەلكىم ماڭا دەل شۇ شىپا بولىدىغاندەك ئوخشايدۇ، بەرھەق، مەن مۆجىزىدەك ئىلمىي مەقسەتكە يەتتىم، مەن ئۆزۈمنى جان دىلىم بىلەن ئىلىمگە ئاتىدىم، شۇنىڭ ئۆزى تاللىۋالغان نىشانىمدا ئۇلۇغ كەشپىيات يارىتىشقا جۆر بولۇشقا مۇمكىنلىك بەردى، بەرھەق، بۇ راست! ئىلىم ـ پەنگە خىزمەت قىلدىم، لېكىن ئىلىم ـ پەن ماڭا، داڭقىمغا، مەغرۇرلىنىشىمغا، ئەھۋالىمغا، جېنىمنىڭ باياشادلىقىغا خىزمەت قىلدى. . . .

شۇلارنىڭ جىمىسى كېلىپ، مېنى كائىناتقا، ئىستانىسغا ئېلىپ چىقتى، مۇشۇ تەقدىرگە دۇچار قىلدى، ئۇندىن كېيىن ئۆز ـ ئۆزۈمنى كائىنات كاھىنى دەپ ئاتىۋالدىم، بۇ ئامالسىزلىقىمنىڭ ئاشقان چېكى بولدى، ماڭا

يەردىن جان تېپىلمايدۇ، مەن بۇنى چۈشەندىم.

ئاخىردا، تەقدىرنىڭ ماڭا ياشاپ ئۆتكەن ئۆمرۈمنى، باشتىن كەچۈرگەنلىرىمنى ئوچۇق يازغۇدەك ئاز ئۇچرايدىغان مۇمكىنچىلىك بەرگەنلىكىنى يەنە مېنى كائىناتقا قاچۇرغانمۇ شۇ ئىكەنلىكىنى مەن مۇشۇ يەردىن، كائىناتتىن چۈشەندىم، شۇندىلا ئۆزۈمگە:«سەن روي بەرگەننىڭ ھەممىسىنى سەۋر بىلەن چۈشىنىشكە، بارلىق ئىشلارنى ئۆزۈڭگە ۋە باشقىلارغا ئېيتىپ بېرىشكە قەرزدار سەن» دېدىم، جان سىرىمنىڭ ماھىيىتى شۇنىڭدا، شۇڭا،ئۆزۈڭنى ئايىماسلىقىم كېرەك، جىمىنى، بولغاننى بولغاندەك تۇگەل ئېيتىش كېرەك.

ئەيتاۋۇر ،بۇ ۋەقەلەرنىڭ بارلىق بولار ۋەبولماستىن ، ئانامنىڭ بويىنغا پۈتۈلۈشۈمنىڭ ھەم ئادەمنىڭ يورۇق دۇنياغا كېلىشىنىڭ، مەخپىي تەتقىق قىلىشىنىڭ پېيىدە يۈرگەن مىدىتسىنا ئىنستىتۇتىدىكى دەرسخانا مۇنازىرىسىدىن باشلاندى دېسەم بولغۇدەك. جان يېرىمگە تەگكەن بۇ تېمىنى كۈندىلىك تۇرمۇشۇمدا ھېچكىم بىلەن ھېچقانداق سۆزلەشمىسەممۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەپچۆرەمدە مۇنداق سۆزلەرنىڭ قوزغالماي تۇرغانلىقىنىمۇ تەكىتلىگۈم كېلىدۇ، شۇنداق بولسىمۇ قىزىقسىنىشىمنى ئاڭ ـ سېزىمىمنىڭ تېگى ـ تەكتىدە ساقلانغان «مەن بىر تاشلاندۇق» دېگەن ساقايماس يارا قوزغىغان بولسا كېرەك.

ئۆزۈم بىلەن ئىشلىگەنلەر ئۇچۇن ھەممىدىن بۇرۇن ئىلمىي يېتەكچى سۈپىتىدە، مۇرەككەپ رەھبەر، ئالىي ھوقۇقتىكىلەرنىڭ قوللىشىغا ئىگە قەدىر ـ قىممەتلىك ئادەم سۈپىتىدە ئەتىۋارلىق بولسام كېرەك دەپ ئويلايمەن، يوشۇرغانىغا نە پايدا، ئادەم بالىسىنىڭ قارغىش تەگكەن بەندىچىلىكىگە يات ئەمەستۇرمەن، ئابرويپەرەستلىككە، يەنە مەنسەپخورلۇقىمۇ يات ئەمەستۇرمەن،

مەن ھەممىشە ئۆزۈمدىنمۇ، ئۆزگىدىنمۇ بەكرەك كۆزگە كۆرۈنۈشكە، ئۆزۈمنىڭ قەدر ـ قىممىتىمنى مەھكەملەشكە ھەرىكەت قىلىمەن، ئارقامدىن: « تۇغما تالانتلىق كىشىمىز» دەپ شىۋىرلىشىپ قالغاندا، ئۇ دېگەن « باش دېرىكتورىمىز» دېگەننى بىلدۈرمەيدىغان،بەلكى ئۇ « باش تۇغما دىكتاتورىمىز» دېگەن ئىبارىسى ئىدى، دەيتتىم ئىچىمدە، مەن ئاڭا قىلچىلىكمۇ ئۇڭايسىزلانغۇچى ئەمەسمەن، تەتۈرىسىچە، بۇنى چۈشەندۈرۈش قىيىن، بىراق ھۆكۈمرانلىقنى قارشىلىق قىلغاننىڭ ئەدىبىنى بېرىش ئۇچۈن چاڭقاپ كۆزلەش ـ ھەقىقەتەندىمۇ ئادەم بالىسىنىڭ ئەقىل يەتمەس تېپىشماقلىرىنىڭ بىرى، يەنە مەن ھۆكۈم يۈرگۈزۈشنى ئۈمىد قىلغۇچى، مەن مەدھىيـ تەرىپىنى تەلەپ قىلغۇچىمەن، ئۆزۈمنىڭ «يېپىق» تەجرىبىخانامنىڭ خىزمەتكارلىرىدىن، كېيىن دېرىكتور بولغانلاردىن ،كېيىنكى ئىنستىتۇتنىڭ خىزمەتكارلىرىدىن غىڭ قىلماي باش ئېگىشنى تەلەپ قىلىمەن، تالانت ھەم تەرتىپلىك كادىرلارنى تاللاشتا تۇتقان پىرىنسىپىم مۇشۇ.

مانا شۇنىڭدىن بېرى، مەن تەجرىبە سايمانلىرىغا ئوخشاش، بىئولوگىيىدە يېڭى، كۇتۇلمىگەن نىشانىنىڭ تايماس باشلامچىسى سۈپىتىدە كۆڭۈلنىڭ قات ـ قېتىدا بولۇۋاتقان شۇ مەزگىلدە، ئىلىم ساھەسىدىلا نامىم چىقماستىن، تەشكىلاتچى، يېتەكچى سۈپىتىدە قەدىر ـ قىممەتكە ئىگە بولۇپ قالغان ئىدىم، بەرھەق يولۇم مەنسەپكە كەڭتاشا ئېچىلدى، كېيىن بايقىسام ئۇ قىزىققان مەمۇربي تارماق ۋە تەشكىلاتلارنىڭ ياردىمىسىز بولۇپتۇ. بىراق، ئۇ ئالاھىدە سۆز بولغۇچى نەرسە، مەن بولسام، مۇۋەپپەقىيەتكە تولغان جېنىم بىلەن، ئىلىم ساھەسىنىڭ ئۇستىدىن، كۈچىنى توپلىۋېلىپ ئالدى ـ ئارقىغا قارىماي ئۇچۇۋاتقان ھەسەل ھەرىسىدىن بەتەر ئۇچۇپ بېرىۋاتاتتىم،

بۇرۇن ھېچكىمنىڭ ئەقلىگە كەلمىگەن ئويلارنىڭ يېتەكلىشى بىلەن، بۇ تەرەپتىن مەڭگۈلۈكنىڭ تېخنولوگىيىسىنىڭ بەرپاچىسىنى، ياراتقان ئىگەمنىڭ ئۆزىنىمۇ چەتكە قېقىپ تاشلاشقا تەييار تۇرغان مەن ئارقا ـ ئارقىدىن بىر كەشپىياتتىن ئىككىنچى بىر كەشپىياتقا ئۇچۇپ باراتتىم، ئۇندىن قالسا، مەيلى ئىلمىي تەجرىبە سايمانلىرىنىڭ چېكىدە بولسىمۇ، ياراتقان ئىگەمنىڭ يورۇق دۇنياسىغا كىمنىڭ تۇغۇلۇشىنى، ئۇلارنىڭ نەسلىدىن نېمە يارىتارىمنى، ئۇلار ئۇنى خالامدۇ،خالىمامدۇ ؟ ئاڭا قارىماي ئەگەر بىلگۈڭلار كەلسە، يالغۇز ئۆزۈم ھەل قىلىمەن.

ھازىر ئەمدى ئۆزۈمگە: مەنمەنچىلىكىڭمۇ شۇنىڭدىن! دەپ ئېيتقانلىقىم تاڭ قالارلىق ئەمەس، ئېيتىپ ئېيتماي نېمە بوپتۇ، راستىنلا ئادەمنىڭ ھامىلىدار بولۇشىنى ھەم تۆرىلىشىنى باشقۇرۇشنى بىلگەنلىكىمگە ئەقلى ـ ھۇشۇمنى ئالدۇرۇپ قويغان ئىكەنمەن.

سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش يولى بىلەن يوشۇرۇن تۆرەلگەن ئادەملەرنى يارىتىش ھەققىدە ئوي بىرىنچى قېتىم مال ـ چارۋىلارنى سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇشقا سېلىشتۇرمىلىق كېلىپ چىققان، زوئولوگىيىلىك تېخنىكا بۇ ھەممىشە دەلزەرب مەسىلە بولۇپ كەلگەن، ئادەم ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئىگىلىك مەنپەئەتلىرىگە لايىق ھالدا مال ـ چارۋىلارنىڭ ئەۋلادىنى ئۆزگەرتكەن.

ئۇندىن قالسا پەنشۇناسلىق مەقسىتىدىلا ئەمەس، باشقۇرۇش ئۇچۇن، تېخىمۇ ئېنىق ئېيتقاندا، ئادەمنىڭ تۆرىلىشىنى ئاپتوماتىك كونۇپكىلىق باشقۇرۇش ئۇچۇن ئادەمنى سۈنئىي يول بىلەن ئاپىرىدە قىلىش مەسىلىسىگە كىرىشىش بىلەن تەجرىبىچىلىك، بىئولوگىيە بۇندىن قانچە ئۇزاپ يىراققا كەتتى!

بەرھەق، ئىلىم ـ پەننىڭ قاراڭغۇ قىسىلچىقىدىن شىددەت بىلەن ئۇچۇپ چىققانلىقىمنى، قانداقچە بولۇپ كەتكەنلىكىمنى مەن ھازىر پەملەشكە ھەرىكەتلىنىمەن، ئىلىم بولسا ئۆزىنىڭ يەككە ئەھمىيىتىدىن باشقىنىڭ جىمىسىگە سەل قاراشتۇر. بىراق بۇ ئەدەب ـ ئەخلاقنىڭ چېكىدىن يىراق چىققان، ئادەم بالىسى ئۈچۈن قورقۇنچلۇق ئىشقا ئالدى ـ ئارقامغا قارىماي كىرىشىپ كەتكەنلىكىمنى مەن ئۇنداق ئويلىغان ئەمەسمەن، مەن ئۈچۈن، ئۇ ۋاقىتتىكى ياش زىيالىي ئۈچۈن، يەككە ـ يىگانە ئۆلچەم ـ مىزان، ئىلمىي جەھەتتىن ئارتۇقچىلىقلار بار ئىدى، شۇنداق قىلىپ ئىلمىنىڭ سەلتەنىتىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ماڭىچىلىك بىرمۇ ئادەم قەدەم تاشلاشقا پېتىنىمىغان ياققا، بارلىق دىنلار، دىنلار ئۈچۈن مەنئىي قىلىنغان ساھەگە قەدەم تاشلىدىم، بوسۇغىغا يېتىپ، خۇدا ئالدىدا تەزىم قىلىشنىڭ ئورنىغا تەكەببۇرلۇق بىلەن خۇدانىڭ دەرۋازىسىنى تەپتىم......

مانا،بۇ خۇدۇڭنى بىلمەي كىرىشىپ كەتكەن تەرىپىڭ! ئۇندىن كېيىن كۆنلەرنىڭ بىرىدە تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ پارتكومىغا چاقىرىپ، ناھايىتى سىلىق ـ سىپايە، ياخشى نىيەت بىلەن ھەتتاكى ئارقا ـ ئارقىدىن ھالى قالمىغۇدەك كەچۈرۈم سوراش بىلەن ساڭا ئەمگەكلىرىڭنىڭ پىنھان دەپ ھېسابلىنارىنى، قەدىر ـ قىممەتلىرىڭ ھەققىدىكى ماتېرىياللارنىڭ مەتبۇئاتلاردا، چەتئەلنىڭ مەتبۇئاتلىرىدا ئۇندىن كۆپ، ئوچۇق ئېلان قىلىنماسلىقى تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلغان شۇئەھۋالدىمۇ بۇنىڭغا كۆڭۈلشىمىدىڭ، لېكىن بۇ ئەمەلىيەتتە تانابىڭنى تارتىشنىڭ دەسلەپكىسى ئەمەسمىدى! كېلەچەكتىكى بۇيرۇتمىچىلار سەندىن ئۆزلىرىگە كېرەكلىك ئىجراچىنى تەييارلاۋاتقان، سەن ئۈچۈن بولسا باشقىسى ئەھمىيەتلىك ئىدى، «ئالدىدىكى ئىشنى ئاتقۇرۇش، ئىلىمنى ئالدىغا ئىلگىرىلىتىش»، راستىنى

ئېيتقاندا، سەن بىئولوگىيىلىك سەزگۈرلۈك، سەگەك ئەقىل، قايتا ـ قايتا پەملەش، سەن جىمىدىن يۇقىرى قويغان ئوقۇمۇشلۇقنىڭ سۆپەتلىرى مانا مۇشۇلار، مانا شۇ ئاپەتلىك يوللاردا شۇنچىلىك قۇدرەت بىلەن كۈچ ـ قۇۋۋەت سەرپ قىلىشقا سېنى نېمە تۈرتتى، سەن ئۆز رولۇڭنى ئاقلىغۇچى سەۋەب ـ باھانە ئىزدىمىدىڭ ھەم ئالدى ـ ئارقاڭغىمۇ قارىغۇڭ كەلمىدى، ھەممىدىن بۇرۇن تاشلاندۇق بالا ھېچكىمنى ئالدىغا سالمىغان، يۇزىيىلىنىڭ تالانتى بولۇشقا مۇناسىپ كەلگەنلىكىڭنى كىم بىلىپتۇ؟ بالاغا قالغۇر ئىلمىي، قىيىن مەسىلىگە باشچىلاپ كىرىپ كېتىپ، سەن ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ كەينى تەرىپىدە قالغىنىڭنى ئۆزۈڭ بايقىمىغان، ئادەملەرنىڭ، ئۆز ۋەزىيەتلىرىنىڭ ياراتقۇچىلىرى بىلەن تۇتقۇنلىرىنىڭ مەڭگۈ تارتىپ كېلىۋاتقان ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىگە تەلمۈرۈپ قاراپ ئۇ ئىشلار ئۈچۈن ئەمگەك سەرپ قىلمىدىڭ، ئەسىرلەر بويى ھايات ماھىيىتىنى ئىزدەش ئۈچۈن ھالاك بولۇپ كېلىۋاتقانلارغا سەن سەل قارىدىڭ، ھەمدە بۇيۇك پەيلاسوپ لوسېۋنىڭ، سېنىڭ ماكاندىشىڭنىڭ، سېنىڭ زاماندىشىڭنىڭ ئادەمزات تارىخىدىكى ئىلىم ـ پەننىڭ رولى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىۋاتقان، ئاتايىن سەن ئۈچۈن دەلزەرب مەسىلە سۈپىتىدە پەيدا بولغان تەپەككۇرىنى سەن ئۆزۈڭدىن نېرى يەرگەتۈرتۈپ قويدۇڭ، لوسېۋ ئۇنداق قىلغىنى بىلەن، جەمئىيەتنىڭ يەنە مەدەنىيەت ـ ئۇيغارىيەتنىڭ چەكسىز جەريانى ھەققىدە يېڭى ياۋرۇپالىقلارنىڭ تەلىماتلىرىدا نىگىلىزمغا قارىتا يەنە مۇنداق يېزىلغان: «ياۋرۇپالىقلار ئەنئەنىگە لايىق، <u>بىرلا دەۋردە ئۆزىدىن يېڭى ئۆزى مەزمۇنغا ئىگە بولمىغان.</u> ئۇندىن كېيىن، ئۇمۇ كېيىنكى دەۋر ئۈچۈن.دېمەك، بارلىق كېلەچەكتىكى دەۋر ئۈچۈن قىغ بىلەن مۇنبەت يەربولغان، مۇددىئا بولسا ھەمىشە يەنە قەتئىي رەۋىشتە بارغانسېرى باشقا چەكسىز زامانغا سۈرۈلگەن. ئۇزلۇكسىزرەۋىشتە

يېڭىلىقلارنى بەرپا قىلغۇچىلارنى ئاقلاپ يۈرۈشكەن»، لوسېفنىڭ بۇ تېرەن تەپەككۇرىنى سەن ئۆز پاناھگاھىڭنىڭ ئەركىن ـ ئازادىلىكىنى تېخىمۇ غەمسىز قىلىشقا، پەقەت ئۆز مەسئۇلىيىتىڭنى كېيىنكى بوغۇنلارغا يۈكلەشكە ئۇمتۇلۇشۇڭغا يارىشا ھەل قىلدىڭ. ۋەزىپەڭ «ئىلىمنى ئىلگىرى سۈرۈش»، كەشپىياتلارنى يارىتىش . ئۇلارنىڭ نەتىجىسىنى بولسا باشقىلار ھەل قىلسۇن دەپ ئىشەندۈردۈڭ ئۆزۈڭنى. ئىشىڭ سۈنئىي نەسىللەندۈرۈش جەھەتتە ئۇرۇغ ئۆستۈرۈش، ھەمدە سۈنئىي يول بىلەن يارىتىلغان ئادەملەر نېمە بولسا شۇ بولسۇن، ساڭا لازىمى يوق.

ھازىرقى كۈندىلىك تۇرمۇشتا: «ئۇ سىزنىڭ قىيىن مەسىلىڭىز» دېگەن ئەدەبسىزلەر سۆزى ئاشكارە بولغان تاراپ كەتتى. لېكىن، سەن ئاشۇ پىرىنسىپنى قارمىغۇچى، بوينىغا سۈنئىي ھامىلە چۈشكەنلەرنىڭ تەقدىرى ھەققىدە ئۆزۈڭنىڭ قارشى پىكىردىكىلىرىڭگە: بۇ شۇلارنىڭ ئۆز ئىشى، ئۇلارنىڭ يەككە، قىيىن مەسىلىلىرىنى ئۆزلىرىگە قالدۇرۇش كېرەك، دەپ جاۋاب بېرىسەن، ئىجتىمائىي ئەھۋاللارنىڭ مەۋقەسىدىن ئالغاندا، باشقىلار بىلەن بىردەك شەرتتە تۇغۇلغان ئۇلارنىڭ، ئاڭقۇرتقا ھامىلىدار بولغانلارنىڭ ئالدىدا، باشقىلاردەكلا ئۆزلىرى ھەققىدە ئۆزلىرى ئويلاش كېرەكلىكى تاشلىنىپ تۇرغان بولسىمۇ بۇلارنىڭ بارلىقىنىڭ ئىلمىگە ھېچقانداق لازىمى يوق، دەپ ھېسابلىدىڭ، سۈنئىي بالا تۇغدۇرۇشنىڭ تېخنىكىسىدىن تاشقىرى تۇرغانلارنىڭ مەرتىۋىسى تىنچىڭنى ئالىدىغاندەك،بېئارام قىلىدىغاندەك ئەمەس.

بەرھەق، سەن ئاشۇنداق، بەلكىم ئۆزۈڭنىڭ ئىلمىي ئىشلىرىڭدە سەن ھەقىقەتەندىمۇ دۇنياۋى كەشپىياتلارنى يارىتىشقا، يەنە ئىلمىنىڭ ئۇندىن كېيىنكى تەرەققىي قىلىشىغا خوجا بولۇپ ئالدىن بىلەرلىك بىلەن بىشارەت

بېرىشكە مۇۋەپپەق بولغان تالانت ئىگىسى بولغاندۇرسەن. بىراق، جىمىكى ئىشلىرىڭغا ھېلىقى تاشلاندۇق بالا بىشارىتىنى كۆرسىتىپ تۇردى، سەن ئۇنى ئېتىراپ قىلمايسەن، بىراق قاچاندۇر بىر چاغدا بوسۇغىغا تاشلانغان تاشلاندۇق بالا بولماسلىقىمنى بىلدۇرمەن، دەپ قەرەلىدىن بۇرۇن ئالدىئالا باغدارمالاشتۇرۇلغان ئادەملەرنىڭ تۇغۇلۇشىغا ھۆكۈم يۈرگۈزگەن دەپ پۈتكۈل دۇنيانى دەلىللەشكە ھەمىشە بۆلۈنۈپ تۇرسەن، تەجرىبىخاناڭدا شۇ تەقدىرلەرنى ھەل قىلدىڭ، سەن باشقا ھېچكىم پېتىنمىغان ھەم بىلمىگەن نەرسىلەرنى ياراتتىڭ، ئۆز ئويۇڭ ھەم خىزمەت پىلانىڭ بويىچە قولدا قۇرۇلمىلاشتۇرۇلغان ئادەملەرنى ياساپ چىقاردىڭ، سەن ئادەملەرگە يۈرگۈزۈلگەن كۆزگە كۆرۈنمەس ھۆكۈمرانلىقىڭدا دەۋر سۈردۈڭ، ئەقلىڭدىن ئاداشتىڭ!

ئۇندىن كېيىن ئىككى ئىشنىڭ بىرسى دەپ سەن پۈتكۈل دۇنيا جۇغراپىيىۋى سىياسىتىنىڭ ماسشتابىدا بېشىڭدىن ئۆتكۈزۈۋاتقان ھەم يېتىشكەن نەرسىدىن 20 - ئەسىرنىڭ باشلانمىسىدا، مۇقەددىمىسىدە سېزىشتىن، ھېسسىي بىلىشتىن ئۆزۈمگە ئاقلىنىش تاپتىڭ، ئۇندىن قالسا ئىسسىقلىق يادروسىنىڭ كەشپىياتلىرىنىڭ جىددىي ۋاقىتلىرىدا كوھىقاپ ئالدىدا ھېچكىم ئىلىمنىڭ چېپىپ كېتىۋاتقان ئېتىنى تىزگىنىدىن توختاتقان ئەمەس، شۇ ساھەدە ھەرىكەتلەنگەن ئوقۇمۇشلۇقلارنىڭ ھېچكىمى قايتا ئارقىغا قايرىلغان ئەمەس، قۇرۇقدالغان، تىرىكچىلىكتە غايەت زور قورقۇنچ ئېلىپ كېلىۋاتقان دۇنيانىڭ ئەجەلگە قالغان نېگىزلىرىگە قاپسالماسلىقى ئۈچۈن ئۆزىگە - ئۆزى قارشى چىققان ئەمەس. ئىلىم - پەن ئىستراتېگىيىلىك مەقسەتلىرىگە ئەگىشىپ ئىسمىسىز قالغان، بىراق مەزگىل ئۆتكەنسېرى ئاتوم بومبىلىرىنىڭ ئاتىسى دەپ ئېلان قىلىنغان، ھاياتنىڭ ئاخىرىغا يېقىنلاپ كېلىۋاتقانسېرى نامەلۇم قالمىغايتىم دەپ شۇنچىكى كۆپرەك رىيازەت

چەككەن ئادەملەرنى پۈتكۈل دۇنياۋى شان ـ شەرەپكە نائىل قىلىپ، كەشپىياتلارنىڭ قالتىس مۆكەممەللىكى ۋە ھەربىكەتلىرىنىڭ جىنايەتكارلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېرەن قىلماي تەڭ سالماقلىقىنى ساقلاپ كەلدى، ئۇندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئىلىم ـ پېنى ئالغا بېسىۋەردى، چۈنكى، زىيالىي ـ ئوقۇمۇشلۇقلار ئۇچۇن ئاتومنىڭ ئۇجۇر ـ بۇجۇرى ۋە چوڭقۇرلۇقىغا شۇڭغۇش ئەھمىيەتلىك ھېسابلىنىدۇ، ھېچنەرسىگە ئىككىلەنمەي، يەنە ھېچنەرسىگە قارىماي، ئادەم بالىسىنىڭ ئاجىزلىقىغا قارىماي، ئۇلارغا ئالەمگە يېتىيدىغان كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئىگە بولۇشقا مۇمكىنچىلىك بەرگۈچى شۇ ئەزرائىلىنىڭ كۈچىگە تېزدىن ئىگە بولۇش ئەھمىيەتلىك ئىدى، ھەمدە بۇ ئىلمىي مەپكۇرەلەرگە قارىغۇلارچە چوقۇنۇشتىن كېلىپ چىققان ئۆلۈم ۋەھىمىسىگە كەلسەك، يادروشۇناسلارنىڭ كەشپىياتلىرىنىڭ يۈز بەرمەي بولمايدىغان نەتىجىلىرىگە كەلسەك، ئۇنىڭدا بۇ ئازاب ـ ئوقۇبەتلەر كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ زىممىسىگە قالىدۇ، ئاتىلارنىڭ جىن ئۇرغاندەك كەشپىياتلىرى ئۇچۇن شۇلار ئازاب چېكىدۇ، نېمە قىلىش كېرەك، ئۆزىگە لازىم بولغىنى ئۇچۇن بۇندىن باشقا ماتېرىيالنى قانداقچە شەكىلگە ئۆزگەرتىش كېرەك، ئۇنى مانا ئاشۇلار ئويلىنىپ، ئاشۇلار ھەل قىلىدۇ، ھازىرغىچە ھەممە ئۆز جايىدا، سەن شۇنىڭدىن ئۈمىدلەنگەنسەن.

تونۇا، ئادەمنىڭ ئالدىدا خۇدا ھېچقانداق جاۋاب بەرمەي تۇرغاندەك قىلاتتى، ئۆزۈڭنىڭ مۆجىزانە تەتقىقاتلىرىنىڭ نەتىجىسى ئۇچۇن جاۋاب بەرمەسلىكىڭگە سەن چىڭ ئىشىنىسەن، شۇنداق قىلىپ ئۆزۈڭنىڭ ئالىي بۇرچۇڭغا بولغان مەسىلىك ئىشەنچىڭنى قوزغاشقا ھېچكىمنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ، سېنى ھېچنەرسە ھولۇقتۇرۇپ ئالالمايدۇ.

بەرھەق، سەن ئاشۇ ئالاھىدە كۆزدىن پىنھان ھالدا ئىلىم دۇنياسىدا

پارلىغان يۇلتۇز ئىدىڭ، ئايالىڭ يېۋگېنىيە كۆنلەرنىڭ بىرىدە سەندىن قارا زۇكامدىن قاچقاندەك قېچىپ، ئوبلاستلىق تىياتىرخانىنى قىدىرىپ يۈرگەندىن كېيىنمۇ ئاشا تىياتېرخانىلاردىن قايغۇلۇق قېرىغان ئايالالارنىڭ رولىنى ئېلىش تەگسە تېگىپ، تەگمىسە يوق بولدى، ئۇ سەن بىلەن يۈرۈپ كۆرگەنلىرىنىڭ يەنە بېشىدىن كەچكەنلىرىنىڭ ھەممىسى سەۋەبىدىن، كېيىن توساتتىن بەكمۇ تېز قېرىپ كەتتى، شۇنداق قىلىپ ئايالىڭ قېچىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ سەن ھۇشۇڭغا كەلمىدىڭ، چۆچۈمىدىڭ، ئۇدۇلغا كۆز يۇگۈرتۈپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چاپمىدىڭ، ھەممىدىن مۇھىمى ئايالىڭنىڭ كۆز ئالدىدا شۇنچىلىك ۋەھىملىك كۆرۈنگەن ئىشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى كۆزۈڭ بىلەن كۆرۈشكە ھەربىكەتلەنمىدىڭ، يېۋگېنىيە تەتقىقاتلىرىڭنىڭ ئەھمىيىتىنى دەررۇ بىلەلمىدى. تەجرىبىلىرىڭنىڭ ماھىيىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى دەررۇ پەرقلەندۈرەلمىدى. ئۇ ئىلمىي قىزىقىشتىن يىراق ئىدى، ئۇ باشقا ساھەدە يەنى سەنئەت ساھەسىدە ياشاۋاتاتتى. بىراق، يەنىلا ساڭا يېقىن ئىدى. سەن بىلەن كۆپ يىللاردىن بېرى بىرگە ياشىدى. كۆرگەن، باققىنىڭنىڭ سىنىڭلا يالغۇز ئىشىڭ ئىكەنلىكىگە ئۇ چىدىدى. كېيىن ئۇ ئىشلارنى ئويلاپ سەن قاتتىق ئۆكۈندۈڭ. چۈنكى، ئۆزۈڭگە نورمال ئايالدا بولماس يىرگىنچنى تۇغدۇرۇپ، ئائىلىنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى، قىزىققىنىڭنى چۈشەندىڭ، ئاشۇلارنىڭ بارى سېنى توختاتقان ئەمەس. سەن ئىلىم ـ پەنگە باشچىلاپ كىرىپ كېتىپ باشقىلارنىڭ، ھەممىدىن بۇرۇن مېنى سۆيگەن ئايالىنىڭ سېزىملىرى ۋە ئويلىرى بىلەن ھېسابلاشماي قويغىنىم توغرىمۇ؟، دەپ ئويلىنىپمۇ قويغان ئەمەسسەن، تەتقىقاتىڭنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى يىللار ئۆتۈپ نېمىگە كەلگىنىڭنى ۋە كۆزلىگەن مەقسىتىڭنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇ ئالدىڭدا تىز پۈكۈپ يىغلىدى، ھەممىنى تاشلاپ

موسكۋادىن يىراق بىر ياقتا، يىراق شەرققە كېتىپ ياشايلى، دەپ يېلىنىپ يالۋۇردى، ئۇ ياقتىمۇ ئىلىم مەركەزلىرىدىمۇ ئىش قىلغىلى بولىدۇ، ئۇ ياقتىمۇ پروفېسسور بىلەن تەڭ ئونۋاندىكىلەرمۇ موسكۋادىكىدىن يامان ھەق ئالمايدۇ، ئۇ ياقتىكى تىياتىرلىك مۇھىتتىن ئۆزىمۇ ئورۇن تېپىۋالاتتىم، يېڭى تۇرمۇش باشلايلى، بالا باقىلى دەپ زارلىدى، بىراق سەن ئايالىڭنىڭ ئېيتقانلىرىغا كۆنگەن ئەمەس، ئۆزۈڭ ئېيتقاندەك ، تەجرىبىلىرىڭنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ يۇمشاق باشلىقى، قورققانلىقى، ئۇنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرى ساڭا تەسىر قىلمىدى، سەن ساڭا ئىشىنىپ بېرىلگەن ئىشنى تاشلىغۇڭ كەلمىدى، كېيىن قانچىلىك ئۆكۈنگۈنۈڭ بىلەن، بارمىقىڭنى قانچىلىك چىشلىگىنىڭ بىلەن كېچىكتىڭ، تۇرمۇش بىر ئورۇندا تۇرمايدۇ ھەم ئارقىغا قايرىلمايدۇ.

مەنمەنچىلىكىڭگە چەك قويۇلمىدى، يېڭۈگېنىيە ئاخىرى كېتىپ قالدى، بىراق سەن ئاڭا بۇنچە قايغۇرۇپ نېمە قىلىمەن، باشقىسىنى تاپىمەن، مانا بىر ئاز قولۇم بوشاپ قالسا ئىككى تەرەپكە كۆز يۈگۈرتىمەن، ئەتراپتا ئايال دېگەن كۆپ، سۆزسىزلا ئۆزۈمگە ياققاننى، ئەڭ ئالدى بىلەن ئەخلاقىي ئۆلچەملىرى يوق بولغاننى، ئىشىڭدىن ئەدەب ـ ئەخلاق جەھەتتىن كۆپ شەكلىنىپ كەتمەيدىغاندىن بىرنى تاللاپ ئالىمەن دەپ ئويلىدىڭ، شۇنداق قىلىپ ئۇ ئايالنى ئۆزۈڭنىڭ يېنىدا شۇنداق ئاتومشۇناسلارنىڭ چاھارباغلىرى جايلاشقان، تاللانغان ئادەملەر ئۈچۈن ئارنالغان «فېئوداللىق» ھەشەمەتتىكى ئاكادېمىيىلىرىنىڭ چاھار بېغىغا ئېلىپ كېلىسەن، بىراق ئورۇنلىشىشقا تولۇق مۇمكىن بولۇپ يەنە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ كۆرۈنگىنى بىلەن، ئۇلارنىڭ بىرەرسىمۇ شۇ ئورنىدىن ئۇتۇق بىلەن چىققان ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېڭى ئەھۋاللار كۆرۈلۈپ، ئۇنىڭ جىمىسىگە چاماڭ يەتمىدى، مانا مۇشۇلار كېيىنكى ھاياتىڭنى يەنە كېيىن كائىناتقا، ئوربېتىلىق ئىستانسىغا

كېتىپ قېلىشىڭغا، ئۆزۈڭنى« كائىناتنىڭ كاھىنى مەن» دەپ ئېلان قىلىشقا مەجبۇرلىغان شەرتلەرنى ئېنىقلىدى.

ئۇ ۋاقىتلاردا سەن ئاكادېمىيە بىلەن مۇناسىۋەتلىك مۇھىتتا يېتىشەرلىك، بەلگىلىك كۆزگە كۆرۈنگەن ئادەم بولدۇڭ ھەم ئىلمىنى ھامىي قىلغان سىياسىي ئورگانلارنىڭ ئالاھىدە نەزەرىدىن پايدىلىنىپ قالغانسەن، خاسلىقنى ئېيتىش كېرەك، بۇ جەھەتتىن س س س مەركىزىي كومىتېتى تېگىشلىك سەۋىيىدە بولۇپ چىقتى، شۇنداق ئىكەنلىكىگە سەن ئۆز تەجرىبەڭدىن نەچچە رەت كۆزۈڭ يەتكەن، مەركىزىي كومىتېتنىڭ نازارەتلىرىدىن، كۆزەت كۆزىدىن تۇزۇلگەن ھېچ ئاۋازسىز يەنە «ئاگاھلاندۇرۇشسىز»لاتەتقىقات ئىنستىتۇتىڭغا، ھەممىدىن بۇرۇن مەلۇم بىرتەجرىبىخاناڭغا خالىغانچە ئىقتىسادلار بىلەن ئىمتىيازلار بېرىلىپ تۇردى، ئۇھ، يۇقىرى ھوقۇقتىكىلەرنىڭ كۆيۈمچانلىقىغا ئىمپېرىيىلىك سارايىنىڭ يۇمشاق قوللۇقىغا، ئاق سۆڭەكلەرچە مېھرىبانلىقىغا ئادم قانداقچە تېز كۆنمەيدۇ دەيسەن، دۇنيادا ھەممىشىلا ئاشۇنداق بولاتتىمۇ يەنە دائىما شۇنداق بولامدۇ دەپ سورايسەن، ھازىر ئۆزۈڭدىن مىسال ئىزدەپ يىراققا چېپىشىڭنىڭ كېرىكى يوق، پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ باشلىقى، يېتەكچىسى، ئاتوم تەتقىقاتچىسى، تېلېفوندىن يەنە شەخسىي سۆزلىشىش كەلگەندە ئېسىڭگە سېلىشنى ئۇنتۇماي: «ئاندرېي ئاندرېيېۋىچ، خۇدا ھەققى، نېمە كېرەك بولسا ئېيتىپ تۇرۇڭ، خاتىرجەم ئىشلەڭ، باغدارلىمىڭىزنى دۆلەت زۆرۈر نەرسىلەرنىڭ جىمىسى بىلەن غەمسىز قىلىشقا تەييار، نېمە... ترانسپورت، قىسقىسى نېمە كېرەك بولسا ھەممىسىنى سورىسىڭىز...، تارتىنماڭ. بەكمۇ ئەھمىيەتلىك ئىش قىلىۋاتىسىز».

دۇنيانىڭ يېرىمىغا سوزۇلۇپ ياتقان پۇتكول دۆلەتنىڭ نامىدىن دېيىلگەن

مەدھىيە ۋە خوشامەتلەردىن، مۇنداق شىر مەردلىكلەردىن سەن ئوڭايسىزلىنار ئىدىڭ، قارىغۇلارچە ئۆلۈك، ئۇنۇمسىز ئىلمىي تەجرىبە بۇيۇملىرىغا پارتىيە خىزمەتچىلىرىنىڭ سېنى تەكرار، كۆپرەك قىزىقتۇرغانلىقى سېنى ئۇيالدۇردى، بىراق، سەن ئۇن چىقارمىدىڭ، ياق، سەن قارشى تۇرغۇچىمۇ ئەمەس، يەنە سېنى ئالىي يېتەكچىلەرگە ناھايىتى قىزىقسىنارلىق كۆرۈنگەن قانداقتۇر بىر تاڭ قالدۇرغۇچى لايىھەدىن باش تارتماس ئىجراچىسى سۈپىتىدە قارىماسلىق كېرەك ئىكەنلىكىنى ئېيتىشقا ھەرىكەتلەندۈرگۈچىمۇ ئەمەس سەن، بەرھەق، ئۆزۈڭنى ئۆز قەرەلىڭدە توختىتىشىڭ كېرەك بولدى، كېيىن چۈشىنىشلىك بولغاندە، شەكسىز ئەمەلىيەتچانلىقىڭغا، ئىشەنچىڭگە ئاساس ياكى مەۋقە بەرمەسلىك كېرەك ئىدى، بىراق سەن يا ئاجىز، يا پرىنسىپسىز، يا قەلبىڭ مەنسەپپەرەسلىككە، ھۆكۈمرانلارغا تەخسىكەشلىك قىلىشقا يات بولمىسا كېرەك، شۇ ۋەجىدىن ئويلىنىشتۇرۇلغاندىن تارتىپ قوش ئەھمىيەتلىك ئىلمىي باغدارلارمانى يېتەكلەشنى دەل شۇ ساڭا تاپشۇرغانلىقلىرى ئۆزىدىن ــ ئۆزى چۈشىنىشلىك بولۇپ قالغان ئەمەسمۇ، ئۇ ئىش «جىنسلارنىڭ ھامىلىلىك تەرتىپكە سېلىنىشى» دەپ ئاتالغان، بىراق ئۇنىڭ نېگىزلىك مەقسىتى پىنھان تۇغۇلغۇچى ئالاھىدە ئادەملەرنىڭ نەسلىنى ئاپىرىدە قىلىش ئۇسۇلىنى ئىشلەپ چىقىرىش ئىدى.

بۇنداق ئىش دۇنيا مىقياسىدا بولۇپ كۆرۈلگەن ئەمەس، پانىيلىقتىكى پائالىيەتلەرگە توغرىدىن ــ توغرا ئېتىلىپ چىققان قاراقچىدەك بولۇپ، مۇشۇ ئىشقا ئارىلاشتىڭ، ئاڭقۇرتلارنىڭ، نامى پىنھان، ئاتا ــ ئانىلارنىڭ نامى يوشۇرۇن، ئايالىلار تۇغقان، باشقىچە ئېيتقاندا، يوشۇرۇن ياسىلىپ چىقىرىلغان ئادەملەرنىڭ نەسلىنى چىقىرىش پىنھان تەجرىبىخاناڭنىڭ ئاساسىي مۇددىئاسى بولۇپ چىقتى.

«ئاگقۇرت» دېگەن ئاتالغۇ ـ سېنىڭكى ئەمەس، سۆزنى ھەممە سۆزلەر ئارىسىدىن ئويلاپ تېپىپ ھەربىي ئىلمىنىڭ پارتىيىلىك نازارەتچىلىرى قۇراشتۇرۇپ چىقىرىشقان، كۆپ ئۆتمەي، ئۆزىچىلا بىر ‟ئىنقىلابىيلىك” دېگەنگە يېقىنلاشقان ئىمبە ـ پارول بولۇپ قالدى، چۈنكى ئاگقۇرتلارنى تەجرىبە يولى بىلەن چىقىرىشنىڭ مەقسىتى پۈتۈنلەي يېڭى ئادەمنىڭ تۈرىنى، ئىدىئولوگىيىنىڭ كېلەچەكتىكى چەۋەندازلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئىدى، ئاگقۇرتلار 20 ـ ئەسىرگە ئۆزىنى ئاتىغان، پىداكار ئىنقىلابچىلار بولۇپ قېلىشىدۇ، كۆزلىگەن مەقسەت شۇ بولۇپ قالىدۇ، بۇندىن پارتىيىۋى يولباشچىلار ئۆلۈۋاتقان دۇنياۋى كوممۇنىستىك ئىدىئولوگىيىدىكى جانلاندۇرۇشنىڭ يەنە ئىنقىلابىيلاشتۇرۇشنىڭ يېڭى شەكلىنى ئالدىن كۆرۈشكەن، ئۇنى بوينۇڭغا ئېلىپ ئېتىراپ قىلساڭ، قۇلىقىڭ كۆپ ئۆتمەي «ئاگقۇرت» دېگەن يېڭى سۆزگە، ھەمدە قەلبىڭ سەن قىلىۋاتقان ئىشقا كۆنۈشكە باشلايدۇ، سەن ئۇنداق قىلغىنىڭ بىلەن سېنىڭ تەجرىبىلىرىڭ بۇ ئىلىم ـ پەن ھەمدە ئۇنىڭ نەتىجىسى ـ قىيىن مەسىلەڭ ئەمەس، دېگەنگە ئۆزۈڭنى ئىشەندۈرەلىدىڭ.

توختا، جىددىيلەشمە، بۇ يەردە ھەممىنى ئۆز ئورنىغا قويۇۋېلىش كېرەك، بەرھەق، ئادەمنىڭ يېڭى تىپىنى چىقىرىشنىڭ لايىھىسى مۆلچەرلەنگەن باغدارلارمانى ئەسكە ئېلىپ، «ئاگقۇرت» دېگەن ئاتالمىنى پارتىيە ئورگانلىرىنىڭ ئىلتىماس قىلغانلىقى چۈشىنىشلىك، بىراق ئەڭ بېشىدا باغدارلىماغا قارشى تۇرمىدىڭ، باش تارتمىدىڭ، چەتكە چىقىۋالمىدىڭ، سېنى يېڭى دارۋىن دەپ ئاتاپ قويۇشقانلىرى ۋە مەدەنىيەت تارىخىدا بۇنداق قۇلاق ئاڭلىمىغان باغدارلامانىڭ سېنىڭ نەزەرىيىۋى ھەم ئەمەلىي ئىشلىرىڭدىن، بۇ مەسىلە بويىچە سېنىڭ مۆلچەرىڭدىن كېلىپ چىققانلىقى سېنى ئانچە

ئوڭايسىزلاندۇرمىدى، ئاڭقۇرتلارنىڭ نەسلىنى چىقىرىش بويىچە باغدارلىمانىڭ ئىلمىي يېتەكچىسى بولغىن دېگەن ئىلتىماسقا سەن دەررۇ ماقۇل بولمىغانلىقىڭ دەل بېرىلىپ تۇرغان تەبىئىي ئىش سىياقىنى ئالدى، سەن ئويلىنىپ كۆرەي دەپ ۋەدە بەردىڭ، بىراق باش تارتمىدىڭ، ئۇندىن قالسا باش تارتىش كېرەكمىدى، يەنە باش تارتىش مۇمكىنمۇ؟ «يالغۇز تېرىق بوتقا بولمايدۇ» ،«يالغۇز ئاتىنىڭ چېڭى چىقماس، چېڭى چىقسىمۇ دېڭى چىقماس»، ئەمەسمۇ، سېنى ئۇ چاغدا قەدىرلەپ ئارقا ـ ئارقىدىن تەكلىپ قىلىپ تۇرۇشقان ئىدى، شۇڭا تەخت بېشىڭدىكىلەردەك ئېغىزدىن چىققانلارنى شارتتىدە كېسىپ چەتكە قېقىش قەتئىي مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ھەقىقەتەندىمۇ شۇنداق بولاتتى، شۇ كۈنى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئىلتىماسىغا سەن ئويلىنىپ كۆرەي دېگەندە، سەن كونا مەيدانىغا، سىياسىي بيۇرونىڭ ئەزاسى ھەم ئىدىئولوگىيىلىك مەسىلىلەر ۋە خەلقئارالىق كوممۇنىزم ھەرىكىتى بويىچە سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى كونيۇخانوۋ ۋادىم پېتروۋىچقا چاقىرىلدىڭ.

قەدىمكى مەيدانىغا سەن ئادەتتىكىدەك كەلدىڭ، ئانچە كۆپ ئەمەس، بىراق ھەر قانداق سەۋەبلەر بىلەن بۇ يەرگە يىلدا بىر نەچچە رەت كېلەتتىڭ، بۇ قېتىم سەن ئۆزۈڭنىڭ ئەمەلدارلىق قارا «ۋولگا»ڭدا غۇيياڭشىپ موسكۋانىڭ كوچىلىرىدىكى يول ئاچقان كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىنى ئالاچەكمەن قىلىپ غۇيۇلداپ يۈرۈپ ماشىنىلارغا كەڭ ـ كۇشادە كۆز يۈگۈرتۈپ قويۇپ كېلىپ قالدىڭ، ئەگەر كىشىلەر نەگە ھەم نېمە ئۈچۈن كېلىۋاتقانلىقىڭنى بىلىشسە، ئۇنداقتا ئۇلار كوچىنى توغرا توسۇۋېلىشىپمۇ، ماشىناڭنى تېرە ـ باران قىلىپ، ئۆزۈڭنى چالما ـ كېسەككە چۈنكەپ ئۆلتۈرۈشىدۇ، شۇنداق بولغاندىمۇ بۇنىڭغا ھېچكىم ھەيران قالمايدىغان ئىش بولمايدۇ، خۇدا ئۇلارنىڭ قەھرى ـ

غەزىپىنى كەچۈرىدۇ.

چۈشتىن كېيىنكى موسكۋا، ئادەتتىكىدەك كىشىلەرگە مىغ ـ مىغ بولىدۇ، ئالاھىدە شەھەرنىڭ مەركىزىدە ئۇلار تۈيۈشتىمۇ ـ ياقمۇ؟ بىراق ئۇلار ئۇچۇن شۇ سائەتتە بارلىق تىرىكچىلىكنىڭ قىيىن مەسىلىسى بىر نەرسىنى ئىزدەشتە، ئوي ـ سانالىرىنىڭ بارى بىر نەرسە ئېلىشتا، بىر نەرسىگە ئېرىشىشتە، يېتىشتە يەنە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تىنىمسىز ھەرىكەتلەردە بولدى، بىراق ئۇلاردىن ئانچە يىراق ئەمەس يەردە كىمدۇر بىراۋ يارتىلىشقا، تارىخقا، خۇداغا، ئادەملەرگە، قەتئىيلىككە قارشى تۇرغۇچى قانداقتۇر بىر ئىش ئويلاشتۇرۇلۇپ قويغانلىقى، شۇ ئىشتىن كېيىن دۇنيا باشقىچە، قايتىدىن يارىتىلغاندەك بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھېچكىمىنىڭ بېشىغا، كۆز چىمچىقىغىمۇ كەلگەن يوق، بۇ ئويىنى تولۇق ئىشقا ئاشۇرۇشقا تولۇق مۇمكىنلىكى بار ئۇ ئادەم شۇ پەيتتە ئۇچقاندەك ماڭغان پىكاپدا ئۇلارنى يانداپ سىپاپ ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى، يەنە بۇ ئادەمگە ئائىلە، ئاتا ـ بوۋىسى، بوغۇنلارنىڭ نەسىل قوغلىشىشى دېگەن چۈشەنچىلەر قورامساق سۆزلەر بولۇپ قالغان، ئۆزى نەدىن يارالغانلىقى ۋە كىمنى ياراتقىنى ھەققىدە قىلچىلىكمۇ چۈشەنچىسى يوق بولۇپ قالغان، پۈرسەتنى كەلتۈرۈش ئۇچۇن ئىشلەۋاتقانلىقىنى كىشىلەردىن ھېچكىم شۇ سائەتتە، ئەلۋەتتە، بىلگەن ئەمەس، بۇ ۋەزىپىلەرنى ئائىلىنىڭ ئورنىدا مەملىكەت ئاتا ئىجرا قىلىۋاتقان....

ئەلۋەتتە، ئۇ ئالەمشۇمۇل پروگراما ـ باغدارلاما يالغۇزلا سېنىڭكى ئەمەس، ئىدئولوگىيىلىك ئالدىن كۆرەرلىك سېنى ئەمەس باشقىلارنىمۇ شۇنداق ھالەتكە كەلتۈرىدۇ، مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، بىراق ھاكىممۇتلەقچىلىكتىكى مەملىكەتنىڭ قارا نىيەت كۈچلىرىنىڭ ئۇلاردىن ئۆز مەقسەتلىرىدە پايدىلىنىش مەپكۇرەسىگە سەن خىزمەت قىلدىڭ، سېنىڭ

ئىلمىڭ خىزمەت قىلدى، تەجرىبىلىرىڭ تۈرتكە بولدى، ئۇ ھەقتە سەن ھازىر، بارلىق ئىشلار يۈز بېرىپ ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن كېچىكىپ ئېيتىپ ئولتۇرىسەن، بىراق ئىلمىي كەشپىياتلىرىڭدىن قانداق ئەمەلىي يەكۈن چىقارسا بولۇشىنى شۇنىڭدا مۆلچەرلىگۈچىسەن، شۇنىڭغا قارىماي، ئۇنىڭ ساڭا بىۋاستە لازىمى يوق دەپ ھېسابلايسەن ـ دە، ئۇ ھەقتە ئويلىماسلىقنى، چوڭقۇرلاشماسلىقنى ھەرىكەتلىنىسەن، كۆرسە، بەغايەت تەپەككۇر بار ئىكەن، ئۇ پۈتۈنلەي قۇرۇق خىيال ئەمەس ئىكەن، سەن قىلىۋاتقان ئىشلار ھۆكۈمرانلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن تەجرىبىچىلەرنىڭ ئىلمىي تاماشا ئويۇنى، زوقى ئەمەس ئىكەن، سەن ئۇنى مەركىزىي كومىتېتقا كەلگەندە چۈشەندىڭ.

بۇ قېتىم كىرىشتە قەدىمىڭنى كونيۇخانوۋنىڭ كاتىبەسى توسۇۋالدى ـ دە، ئايرىم شەخسىي لېفىت بىلەن بارلىق كۆزەتكۈچى، كۆزەتلەردىن يانداپ ئۆتۈپ، يەتتىنچى قەۋەتكە ئېلىپ چىقتى، كونيۇخانوۋ كۈتۈپ تۇرغان ئىكەن، ئۇ ئىشىكنى ئۆزى ئېچىپ سېنى ئىشخانىسىغا چاقىردى.

ـ ئاندرېي ئاندرېيېۋىچ، سىزنى كۆرگىنىمگە خۇشالمەن!ـ دەپ كۆز ئەينىكىدىن كۆزلىرىنى پارىلدىتىپ قارىغاندا كۆز نۇرۇڭلار ئۇچرىشىپ قالدى، ئۇنىڭ كىچىك پېئىللىكىدە ياسالمىلىق يوق ئىدى، كىرىڭ، بىز سىز بىلەن ئاندا ـ ساندا بىر كۆرۈشىدىكەنمىز، كېلىڭ، بىر ئاز سۆزلىشىپ ئولتۇرۇپ، ئىچ پۇشۇقنى چىقارغىلى سىزنى كېلىدىكەن دەپ ئاتايىن كۈندىلىك ئىشىمىزنى بىر ياققا قايرىپ قويدۇم .قارا باسقۇرنى، شۇنداق، سىز راست ئېيتىسىز، تېز ـ تېز ئالاقە قىلىپ تۇرساق ياخشى بولار ئىدى، ئاندرېي ئاندرېيىۋچ بىراق ئۇنىڭ جىمىسىگە ۋاقىت كېرەك، ۋاقىت! ۋاقىت، كېلىڭ!ـ ئۇندىن كېيىن كاتىبەسىگە ئەسكەرتتى، ھېچقانداق قوڭغۇراق دېگەن چېلىنمىسۇن، مەن

يوق.

ئۇلارنىڭ بۇ ئۇچرىشىشىغا قانداقتۇر بىر ئۆزگىچە مەنا بېرىلگەن دەپ چۈشەنسىمۇ بولىدۇ، ھەقىقەتەندىمۇ شۇنداق بولۇپ چىقتى.

كونيۇخانوۋ ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ئىدى، ئادەمنى ئۆزىگە تارتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى، ئۇ سىلىق ـ سىپايە ئىدى، گەپنى دىققەت قويۇپ ئاڭلاپ ئويلىنىپ سۆزلەيتتى، كىيىم ـ كېچىكىدە ئوشۇق ھېچنەرسە يوق، كاستيۇم، ئۇنىڭ ئۆڭ ـ سۆلىگە لايىق گالىستۇك، ياخشى يارىشىملىق ئايىغى، ئوشۇقچە تاماق يەپ، ئوشۇقچە ئىچىملىك ئىچمىگەن، ئۆز سالاھىيىتىنى بۇزمايدىغان ئادەم. تۇنۇق كۆز ئەينىكى جۇدەڭگۇ يۈزىگە يارىشىپ تۇرىدۇ، «ئۆچكىنىڭ ساقالنى چاپلاپ قويسا دىرېرژىنسكىينىڭ دەل ئۆزى بولىدۇ!» دەپ ئويلاپ قويدۇڭ سەن نېمە ئۇچۇندۇر؟ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بۇ سېكرېتارى ھەققىدە پىكىرلەر يامان ئەمەس بولدى، ئەكسىچە، كۆپچىلىكى ئۇ ھەقتە تالاي ئويلىغان ئادەم سۈپىتىدە ياخشى سۆزلەرنى قىلىشاتتى، سىياسىي بيۇرونىڭ ئەزالىرى ئىچىدىن ئۇ يوشۇرۇن بىرسى ئىدى، ئەللىككە يېقىنلاپ قالغان، يەنە ھەممىدىن جاپاكەش دەپ ھېسابلىناتتى، مەنسەپتە دىپلوماتىيىلىك خىزمەتتە يۈرۈپ زىيادە ئاقىللىق بىلەن ئارقىدىن تېزلا يېتىشىۋالغان بىز ئۇچۇن سىياسىي ياقتىن ئالاھىدە ئېتىبارلىق دېيىلگەن دۆلەتلەردە شىمالىي چاۋشەندە مەسلىھەتچى، ئاندىن كېيىن ئەلچى، ۋېيتنامدا، كۇبادا ھەم جۇڭگودا ئەلچى بولۇپ ئىشلىگەن، ئۇنىڭ ئەمگىكى يۇقىرى باھاغا ئېرىشكەن ئىدى. ئۇندىن كېيىن شۇ جەھەتتىن، يەنى ھېلىقى ئوت بولۇپ كۆيگەن ئىش جەھەتتىن ئۇنى كۆتۈرۈشتى، ھەممە ئىش ئومۇمىي پىكىر بويىچەتولۇق مەزمۇنلۇق ھەم ئادىل تۇردە بولدى، بۇندىن سىرت خەلقئارالىق ئولىمپىككە، ب د ت غا دائىمىي

ۋەكىل بولۇپ كەتكىلىۋاتقاندا، توساتتىن كونيۇخانوۋ پارتىيىۋى ئورگانلارغا، ئۇلارنىڭ يۇقىرى تارماقلىرىغا يوٚتكىلىشكە ئىبەرتىلدى، مانا شۇندىن بېرى ئۇ خەلقئارلىق كوممۇنىزم چەمبىرىكىدە پۇتكۇل ئىدىئولوگىيىلىك ۋە تاشقى سىياسىي ئىشلارنى باشقۇرۇپ كېلىۋاتاتتى.

كونيۇخانوۋ ھەققىدە بىلگىنىڭ مانا شۇلار ئىدى، ئەمدى سېنىڭ ئۇنى باشقا يىغما نۇقتىدىن كوٚرىدىغان ئەھۋال بولدى.

ئېيتىلىپ يۇرگەن ئومۇمىي پاراڭلاردىن كېيىن سوٚھبەتكە كىرىشىش ئۇچۇن ئۇ مۇنداق دەپ قالدى:

ـ 318ئاندرېي ئاندرېيېۋىچ، گەپنى يىراقتىن باشلاي، ھە دېمەيسىزغۇ، ئەگەر مەن، ئادەنزاتىنىڭ تارىخىي كوٚز چىمچىقىمدا، مىسال ئالساق، كىمدۇر بىراۋنىڭ بېشىغا كەلگەن ئوي قايتا كېلىۋاتقان كوٚز چىمچىقىمدا، مۇنداقچە موٚجىزىۋى بىر كوٚز چىمچىقتا دەپ قويۇشىدۇ ئەمەسمۇ، چوقۇم يۇز بېرىدۇ دېسەم، بەلكىم ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولار، ھاياتتا ھەممىسىنىڭ بەلگىلىك بىر ۋاقىتقىچە تەدرىجىي تەرەققىيات يولى بىلەن راۋاجلىنىشى ھەممىمىزگە مەلۇم ئىشقۇ، بىراق گاھىدا توساتتىن، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئىنقىلابىي ۋەزىيەت پەيدا بولىدۇ، توقۇنۇش پەيدا بولىدۇ، مانا شۇنىڭدا قايسى بىر ئوي، قايسى بىر مەپكۇرە راستىنلا دۇنيانى بىر زاماتتا ئوڭتەي ـ توڭتەي قىلىۋېتىشى مۇمكىن، مانا ھازىر دەل شۇنداق پەيت، بىراق بۇ مەپكۇرەنىڭ بۇلىقى مەندەك بىر بەندىدە ئىكەن دەپ ئويلىمىسىڭىز ئىكەن، خۇدا ئۇرغۇر، مەن بولسام كىيىك ئوۋلىتىدىغان ئوۋ ياردەمچىسى ، ئۇنداق پەيتتە مەن كىم بولماقچى ئىدىم؟ ـ 318 دەپ سەن سوٚھبەتدىشىڭ نېمىنىڭدۇر بېشىنى چايقاۋاتقانلىقىنى ھەرىكەتلىنىپ.

ـ 318بىر ئاز چىداپ تۇرۇڭ، بۇ پەقەت بىر چوٚچەكنىڭ باشلىنىشى،

ئۇنىڭسىز ئىشىنىڭ ماھىيىتىگە يېتىش قىيىن. ئەمىسە ،گەپنىڭ ئاخىرىنى ئۇلاي، مەن ئېيتىۋاتقان ئىش ئىنقىلابىي خاراكتىردىكى تارىخىي قەدەم، ئۇنىڭدا فرانسىيە ئىنقىلابىنىڭ ئۇچقۇنى، بىزدىكىنىڭ يەنى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ ئوت ـ يېلىنجى بار، مەن شۇنداق دەپ بىلدىم، بۇ بىرخىل تەپەككۇرنىڭ مۇتلەق ئەركىنلىكىنىڭ كونا قېلىپلىرىدىن تولۇق قۇتۇلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، بىراق بۇ ھېلىقى پلاتون ئېيتقاندەك ئىشنىڭ دەل ئۆزى، ئاڭنىڭ ماددىغا تەسىرى يەنە ماددىنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ئاڭغا ئايلىنىشى، چۈشىنىۋاتىمەن، ئاندرېي ئاندرېيېۋىچ، سىز ھازىر، بەلكىم، زادى نېمىنى ئېيتىۋاتقاندۇ، بۇ قانداقمۇ كەسپىمگە بىۋاستە لازىملىق؟.. شۇنداق، شۇنداق! ھەيران قالماڭ!

ئىككىڭلار كۆپ كىشىلەر بىلەن كېڭەشمە ئۆتكۈزىدىغان ئۇزۇن شىرەنىڭ چېتىدە ئولتۇردۇڭلار، كاتىبە نېپىز ئەينەكتىن ياسالغان ئىستاكانلارغا چاي قۇيۇپ كەلدى.

بۇ يەرگە ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك، بەكمۇ مۇھىم ئىش ئۈچۈن چاقىرىلغانلىقىڭنى سەن چۈشىنىسەن، ئۇنداق بولمىسا بۇنىڭ جىمىسىنىڭ، سۆزنى بۇنچىۋالا يىراقتىن باشلاشنىڭ نېمە كېرىكى بار؟ ئۇندىن كېيىن تارىخىي ئىلمىي تەجرىبىلىرىڭنىڭ ئەمەلىي ئەھمىيىتىنى مەركىزىي كومىتېتنىڭ نېمىدىن كۆرگەنلىكىنى چۈشىنىشكە ھەرىكەتلەندىڭ، ئۇنىڭ مۇددىئا ـ مەقسىتى سېنى ھەيران قالدۇرۇپ، جىددىيلەشتۈرۈپ يەنە شۇ ۋاقىتتا ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆكتەملىكى بىلەن سېنى قىزىقتۇرۇپ، ئاستا ـ ئاستا ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتى چۈشىنىشلىك قىلىشقا باشلىدى.

ـ 319مانا ئاشۇنداق، ئاندرېي ئاندرېيېۋىچ، سۆز قىلىۋاتقىنىممۇ شۇ،ـ دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى كونيۇخانوۋ، ئۇ تاماكىسىنىڭ كۈلىنى خىرۇستال

كۆلدانغا ئويلۇق بىسىپ ئۆچۈردى ـ دە، بىشىنى شارتتىدە كۆتۈردى.

ـ 320بەلكىم ئۇشۇقچە مۇرەككەپلەشتۈرۈپ قويغاندىمەن، ـ دەپ كۈلۈمسىردى ئۇ، ھەر قانداق تەكەللۇپ سۆزلەرگە كۆنۈۋالغان ئىكەنمەن، بىز، سۆزسىز، ئىككىمىز ئۆز كىشىلەردىن ،ئاندرېي ئاندرېيېۋىچ. ئۆز بىز، شۇڭا ئوچۇق، ئامالىنىڭ بارىچە قىسقارتىپ ئېيتاي، گەرچە بۇنداق قىسقارتىپ ئېيتىش ماڭا قىيىن كەلسىمۇ بىراق، بىرىنچىدىن ئەڭ مۇھىمى پارتىيە سىزگە ئىشىنىدۇ، ئاندرېي ئاندرېيېۋىچ، ئىشىنىدۇ، ئالدىمىزغا تارىخ قويۇۋاتقان ۋەزىپە ئومۇمەن ھەممىمىزنىڭ، بەرھەق چۈشىنىمەن، ئىلىم بىلەن سىياسەت ئىككىسى ئىككى ئايرىم نەرسە، بىراق سىنىپىي مۇئامىلە قانداقلا بولمىسۇن قەتئىي كېرەك، بىزدەك ماركسىزمچىل لېنىنچىلارنىڭ تايانغىنى شۇ، يەنە بىزنىڭ تارىخىي ئارتۇقچىلىقىمىزمۇ مانا شۇنداق ئىكەنلىكى تالاشسىز، مانا كەشپىيات ـ ئىختىرايىڭىزنى ئالىلى، قولدىن يارالغان بىئولوگىيىلىك ئىختىرا دەپ قويايلى، بۇ ئادەمنىڭ يارتىلىشىغا بەكمۇ چوڭقۇرلاپ قول تىقىش ئەمەسمۇ؟، بۇ ھەقىقەتەندىمۇ، ئىنسانىيەتنى قايتىدىن ياساپ چىقىش بولۇپ ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشىنى، جەمئىيەتتىكى ئورنىنى ھەم رولىنى، ھەمدە ئۇندىن باشقا سۇنئىي يول بىلەن تۇغۇلغانلارنىڭ شەكىل، قېلىپى بويىچە پۈتكۈل ئادەمزاتىنى قايتا تەقلىد قىلىپ ياساش. «مۇمكىنچىلىكى بىلەن باشلانغان ئىش تاشلانمايدۇ» دېيىشكەن كونىلار، 20 ـ ئەسىرنىڭ ھارۋىسىنىڭ نەگە كەتكەنلىكىگە قاراڭ!

ـ سىزگە چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرۇشۇم بىھاجەت، بىراق بۇ مەنادىن ئالغاندا، مەن پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ باھاسىغا تولۇق قوشۇلىمەن، دۇنيا يارالغاندىن بېرى بۇنداق بولغان ئەمەس، ئىلىم ـ پەن سىزنىڭ نامىڭىزدىن پەيدا بولۇپ كۆرەلمىگەن قۇۋۋەتلىنىشكە يېتىشتى، سىزگە ھۆرمەت ھەم شەرەپ!

ھامىلدار بولۇش بىلەن تۇغۇلۇشىنىڭ سىرلىق ساھەسى باشقۇرۇشىڭىزغا باش ئېگىدىغان ئىش بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، شۇ ئىشىڭىزغا ئەگىشىپ بىزدە ھەر خىل ئوي پەيدا بولدى، بۇنى ئامىتۇي تۇردە كېڭەيتىشكە ھەركەت قىلساق نېمە بولار؟ ئۇندىن قالسا بۇ ئىنقىلابىمۇ ھازىرچە نامىسىز ئىنقىلاب، بىراق بۇ ئادەمنى ئۇزۇق سۈپىتىدە قايتا تېرىپ چىقىشتىكى ئېنىق ئىنقىلاب! ئۇنداق بولغاندىن كېيىن، بۇ مەشغۇلاتنى باشقۇرۇشقا يەنە نازارەتلەشكە مۇمكىن بولسا ھەم ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ يېڭى ئاملى ھەم تارىخنىڭ يېڭى تاياىچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرسەك، ئۇنداقتا، ماقۇل بولارسىز، بۇ سىياسەتنىڭ ئىشى، مانا مۇشۇ يەردىن بىر سىز بىلەن، ئاندرېي ئاندرېيېۋىچ ئەمدى شېرىكلەر سۈپىتىدە ئۇچرىشىپ ئولتۇردۇق، بۇنداق ئىشتا پارتىيە سىرتتىن تىڭىرقاپ قارىغان نازارەتچى سۈپىتىدە ئاددىيراق ئورۇندا قالماسلىقى كېرەك، تەتۈرچە، ۋاقىتنى بىكارغا كەتكۈزمەي، بۇ ئىشلارنىڭ جەريانىنىڭ بېشىدا تۇرۇشى كېرەك، بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزنىڭ، بىزنىڭ ئىدىئولوگىيىمىزنىڭ مەقسىتى يەنە پايدىسى ئۈچۈن ئۇنى لايىق نوقتىغا بۇراش كېرەك، بىز شۇنداق ئويلايمىز، كەچۈرۈپ قويۇڭ، خۇدا ئۈچۈن ئاندرېي ئاندرېيېۋىچ، كۆپ سۆزلەيدىغان خۇيۇم بېشىم بىللە بىلەن كېتىدىغاندەك قىلىدۇ، سىز سۆزنىڭ نېمە ھەققىدە ئېيتىلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىۋاتقانسىز، ھەممىنى ئالدىنئالا بىلىسىز، سىز دانىشمەن، مەن تېخى مۇنداق دەپ قوشۇمچە قىلار ئىدىم، بۇ نېمىگىلا لازىمى بولمىسۇن، كائىناتتىكى كەشپىيات ـ ئىختىرادىن تارتىپ تەجرىبىچىل بىئولوگىيىگىچە تۇپكى مەقسىتىمىزنى، بىزنىڭ پۈتكۈل دۇنياۋى، تارىخىي رولىمىز ئۇنتۇلماسلىق كېرەك، گەپ مانا شۇنىڭدا تىلەككە قارشى، ئايرىم بىر تىنتىش، ئىنتىزام تەكشۈرۈش خاراكتېرلىك كەيپىياتلار، ھەتتاكى، بىزنىڭ مەركىزىي كومىتېتتا، ئاپپارات ئەتراپىدا ئورۇن ئالغان،

سىزدىن يوشۇرىدىغان سىرىم يوق. بىز ئۆز كىشىلەر. ئايرىم يولداشلار بىزنىڭ بارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئەمگەكچىلىرى ھەققىدە ئويلىشىشىمىز كېرەكلىكىنى ئۇنتۇپ قېلىشىپ، سوتسىيالىزم دەۋرىدە ئايرىم بىر دۆلەتتە يەڭگىل ،يېنىك ھەم بەختىيار ـ شادىمان ياشىغۇسى كېلىشىدۇ! كاپىتالىزم بىلەن بولغان رىقابەتتە بىز يېڭىپ چىقىشىمىز كېرەك، دۇنياۋى ئىنقىلابنىڭ شۇئارى ھازىر يەنە بىۋاستە كۆتۈرۈلمىسىمۇ سەييارىمىزدە بەربىر كوممۇنىزم يېڭىدۇ! بۇ بىزنىڭ ئالىي مەقسىتىمىز، يەنە بىز كوممۇنىزمنى بارلىق مۇمكىن بولغان چارىلەر بىلەن، بارلىق خىراجەتلەر بىلەن يېقىنلىتىشىمىز كېرەك. شۇنىڭ بىلە بىرگە ئىلىمنىڭ يېڭى نەتىجىلىرىنى قوللىشىمىز زۆرۈر. ئۆزىڭىزنىڭ ئىلمىي تەجرىبىلىرىڭىزگە بېرىلىپ كېتىش بىلەن، سىز، ئاندرېي ئاندرېيېۋىچ، تەجرىبىچىل بىئولوگىيىدىكى سىزنىڭ بۇرۇن بولۇپ كۆرۈلمىگەن نەتىجىلىرىڭىز، ئادەمزات ھاياتىنىڭ ماسشىتابىدا دۇنياۋى بىر نەرسە ئېيتقىلى تۇرغانلىقىنى پەملىمەي تۇرۇۋاتىسىز. بەرھەق، بەرھەق! مەن بۇنى ھەقىقەتىم بىلەن ئېيتىۋاتىمەن، بىر قارىغاندا بۇنى ئويلاپ يېتىش قىيىن، چۈنكى جىمى بار بولغىنى تەجرىبىخانىدا يارالغان تۆرەلمىلەرنىڭ مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئەينەك كولبا ئىچىدە يېتىلگەن ئۇرۇقتىن باشلىنىۋاتامدۇ؟! بىراق گەپنىڭ پوسكاللىسى شۇنىڭ نەتىجىسىدە تۇغۇلغان ئادەم. ئۇنى ئاڭقۇرت دەپ قويىلى، پىنھان ئىنسان، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى ئاتا ـ ئانىسىز، سۇنئىي يول بىلەن يارىتىلغان سوبيېكت ئىكەنلىكىدە، مەن شۇنداق چۈشىنىمەن، مەن سىزگە نېمە ئۈچۈن ئايدىنمۇ ئوچۇق نەرسىنى چۈشەندۈرۈشكە ھەرىكەتلىنىمەن؟ چۈنكى، سىز ئۈچۈن بۇ ناھايىتى قىزىقسىنارلىق تەجرىبىخانالىق تەجرىبىلەرنىڭ ئوبيېكتى، ھەمدە بىز ئۈچۈن ئاڭقۇرت يەنى ئادەمنىڭ يېڭى نەسلى، تۇرى، ئۇندىن قالسا، پەرزەنتىمىز بويىچە كونا دۇنيانى، ئۇندىن كېيىن

ئەمگەكچىلەر سىنىپىنى قۇتقۇزۇشىمىز ئۈچۈن دەل شۇ ئاڭقۇرت ئارىچى بولىدۇ! گەپىنىڭ خېمىرتۇرۇچى مانا مۇشۇنىڭدا، يەنە قەرەلى كەلگەندە دەي، شۇ ئاڭقۇرت تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم ھەرىكەتلەنگۈچى ئاساسىي تايانچى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن!

بۇ ھەقتە ئېيتقانلىرىم ھەر قانداق كىشىگە بەكمۇ ئىلھاملانغان مەدەت بىلەن ئېيتىلىۋاتقاندەك سېزىلىشى مۇمكىن، ئۇمۇ بار، ئۇنىڭ سەۋەبىمۇ بار. چۈنكى ئاڭقۇرتلار سىياسىي جەھەتتىن ئالغاندا، ئاجايىپ ئىستىقباللىق، بىزدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ، پۈتكۈل دۇنيا يۈزىدە كوممۇنىزمىنىڭ غالىبىيىتى ئۈچۈن ئارقىغا چېكىنمەيدۇ، ئارىسالدىلىق يوق ۋەھىمە بىلەن كارى يوق، كۆرەشكە كىرگۈچى مۇھىم كۈچ دەل شۇلار! ئائىلە ھەم باشقا تۇغقاندارلىق مۇئامىلىلەر كونا دۇنيانىڭ قۇرامىساق ئىنىستىتۇتلىرى، بىزنىڭ ئىنقىلابىي ئىلىم نەۋاخ ئالدىنئالا كۆرەلىگەن ئادەمزاتىنىڭ يېڭى دەۋرگە يول ئاچقان، ئاڭقۇرت كېلەچەكتە كونىنى، كېرەكتىن چىققانلارنى يوق قىلغۇچىلارلا ئەمەس، شۇنداقلا يېڭى دۇنيانى ياراتقۇچىلار ھەم ئۇلۇغ ئادەملەر، داھىيلار ئاڭقۇرت مۇھىتىدا، ئادەتتىكى ئاڭقۇرت مۇھىتتىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ چىقىدىغانلىقىدىن گۇمانىم يوق، ئۆزىڭىز چۈشىنىپ تۇرىسىز، بۇ يەردە ئائىلىلىك ھەم باشقا دائىمىي مۇناسىۋەتلەردىن ھەم باشقا ئىشلاردىن تولۇق ئەركىنلىك بار. باللار سۇنئىي يول بىلەن بىردەك ئىشلەپچىقىرىلىپ، يەنە شۇنىڭغا لايىق تەربىيىلىنىدۇ، ئەمدى نەدىن كېلىپ چىققىنى نامەلۇم، نامەلۇم ئېسىل تاشنىڭ سۇنۇقى شۇنداق ئاتىلاتتى، بىراق ، ئويۇمچە «ئاڭقۇرت» دېگەن سۆز پۇختا، چۈشىنەرلىك ۋەھاكازالار. . . .

بىز ھازىرچە ئۆزىمىزنى قىزىقسۇندۇرغان تېمىنىڭ ئەتراپىدا بار بولغاننى نەزەرىيىلەشتۇرۇلۇپ، ئويلىنىپلا تۇرۇۋاتىمىز، بۇ قۇلاق ئاڭلاپ باقمىغان يېڭى

ئادەمنىڭ ھادىسىسىنىڭ نېمە ئىلىپ كېلەرىنى مۆلچەرلەۋاتىمىز، پەرەز قىلىش كېرەك، ئۇنىڭسىز قالساق بولمايدۇ، ھازىرقى مەدەنىيەت ۋەقەلىرىنىڭ، قىيىن مەسىلىلەرنىڭ يېڭى دولقۇنلىرىنىڭ بىرىنىڭ ئارقىدىن بىرىنىڭ قوغلاپ كېلىۋاتقان ۋاقتىدا قول قوۋۇشتۇرۇپ ئولتۇرۇۋېرىشكە بولمايدۇ، تارىخ ئۇنداق بولۇشىنى بىزدىن كەچۈرمەيدۇ، شۇنىڭغا ئۇلاپ ئېيتقۇم كېلىدۇ، كېلەچەك كۆپ جەھەتتىن دۇنياۋى تەرتىپنىڭ دۇنياۋى كۈرىشىدە كىم بىرىنچىلىكنى قولغا ئالغىنىغا يارىشا بولىدۇ، غالىبىيەتكە، يېڭى ئادەملەرگە، يېڭى ئاڭقۇرتلارغا جەمئىيەتتە ئىشىكنى كىم ئاچسا شۇ ئالدى بىلەن يېتىپ بارالايدۇ. چۈنكى بۇ يوشۇرۇن تۇغۇلغان جانلارنىڭ ئارتۇقچىلىقى ئائىلە، ھەر قانداق ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىق يەنە قان ـ قېرىنداش، شىرەم تۇغقان، يېقىنلاردىن ئاتىنى ئاساس قىلىدىغان پاترىخالىق ھەم باشقا مۇناسىۋەتلەردىن قارىغۇلارچە ئەركىن ئىكەنلىكلىرىگە قارىتا ئاڭقۇرت بولسا كونىرىغان ئەدەب ـ ئەخلاقنىڭ ئەسىرلەردىن بۇيانقى يۇكىدىن قۇتۇلۇشقا ئىلىپ كېلىدۇ، سىياسىي جەھەتتىن ئالغاندا بۇ تەڭداشسىز ئۇتۇق، ئاڭقۇرتلار كوللېكتىۋىزمنىڭ يەنە ئىنتېرناتسىئونالىزمنىڭ تايانچىلىرى بولۇپ قېلىشىدۇ، ئۇلار كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالىزم ـ بەينەلمىنەلنىڭ زەربىلىك كۈچىگە ئايلىنىدۇ، غەربگە ھەل قىلغۇچ سىياسىي زەربىنى دەل شۇلار ئۇرۇشىدۇ.

مۇشۇنىڭ ھەممىسى، ئۆزىڭىز چۈشىنىۋاتقانسىز، كېلەچەكنىڭ ئىشى، شۇنداق بولسىمۇ ئومۇمىي ئۇقۇم ئىشلىنىپ چىقىشى ھەم ھەرىكەتكە كىرگۈزۈلۈشى كېرەك، شۇڭا سىزدەك ئوقۇمۇشلۇقنىڭ، ئاندرېيېۋىچ، بۇ مەسىلە بويىچە بىزنىڭ پوزىتسىيىمىزنى تۇتقانلىقىمىزغا پارتىيە تېرەن قىزىقىدۇ، بۇگۇنكى ئۇچرىشىشىمىزنىڭ مەزمۇنىمۇ مۇنداقچە ئېيتقاندا

ئاشۇنىڭدا، ئۇنىڭدىن قالسا، بىز ئورتاق تىل تېپىشىمىزغۇ دەپ ئىشىنىمەن، چۈنكى ئىش يۈزدە، ھەممە ئىش ئەڭ مۇھىمى سىزگە يارىشا بولىدۇ، ئاندرېي ئاندرېيېۋىچ، سىز ئاڭقۇرتلارنى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تېخنىكا ـ ھۈنەرلىرىنى بەرپا قىلغۇچىسىز، لېكىن بىز بولساق كەسىپ ئەھلى، ئىجراچىسى، ئىدىئولوگىيە بولسا كىمنىڭ يەلكىنىنى ئۇچۇرغان شامال، ھەرىكەتكە كەلتۈرگۈچى قۇۋۋەتلىك شامال، بىراق يەلكەن ئەمەس... ئاشۇنداق ئەمەسمۇ؟ توغرا، ئىشىڭىزگە نوپۇزلۇق ئورگانلارمۇ قاتتىق قىزىقىسىشىۋاتىدۇ، بۇ ئىش بويىچە ئۇلارنىڭمۇ كونكرېت ئىلتىماسلىرى بار.

سۆھبەت يەنىلا ئۇلىنىۋەردى، مەركىزىي كومىتېتنىڭ سېكرېتارىنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئۇقۇقانلىرىمغا ئاغزىم ئېچىلىپ، شۇ ۋاقىتتا مېنى قىيناپ، ئازاب چەكتۈرۈۋاتقان نەرسىلەرنى تېشىمغا چىقارماي يوشۇرۇشقا دالالەت قىلدىم، مەن سۆھبەت بولىۋاتقاندىكى قىستۇرمىلىرىم بىلەن جاۋابلىرىمنى بۇ يەردە كەلتۈرمىدىم، ئۇلار ئانچە ئەھمىيەتلىك ئەمەس، چۈنكى ئۇلار مەركىزىي كومىتېتنىڭ پوزىتسىيىسىدىن پەرقلەنگەن ياكى كونيۇخوۋنىڭ ئويىغا قارشى بىر نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەمەس، ئەڭ قىيىن دېگەندە، ئېيتقانلىرىمنى ھازىردىن باشلاپ بولسىمۇ ئانچىكى بىر گۇمانسىراش سۈپىتىدە قوبۇل قىلسا بولاتتى.

شۇ چاغدىكى سۆھبەتنى ھازىر نېمە ئۇچۇندۇر قۇيقا چېچىم تىك تۇرۇش بىلەن ئەسلەيمەن، سەۋەبى نېمىدە؟! ھازىر كائىناتتا يۈرۈپ، ئىش ئۆتكەندىن كېيىن ئاڭقۇرتلارنى چۆرىدەپ نېمىلەر ياسالمىدى ـ ھە، نېمىلەر ئويلىنىشقا سېلىنمىدى؟ قانداق تەييارلىقلار كۆرۈلمىدى؟! دەپ تاڭ قالىمەن، شۇ ئەستە قالارلىق ئۇچرىشىشنى مەن، ئەينەن ھالدا ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەممىنى، بولغاننى بولغاندەك ئوتتۇرىغا سالاي، شۇنىڭدىكى يۈرۈش ـ

تۇرۇشۇم، ئەلۋەتتە، مېنى ياخشى ئاتلىق قىلمايدۇ، بىراق، ئاشۇنداق كونا مەيداندا، مەن باشقىچە ئىش قىلالماس ئىدىم، مەن ئاقلىنىۋاتقىنىم يوق، مەن باتۇر ئەمەسمەن،باتۇر بولغۇمۇ كەلمەيدۇ، بىراق راستىنى ئېيتاي، مۇشۇنداق دېيىشتىن باشقىنى قىلالمايدىكەنمەن، چۈنكى كېلەچەكتە ھەممىدىن ئاجرايمەن، ئاستا ـ ئاستا ئۆزۈمنىڭ ئاساسىي تېمامنى ئىشلەشتىن چەتلىمەكچىمەن، ئۇ دەررۇلا شۇ ۋاقىتتا ۋەقەھادىسىلەردەك پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە قەدەمسېرى يېقىنلاپ ئۇچرىشىدۇ، يېتەكچىلىك ئەينى ئەھۋالىنى يەنە تەسىرىنى يوقىتىدۇ، ئىلىمدىكى ئەينى ئەھۋالنى يوقىتىشتىنمۇ يامان پاجىئەگە ئېلىپ كېلىدۇ، شۇنداق، تەتقىقاتتىكى تونۇشۇم بىلەن پۈتۈنلەي بىردەك بولغان ھۆكۈمرانلىقنىڭ قولى ئىكەنلىكىم بىلىندى، شۇ چاغدىكى زىيالىيلار ساھەسى، ھازىر ئۆزى ھەققىدە قانداق باھالارنى ئېيتمىسۇن، زور كۆپچىلىك مەندىن پەرقلەنمەيدىغان قاراشتا.

يەنە بىر خاسلىق ئايرىم، بىراق ئۇ ئەھمىيەتسىز ئەمەس. بىر نەرسە شۇنداقلا ماڭائايان بولدى، بۇمۇ ئاقلانغانلىق ئەمەس، مەن ئۇنى چۈشىنىمەن، ئۇ بولسىمۇ. . . ئورگانىزمغا پايمۇ ـ پاي يەتكۈزۈپ بېرىلىپ تۇرغۇچى ئۇيقۇ بەزلىرىدىن بەتتەر، ئاتىسىز ئەھۋالىم ھەققىدە كونيۇخانوۋ نېمە دەپ ئويلاۋاتقاندۇر؟ دېگەن ياۋا ئوي جېنىمنى جاي ئالدۇرمىدى، بۇ خىيال مېنى چۆچۈتتى ـ دە، جىم قىلدى، ئۇ بۇنى چۈشەندىمۇ ياقمۇ ياكى ئۆز مەپكۇرەسى ۋە مۇددىئاسى ھەلەكچىلىكىدىكى ئادەم كىم ئىكەنلىكىمنى، نەسىل، ئەۋلادىمنىڭ يوقلۇقىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ قالدىمۇ ياكى تەتۇرىچە، تەرجىمھالىمدىكى بۇ پاكىتنى، قاچاندۇر بىر چاغدا روزا باللار باغچىسىنىڭ بوسۇغىسىدىن تېپىلغان تاشلاندۇق بالىنىڭ تەرجىمھالىنى بىلىپ تۇرۇپ بىلمەسلىككە سېلىپ، شۇنىڭدىن مەقسەتلىك پايدىلاندىمۇ؟ چۈنكى ئىش

يۈزىدە مەن شۇ ئاڭقۇرتنىڭ ئۆزى بولىمەن، مەيلى تەبئىي شارائىتتا تۆرەلسەممۇ، بەربىر دەل شۇنىڭ ئۆزى بولىمەن، ئەسلى ـ ۋەسلى يوق، نەسلىسىز، ئەجدادسىز، داجىماس غەيرەتلىك، خاتاسىز سالماقلىق، يورۇش ـ تۇرۇشى تاش يۈرەك دەپ ئىپتارلىق، ئۆز ئىشىنىڭ ئىغىر ھادىسىسى سۈپىتىدە تونۇلغان، ئىقتىدارى بىلەن ۋاقتىنى ھەممە ئىشىنىڭ ئالدىغا قويغان، مەقسىتىنى باشقا ئىشقا خوراتمىغان ئادەم دەپ ھېسابلىناتتىم، پەممىدە پارتىيىنىڭ مۇتەپەككۇرلىرىغا دەل مۇشۇنداق ئادەم كېرەكلىكىنى بىلدىم، مەن تەقدىرىمنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئاڭقۇرتنىڭ ئۆزى بولۇپ قالدىم، بۇ ھەقتە ئوچۇق ئىپتىلمىغىنى بىلەن تۇتقۇنلۇقنىڭ تىرىك مىسالى بولۇپ تۇردۇم، قايسى بىر جەھەتتىن ئالغاندا ئەۋرىشكىنىڭ ئۆزى بولدۇم... مەن بۇنى چۈشىنىپ تۇردۇم، بەلكىم شۇ كونى كونا مەيداندىكى مۇھىم ئىشخانىلارنىڭ بىرىدە ئۆزۈمنى باشقىچە سەزگىنىممۇ شۇنىڭدىن بولسا كېرەك.

ئۆزۈمنى ئىشەنچ ـ ئىپتىقادسىز سەزدىم، ھەمدە مۇجمەل، تۇراقسىز، بىئارام ھالەتتە سەزدىم، شۇ ئىشخانىدا ھېلىقى تۇغۇلۇپ ئەڭ دەسلەپكى ئازابلىق بولغان چاغلىرىم يۈز بېرىۋاتقاندەك تۇيۇلدى، ئىلمىي تەجرىبىلەر بىلەن جىنايەتنىڭ چېكى قانداق يەردە ئايرىلىدۇ، شۇ خىل تۇراقسىز چېگرانى كۆرسەتكۈچى بىراۋ تېپىلدىمۇ؟! كۆڭۈلگە شەك چۈشتى، بۇ چېغىم ئازابلىق ھەم يارىماس تۇرمۇشتا ياشىغان، ئۇقۇمدىن تۇخۇمغا، ئۇنىڭ راۋاجىنى ئۈمىد قىلغان، ئۆزلىرى بولمىسا بالىلىرى، نەۋرىلىرى ئارزۇ قىلغان بەخت ـ تەلەيگە يېتىدۇ دېگەن ئاتا ـ بوۋىلارنىڭ ئەرزىگەن تىلەكلىرىگە ئەگىشىپ، خىيالدىكى مەپكۇرەلەرگە يېتىشتە ئاجايىپ بىر مۆجىزىگە ئىشەنگەن ئادەمزاتنىڭ، نەچچىلىگەن بوغۇنلار ئازاب بىلەن ئۆتكەن ئادەمزاتنىڭ ھاياتىنىڭ ئەسىرلەرنى قېرىتقان نېگىزلىرىغا قارشى بولسىچۇ، ئاڭقۇرتلار ئالدىدا شۇ

تارىخىي چاقنى توختىتىش ئاتىلىقنىڭ ۋە ئانىلىقنىڭ يوقاتقۇچىسى يەنە كۆزگە كۆرۈنمەس جاللىتىنىڭ رولىدا بولماقچىمەن.

بىراق، شۇ ۋاقىتتا رولۇم، ماھىيەتلىك ئەھمىيىتىمنىڭ قانچىلىك يۇقىرى بولارىنى ۋەزىيەتنىڭ ئاتموفېراسىنىڭ ئالدىدا ئورنۇمنىڭ قانچىلىك مەرتىۋىلىك بولۇپ بېرىۋاتقانلىقىنى چۈشەندىم، ئىلگىرى كۆرۈلمىگەن مۆجىزىۋى بىر ئىشنىڭ ئىجراچىسى سۈپىتىدە دۇنيادىكى لېۋىگە نان يېپىشقانلا ئادەملەر كۆزۈمگە تەلمۈرۈپ تۇرۇۋشۇۋاتاتتى.

مەن تاشلاندۇقلۇقنىڭ جاپاسىنى تولۇقى بىلەن باشتىن كەچۈرۈۋاتاتتىم، بۇ، بەلكىم قانداقتۇر بىر ئىبلىسلىق بىلەن ئەقىلگە سىغمايدىغاندەك دەرىجىدە ئويلاشتۇرۇلغان سېنارىيە بويىچە تەقدىرنىڭ ئۆزى يېزىپ قويغان نەرسە بولسا كېرەك، تۇرمۇشتىن دەل مانا مۇشۇنداق قىلىپ ئۆچ ئالغىن دەپ مېنى ئاتايىن ئېچىتىۋاتقاندەك قىلاتتى، مەن يارىتىلىشىمدىلا ئاگقۇرت بولغان جىسمىم ئۆزۈم ئىشلەپ چىققان ھۈنەر ـ تېخنىكا بويىچە يورۇق دۇنياغا يوشۇرۇن كېلىشكەن ئاگقۇرتلارنىڭ نەسلىنى ئۆستۈرگۈچىمەن، ئۇندىن قالسا بۇ ئىشلار كىمدۇر بىراۋغا ئەھۋالىنىڭ مۇنداق قىلىپ تەتۈر كېلىپ قېلىشى ياقماي تۇرامدۇ؟! تارىخنىڭ شۇ بۇرۇلۇشىدا مەن ناھايىتى ئاز ۋاقىتتا، ناھايىتى زۆرۈر پۇرسەتلەردە قاۋلىپ ئولتۇرماقتىمەن.

بوسۇغىدىن خوشلىشىۋېتىپ، كونيۇخانوۋ مۇنداق دەپ قالدى:

ـ 328ئاندرېي ئاندرېيېۋىچ، سىزنى تولۇق بىلمەيمەن، بىراق سۆھبىتىمىزدىن زور قانائەت ھاسىل قىلدىم.

مەنمۇ مۆلچەر بىلەن ئاشۇنداق سىپايىچىلىق بىلەن جاۋاب قاتتىم، ئۇندىن كېيىن ئۇ يەنە جاۋاب كۈتمەيلا سۆزىنى ئۇلىدى:

ـ 328سىزگە ئورگاندىن يولداشلار مۇراجىئەت قىلىشتى، ئۇلار ھېلىقى

ئۇ سۆزنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى، يەنە قايتىدىن ئۇلىدى:

ـ ئىشىڭىزغا ياردەملىشىش ئۈچۈن ئۇلار سىزگە ئىلتىماس بىلەن مۇراجىئەت قىلىشىدۇ، بۇ ئەلۋەتتە، تېخنىكىلىق، تەشكىلاتچىلىق جەھەتتىكى مەسىلىلەر، خاۋاتىرلەنمەيلا قويۇڭ، ئۇلار ئادەتتىكىدەك جىمىنى ئويلىنىپ، جىمىنى يەتتە ئۆلچەپ بىر كەسمەكچى بولۇشۇۋاتىدۇ، بۇ قېتىممۇ ئىشنى ناھايىتى بىلەرلىك قىلىشىدۇ دەپ ئويلىدىم.

329راستىنى ئېيتقاندا مەن بىر ئاز ئىزا تارتتىم.

ـ 329ۋادىم پېتروۋىچ،ـ دېدىم مەن كۇنيۇخانوۋغا قايرىلىپ، ـ بۇنى ئەسكەرتىپ قويغىنىڭىزغا تەشەككۇر، شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ يولداشلارنىڭ ماڭا كۆرسەتكۈچى ياردىمىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۆز ئاغزىڭىزدىن ئالغىنىم دۇرۇس بولاتتى، شۇنىڭغا يارىشا ئىش قىلىشقا تەييار بولسام دېگىنىمغۇ بۇ.

ـ 329يارايسىز،ـ دېدى كۇنيۇخانوۋ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ،ـ جان ـ دىلىم بىلەن ئاندرېيېۋىچ، دېگەنلىرىڭىز ئورۇنلۇق، مەندىكى مەلۇماتنى بىزنىڭ بۆلۈمدىن، قالغانلىرىنى بىۋاستە ئىشنىڭ يۈرۈشىدە بىلىسىز.

329ئۇندىن كېيىن بىلگىنىم، راستىنلا گۇناھ ـ نۇقسانسىز ئىشتەك ناھايىتى دەل، مۇۋاپىق بولۇپ چىقتى، يولداشلار نېمە قىلىشنى بىلىشىدىكەن، يەنە جىمىنى يەتتە ئۆلچەپ، بىر كېسىپ قويۇشۇپتۇ.

329بۇ ھەقتە مەن ماشىنىدا كېتىۋېتىپ ئويلىدىم، ئادەملىرى قىزىق قازاننىڭ سۈيىدەك قاينىغان موسكۋانىڭ رەستە ـ كوچىلىرىغا قايتىدىن كۆز يۈگۈرتۈپ كېتىۋېتىپ، كۇنيۇخانوۋ بىلەن بولغان سۆھبەتنىڭ ماھىيىتىنى ئەقىلدىن ئۆتكۈزدۈم، تەجرىبە ئىشلىرىم توساتتىن يىرىك، مەملىكەتلىك ئەھمىيەتكە ئىگە، ناھايىتى مەخپىي باغدارلاماغا ئايلانغانلىقىغا تاڭ قالدىم.

نوپۇزلۇق ئورگانلارنىڭ لايىھىسى بويىچە ئاڭقۇرتلار ئىككى باسقۇچ بىلەن

چىقىرىلىشى كېرەك ئىدى، بىرىنچىسى تۆرەلمىلىك سۇنئىي نەسىللەندۇرۇش، جاۋابكارلىقىم ئالدىدا پۇتۇنلەي تەتقىقات ئىنستىتۇتىمىغا يۆتكەلمەكچى بولدى، ئۇنىڭ ئۈچۈن ماڭا تېگىشلىك ئۇرۇغلار ۋە خىراجەت، خام ـ ئەشيالار بېرىلمەكچى بولدى، بۇ باسقۇچنىڭ ئەڭ مۇرەككەپ يېرى، تەجرىبىخانىدا يارىتىلغان يوشۇرۇن تۆرەلمىلەرنى سۇنئىي يېتىشتۇرۇش، ئۆزىنىڭ ئورگانىزمىنى ھامىلىلىك دەرىجىگە كۆتۈرۈشكە، باشقىچە ئېيتقاندا ئادەتتىكى توققۇز ئايلىق قوشقاتلىق توشىدىغان ئايالنىڭ بالا ياتقۇسىغا كۆچۈرۈش بىلەن باغلىق، تۇغۇتتىن كېيىن ئىككىنچى قاتلام، شەرتلىك رەۋىشتىكى ئەمچەكتىكى قاتلام باشلىنىدۇ، باغدارلىمانىڭ بۇ بۆلۈكىنىڭ بىزگە لازىمى يوق، ئاڭقۇرتلارنى چوڭايتىش يەنە ئۇندىن باشقا تەربىيىلەش مەخسۇس ياتاقلىق مەكتەپلەردىكىلەرنىڭ ۋەزىپىسى بولىدۇ، ئاڭقۇرتلارنىڭ «سانائەت»نى نوپۇزلۇق ئورگانلار مۆلچەر بىلەن شۇنداق ئويلاشقان.

قىيىن مەسىلە؟ بارلىق ئىشلاردىكىدەك، بۇنىڭمۇ ئۆز باغدارلامالىرى بار، بۇ تېخنولوگىيەدە ھەممىدىن قىيىن يېرى، تاڭ قالارلىقى، تۆرەلمىنى، ئايالنى ھۆددە قىلىپ يەتكۈزۈش ئەمەس، ئۇرۇغنى ئۇ يەردە ئۆستۈرۈش ئەمەس، سۇنئىي نەسىللەندۇرۇش دەپ ئاتاش ئىلتىماس قىلىنغان شۇ ئاياللارنىڭ خۇلق ـ مىجەزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەخلاقىي، ئېتىكىلىق جەھەتتىكى قارىغۇلارچە سۇبيېكتىپ ئامىللار بولۇپ چىقتى، تەجرىبىخانىدا ھامىلىگە ئايلانغان ئاڭقۇرتنىڭ ئىرسىي جەھەتتىن سۇنئىي نەسىللەندۇرۇشكە ھېچقانداق لازىمى يوق، ئۆزىنىڭ ئانىلىق خاسىيىتىنى مۇنداق ۋاقىتلىق پايدىلىنىشقا بېرىشكە، «ئىجارىلىك» پايدىلىنىشقا بېرىشكە، بۇيۇم بولۇشقا ھەر بىر ئايالنىڭ ماقۇل بولۇۋەرمەسلىكى ھەققىدە سۆز يوق، بۇ مەسىلىنىڭ ئەتراپىدا ئىجتىمائىي چاتاق چىقىپ كېتىشى مۇمكىن ئىكەنلىكى تۇرغانلا

ئىش، مانا ئەمدى نېمە بولماقچى؟ چەت ئەللەردە غەۋغا كۆتۈرۈلىدۇ، ب د ت غا يەنە باشقا ئىنسانپەرۋەرلىك تەشكىلاتلىرىغىچە يېتىدۇ، ئۇلار شۇنداق بولۇشىنى كۈتۈپ تۇرۇشىدۇ ئەمەسمۇ! مانا شۇ يەردىن بىزنىڭ ئاڭلار قۇلاق، كۆرەر كۆزىمىز بىلەن ئۈچ ھەرپىنىڭ يەنى ك گ ب نىڭ دانىشمەنلىكىگە ۋە ھىيلىگەرلىكىگە باھا بېرىشىمىز كېرەك، كۇنياخانوۋ مېنى بوسۇغۇغىچە ئۇزىتىپ كېلىپ، نوپۇزلۇق ئورگانلارنىڭ تەشكىلاتچىلىق مەپكۇرەلىرىنى ئوتتۇرىغا سالغاندا، مەن، ئۇچۇپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغاندەك، قاراڭغۇئۆڭكۈردە قالغاندەك بولۇپ، تەجرىبىخانىمىزنىڭ، تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ يەنە ئۆزۈمنىڭ خېلى ۋاقىتتىن بېرى نوپۇزلۇق ئورگانلارنىڭ نازارىتىدە قالغانلىقىمىزنى چۈشەندىم، چۈنكى باشقېتىمچىلىقنىڭ ماھىيىتى شۇنچىلىك ئېنىق قويۇلغان ئىدى، مەسىلىنىڭ ھەل بولۇشىغا ك گ ب (К Г Б)نىڭ خىزمەتچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ تەدبىرلىرىنى ۋە ياردەملىرىنى سۇنۇش قىلدى، ئۇلارنىڭ ئىلتىماسلىرى مۇنداق ئىدى، سۇنئىي نەسىللەر سوت جاۋابكارلىقىغا تارتىلغان، جىنايەت مۇددىتىنى ئۆتەۋاتقان ئاياللارنىڭ ئىچىدىن خۇپىيانە تاللاپ ئېلىنىدۇ، ھەمدە ئۇنداقلارنىڭ دۆلەتكە ھەمىشە يېتىشەرلىك بولىدىغان ئاياللارنىڭ كۆپلىگەن مۇستەملىكىلەردە يەنە مەجبۇرىي، زورلۇق بىلەن تېڭىلغان ھەر قانداق جىنايەتلىرى ئۈچۈن ھەر قانداق باھانىلەر بىلەن كېسىلگەن تۇمەنلىگەن، يۈز مىڭلىغان زاپىسى بار، بۇ سەۋەبتىن پىچىمى ئىجرادىكى ئاياللارنىڭ ئىچىدىن سۇنئىي نەسىللەندۈرۈلىدىغانلارنى تاللاپ ئېلىشتا چەك يوق دېيەرلىك ئىدى، پەقەت ماقۇللۇقۇم كېرەك بولىدىكەن، مەن ئويلىناي دېدىم.

كېيىنچىرەك مەن نوپۇزلۇق ئورگانلارنىڭ ئىلتىماسلىرى بىلەن ئۇجۇر ـ بۇجۇرگىچىلىك تونۇشۇپ چىقتىم. تونۇشۇپ چىقىپ يەنە ھەيرانۇ ـ ھەس

بولدۇم، ئىشنىڭ ئىپپىنى بىلىش ۋە بەلگىلىگەن مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئىنىقلىق شۇنچىلىك دەرىجىدە مۇكەممەل ئىدى. سۇنئىي نەسىللەندۇرۇشكە ئون يىلدىن يىگىرمە بەش يىلغىچىلىك ئۇزۇن مۇددەتتە ئۆز ئەركىدىن ئاجرىتىلغان ئاياللار ئىلىنىشى لازىم ئىكەن، تېگىشلىك تېببىي تەكشۈرۈشتىن ئۆتكەندىن كېيىن سۇنئىي سۇنئىي نەسلىنىڭ رولى جىنايەتچى ئايالغا تۆۋەندىكى شەرتلەر بىلەن ئىلتىماس قىلىنىدۇ، A)بىر ئاڭقۇرتنىڭ تۆرىلىشى ئايالنىڭ قاماقدىكى مۇددىتىنىڭ يېرىمىنى قىسقارتىدۇ، ئىككى ئاڭقۇرتنىڭ تۆرىلىشى ئايالنىڭ تولۇق، ئەركىنلىكىنىڭ ئېلىشىغا ھوقۇق بېرىدۇ؛ Bقاماقتىكى ئايال سۇنئىي نەسىللەنگەن بالىنى ئۇچ ئايغىچىلىك ئەمگۈزىدۇ ـ دە، ئۇندىن كېيىن ئۇنى ئىككىلەنمەستىن مەملىكەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ؛ (C تۇغۇتتىن كېيىنكى مۇددەت ئاياغلاشقاندىن كېيىن سۇنئىي نەسىللەندۇرۇلگەن جىنايەتچى ئايال لاگېرغا ياكى ناھايىتى يىراق رايونلارنىڭ بىرىگە يۆتكىلىدۇ؛ (D قاماقتىكى سۇنئىي نەسىللەندۇرۇلىدىغانلارنىڭ ئۆز رولى، تۇرغان يېرى ۋە ئۇنى ئىشقا سالغان ئادەملەرنىڭ تەركىبى ھەققىدە ھەر قانداق مەلۇماتنى تاراتماسلىققا ۋەزىپە بۇيرۇلىدۇ؛ ئالىمادىس بۇ شەرتلەرنى بۇزىدىغان بولسا قاماقتىكى سۇنئىي نەسىللەندۇرۇلگەن ئايال قايتا جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

سۇنئىي نەسىللەندۇرۇلدىغان ئاياللارنى بۇ ئىشقا سېلىشنىڭ نوپۇزلۇق ئورگانلىرى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن لايىھىسى ئومۇمىي جەھەتتىن مانا مۇشۇنداق ئىدى، مەن كۆپ ئويلاندىم، ئۇ ئۇنچىۋالا خۇشاللاندۇرىدىغان لايىھە ئەمەس ئىدى، بىراق ئۇندىن ياخشىسىمۇ يوق ئىدى، شۇنداق قىلىپ ماقۇل بولدۇم.

مەن نوپۇزلۇق ئورگانلارنىڭ خىزمەتچىلىرىنىڭ بىرى بىلەن سۆزلىشىپ

قالدىم، خېلى ئەقىلللىق ئادەم ئىكەن، سۇنئىي نەسىللەندۇرۇلىدىغان بالىلارنى جىنايەتچى ئائىلىلاردىن ئېلىشنىڭ ئەخلاقىي تەرىپىگە شەك تۇغدۇرغىنىمدا ئۇ ھازىرچە باشقا يول يوق، كېيىن كېسىلگەنلەردىن پايدىلىنىشنىڭ زۆرۈلچىلىكى قالىدۇ، سۇنئىي نەسىللەندۇرۇش خىزمىتى، ئېيتايلى، ھېلىقى پاھىشىۋازلار خىزمىتىدەك ئىكەن، تۆلەنمە بولىدۇ دەپ جاۋاب بەردى ۋە بەلكىم يوشۇرۇن تۇغۇلغۇچى بالىلارنى قورسىقىدا كۆتۈرۈپ يۈرۈش ئائىلىلارنىڭ بەلگىلىك بىر مۇھىتى ئۇچۇن كەسپكە ئايلىنىدۇ، ئايلانغاندىنمۇ ناھايىتى كىرىملىك كەسپكە ئايلىنىدۇ.

بىز تۇز، ئۇچۇق، ھېچبىر دەخىل - تەرۇزسىز ئوچۇق-يورۇق سۆزلەشتۇق، ئۇنىڭ گېپىچە سۇنئىي نەسىللەندۇرۇشتىكى خىزمەت ئوچۇققىلا چىقماستىن، بالا تۇغۇشنىڭ مۇنداق يولى ئەۋزەللىككە ئىگە بولىدىغان مەزگىل كېلەرمىش، مانا شۇندىلا «ئانا»، «ئاتا» دېگەن چۈشىنىكلەر رىۋايەتكە ئايلانماقچى ياكى قارىغۇلارچە مەنا بىلدۇرۇپ قالماقچى.

شۇنداق قىلىپ نوپۇزلۇق ئورگانلارنىڭ مەخپىي ۋە يىراقنى مۆلچەرلىگەن ئوي-تىلەكلىرى ئۆلىنىشۋەرگەنسېرى قۇرۇقلىنىۋەردى، ئەسلى - ۋەسلى يوق ئادەملەرنىڭ يېڭى نەسلىنى چىقىرىشنى نازارەتلەشكە ئۇلارنىڭ ئالاھىدە قىزىقىشلىرى قەدەمسېرى ئوچۇققا چىقىۋەردى، بۇ ئىشنى كېلەچەكتە كەڭرى يولغا قويۇش مۆلچەرلەندى، جىنايەتچى ئائىلىلارنىڭ يوشۇرۇن بالىلارنى يوشۇرۇن تۇغۇشنى ئاستا-ئاستا كەڭرى يېيىلدۇرۇش، ئاتقۇرتلارنى ياتاقلىق مەكتەپلەردە كەڭ-كۇشادە تەربىيىلەش، شۇنىڭ بىلەن بالا تۇغۇش زۆرۈرىيىتىدىن بوشانغان خەلق ئۆزلىرىنى پۈتۈنلەي ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە، باشقا دەلزەرب ۋەزىپىلەرگە ھەممىدىن بۇرۇن، ئەلۋەتتە، ئىزىدىن تايماس دۇنياۋى ئىنقىلابنىڭ ئىشىغا، كوممۇنىستلارنىڭ بۇ مەقسىتىدىن

باش تارتماق ئەمەس، ئارزۇدىكىدەك بولارى مۆلچەرلەنگەن ئىدى، ئاڭقۇرتلار دۇنياۋى تارىخقا چېكىت قويىدۇ ـ دە، ئۇندىن باشقا يىللارنى، دەۋرلەرنى يېڭىچە ھېسابلاش باشلىنىدۇ.

ئاۋۇ ھېلىقى سۆھبەتدىشىم، كېلىنكىلىق پراكتىكانت يېپىپ، يوشۇرمايلا بارلىقىنى ئوچۇق ئېيتىۋەردى: «ئاڭقۇرتلار ئاخىرقى، نەۋاقلاردىن بېرى زۆرۈر بولغان چېكىتنى قويۇشىدۇ، ھېلىقى پۇتكۇل جاھاندا يېيىلىپ يۈرگەن تىنچلىق ئۇچۇن كۈرەش دېگەن چۇقان ۋە باشقا گۈزەل سۆزلەر، ئۇنىڭ جىمىسى قىلچىمۇ ئەسقاتمايدۇ، ئەگەر ئاخىرقى سۆز ئاتوم زەربىسىدىن بولسا، ئۇ زەربىنى دەل شۇ ئاڭقۇرت ئۇرىدۇ، ئۇ ھېچنەرسە يوقاتمايدۇ، ئۇنىڭ ئىككىلەنگۈدەك ھېچنەرسىسى يوق، ئۇنىڭ ئەسلى ـ ۋەسلى، نەسەبى يوق، ئۇنىڭ ۋەتىنى ئاتا ئەينەك كولبالاردىن ھاياتلىق ئاتا قىلغان سىستېما. شۇڭا ئۇ كونۇپكىنى باساردا قىلچىمۇ تەمتىرەپمۇ قويمايدۇ، گەپ كىمنىڭ بىرىنچى بولۇپ شۇنداق قىلىشىدا، كىم ئۆستۈرۈپ چىقارغان ئاڭقۇرتنىڭ ئۈزۈپ چىقىپ زەربە بېرىشىدە!».

بۈرۈن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىشلىتىلىشىدە بولغان موسكۋانىڭ چەت ياقىسىدىكى ئورمان ئىچىدىكى چاققانغىنە ساناتورىيە، كۆپ ئۆتمەي پەن تەتقىقات بازىسى بولۇپ بىزگە بېرىلدى، ئىشلەتكۈدەك ھالەتكە كەلتۈرۈش يەنە ئىشخانىلارنى، ئاغرىقخانىلارنى، ساقچىلار بىلەن باشقا خىزمەت قىلغۇچىلار ئۈچۈن ھەر قانداق جايلارنى جابدۇش ئۈچۈن يېرىم يىلدەك ۋاقىت كەتتى.

مەن ئانچە ئالدىرىمىدىم، بىراق ئىشقاكىرىشىدىغان پەيت كەلدى، بېشىدىن ئېيتىپ كېتەي، مەن بۇ ئىشقا قىينىلىپ قىستالمايلا كىرىشتىم، يەنە، بەلكىم شۇنداق بولغانلىقتىنمۇ سۇنئىي نەسىللەندۈرۈلىدىغانلارنىڭ نامزاتلىرىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىشكە ئۈلارنى ئىبەرتىشكە قوشۇپ

يوللانغان هۆججەتلەردىكى مەلۇماتتىن تاشقىرى قادىلىپ قىزىقسىندىم، ئۇلارغا كەسپىي رەۋىشتە زىغىرلاپ مۇئامىلە قىلدىم، قىسقا، سالقىن سۆزلەشتىم، ئۇلارنى كېلىنكىغا يالغۇزدىن، ھەر بىرسى تەيىنلەنگەن سائەتتە، پۇقراچە كىيىندۇرۇپ يېپىق ماشىنىدا ئېلىپ كېلىشەتتى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى Xتۆرەلىملىرى كۆچۈرۈلگۈچى ئوبيېكتلار .مەن ئۇچۇن بىردەك، ھەممىسى ئوخشاش ئىدى، مەن ئۇلارنى ئومۇمىي ئات بىلەن ئايال دەپ چاقىراتتىم: «سالامەتسىزمۇ؟ ئايال، ھال- ئەھۋالىڭىز قانداق، ئايال؟ ئاۋايلاڭ، ئايال ، سىزنى قاراپ تەكشۈرۈشۈم كېرەك، مىدىرلىماي تۇرسىڭىز ئىكەن» مانا مۇشۇنداقلا ماڭا قارىتامۇ تېگىشلىك چاقىرىش سۆزى بەلگىلەنگەن، ئۇ بولسىمۇ پروفېسسور، باشقا ھېچنەرسە، ھېچگەپ، ئوشۇق ھېچنەرسە يوق، بارلىق سۇنئىي نەسىللەندۇرۇلىدىغان ئاياللار ۋاقىتلىق پايدىلىنىش ئۇچۇن ئېلىنغان بالاياتقۇ كەبى ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ چىرايى ئېسىمدە قالغان ئەمەس، چۈنكى ئىشىمىزغا چىرايىنىڭ كېرىكى يوق ئىدى.

ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرسىلا دەرىجىگە چۈشمىدى، ئەمدى ئۇنى كېيىنچىرەك ئۇ ھەقتە كېيىنچىرەك ئېيتسام بولاتتى. مانا ،ساھىلىڭگە كەلدىڭ، ئۇ تەرەپتە بولسا باشقا دەريا... سەن قىيىنىلىپ قىسىلىسەن، ئۇ ھەقتىكى ئويىنى، ئۇ ھەقتىكى كونىلىقنى ئەپلەپ ئالغا سىلجىتىشنىڭ تەدبىرىنى ئىزدەيسەن، نېمە دېمەكچىسەن؟ ئۆزۈڭدىن ـ ئۆزۈڭ قېچىپ قۇتۇلۇش دېگەننىڭ نادانلارچە، ئىشقا ئاشماس ھەرىكەت ئىكەنلىكىگە ھېلىھەم ئىشەنمەمسەن؟ ئۆلۈشۈڭ مۇمكىن، بىراق ئۆزۈڭدىن ـ ئۆزۈڭ قېچىپ قۇتۇلۇشۇڭ مۇمكىن ئەمەس، بۇ جەھەتتىن ئالغاندا ئادەم ھەقىقەتكە بويسۇنۇشى بىلەن مەڭگۈشۇنداق.

ئاھ! ياراتقان ئىگەم، نېمىشقا چۈشەندۈرەلمەيدىغان نەرسىنى چۈشىنىشكە مەجبۇرلايسەن، نېچۈن سۆز بىلەن ئېيتىپ بېرەلمەس نەرسە-ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى بىلەلمەيمەن، سەن ئۆز كەلىمەڭ بىلەن تېگىگەيېتەلمەيدىغان نەرسە، ئىشلارنىڭ ماھىيىتىنى ئېيتىپ بېرىمەن دەپ ئەزىز جېنىمنى قۇربان قىلارمەنمۇ؟!

ئۇندىن قالسا ،ئۆزۈڭنى پۇختا ئىنسان مەن، دەپ ھېسابلىغۇچى ئىدىڭغۇ، ئۇندىن قالسا، يۇقىرى مەقسەتكە خىزمەت قىلىش زۆرۈر بولغاندا قوپال، ئېگىز - پەس بولۇشۇڭ قىزىقارلىق، بىراق، بۇ قېتىم ئۆزۈڭنى يېڭەلمىدىڭ، بىر قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزئۇچۇپ كېلىپ ئىككىنچى قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزغا ئۇرۇلغاندەك بولسىمۇ قاپسالغان ئىشدىن پۇتۇنلەي خەۋەرسىز ئەمەسمىدىڭ؟ ھەممە ئۆز نۆۋىتى بىلەن ئۆتۈپ كېتەتتىمۇ؟

بۇ كېيىنكى يىلنىڭ يازىدا بولدى، سۇنئىي نەسىللەندۈرۈلىدىغان قاماقتىكى ئاياللارنىڭ تۇنجى توپىغا تۆرەلمىلەر كۆچۈرۈلۈپ ئۇلار تېگىشلىك تېببىي نازارەتتە يۇرۇشكەن ئىدى.

بايىقى مەن دېگەن ئايالنى بولسا باشقا ئاياللارنى ئېلىپ كەلگەندەك ئېلىپ كېلىشتى. شۇ كۈنى «فېلدشېر»نىڭ ھەمراھلىقىدا تەتقىقاتقا يەتكۈزۈپ كېلىشتى، بىز سۇنئىي نەسىللەندۈرۈلىدىغان ئاياللارنىڭ ساقچىلىرىنى كونا نام بىلەن «فېلدشېر» دەپ ئاتاپ قوياتتۇق، ياردەمچى دوختۇر بىلەن پەرۋىشچى سىستېرا ئۇنى ئىشخانامغا ئېلىپ كېلىشكەندە، مەن ئۇنىڭ بۇنىڭغىچىلىك بولغان تەكشۈرۈشلىرىگە كۆز يۈگۈرۈتۈپ چىقتىم، ھەممە جايىدا ئىكەن، تەن - سالامەتلىكى، ئاياللىق ئەزالىرى، مېنى قىزىقسىندۇرغانمۇ شۇلار بولدى، ئاياللىقىنىڭ كۆچۈرۈلگەن ئۇرۇغىنى ئۆستۈرۈشكە جۈندەملىكى... قالغانلىرىنىڭ جىمىسى ئالاھىدە

خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشى، شۇلارنىڭ ھال ـ ئوقىتى ئىدى، بۇ جەھەتتىن ئىش نوقسانسىز دەپ ئېيتارلىق پۇختا ئۇيۇشتۇرۇلغان، ھېچقانداق باش قېتىمچىلىق يوق، چۈنكى قاماقلار بىلەن تۈرمىلاردا سۈنئىي نەسىللەندۈرۈلىدىغانلارغا نامزاتلارنىڭ سالاھىيىتىنى بېكىتىشنى خىزمەتكارلار تاللاپ ئېلىشاتتى، جىنايەتچى ئاياللانىڭ مەقسەتكە ياراش ـ يارىماسلىقى قاتتىق تەكشۈرۈلەتتى، ئۇرۇغنى ئۆستۈرۈپ بېرىشكە ماقۇللۇق بەرگەن جىنايەتچى ئاياللارنىڭ كۆكتىن كۈتكىنىنى يەردىن تېپىلغاندەك مۇنداق مۇمكىنچىلىكنى، ئۇرۇغنى ئۆز تېنىدا ئۆستۈرۈپ، ئامان ـ ئېسەن تۇغۇپ بېرىپ كۆپ يىللىق مۇددەتتىن قۇتۇلۇشقا بارلىق ئامالالارنى قىلىپ ھەم ئۇنىڭ قولدىن چىقارماسلىققا بولغان مۇمكىنچىلىكلىرىنى ھەممىسىنى قىلىپ كۆرىدۇ، مۇنداق نەرسە كىمنىڭ چۈشىگە كىرىپتۇ! چۈشىنەرلىكمۇ، ئۇلار كېلىنكىغا كەلگەندە مەرەزلىك تەقدىرگە دۇچ كەلگەن ئۇمىدىنىڭ ئىشقا ئېشىشىنى تەگرىدىن تىلەپ، قورققانلىقلىرىدىن دىرىلدەپ تىترەپ ئولتۇرۇشىدۇ، كېلىنكىلىق تەكشۈرۈپ بېكىتىشنىڭ ئاخىرقى قاتلىمىدا، سۈنئىي نەسىللەندۈرۈشكە يارىمايدۇ دەپ ياراتماي قويۇشى تولۇق مۇمكىن ـ دە، ئۇندىن كېيىن قورقماي قېلىشارمۇ؟

ئىشخانىغا ئۇزىتىپ كېلىشكەن يېڭى جىنايەتچى ئايالنى بوسۇغىدىكى ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇشتى، ئۇنىڭ سالامەتسىزمۇ؟337 دېگەن سۆزىگە قىسقا جاۋاب بېرىپ قويۇپ، ئۇنىڭ مەخسۇس دېلو ھۆججىتىگە قاماقلارنىڭ يەككە نومۇرىغا يەنە ئايلىنىپ كەلگەن كۆرسەتكۈچ ماتېرىيالىغا كۆز يۈگۈرتتۈم، تەگئاتىغا يەنە بىر قېتىم قارىدىم، قارىشىم بىلەنلا ئېسىمدىن چىقىپ كەتتى، لوپاتىنامۇ، تەگئاتلار ئادەتتە ئەستە قالمايدۇ، تەگات ـ فامىلىلەر ياكى ناھايىتى مۇرەككەپ ياكى ناھايىتى ئاددىي، بىراق ئايالنىڭ ئىسمى ماڭا

قىزىقسىنارلىق سىزىلدى، رۇنا(رۇنا ـ قەدىمكى يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى «رۇنو» نىڭ ئىسمىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن ئىسىم ، «رۇنو» ئىلاھە بولۇپ، بۇدۇره، ئالتۇن چاچلىق ئىكەن ـ ئۇيغۇرچىگە تەرجىمەقىلغۇچىدىن)، شۇنداقمۇ ئات بولامدۇ، ئۇنىڭ رۇنونىڭكىدەك نېمىسى بار بولدىكىن، دەپ ئىچىمدىن كۈلۈمسىرەپ بېشىمنى كۆتۈردۇم، بىرىنچى قېتىم كۆزۈمگە ئۇرۇنغىنى، ئايال كۆز ئەينەكچان ئىكەن، دېمەك، سۇنئىي نەسىللەندۈرىدىغانلار ئارىسىدا كۆز ئەينەكچانلارمۇ پەيدا بولغان ئىكەنغۇ، كۆرۈنۈشكە ئۇلار خېلى سەۋىيىلىك كىشىدەك قىلىدۇ، دېگەن خىيالنى قىلدىم، تۇرمىدا بۇنىڭغا قىيىن بولسا كېرەك، ئۇ كامېردىن مەلۇم ئەمەسمۇ، سۆكۈپ تىللاش، سېغىنىش، چاچلىشىش، مۇشتلىشىش، يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار، رەڭگى ـ روىي ياخشىلار كۆرۈنىدۇ، ئەركىن چاغلىرى بۇنىڭدىنمۇ گۈزەل بولسا كېرەك، بىراق ئۇنىڭ كۆز قارىشى باشقىچە، ئۇنىڭ ئەھۋالىدا بۇنداق قارىماسلىقى كېرەك ئىدى، تەقدىرگە باش ئەگكەنلىك، كۆز قارىشىدا ئارىسالدىلىق يوق، كۆز ئەينەكنىڭ ئارقىدىن قوي كۆزلىرى نېمە بولار دېگەندەك قارايدۇ، ئۇنىڭ ئەركىن ياشاۋاتقان چاغلىرىدا بوي بەستىنى ئوبدان تۈزەشتۈرۈپ، قاشلىرىنى تېرىپ، كىرپىكلىرىنى بويىغانلىقىنى، ئەينەك ئالدىدا گۈزەل ھالەتكە كەلگەنلىكىنى ئەسلەشكە بولىدۇ، بىراق بۇ سىرتقى ھالىتىگە قاراپ ئېيتىلغان سۆز دېگىن، ئۇندىن قالسا ئۇ قانداقتۇر بىر ئېغىر جىنايەت سادىر قىلغان گەپ، بىكاردىن ئون يىللىق كېسىلگەن ئەمەس، بىكاردىن ـ بىكار جىنايەتچى بولغان ئەمەستە، ئەمدى مۇددىتىنى قىسقارتىش ئۈچۈن ئاڭقۇرت تۇغقىسى كېلىپ تۇرغاندۇ!

ـ 338ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، ئايال،ـ دېدىم مەن، كونتروللۇق تەھلىللەرنى يەنە بىر قايتىلاپ ئىشلەش كېرەك بولىدۇ، ئۇندىن باشقا نېمە

قىلىنارى شۇندىلا بىلىنىدۇ.

ئايال ئۇن چىقارمىدى.

ـ 339ئېيتىدىغان ئەرز ـ ئارمىنىڭىز بارمۇ؟

339ـ نېمە ئېيتارىمنى دەۋاتىسىز؟339 دېدى ئۇ.

ـ 339سالامەتلىكىڭىزنى، باشقا ھېچنەرسە دېمىدىم.

ـ 339يوق، ھازىرچە يوق.

339تەييارلىق كۆرۈش مەزگىلىدە ئېيتقانلارنىڭ بارلىقىنى دەل جايىدا ئىجرا قىلىش زۆرۈر، ئۇ ھەقتە ساڭا ئېيتىشىدۇ، ئۇندىن كېيىن ھەممە ئىش جايىدا بولسا بىۋاستە ئۇرۇغ كىرگۈزۈشنى كېيىنكى ھەپتىنىڭ بېشىدا ئىشلىشىدۇ، پەيشەنبە ياكى چارشەنبىگىچە، ئۇندىن بۇرۇن بولمايدۇ، شۇڭلاشقا كۈتۈپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

ـ 339مەن ئۇنىڭغىچىلىك ئالدىرىمايمەن، ماڭا بەرىبىر،

بۇ ئۆكتەم جاۋابى مېنى تاڭ قالدۇردى. بۇ بىزدە بولۇپ كۆرۈلمىگەن ئىش، كۆز ئەينەكچان ئايالغا دىققەت قىلىپ قارىدىم ـ دە، ئورنۇمدىن تۇرۇپ يېنىغا بېسىپ باردىم، ئۇمۇ ئورنىدىن تۇردى، بۇ يەردە مەن بىلەن مۇنداق سۆزلەشمەي تۇرۇشنى بىلسۇن دەپ، مەن قاتتىق ئېيتتىم:

ـ 339ئەگەر ئالدىرىمىساڭ، ئۇنىڭغىچىلىك ئەمەس. ساڭا بەرىبىر بولسا، ئۇنداقتا كىمنىڭ بېشىنى ئاغرىتىپ يۈرىسەن، سەن بۇ ياققا قانداق نىيەت بىلەن جۆنىدىڭ، نەدە نېمە ئۈچۈن تۇرۇۋاتقانلىقىڭنى، نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى سەن بىلدىڭمۇ؟

ـ 339بىلگەن، ئەلۋەتتە بىلگەن.

ـ 339بىلسەڭ ئۇنداقتا نېمە؟ سەندىن سوراۋاتىمەن، ئايال، بۇياققا نېمىگە كەلدىڭ، ئۇنداقتا؟

340نېمىگە؟ سىزنى كۆرەي دەپ كەلدىم، پروفېسسور، سىزنى كۆرۈپ مانا مۇشۇلارنىڭ جىمىسىنى بالىلارنىڭ چۆچىكى ئەمەس ئىكەنلىكىگە ئىشىنەي دەپ كەلدىم!

ـ 340مۇشۇلامۇ؟

ـ 340ئىشىنىپ قويۇڭ مۇشۇلا، سىزنى كۆرۈپ، ئۇندىن كېيىن بولغان چىنلىقنى يۈزىڭىزگە ئېيتاي دېگەن ئىدىم.

ـ 340مۇنداق دەڭ؟!ـ ئاغزىمدىن ئىختىيارسىز چىقىپ كەتتى، ئۇندىن كېيىن قىسقا ھەم قاتتىق ئېيتتىم،ـ سەن خەت يۈزىدە بەردىڭمۇ ماقۇللۇقۇڭنى؟

ـ 340شۇنداق، بەرگەن.

ـ بۇ قىلمىشىڭ ماقۇللۇقتىن تايغانلىق ھېسابلىنىپ، يەنە يېڭى جازا مۇددىتىگە كېسىلىپ كېتەرىڭنى بىلەمسەن؟

ـ 340بىلىمەن.

ـ 340شۇنىڭغا بەكمۇ ھاجەتمەن ئىكەنسەن؟

ـ 340مۇشۇ سۆھبىتىمىزدە زىيادە مۇھتاجلىق بار، بۇ سىزگە بەكمۇ زۆرۈر.

ـ 340ماڭىمۇ؟ سىز نېمە، ئىككەيلەن قانداقتۇر بىر باشقېتىمچىلىقنى ھەل قىلىۋاتامدۇق؟

ـ 340ھەل قىلىۋاتىمىز، ئادەملەر تەبىئەت ۋە ياراتقان خۇدا بۇيرىغاندەك كۆپىيىشەمدۇ ياكى ئىبلىسنىڭ ئېيتقىنىدەك بولۇشى كېرەكمۇ؟ بۇ بىر باش قېتىمچىلىقمۇ؟

مەن توساتتىن تۇيۇق يولغا قاپسالغاندەك ئۇن چىقىرالماي قالدىم، ئۇندىن كېيىن ئۆزۈمنى تەستە تۇتۇۋېلىپ مۇنداق دېدىم:

ـ بۇنىڭ ئۇچۇن ئۆز ئويلىغانلىرىم بار، ئايال، سەن بىلەن خوشلىشىشقا توغراكېلىدۇ، مۇددىتىڭنى قىسقارتىش ئورنىغا ئۇزارتىۋېلىشىڭ ئۆكۈنچلۈك، ئەمدى ئۇنى ئۆزۈڭدىن كۆر.

ـ 341مەن ئاتايىن دەيدىغىنىمنى ئېيتتىم.

ـ 341بەكمۇ ئاشۇرۇۋەتمىگەنسەن؟ «پۇت يۆگۈرۈكى ئاشقا، تىل يۆگۈرۈكى باشقا» بولۇپ قالمىسۇن.

ـ 341مەن جىنايەتچى ئايال، ئاندرېي ئاندرېيېۋىچ،ـ ئۇ توساتتىن نام ـ شەرىپىمنى ئاتىدى، ئۇندىن كېيىن كۈندە يۈز قېتىملاپ ئېيتىلىۋەرگەن مەن كۆنگەن بۇ نام ئۇنىڭ ئاغزىدىن قىزىق ئاڭلاندى،ـ مەن بولسام جىنايەتچى،ـ دەپ تەكرار دېدى ئۇ، ئاقىۋەتنىڭ نېمە بولارىنىمۇ بىلىمەن، مەقسىتىمگە يەتتىم، بۇنى دېيىشنى ئۆز بۇرچۇم دەپ ھېسابلىغان ئىدىم، قولۇمدىن كېلىشىچە ئىجرا قىلدىم، بەلكىم بۇ سۆھبەت سىزگە تەسىر قىلار، ئويلاندۇرار بولىدىغىنى شۇ.

ـ 341سەن بۇ يەردە مەسلىھەت بېرىشىڭنى قوي!ـ دەپ جېنىم قازاندەك قاينىدى مېنىڭ، بىراق تاقەتسىزلىكتىن، سۇنئىي نەسىللەندۈرۈلىدىغان ئاياللار بىلەن ئىشلەش مەيلى بۇرۇن ۋە مەيلى كېيىن بولمىسا بولمايدىغان ئىش بولۇپ ئۆتكەنلىكىنى ياخشى چۈشىنىۋاتىمەن، ئورنۇڭغا خالىغۇچىلار ئونلاپ تېپىلىدۇ!

ـ 341مانا ئەڭ يامىنى شۇ،ـ دېدى ئۇ، يەنە شۇنىڭ ئۆزى سىزنىڭ ئىشىڭىز، تولۇقى بىلەن سىزنىڭ ۋىجدانىڭىزدا.

ـ 341ۋىجدان ۋىجدانغا يات!ـ دېدىم مەن گەپنى كېسىپ،ـ مەن بۇنداق گەپنى بىرىنچى رەت ئاڭلىشىم.

ـ 341پەلسەپىۋى مۇنازىرىنى ۋاقتى كۆپ كىشىگە قالدۇرايلى، سېنى بۇ

ياقڨا ئۇنىڭ ئۇچۇن ئېلىپ كېلىشكەن ئەمەس، قايتا جايىغا كەت! سەن بىلەن سۆزۈم تۈگىدى.

مەن قوڭغۇراقنى باستىم ئۇنى ئېلىپ كېتىشتى.

ـ 342خەير ـ خوش،ـ دېدى ئۇ چىقىپ كېتىۋېتىپ.

مەن جاۋاب قايتۇرمىدىم.

ئىشىك يېپىلدى، يېزىقچىلىق ئۈستىلىمگە يېنىپ كەلدىم، باشقا ئىشلار، باشقا غەم ـ غۇسسىلەر باشلاندى.

بىراق، بۇ ئۆكۈنچلۈك ۋەقە كاللامدىن چىقمايلا قالدى: «ھەقىقەت ئىزلىگۈچى» ئارقىغا چېكىندۇرۇلمەي كەلگەن تەرىپىگە، كامىرىغا، خۇددى ئۇ بۇرۇنقىدەك ھۇشسىزلاندۇرۇلۇپ ياتقان يېرىگە ھەيدىلىشى كېرەك ئىدى، ھەيدەشكە كۆرسەتمە بېرىش كېرەك ئىدى، شۇ ياقتا تىل ـ دەشنامىنىڭ ئازابىنى تارتىۋەرسۇن، بىراق كېيىن دەپ قويدۇم، ئۇ جىنايەتچى ئايالنى ئىش ئارىسىدا، تېلېفوندا سۆزلەشكەندە ھەممە ۋاقىتتا ئەسلەۋەردىم، پەقەتلا ئۇنتالماي قالدىم، بىراق ھېچكىمگە، خىزمەتداشلىرىمنىڭ بىرەرىگىمۇ، ھەتتا مۇئاملىسى يېقىن دېگەنلەرگىمۇ تىنچىمنى ئېلىپ، يۈرىكىمنى ئاغرىتىۋەتكەن بۇ ۋەقەنى ئېيتقىنىم يوق يۈردۇم.

ئاجايىپ، بەكمۇ ئاجايىپ ئەھۋالدا يۈردۇم، ئۆزۈمنى ـ ئۆزۈم تونۇيالمىدىم، نىچۇندۇر ئۇنىڭ كەچمىشى بىلەن دۇرۇستراق، تولۇقراق تونۇشقۇم كەلدى، نەدىن چىققان نېمە؟ ئۇ زادى كىم؟ نېمە قىلغىنى ئۈچۈن تۈرمىگە كىردى؟ قايسى سەۋەب، قايسى قانۇن ماددىسى بىلەن، پسىخىكىسى بۇزۇلغانلارنىڭ ھەپسىسىدە، مېنىڭ بىلىشىمچە سولاپ قويۇلماسلىقى كېرەك ئىدى، بىراق بۇ نەدىن چىققان ماكانسىز ئايال؟ ئۇنى چارىسىزلىكىنىڭ قايسى شاملى ھەيدەپ كەلدى، ئۇنىڭغا مۇمكىنچىلىك بەرسە، ۋىجدانىمغا قاتتىقراق داغ

كەلتۈرۈشكە، ئازابىنىڭ قانلىق ئىزىنى قالدۇرۇپ، ئالاڭ ـ بۇلۇڭ قىلىپ پۈتۈمنى ئاران سۆرەپ كېتىۋاتقاندەك ھالغا قويۇشقا يەنە قانداق ئويلارنى ھەم سۆزلەرنى ئېيتىشقا تەييارلاندىكىن؟

ۋىجدانى ئۆزىگە باشقىلاردىكىدىن كۈچلۈك كۆرۈنگەن ئادەملەرگە ئۆزىنىڭ دەل كېسەر كۆز قارىشىدىن باشقا ھېچنەرسىسى بولماسلىقى مۇمكىن، ئۇلارنى ئالاقزادە قىلىدىغان كۈچىمۇ ئاشۇنىڭدا، بىراق ۋىجدان ھەممىدىن بۇرۇن، ئىچكى سۆز ئالدىنچىلىقىنى، ئىچكى قۇددرەتنى تەلەپ قىلىدۇ، ئۇنىڭسىز ۋىجدان بازاردىكى ئەسكى ـ تۈسكى بۇيۇملاردەك سودىسى تۆۋەن بولۇپ قالىدۇ، ئۇندىن قالسا بۇ ۋىجدان دېگەن چۈشەنچىنىڭ باشقا كېلىشىۋاتقانلىقىنى قاربىمامسىز! ۋىجدان ھەققىدە باشقىسى سۆز قىلىسىمۇ مەيلى ئىدى ،شۇ جىنايەتچى بىر نېمە دېمىسە بولاتتى؟

بىراق شۇ ئويلارنى ئويلاۋېرىپ، ئۆزۈمگە ئۆچ بولۇشقا باشلىدىم، سەن نېمىگە ئاقلىنىۋاتىسەن، كىمنىڭ ئالدىدا يەنە نېمە ئۈچۈن؟! ئاجىزلىق قىلدىڭ، يەنە نېمە بىلەن ئۇنى ئويلاپ تۇرۇۋالدىڭ؟!

مەن ئۇنىڭ دىلوسىنى قايتىدىن ئاچتىم، لوپاتىنا رۇنا فېدۇلوۋنا 158 ـ ماددا بويىچە، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قارشى ماتېرىياللارنى ساقلىغانلىقى ۋە تارقاتقانلىقى ئۈچۈن سوتلانغان... ئاھ! توغرا، قايسى قۇشقاچ ئىكەنلىكى ئۇچقىنىدىن كۆرۈنمەي تۇرامدۇ؟! ئاشۇمۇ، شۇمۇ، مۇنداقلا ھەممىشە ئاشۇنداق بىر نەرسىگە قارشى چىقىشىپ، ئۆزلىرىنى كۆرسىتىشىپ تۇرۇشىدۇ، بۇ قېتىممۇ سوراق دەپ كۆرىنىپ قالغان يېرىنى تاپقان بولۇشى مۇمكىن، ئېرى يوق، ئەبرارلاشقان، مۇنداق قارا يۈز بىلەن كىم ياشايدۇ، تاڭ قالارلىق ھېچنەرسىسى يوق.

ئۇنىڭ بىلەن باشقا ئىشلارغا ھەلەك بولۇپ كەتتىم، خىزمەت ئورنىدىكى

بىخەتەرلىك ساندۇقى ساقلىنىشقا تېگىشلىك بولغان قەغەزلەرنى كۆتۈرۈپ يۈرمەي دەسەمىمۇ ئەس ـ يادىمنى قارمۇۋالدى،رۇنا لوپاتىناغا مۇناسىۋەتلىكلەرنىڭ ھەممىنى ئوقۇپ چىقتىم، ئاخىرىدا قانداق ئويغا كەلدىم؟ دېگەندەكلا، ئەلۋەتتە، ئۇ تۇرمۇشقا ئۆز كۆز قارىشى بار، ھەۋەسلىنەرلىك ئايال،مۇنداق نىشانلار رادىكاللىق مۇھىتلاردا، روھانىي، سىياسىي، ھۆكۈمەتلىك قارشىلىششتا ھەممە دەۋرلەردە بار بولۇپ كەلگەن، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھەر قانديقى بار بولىدۇ، ئۆزلىرىنى مەسىھ ئويلىغانلار ۋە مەپكۇرە ئۈچۈن مەپكۇرەنىڭ ئارقىدىن ئەگەشكەنلەرنىڭ ھەممىسىنى قۇربانلىققا سېلىپ بېرىشكە تەييار تۇرغانلارمۇ بار، بىراق رۇنانىڭ بۇ يەردە قانچىلىك لازىمى بار؟ پەمىمچە، ئۇ ئۆز ئالدىغا بىر ئىدىئالىستمۇ تېخى، زادى كىم ئۇ؟ مەن ئۇنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈپ، بىر قانچە ئېغىز سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنى ئۇنداق ـ مۇنداق دەپ قانداقمۇ ئېيتالايمەن، راست، ئۇ ئەلۋەتتە تەقدىرى يەڭگىل كىشى ئەمەس، ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپتۇ، ئۇندىن كېيىن كىنوچىلىق بىلەن مەشغۇل بولغان يەرلىرىمۇ بار ئىكەن، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىكى مەكتەپلەر ھەققىدە ھۆججەتلىك كىنو سىنارىيىسى يېزىپتۇ، مەكتەپ مەسىلىلىرى بىزدە ھەمىشە ئىجتىمائىي جەھەتتىن پۇختا بولۇپ كەلگەن.

مۇنداق يەرلەرنى بىلىۋېلىپ ئېسىمگە مەرھۇمە ۋاۋا، ۋالېريا ۋالېتىنوۋا چۈشۈپ قالدى، مەرھۇمە ئۆزىنىڭ تالانتلىق ئوقۇغۇچىسىنىڭ ھازىر نېمە ئىشنى قىلىپ يۈرگەنلىكىنى بىلمەيدۇ ـ دە! بىراق بۇ ئاداشقان ئويلار ئىدى، لېكىن رۇنا بولسا قارىماققا، ئىنىسى لوپاتىن ئىگور فېدىلوۋىچنىڭ سەۋەبىدىن كېسىلىپ كەتكەندەك كۆرۈنىدۇ، ئۇ ھەقىقەتەندىمۇ كەسپىي كىنوچى ئىكەن، مەخسۇس يۇقىرى دەرىجىلىك كىنو ئىنستىتۇتلىرىنى پۈتتۈرگەن ئۇندىن كېيىن، قارىماققا شۇنىڭ تەسىرى بىلەن رۇنا مەكتەپلىك كىنو

ۋەقەلىكلىرىنىڭ خام ماتېرىياللىرىنىڭ ھەلەكچىلىكىدە قالغاندەك كۆرۈنىدۇ، كېيىنكى ماتېرىياللاردا بەلگىلەنگەندەك، سابىق مۇئەللىمەسى رۇنا لوپاتىنا، گوركىي نامىدىكى كىنو ستۇدىيىسى ئالدىدىكى ھەۋەسكارلارنىڭ ئۈيۈشمىلىرى، تارماقلىرىدا يۈرۈپ، كىنوغا قىزىققانلارنىڭ ئارىسىدا مەپكۇرەۋى جەھەتتىن گۇمانىي قاراشلىرىنى تارقىتىشقا تۇرتكە بولۇپتۇ، رۇنانىڭ سەنئەتتىكى بەلگىلىك خاھىشچانلىقىغا ئىگە نىشانىغا سوۋېتلەر ئىتتىپاقلىق ئادەملەر ھەم ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ تەتۈر تەرەپلىرىنى تەسۋىرلىگەن ھۆججەتلىك سيۇژېتلارنى ياقلىغانلىقىغا گۇۋاھ بولۇشقان ئادەملەر بولۇپتۇ، ئۇ ھەقىقىي ئەيىبلەشنىڭ باشلىنىشلا ئىكەن.

دېلو بويىچە باش ئەيىبكار ئۇنىڭ ئىنىسى، ئىگورلوپانتىن ئىكەن، ئاڭا «دۆلەت شتاتىدىكى كىنو ئوپېراتورلۇقى، دۆلەت مۈلكىدىكى ئاپپارات ـ سايمانلارنى ۋە خىراجەتلەرنى جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغان ئىشلاردا پايدىلانغان، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ھەقىقىتىنى بۇرمىلىغان، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ جەمئىيەت ۋە مەملىكەتلىك تۈزۈلمىسىگە يامانلىقلارنى ئارتىدىغان شىكايەتلىك ھۆججەتلىك سۈرەتلەرنى تارتىپ، غەربنىڭ جامائەتچىلىكىگە ئەكسىيەتچىل مەلۇمات بېرىشكە تەرەددۇت قىلغان» دېگەن گۇناھ ئارتىلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە «سوت جاۋابكارلىققا تارتىلغۇچى مۇنداق جىنايەتكارانە ئىشنى بىكار قىلغان ئەمەس، سوۋېت مەملىكىتىنى يامان، ناچار قىلىپ كۆرسەتكەن كىنو ماتېرىياللىرىنى غەربكە چەتئەل پۇلىغا ساتقان، دەل شۇ تەرەپلەردە، چەت ئەللەردە، ئۇ ماتېرىياللار كىنوخانىلاردا ۋە تېلېۋىزىيە قاناللىرىدا كۆرسىتىلىپ تۇرغاندا بىزنىڭ مەخسۇس خىزمەتچىلىرىمىز ئۇ كىنو لېنتىلىرىنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى ئېنىقلاشقان» دەپ تەكىتلەپ كۆرسىتىلىپتۇ.

بۇنداق ۋاقىتتا بايىقى تونۇش ئارىيىلەر، بىر تۇتاش تونۇش ۋەقەلەر دەپ قارىلىدۇ ئەمەسمۇ، ئۇندىن قالسا راستىنلا شۇنداق بولغانمۇ ياكى ئۇنداق ئەمەسمۇ، كىم بىلدى؟ بىراق قانداقلا بولمىسۇن ئاخىرىدا رۇنا لوپاتىنا جىنايەتچىلىك ئىشى ئۈچۈن ئەيىبلەندى، ئۇ ئۆز ئىنىسىغا بىۋاستە ياردەم قىلغانلىقى ئۈچۈن ئەيىبلەندى، ئىنىسى رۇنا «رۇخسەتسىز تارتىلغان» لېنتىلارنى يىراقلارغا ئەۋەتكەن، ئۇ بولسا ھېلىقى لېنتىلارنى ئۆزىنىڭ يېقىن دوستلىرىنىڭكىگە يوشۇرغۇزۇپ قويغان، بۇ مۇناسىۋەتلەر شۇ ئىشلارنىڭ ئارقىدىن بىلىنىشىپ قالىدۇ، كىمدۇر بىراۋ بىلدۈرۈپ قويىدۇ، ئىگور قولغا ئېلىنىدۇ، رۇنا ئەسكەرتىپ قويۇش ئۈچۈن دوستىنىڭ خانەسىگە يۈگۈرىدۇ، ئۇ يەردە بولسا ئالدىن بەلگىلەپ قويۇلغان ئادەملەر كۈتۈپ تۇرۇشقانىكەن، شۇنداق قىلىپ رۇنا جىنايەت ئۈستىدىلا قولغا ئېلىنىدۇ، ئۇندىن باشقا كۈتۈلمىگەن ئىشلار يۈز بېرىپتۇ، ۋەقەنىڭ جەريانىدا رۇنا ئىنىسىنىڭ گۇناھىنى يەڭگىللىتىشكە لازىم بولغان بارلىق ھەرىكىتىنى قىلىدۇ، ئۇ ئاساسلىق گۇناھىنى ئۆز بويىنىغا ئالىدۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئادەملىرىنىڭ تۇرمۇش - تىرىكچىلىكىنىڭ كۆرۈنۈشلىرىنى سۈرەتكە ئېلىش مەپكۇرەسى ئۈچۈن، شۇنداقلا نېمىنى تارتىش كېرەك، يەنە قانداق تارتىش كېرەكلىكىنى بۇ توغقىنىغا ئېيتىپ تۇرغاندا، ئۇ تارتىلغان لېنتىلارنى چەت ئەل پۇلىغا چەت ئەللىك مۇخبىرلارغا ساتقان كىشىنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى، ھەقىقەتەندىمۇ كىچىك ئىنىسىنىڭ ئۇنىڭ ئېيتقانىنىلا ئىجرا قىلغانلىقىنى دەپ تۇرۇۋالىدۇ.

تارىخى مانا مۇشۇنداق ئىكەن، يەنە بىر قىزىقىنسارلىق دېتال: سوتتا رۇناغا ئامېرىكىلىق مۇخبىر بىلەن كۆڭلى يېقىن دېگەن گۇناھ ئارتىلدى، ئۇ مۇخبىر ئامېرىكىغا بارغاندا « ئۆزىنىڭ ئوينىشى ھەققىدە ناھايىتى ياخشى

پىكىر بىلدۈرگەن، ھەمدە ئۇنى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى جەمئىيىتىگە، تەتۈرىچە، پۈتۈنلەي دۈشمەنلىك بىلەن مۇئامىلە قىلغان» دەپ ماقالە يازغان ئىمىش، بۇ بولسا ئۇ ۋاقىتتا قاماققا ئېلىنغان جىنايەتچى ئۈچۈن ئالغان ئۆچى ئىمىش، رۇنا بولسا ئامېرىكىلىق ژۇرنالىستقا رۇس تىلىنى ئۆگەتتىم دەپ، ئويناشلىقى بارلىقىدىن تانىدۇ، ئىش قىلىپ بىر باش قېتىنچىلىق ئىش بولغانلىقىنى كىم بىلسۇن، بىراق ھەر قانداق قايغۇ بولغان كۈندىمۇ شۇنىڭ جىمىسى رۇنا ئۈچۈن بەكمۇ قايغۇلۇق تۈگەللەنگەن ئىكەن.

شۇ كۈنى مەن ئىشتىن كەچ قايتتىم، ئىشىممۇ بار ئىدى، ئۇندىن كېيىن رۇنا لوپاتىنانىڭ ئۆتكەن تۇرمۇشى بىلەن ياخشىراق تونۇشسام دېگەن قىزىقسىنىش نىيىتى مېنى خېلى چۇلغۇۋالدى.

دەرۋازا ئاغزىدىكى كۈزەتچىگە ئادەتتىكىدەك بېشىمنى لىڭشىتىپ قويۇپ، گۇگۇم ۋاقتىدا بۇك ـ باراقسان ئورمان ئارقىلىق بىلەن ئۇ سېپىنىسكىي رەستىسىگە چىقتىم، ھايال بولماي موسكۋاغا ئالدىراپ كېتىۋاتقان ماشىنىلارنىڭ ئېقىمىغا قوشۇلدۇم.

بۇ يەرنىڭ تەبىئىيىتى قىشتىمۇ گۈزەل، ئورمانلار بىلەن پارچە دۆڭ ـ دۈمچەكلەر كۆتۈرۈلۈپ قارغا يېپىلىپ، ئۇيقۇدا ياتقاندەك كۆرۈنىدۇ، ياز پەسلىدىمۇ گۈل پۈرىغان يېشىل رەڭ ئۇندىنمۇ گۈزەل بولماس، ۋايىغا يېتىپتۇ، ئورماندىن چىقىۋەرگەن ۋاقىتتا توساتتىن بىر نەچچە سىكۇنتتا ئاجايىپ كۆرۈنۈش ھاسىل بولىدۇ، يالت ـ يۇلت قىلىپ ئەگىلىپ ئېقىۋاتقان موسكۋا دەرياسى كۆز ئالدىغا سۈرەتتەك تارتىلىپ چۈشىدۇ، سۇنىڭ، ئاسماننىڭ، ئورماننىڭ يۈرەكنى ھاياجانلاندۇرىدىغان كارامەت مەنزىرىسىگە كىرىشى بىلەن شۇلارغا كۆزۈمنى چىمچىقلاتماي قاراپ ھەمىشە لال بولىمەن، دەرىزىدىن بىر قارىۋالىمەن ـ دە، ئارقىدا قالغانلارنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ، ئاندىن كېيىن

يۈرۈۋېرىمەن.

بۇلارغا بىكاردىن توختىلىۋاتقىنىم يوق، دەپ كەلسەم ساناققا سان يەتمەيدۇ، مۇشۇ يەرلەرنى ئارىلاپ ئۇياققىمۇ، بۇياققىمۇ قانچە قېتىم ماشىنا بىلەن غۇيۇلداپ ئۆتمىدىم؟ ھاياتىمنىڭ يول بويلاپ كەتكەن مۇشۇ چەكسىزلىكلەر بىلەن باغلىنىشىپ قېلىشىنى نەدىن بىلگەندۇرمەن؟ ئۇندىن كېيىن مەن مۇشۇ يول بىلەن ئادەتتىكىدەك ئۆتۈشكە ھالسىزلىق قىلىپ، ئايلىنىپ ئۆتىدىغان ۋاقىتمۇ كېلىدۇ.

مەن ئاشۇنداق موسكۋاغا يېقىنلاپ كېلىۋېتىپ، ھېلىقى قاشاڭ رۇنا لوپاتىنا دېگەن نامزاتنى سۇئىي نەسىللەندۇرۇش ئۇچۇن ئەتىسى قايتىدىن كىلىنىكىلىق تەكشۈرۈشكە ئېلىپ كەلسۇن دەپ كۆرسەتمە بېرىشنىڭ كېرىكى بارمۇ؟ دەپ ئويلىنىپ قالدىم، ھەئە، مەن شۇنداق كۆرسەتمە بەردىم، نېمە ئۇچۇن ئۇنداق قىلدىم؟ مەن ئاڭا نېمە دېمەكچىمەن؟ ئۇنىڭ سۇئىي نەسىللەندۇرۇشكە ماقۇللۇق بەرگەنلىكى مەقسىتى پۇتۇنلەي باشقا ئىكەنلىكى، نېمە؟ كۆرۈنمەي تۇرامدۇ، بەلكىم، ئۇ، ھېلىقى رۇنا دېگەن نېمە ساق ئەمەستۇر، ۋە بەلكىم ئۇ ئادالەتچى مەن، ئاشكارە ۋىجدانلىق مەن، ئىسىلزادەمەن دەپ، يەنە تېخى تۇرمۇشتا يوق ئېسىل نەرسىلەرنى ئويلاپ تېپىۋالغان نېمىدۇر، ئۇنى بۇنچە ئەركە قىلىۋېتىشنىڭ نېمە پايدىسى بار؟ ئۇنداق نېمىمى يېقىن يولاتماي قوغلىۋېتىش كېرەك! ئۆزى كىم ئىكەن؟! «ھەي، ئۆزۈڭچۇ؟ ھە، سەنچۇ؟ 348 دېدىم مەن دەررۇ ئۆزۈمگە، يولباشچى كىشىنى تاپقان ئىكەنسەن! سوتلانغان، ھوقۇقسىز جىنايەتچى، ئەمدى سەن. ئۇنىڭ بىلەن نەيزە سانجىشىپ يۈر، بارىكالللار،بارىكالللا!».

بىر ئىككى قېتىم ئاز يەردىن تومۇرلىرىمنى زەرب بىلەن تېپىۋەتكىلى تاس قالدى، چاقلارنىڭ قاتتىق چىقارغان ئۇنىدىن كېتىۋاتقانلار تەرەپ ـ

تەرەپكە چاچراپ پىتراپ قېچىشتى، رونا ئويلىنىپ كېلىپتۇ، مەن بېشىمدىن چىقماي تورۇۋالغان خىياللاردىن قۇتۇلالماي كېلىۋاتىمەن، ئۇندىن قالسا مەن بۇ رونانى پەقەت بىر قېتىملا كۆردۈم، نېمە ئۈچۈن ماڭا بۇنچىلىك تەسىر قىلدى؟ مەن قانداق قىلىپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ قېشىغا كەلگەنلىكىمنى، ئۇنىڭ قانداق قىلىپ ئورۇندۇقتىن تۇرغانلىقىنى ئېسىمگە كەلتۈردۈم، مانا ئۇ ئالدىمدا تۇرىدۇ، جىنايەتچى، شەھەرنىڭ سىرتىدىكى كىلىنكىغا، پروفېسسورغا كۆرسىتىشكە ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئاتايىن تىكىلگەن كىيىم كىيگەن، ئۇستىدە نەدىن تىكىلگەنلىكى شەيتاندىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان بوز رەڭ كوفتا، كەڭ، ئۇزۇن يوپكا، پۇتىدا ئايال زاتى كىيگەندىن تېخىمۇ كېلەڭسىزلەشكەن بىر نېمە، كىيىم ـ كېچەكلەر ئۇنىڭ ئۆڭى ـ سۆلىگە ۋە تەبىئىتىگە خىزمەت قىلىپ تۇرغان قاچاندۇر بىر چاغدا ئۇ سۆزسىز گۈزەل نازىنىن بولغان، ئۇنىڭ ماڭا خەۋپسىرەش، كەسكىن ھەم غەيرەتلىك قارىغان كۆزلىرى ھەققىدە ئويلىدىم، كۆز كۆڭۈلنىڭ ئەينىكى دەپ قويۇشىدۇ ئەمەسمۇ، بىراق بۇ گەپ توغرا ئەمەس، كۆز ئادەمنىڭ ئۆزى، ئادەمنىڭ ئىچىنىمۇ، تېشىنىمۇ ئېيتىپ تۇرغۇچى، ئوغۇللارنىڭكىدەك سۆڭكى چىققان، ئۇرۇق دولىسى چارەسىزلىكتىن شەلۋەرەپتۇ، نازۇك قوللىرىنى باغرىغا قايچىلاشتۇرۇپ تۇتۇپ تۇرىدۇ، ئېسىت، ئۇ ئۇستى ـ بېشىنى تۈزىسە، ئۆزىنى ئەركىن تۇتسا، كۈلۈمسىرەپ قاراپ ئوپۇل ـ توپۇل ماڭغان كۆپچىلىك ئارىسىدا كوچىدا ماڭسا بولۇۋېرىدۇ ئەمەسمۇ؟ ئۇ ئوخشىمىغان سىياسىي قاراشتىكى ئىش ئۈچۈن يارالغان ئەمەس، يەنە تېخى بۇ دەۋر ئۈچۈن يارالغان ئەمەس، ئاڭا ئۆتكەن ئەسىرنىڭ بېزەكلىرى نېمىدېگەن ياراشىپ قالار ئىدى... ھەمىشە ئادەم كۆڭۈلنى ئېلىپ قاچىدۇ ـ دە، تۇرىدۇ: نېمىلا بولمىسۇن، نېمىلا قىلمىسۇن ئاڭا بىر جاۋاب كېرەك، ۋىجدانىغا ياتامدۇ

يە ياتامدۇ! ئۇندىن كېيىن ھەر بىرى ئاشۇ كۆڭۈل،ۋىجداننىڭ ئۆزى خالىغاندەك قوينىدا قارمىلىدۇ، ھەر بىرى ئاشۇنداق غادىيىدۇ، ھەر بىرى ئۇ ھەقتە خۇدانىڭ نامىدا خۇدانى تىلغا ئېلىپ سۆزلەيدۇ، بىراق يالاڭلا ۋىجدان بىلەن يىراقلاپ كېتەلمەيسەن، ئۆزىنىڭ ۋىجدانى بىلەن خۇداغا قارشى تۇرۇشقا ئىقتىدارى بار كىشىلەر ئاز، خۇدا شۇ ۋىجداننى بىزنىڭ ھەممىمىزگە نازىل قىلغان، يەنە شۇنىڭ بىلەن بىزنى ئېغىزلاندۇغان، يورۇق دۇنياغا كەلتۈرۈشكە ھۆكۈمرانلىقنىڭ مونوپولىيىسى سىياقىدىكى، ھەمىشە ئۇنىڭ مونوپولىيىسى بولۇپ كەلگەن نەرسىنى ئۆز قولىغا ئېلىشقا كەلگەندە خۇدانى ئۆزيولىدىن مۇنداق تۇرتۇپ چىقىرىۋېتىشكە ئىقتىدارى بار بەندە يوق، خۇدانىڭ ئەجەلگە بولغان مونوپولىيىسى ھېلىمۇ يېتىپ ئاشىدۇ، ئۇنى خۇدادىن باشقا ھېچكىم تارتىۋالالمايدۇ، لېكىن يورۇق دۇنياغا ئىنساننى ئاپىرىدە قىلىش ساھەسىگە كەلگەندە، مەن ئۇنىڭ بىلەن رىقابەتلىشىمەن ۋە ۋىجدان بىلەن كارىم بولمايدۇ، رۇنا شۇنى چۈشىنەر بولدىمىكىن، ياق، بەلكىم ئۇ بۇنى چۈشەنمەيدۇ، شۇ چۈشەنمەسلىكىدىن جاننى ئالىقانغا ئېلىپ يۈگۈرۈپ قىيقىراپ، قەھرىمان بولۇپ چىقالىدى، ئۇ ئۆزى ھەققىدە ئويلىسا بولغۇدەك. شۇھېلىقى كېچىسى، ئىلگىرى ئۆزىنىڭ ئاتوم بومبىچىلار گورۇھىغا ھېلىقى ستالىننىڭ سوۋغا قىلغان نېسىۋىسى سۈپىتىدە ماڭىمۇ بۇيرۇلۇپ تېگىپ قالغان ئاشۇ ئۆيلەرنىڭ بىرىدە، ئۆزۈمنىڭ ئاكادېمىيىلىك چاھارباغىمدا، مەن جېنىمنى قويۇشقا جاي تاپالمىدىم، قېلىن تاملار، كېلەڭسىز چوڭ دېرىزىلەر، زىيادە ئېگىز تۈرۈس، بىراق بۇلارغا نېمە لازىمىم بولسۇن؟ ئۇلاردىن ماڭا نېمە پايدا تېگىدۇ، نېمىگە ياشاۋاتىمەن؟ شۇ كېچىسى مەندەك تاشلاندى بالا قايتىدىن قەدىنى رۇسلىدى، مەن بىرئارتۇق باش، مەن ئۆزۈم ئاڭقۇرت، مەن ـ «قارا تۆشۈك». ئادەملەر ئارىسىدا بۇ يورۇق دۇنيادا كىم مەندىنمۇ بەختلىك بولۇپ كەتتى، مېنى

يولۇقتۇرغان كىم؟ قايسى ئايال ھاياتىنى جىنىنىڭ ئاخىرقى تىنىقىغىچە تىركىشىپ قوغداپتۇ، ئارقىغا قارىماي قېچىپ كەتكەن يېۋگېنىيامۇ؟ ئۇ، پەيزى بىر ئايال ئارتىس، مەن بىلەن ياشىغاندىن بېرى نېمىنى كۆرۈپ، نېمىنى بىلىپتۇ؟ قارىغۇلارچە ھېچ گەپتىن ـ ھېچ گەپ يوق ئەقىل قاقشايدىغان سېزىم، تاش يۈرەكلىك، يەنە تېخى ئۆز قولۇم بىلەن قىلغان ھامىلە چۈشۈرۈشلەرمۇ؟ تۇيۇقسىزدىن تەقدىر يولدىن ئۇچراشتۇرغان ئاياللارمۇ شۇ قىسقا ئۇچرىشىشلار ھەققىدە بەختىنىڭ بىر كاپالەتلىك، پاللىدە نۇرلاندۇرغان نۇرى سۈپىتىدە ئەسلەشكەن ئەمەستۇر، مېنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەرنىڭ بارى قۇۋانچىسىزلىقى بىلەن، جەلپسىزلىكى بىلەن ئاشكارىلىنىپ تۇردى.

شۇ يەردىن ئوي ـ خىيالىم قايتىدىن، ئىختىيارسىزلىقتىن بۈگۈنكى ھېلىقى جىنايەتچىگە، ھەپسىگە سولاقلىق مەزگىلدىن بۇيانقى «جىنايەتچى» نامىنى ئالغان ئايالغا ئاغدى، بىراق نېمە ئۈچۈن ئۇ ئايال ھەققىدە ئويلايمەن؟ ھازىر ئۇ قانداق ئەھۋالدا؟ بەلكىم ئۇ ئازاب چېكىۋاتقاندۇر، بەلكىم بېشىغا پاتماي، كۆپ ئارزۇلارغا سالغان يامان ئويلاردىن ئەس ئالسۇن دەپ ھازىر چاچلىرىنى يېيىپ يۇيۇپ تاراپ قويدى، ئەركىنلىككە دەپ بەلكىم باشقىچە تارىغاندۇر، ئۇنىڭ چاچلىرى قويۇق ۋە بۇدرە ئىدى، ئۇندىن باشقا ئۇنى تۈرمىگە كۆرسىتىشكەندەك ئۇ جىمىنى يىغىپ، بوغۇپ يەلكىسىگە ئالغۇچى ئەمەستۇر، پروفېسسورنىڭ «كۆزىنى ئاچىمەن» دەپ ئۆزىنى يامان ئەھۋالغا قالدۇرۇۋالدى، تۈرمۈشۈمنى مۈرەككەپلەشتۈرۈۋەتتى، راستىنلا ئۇ شۇنىڭغا تەييارمۇ؟ ئۇندىن كېيىن بۈگۈنكى ئۇچرىشىشىمىز ھەققىدە نېمە ئويلاۋاتقاندۇر؟ بەلكىم ئۇنىڭ ئېيتقىنىنىڭمۇ بىر يەردە چىنلىقى باردۇر، بىراق پەقەتلا ۋىجدان، پەقەتلا ياخشى نىيەت بىلەن دۇنيانى تويغۇزالمايسەن، قاندۇرالمايسەن، رازى

قىلالمايسەن، ئاسمان ئالدىدىن ئۆلاپلا كەڭرى، تالاي ئورۇنغا نەزەر تاشلىغان ئادەمنىڭ يىرتقۇچلاردەك ماھىيىتىنى ئۆزگەرتەلمەيسەن؛ بۇنداق ئىپچىلغان ئىشتىھايىمىز بىلەن ھەممىمىزگە كۆرەر كۆن ئازلىق قىلىپ قالىدۇ، بىراق ئۇنىڭدىنمۇ قورقۇنچلۇقى ئۇ، ئادەم ئۆزىگە ئوخشىغانلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا بارغانسېرى كۈچەپ ئەۋجىگە چىققان ئاچكۆزلۈك بىلەن يوپۇشماقتا، شۇڭا، كىرەكلىك يېڭى كىشىلەر ـ ئاڭقۇرتلار، ھېلىقى ئايالنىڭ بولسا ھاياتقا، ھۆكۈمرانلىققا، ئۇرۇشقا باردىغان ھېلىقىلارنىڭ يولىنى تورىغۇسى، بارغۇزماسلىقى كېلىپ تۇرىدۇ، چۈشەنسە بولىدۇ، بىراق يېڭىلمەس نەرسىنى يەڭگۈچى كۈچ يوق، يوق ئۇنداق كۈچ، كېيىن مەن ماھىيەتسىز سوئاللارنى ئۆزۈمگە زىيادە كۆپ بېرىپ يۈردۈم، ئاشۇ كەچتە نېمە ئۈچۈندۇر ئۆزۈمنى تىكەندەك يالغۇز ھېس قىلدىم؟ نېمە ئۈچۈن باشقا كۆنلەردىكى جانغا ئارام بەرگەن كۆلۈمسىرەش، مەسلىھەتلىشىش، ئۈچرىشىشلار يوق، يەنە باشقا سىياسىي ھەم مەملىكەتلىك ئوپۇر ـ توپۇر داۋالغۇشلار شۇ كۈنى بولدىمۇ؟

ئاشۇ كۈنى بەكمۇ ئازاب چەكتىم، ھەم پۈتۈنلەي تىنچلىيالمىدىم، جىنايەتچى رۇنا مېنى ئېغىر ئويلىنىشقا سالدى، يارداڭغا ئېلىپ كەلدى، ئۇنىڭدىن باشقا ئىشىمىزدىن ئەتراپ، چۆرىمىزدىكىلەرنىڭ ئىچىدىن ھېچكىم گۇمان قىلغان ئەمەس، يا ماڭا شۇنداق بىلىندىمۇ؟

چۈنكى ئۇ ئۆزىنى ئايىمىغان ھالدا گۆرنىڭ ئاغزىغا پۈتىنى تىقتى ـ دە، چىڭ قويدى! شۇنداقتىمۇ بولامدۇ؟! ئۇ نېمە ئۈچۈن مېنى سۈرگۈن قىلغۇچى ۋە تەپتىشلەرنىڭ يامانلىق رولىدىكى شەخس بولۇشقا مەجبۇرلايدۇ؟ ھەقىقەتەندىمۇ ماڭا ئەيىب ئارتىش ئۈچۈن ئۆزىنى ھەتتا كۆپلىگەن يىللارغىچە ئەركىسىز قالدۇرۇشقا باردىمۇ؟! بىر جەھەتتىن ئۇنى چۈشىنىشكە بولىدۇ، ئۆز پوزىتسىيىسىنى، ئۆز چىنلىقىنى ئىپتىشنى مەقسەت قىلغاندىن كېيىن،

ئۇنىڭ قولىدىن كەلگەن ئىش يالغۇز شۇ، ئۇ بۇنى ئوچوق، كىشىلەر ئالدىدا ئېيتىشقا ياكى كوچىدا ۋە ياكى ئۇندىن بەتتەرھالدا چەتئەللىك مۇخبىرلارغا ئېيتىشقا ئۇنىڭ مۇمكىنچىلىكى يوق، ئۇ كامىرغا سولانغان، ئەمدى ئۇنى يېڭى جازالار كۈتمەكتە، ھېلىمۇ ياخشى، ئارىمىزدىكى بولغان ئىشلارنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، ھېلىمۇ ياخشى، مەن ھېچكىمگە ھېچنەرسە دېمىگەن، ھېلىمۇ ياخشى ئۇنى قايتا چاقىرىشقا كۈرسەتمە بەردىم، ھەئە، ھېلىھەم ئىشنى ئوڭلىسا بولىدۇ، بەلكىم ئۇنى قايتىدىن سوتلاشتىن ساقلاپ قېلىشقا بولار.

شۇ ئويغا ئەگىشىپ كۆپرەك مۇڭلىنىۋەردىم، كۆڭلۈمدە ئۇنى ئارىچىلاپ قوغداپ قالسام، جازادىن قۇتقۇزسام دېگەن نىيەت بارغانسېرى ئاۋۇدى، ئۇندىن كېيىن ئاشۇ خۇشتارلىقىمدىن ۋۇجۇدۇم دەسلەپكى قەدەمدە تونۇۋاتقان بىر نەرسەنى تاپتى، ئۆزۈمنى - ئۆزۈم تونۇماي، ئۆزۈمنى - ئۆزۈم ئاشكارلاۋاتاتتىم، ماڭا نېمە بولۇپ كەتتى؟ ئايالنى چۈشەنسەم ۋە ئۇنى قوغداپ قالسام دېگەن نىيەت بىلەن، مەن ئاستا - ئاستا ئەگەر رۇنا لوپاتىنا ئۆز بېشىنى ئازابقا باغلاپ قويۇپ، مېنى ئەيىبلەۋاتسا، ئۇنداقتا مۇشۇنىڭ ئۆزى يۇقىرى ئەرشنىڭ پەرمانى بىلەن بولمىدىمىكىن، مۇشۇنىڭ ئۆزى ھەممىنى كەچۈرگۈچى ياراتقان ئىگىمىزنىڭ ئۆزىنى قوغدىغىنى بولدىمىكىن دېگەن خۇلاسىگە كەلدىم، جىمىنى كەچۈرۈۋېتىش دېگەن نېمە؟ ئۇ زادى قانداق بولىدۇ؟ نېمىدىن كۆرۈنىدۇ، مەن بۇنى بۇرۇن چۈشىنەلەيتتىم، مانا ئەمدى توساتتىن سېزىپ قالدىم، ئەگەردە تۆرەلمىلەرنى ئەمەلىي مەشغۇلاتلىق باشقۇرۇشقا كىرگۈزىمەن، تەكەببۇرچىلىقنىڭ كەيپى بىلەن خۇدانىڭ ئۆزىنى كۆكرەكتىن تۇرتكەن ئادەمنىڭ ئۆزى بولسام، ئۇنداقتا جىنايەتچى رۇنا ئۆزىنىڭ ئاقكۆڭۈللۈكىنىڭ ۋە رەھىمدىللىكىنىڭ ئەلچىسى، بىشارەتچىسى بولغاندىمۇ؟ مۇشۇنىڭ ئۆزى مەندىكى ياخشىلىقنىڭ بار ياكى يوق ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن

بولمىدىمىكىن؟!

مۇنداق ئوي ــ خىياللاردىن گاھى جىنىم كايىسا، گاھى كۆڭلۈم ئېچىلدى، مېنى كۆزۈمنى ئېچىشقا، كۆڭلۈمدە خۇدۇك تۇغدۇرۇشقا، ئۆز تەكەببۇرلۇقۇمنى ۋە خارلىقىمنى سېزىشكە مەجبۇرلىغان شۇ ئايالغا، جىنايەتچىگە مېھرىم تۆكۈلۈپ، ئالقىشىمنىڭ ئېقىلىپ تۇرغانلىقىنى سەزدىم، ئۇنىڭ ئالدىدا باشقا ئادەم بولۇپ تۇرغۇم كەلگەنلىكىنى سەزدىم، مۇشۇ سائەتتە رۇناغا، ئۇنى ۋاقىتلىق تۇتۇپ تۇرغان مەخسۇس ئايرىمخانىغا تېلېفون بېرىشنىڭ مۇمىن ئەمەسلىكى نېمىدېگەن ئۆكۈنچلۈك ئىش، ئاڭا قانچە كۆپ نەرسىلەرنى ئېيتقۇم كەلدى، ئۇنىڭدىن قانچىلىغان كۆپ جاۋابلارنى ئاڭلىغۇم كەلدىغۇ، ئەگەر مۇمكىن بولسا ماشىنىغا ئولتۇرۇپ، تۈن نىسپىدە شۇ ئايرىمخانىنى كۆزلەپ غۇيۇلداپ بېرىپ، ئۇنى تېپىۋېلىپ سۆزلەشسەم ئىدىم!

بىراق بۇنىڭ ئۆزى بىر قۇرۇق خىيال، قولۇمدىن پەقەتلا كېلىدىغىنى ئەتىكى ئۇچرىشىشنى كۈتۈش، ئۇ ئۇچرىشىشنىڭ قانداق بولارىنى مەن كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم، رۇنانى ئىشخانىغا ئۇزىتىپ كېلىشىپ، سۆھبەت ئۈچۈن قالدۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، يېنىغا باردىم ــ دە، قولىدىن تۇتۇپلا ئۇچرىشىمەن، «كەچۈرۈپ قويارسىز، رۇنا، بىز تۈنۈگۈن باشلىغان گېپىمىزگە كېلەيلى، ئوي ــ خىيالىڭىزنىڭ جىمىسىنى دىققەت قىلىپ ئاڭلاشقا تەييار، سىزدىن شۇنى سورىنىمەن، دەلىللىرىڭىزنىمۇ ئاڭلاپ قويسىڭىز ئىكەن»، «يارايسىز، ــ دەيدۇ ئۇ، ئۇندىن كېيىن چىن نىيىتى بىلەن مۇنداق دەيدۇ، ــ بىراق مەن سىزنى، پروفېسسور، قايتىدىن ھېچقاچان كۆرەلمەيدىغان ئوخشايمەن دەپ ئويلىغان ئىدىم، ئەتە مېنى بايىقى يېرىمگە ئېلىپ بارىدۇ، كامېرغا قايتا ھەيدەپ بېرىشىدۇ ــ دە، قايتىدىن سوتلىشىپ، ئۇندىن كېيىن سىبىرىيىسىگە ياكى ئالتايغا پالىشىدۇ دەپ كۈتكەن ئىدىم، بىراق نۆۋەتتىكى نازارەتچى كېلىپ،

توساتتىن مېنى قايتىدىن پروفېسسور كرىپلتسوۋ ئاندرېيېۋىچكە چاقىرتىۋاتىدۇ، دەيدۇ، ئۇندىن كېيىن مانا مۇشۇ يەرگە كېلىپ تۇردۇم».

«ئاھ قۇدرەتلىك، ھەممىگە قادىر خۇدا! مېنى بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟» دەپ پىچىرلىدىم مەن« چارىسىزلىكتىن بالا ـ قازاغا يۇغۇرۇلۇپ كەتتىمغۇ؟ ھاي !دە مېنى، بالا ـ قانىڭ ئۆزى بولۇپ كېتىۋاتىمەن!».

ھەئە، ئەلۋەتتە، گۇلىستانغا يېقىنلاپ گۇلنى ئۇزمەس بولۇپ تۇرۇپ كۇلكىگە قېلىشنىڭ نومۇسى، ئارسىزلىقى ئازدە، مەيلى، كۇلكىگە قالسام قالاي، بىراق مەن جىمى ئىشنىڭ دەل شۇ كېچىدىكى خىيالىمدىكىدەك بولۇشىغا بىجاندىللىق بىلەن تەييار، شۇنداقلا بولسا مەيلى ئىدى، زارىققان ۋىسالنى كۇتۇشنىڭ ئۆزى نېمىدېگەن زور بەخت! ئۇندىن قالسا تۇيۇقسىز ۋۇجۇدۇمنى قۇچىقىغا ئالغان شۇ ئېرىتىش، قايىل قىلىشلارنىڭ جىمىسىنىڭ دالدىسىدىن، ئۇپۇقتىكى قارا بۇلۇتتەك بولۇپ، مەن ئۇچۇن ئېغىر گۇمانلىنىش چىقىپ كەلدى، راستىنلا سۇئىي نەسلىلەندۇرگۇچىلەر قورسىقىدا ئاڭقۇرتلارنى ئۆستۇرۇشكە ۋىجدانىي ھوقۇقۇم بارمۇ؟ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىمنى قانداق مەقسەتلەر، قانداق بۇيۇك مەقسەتلەر ئاقلىيالايدۇ؟ يالغان ئېيتىمغاندا، شۇنىڭغا ئوخشىغان خۇدۇكسىرەتكەن ئويلار مەندە دائىما بولاتتى، بىراق مەنمۇ ۋە ھەمكارلىرىمنىڭ ئىچىدىن ھېچكىممۇ ھېچقاچان ئۇنى ئوچۇق ئېيتمىدى، ئىلىم ـ پەننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىزنىڭ ئۆز كۆز ئالدىمىزدىلا ئەمەس، جەمئىيەت ئالدىدىمۇ نام ـ شەرىپىمىزنى كۆتۈردى، بىراق گاھىدا ئىلىم ـ پەن بىلەن ۋىجداننىڭ قانچىلىك ماس كەلمىگەنلىكىدىن، كۆپ ۋاقىتتا يەنە ئىلىم ـ پەن بىلەن جىنايەتنىڭ ئۆز ـ ئارا قانداق مۇناسىۋەتتە ئىكەنلىكىنىڭ مىسالىنى ئىزدەپ20 ـ ئەسىردىنمۇ يەنە يىراقىقا بېرىشنىڭ كېرىكى يوق.

ئۇندىن كېيىن ھەپسىنىڭ تۇتقۇنى ئويغاتقان ۋىجدانىم تىلغا كىرىدىغان ۋاقىت كەلدى، نامەلۇم ئاتا ـ ئانىلىق، نامەلۇم بالىلارنى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ، ئۇلارنى سۈنئىي نەسىللەندۈرگۈچىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن يورۇققا چىقىرىشنىڭ ئادەمزاتىغا قارشى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش، رۇنا مېنى مانا مۇشۇنىڭدا ئويغاتتى.

ئۇنى ماڭا نېمە ئاتاقىلىپ كەلدى، ئەجەل بوسۇغىسىغىچە بىزنى نېمە مۇناسىۋەتلەشتۈردى، ئۇنى تەقدىر بىلىدۇ، سەۋەبىنى ئېيتالمايمەن.

شۇ تۈن ھاياتتا بۇرۇلۇشنىڭ كېچىسى بولدى، ئۆزىدە بۇرۇن بولۇپ كۆرۈلمىگەن پىداكارلىقى بىلەن، ئەقىل يەتمەس ھۆكۈملۈكى بىلەن مېنى تاڭ قالدۇرغان ئايالدىن كەچۈرۈم سوراشقا مەن تەيياردۇرمەن، ئادەمزاتىغا كېلىشۋاتقان يامانلىقنى چەتكە قېقىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىدا تىز پۈكۈشكە تەييار تۇردۇم، ئەگەر ئۇ مۇھەببىتىمنى قوبۇل قىلسا ۋە شۇنىڭغا يارىشا جاۋاب قايتۇرسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ ياردىمىنى سورىماقچىمەن، شۇنداق، شۇنداق!

ئۇنىڭ قانداقچە ۋۇجۇدقا چىقىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەلمىدىم، چۈنكى ئۇ كۆپ يىللىق جازاغا كېسىلگەن ئەمەسمۇ، بىراق ئۇ «ماقۇل» دەيدىغان بولسا ،ئۇنداقتا ئۇنىڭ بىلەن نەگە بولسا بىرگە قېچىشقا، ئورمانغا، تاغقا، دېڭىزنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە بېرىشقا، ئىش قىلىپ بىرگە بولۇشقا تەييار بولىمەن، ئۇندىن كېيىن، مەيلى سەرگەندان بولسامۇ، يېڭى تۇرمۇش باشلىسامۇ ئۇ مەن ئۈچۈن مېنىڭ يامان ئادەت ۋە ئەنئەنە بىلەن ئۆتكەندىكىلىرىمنىڭ گۇناھىدىن يىراقلىغىنىم بولىدۇ.

شۇنداق قىلىپ بىر ئويلاش بىلەن ئويغا پاتقان جېنىمنى، ئەمدى ئۆزۈمنى توختىتالمايدىغاندەك تۇرىمەن، خىيالىم پايانىنى بىلمىدى، مەن ئۆزۈم ئاياۋسىز، چېكىنمەي ئىنقىلاب قىلدىم، ئۆلچەمسىز خىياللارغا چۆمدۈم،

يېڭى تۇرمۇشۇم ئەتىدىن، رونانى ماڭا ئېلىپ كېلىشكەندىلا ھەم بىز ئىككەيلەنلا قالغان سائەتتىن باشلىنىدۇ، مەن ئاڭا مەندە قانداق ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولغانلىقىنى چۈشەندۇرۇشكە، بېشىمدىن كەچكەن پاجىئەلەر ھەققىدە ئېيتقىشقا، ھەممىگە تەييار ئىكەنلىكىمنى ئىشەندۇرۇشكە ھەرىكەتلىنىمەن، ئۇ بىرلا «ماقۇل» دېسە ئىكەن، مەندىن ئۇ ئۆزى سۆيۈشكە ئەرزىيدىغان ئادەمنى كۆرسە ئىكەن، ئۇنىڭ بىرقېتىملا نىيىتىمنىڭ ئاقلىقىغا كۆزى يەتسە ئىكەن، بىزگە بىرگە بولۇشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىگە ئىشەنسە ئىكەن.

مەن دېۋاندا تىنچىسىزلىنىپ، سەگەك ئۇيقۇغا كەتكەندە تۈن نەۋاخ يېرىمدىن ھالقىپ كەتكەن، تاڭغا يېقىن ئاسمان چاراق ـ چۇرۇق ئېتىپ، چىقىلغان چۈشۈپ، ھاۋانىڭ گۈركىرىگىنىنى ئاڭلىدىم، چىدىرغا چۈشكەندەك ئاۋاز بىلەن سىرتقا يامغۇرلار چېلەكلەپ تۆكۈلۈۋاتاتتى، كۆزۈمنىڭ يۇمۇلۇشى بىلەن ئۇخلىغان بويىچە پانىيلىقتا نېمە بولۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، ھېلىقى كۈننىڭ گۈركۈرگەنلىكىنى ئۆزۈم ياراتقاندەك، ئاسماندا چاقماق ـ يىلدىرىم چېقىپ يېنىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، قاتتىق ياغقان يامغۇرلاردىن داۋۇ-دەرەخلەرنىڭ قانداق ئىگىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، مەن ئۆزلىرىگە باشپاناھ ئىزدىشىپ، ئاپەت چۈشۈۋاتقان ئاسماندا جان تالىشىپ جان جەھلى بىلەن ئۇچۇپ يۈرۈشكەن چەرەندە ـ پەرەندىلەرنىڭ قېلىن تۈپىنى كۆردۈم.

ئۇندىن كېيىن مەنمۇ شۇ چاقماق ـ يىلدىرىم چاققان ئاسمان كەڭلىكىدە ئۇچۇپ يۈردۈم، دەرىيزىنىڭ كۆزنىكى ئارقىلىق ئۇچۇپ چىقتىم، ئۆگزىلەرنىڭ، كوچىلارنىڭ ھەم گۈللۈكنىڭ ئۈستىدە قانات قاقتىم، چاقماق ـ يىلدىرىم ۋە بۇلۇتلارنى ئارىلاپ، كۆزۈمنىڭ كۆرمىگەنلىكىگە قارىماي قىياسەن ئۇچتۇم، چۈنكى تۆۋەن تەرەپتە قايسى بىر يەردە تۇرما بارئىدى. ھاۋانىڭ

گۇركۇرگەنلىكىنى ئۇمۇ، سۇنئىي نەسىللەنگۇچى بولۇشتىن باش تارتقان ئايالمۇ ئاڭلىدى، «رۇنا! رۇنا! ــ دەپ ۋارقىرىدىم، مەن، ــ بۇ مەن! سېنى ئىزلەپ يۇرىمەن!» ئاڭا ئاسماندىن ۋارقىرىغان، شۇ ھاۋانىڭ گۇركۇرىگەن سائەتىدە ئۇ نېمىنى ئويلىغاندۇر؟

ئەتىسى كىلىنىكىمىزنىڭ بارلىق خىزمەتلىرى نورمال بولۇۋاتقاندەك، تەييار تەقلىنىشى ئۇچۇن ئىشلەۋاتقاندەك تۇرۇم كۆرسىتىلىپ ئۆزۇمىنىڭ قول تۇتۇپ قىلىشقا تېگىشلىك بىر توپ قىيىنچىلىق بىلىنىپ تۇردى، ھەممە ئىش ئادەتتىكى تەرتىپتە كېتىۋاتاتتى، ئاۋۋالقىدەك ئەمەسلىكىمنى ھەمكارلىرىمنىڭ، خىزمەتچىلىرىمنىڭ ھېچقايسىسى بايقىمىدى.

كېلىدىغان ئۆز سائىتىمنى كۇتۇۋاتاتتىم، ۋاقىت مېنى زېرىكتۇرۇپ ئالدىغا ئۆتمەيۋاتاتتى،

كۆپچىلىكنىڭ كۆزىدىكى ئادەممەن، ئادەتتىكىدەكلا ئۆز ۋەزىپەمنى ئارتقۇزۇۋەردىم، بىراق بۇ مەن ئەمدى ئاۋۋالقى مەن ئەمەس.

ۋاقىت زېرىكتۇرۇپ ئۇزاققا سوزۇلدى.

بەلگىلەنگەن قەرەل يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى.

رۇنانى مانا كېلىدۇ، ئەنە كېلىدۇ دەپ كۇتۇۋاتاتتىم، بىراق رۇنانى ھېلىھەم ئېلىپ كېلىشمىدى.

يەنە چارەك ۋاقىت ئۆتۇپ كەتتى، بىراق يوق، ماشىنىنىڭ قاچان چىققانلىقىنى تېلېفون بېرىپ بىلگىن، دەپ تاپشۇرما بەردىم،كاتىبە تېلېفون بەرسە، ماشىنا بەلگىلەنگەن مەھەلدە چىقىپ كەتكەنلىكى ئېيتىلىپتۇ.

تىنچسىزلىنىشقا باشلىدىم، نېمە بولۇشى مۇمكىن؟ ئالىمادىس يولدا چاتاققا ئۇچراشتىمۇ؟

سائەتنىڭ تىلى ئۇچكە يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى، ئەمدى قاچان؟ ئۆزۇم

تېلېفون بەردىم، ماشىنىغا بىر ئىش بولغاندەك تۇيۇلدى دېيىشتى، ئۇلار ماڭا شۇ ۋاقىتتا كاتتىبە قىز يۇگۇرۇپ كىردى، رەڭگى ـ رويىدا قان يوق.

ـ 359نېمە بولۇپ كەتتى، ـ دەپ ۋارقىرىدىم مەن.

359 ـ بىمار ئايال ئۆلۈپ قاپتۇ!

359 ـ قانداق ئۆلۈپ قالتۇ، قايسى بىمار ئايال؟

ـ 359بىز كۈتۈۋاتقان بىمار ئايال، هازىرلا يولدىن تېلېفون بېرىشتى.

359 ـ قاتناش ۋەقەسىدىمۇ؟

ـ 359ياق، قاتناش ۋەقەسىدە ئەمەس، ئۇ قېچىپتۇ... ـ ئۆلتۈرۈپ قويۇشۇپتۇ.

ـ 359چۈشەنمىدىم.

ـ 359هازىر كېلىپ ئېيتىپ بېرىمىز دېيىشتى .

شۇنداق قاماقتىكى 87 ـ 6 A 359 نومۇرلۇق ر. ف. لوپاتىنانى، بۇرۇنقى مەن بەرگەن كۆرسەتمىگە بىنائەن، بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا كىلىنىكىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ماشىنا بىلەن ئېلىپ كېلىشىپتۇ.

يولدىن، شەھەرنىڭ سىرتىدىن يول، توقاينى ئارىلاپ، موسكۋا دەرياسىغا يېقىن ئۆتكۈنچى يەرگە كەلگەندە، جىنايەتچى كۆڭلۈم ئېلىشىپ كەتتى، چىدىيالمايۋاتىمەن، ماشىنىنى توختىتىڭلار، قۇسقىلىۋاتىمەن دەپ سورىنىپ تەلەپ قىلىشقا باشلاپتۇ.

ئۇلار ئامالسىز توختىتىپتۇ، جىنايەتچى يولنىڭ نېرىقىغا بىر نەچچە قەدەم مېڭىپتۇ ـ دە، كېيىن توساتتىن جىرىملىكلەرنى ئارىلاپ قېچىپتۇ. بىللە كەلگەن ساقچى ئايال ئارقىدىن قوغلاپتۇ، ساقچى ئايال توختا! دەپ بۇيرۇق بېرىپتۇ، بىراق ئۇ كېتىۋېرىپتۇ، ساقچى ئايال «ئېتىۋېتىمەن!» دەپ ۋارقىراپتۇ، ئارقىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ ئىككى قېتىم ئاسمانغا ئوق چىقىرىپتۇ،

ئۇنى تىرىك تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن ساقچى ئايال قوغلاپ يېتىشكە ھەرىكەت قىلىپتۇ،ئاڭغىچە ئالدىدىن بۇرۇلۇپ ئاققان موسكۋا دەرياسىنىڭ ساھىلى تۇشمۇ ـ تۇش كېلىپ قاپتۇ ـ دە، ئايال شۇ يوگورگەن پېتى ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپتۇ، ساقچىنىڭ ئېتىشتىن باشقا چارىسى قالماپتۇ، جىنايەتچى ئايال ئۆلۈپتۇ، جەسەتنى سۇدىن سۆرەپ چىقىرىۋېلىشىپتۇ.

ئۇ نېمىگە شۇنداق قىلدى؟ دەپ كېيىن ئۆزۈمگە مىڭ قېتىم سوئال قويدۇم، نېمە ئۈچۈن؟ بۇ نېمە ئىش؟ چارىسىزلىكتىنمۇ؟ قورققانلىقتىنمۇ؟ يا بۇ نارازىچىلىق بىلدۈرۈشنىڭ شەكلى بولدىمۇ؟

ھېچكىم جاۋاب بېرەلمەيدۇ، قانداق كەلگەن بولسا شۇنداق كەتتى، ئۇ تەجرىبىلىرىمىزنىڭ تۇنجى قۇربانى بولدى.

كەچكىچە ئىشخانىدىن چىققىنىم يوق، بېكىنىۋېلىپ ئولتۇرۇۋەردىم، مەندە نېمە بولۇۋاتقانلىقىمنى ھېچكىم بىلەلمەيدۇ. ئۆزۈمگە تەييار بولغان نەرسىگە ئۆزۈم شۇنچىلىك ئەسلىگە كەلتۈرۈلگۈسىز يول بىلەن كاشىلا بولمىغاندا، نېمىدېگەن ئاستا! نېمىدېگەن كاج تەلەيمەن، ئۇنىڭ ئۆلۈپ قالغىنى نېمىدېگەن زور ئارمان ۋە ھەسرەت. ئاڭا چىنلىقنىڭ ئۇ تەرەپتە ئىكەنلىكىنى، مەيلى قانداق باش ئايلاندۇردىغان بويۇكلۈككە كۆتۈرۈلسىمۇ ئىلىم ـ پەننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۇدۇللۇق بولىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ راۋاجىغا چەك يوق ئىكەنلىكىنى بىراق ئۇنىڭ ۋىجدانىغا سېلىشتۇرۇلغاندا، تۇككىمۇ يارىمايدىغانلىقىنى، مەڭگۈلۈكنىڭ ماھىيىتى ۋە تەرەققىياتىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۇرگەن روھ ئەزەلدىن تەڭداشسىز دەپ ئېيتارمنى ئۇقماي كېتىپ قالغانلىقى نېمىدېگەن زور ئارمان ھەم ھەسرەت.

ئىشخانامدا ئولتۇرۇۋېلىپ بۇقۇلداپ يىغلىدىم. ئۆمرۈمدە بىرلا قېتىم كۆرگەن ئايالغا بۇقۇلداپ يىغلىدىم. ئۇ ئايالسىز قالغان ئۆمرۈمنىڭ بەختسىز

ئۆتىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ تۇردۇم.

كېچىدە يولغا چىقتىم، بىراق، شۇ قايغۇلۇق ۋەقە بولغان يەرگە، ئورمانىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى موسكۋا دەرياسىنىڭ ئەگىمىگە يېقىنلاشقاندا توختىدىم ـ دە، قايتا ئارقامغا بۇرۇلدۇم، بۇ ئۇنىڭ ئۆلگەن يېرى ئىدى، ئۇ مۇشۇ توقاينى ئارىلاپ قېچىپ دەرياغا ئۆزىنى تاشلىغان ئايلانما يولغا يۈرۈپ كەتتىم.

ئەگەر ئامالسىزلىقنىڭ ئۆلۈمى بار بولىدۇ دېيىلىدىغان بولسا ئۇنداقتا ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ ئۆلچىمىنى تولۇقى بىلەن سەزدىم. ماڭا ئاشۇنىڭ ئۆزى جازا بولغان ئەمەسمۇ؟ تۈن نىسپىدە يالغۇز ئۆيدە ئولتۇرۇۋېلىپ هۆكىرەپ ۋارقىرىۋەتتىم. بۇلدۇقلاپ يىغلىدىم. ئۇ يوق. ئاڭا ئاتايىن دېمەكچى بولغىنىمنى، ئاچاي دېگەن سىرىمنى ئەمدى ئۇ هېچقاچان بىلمەيدۇ. ئۇ هاياتىمنىڭ ئاخىرقى پەيتلىرىگىچە مېنى، ئۇئۆزىنى ئىلمىي كەشپىيات ـ ئىختىرالارنى، ئاڭقۇرتلارنى ئۆستۈرۈپ چىقىرىشقا پايدىلىنىدىغان ئەخلەت سۈپىتىدە ئويلىدى. شېشىنىڭ ئاغزىدىن ئىچىملىكنى گۈپۈلدىتىپ يۇتقىنىمدىمۇ ئىچىملىكمۇ قايغۇمغا دال بولالمىدى. بۇنىڭغا بەلكىم ياردەم بېرەر دېگەن ئويدا مۇزىكا ئاڭلىغۇم كەلدى. بىراق ئۇنداق مۇزىكا يوق ئىدى.

ئۇنداق مۇزىكىنى بەلكىم كۆڭلۈمگە پۈككەن مۇزىكىنى ، تاقەتسىز كۈتۈپ بىر نەچچە يىلدىن كېيىن ئاڭلىدىم. پاراخوت بىلەن ياپون دېڭىزىدا ئۈزۈپ بېرىۋاتقان ئىدۇق. گۈگۈم كىرىپ قالغان مەهەل، يۇلتۇزلۇق ئاسمان ئالدىدا قېتىپ قالغان ئاراللارنىڭ چوقچىيىپ كۆرۈنگەن قارىسى دېڭىزنىڭ هەر قانداق يېرىدىن زامان ۋە ماكانىنىڭ لەيلەپ يۈرگەن نەرسىسى سىرلىق قارايدۇ. گورىستاندەك تىمتاس. سالقىن، كۆزگە كۆرۈنمىگەن دولقۇنلارنىڭ ئاڭلىنار ـ ئاڭلانماس شەپىسى. بىز بىر نەچچە سوۋېتلەر ئىتتىپاقلىق زىيالىي. نوگايادا ئىلمىي مۇهاكىمە يىغىنىغا كەلگەن ئىدۇق.

هەمكارلىرىم ۋە تىلماچلىرىم پاراخوت بۆلمىسىدە قېلىشقان، سىرلىق هەم كەڭ ئاراللارغا قاراشتىن كۆزۈم تالماي، پاراخوت سەيناسىدا ئۇيان ـ بۇيان مېڭىپ يۈردۈم، ساھىلدىكى ئوتلاقلار بەكمۇ يىراق، ئاران بايقىلارلىق ئىدى، بىز شۇ تەرەپكە باراتتۇق، پاراخوتتا ئادەمنى ھالقىپ يۇلقۇنۇشقا، لىكىلداپ سەكرەشكە چاقىرغان مۇزىكىلار تىنىمسىز ياڭراپ قۇلاق، مېڭىنى يەپ كېتىۋاتاتتى، توساتتىن دىسكو مۇزىكىسى جىپپىدە بېسىقتى، ئۇندىن كېيىن ئەنئەنىۋى ناخشا ئاڭلاندى، بۇ ياپونچە «ئەنكا» دەپ ئاتىلىدىغان مىللىي مۇزىكا، لىرىكا ئىدى، ئاشىقىغا بولغان تەشنالىق، ئارزۇ ھەم ئارمان، كۈتۈش بىلەن خوشلىشىش ئىدى، شۇندا مەن ئۇ مۇشۇ يېقىن يەردە، بەلكىم ئاشۇ ئارالدا، ئۇندىن كېيىن مۇشۇ ناخشىنى ئاڭلاۋاتىدۇ، يەنە ئۇ ھەقتە ئويلاۋاتقىنىمنى بىلىدۇ، دەپ ئويلىدىم.

مەن شۇندىلا ھەممىدىن، ھەممىدىن يىراق كېتىشىم كېرەك ئىكەنلىكىمنى چۈشەندىم.

ئىسلاھات ۋەقايتا قۇرۇش يىللىرىدا ئاڭقۇرتلارنى ئۆستۈرۈپ چىقىرىش توختالدى، گورباچېۋنىڭ ھوزۇرىدا بولدۇم، كېيىن يېرىم يىلدىن كېيىن كائىناتقا، ئوربېتىلىق ئىستانسىغا جۆنىدىم، شۇ يەردە مەن كائىناتىي كاھىن بولۇۋالدىم، سىرتتىن قارىغاندا ساراڭلىقتەك كۆرۈنىدۇ، بىراق مەن ئۈچۈن پۈتۈنلەي ساراڭلىق ئەمەس ئىدى.

كەچمىشلىرىم ماڭا ئارام بەرمىدى، پېيىمغا چۈشۈۋالدى، ھەمدە ھەلقۇمۇمغا تىقىلغان سۆڭەكتەك ئالدىمدا ھەل قىلىنمىغان سوئال تۇراتتى، تۇغۇلۇشقا ئۈلگۈرۈشكەن، ھەمدە بولسا ئۆسۈپ چوڭىيىۋاتقان ئاڭقۇرتلار نېمىمۇ بولار؟ ئۇلارنىڭ نەدىن چىققانلىقى نامەلۇم. بۇ ۋاقىتلاردا بۇ ھەقتە ھېچكىم بىلمەيدۇ، تېخىمۇ ئېنىق ئېيتقاندا، ئازغىنە ئادەم، مېنى بۇرۇنقى

ھەمكارلىرىم بىلىشىدۇ، ئۇلار مەن ھەققىدە «كاپىر، كائىناتقا چىقىپ كەتتى، قاچتى» دېيىشىۋاتقان بولسا كېرەك، بىراق ئۇلار نېمە دېيىشسە دېيىشىۋەرسۇن، تىنچىمنى بۇزغان ئىش قارغىشىمنى، قانداق قىلىپ شۇمشەيگەن مۇراخست، ساندا يوق لالما ئىت(لار) دەپ تىللاپ سۆكەرىمنى ھېچكىم بىلمەيدۇ! مەن ھازىر يەرگە چۈشۈپ، ئۇندىن كېيىن بىزنىڭ تەجرىبىخانىنىڭ تەجرىبىلىرىنىڭ نەتىجىسىدە تۇغۇلغان بوۋاقلارنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىسام بولامدۇ؟ مەن بۇنى نېچۇن يېزىۋاتىمەن؟ چۈنكى بىز قىلغان ئىشلار قايتا ھالەتكە كەلمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن يېزىۋاتىمەن، تۇغۇلغاندىن تارتىپ قىممەتلىك بايلىق، خەزىنە بولۇپ قېلىشقان ئادەملەر نېمە بولۇشىدۇ؟ چۈنكى ئەتە ئۇلار كىم بولۇشى ئىكەنلىكى ھەققىدە بىلىشىدۇ، ئۇلار جەمئىيەتكە قانداق ياخشىلىق قىلىشىدۇ، كېيىن ئائىقۇرتلار ئادەمزاتىدىن ئالغۇسى يورۇق دۇنيانى قەتئىي يوسۇندا ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلغۇسى كەلمەسمىكىن؟! ئەمدى بۇنداق قىلىپ مەن بۇ يەردە، كائىناتقا ئۇلار ئائىقۇرتلارنىڭ ئۇياقتا يەردە چوقىيىۋاتقانلىقىنى دېسەم بۇ بىر مۆجىزە! باشقا سۆز تېپىش قىيىن. ھېچقاچان ئۇلارنىڭ كېلەچىكى ئۈچۈن جاۋابكارلىقنى ئۈستۈمگە ئالغان ئەمەسمەن، مەندە بار بولغىنى ئۇلارنىڭ تۆرىلىشىنىڭ ئىلمىي مەسىلىلىرىنىلا ھەل قىلىمەن دېگەن مەسئۇلىيەتلا، بەلكىم ئۆزۈمگە، بىراق مۇشۇ ئاقلىنىش بولالامدۇ؟! ئۇلار گۇناھلىرىدا، قىلغۇلۇقنى قىلىپ قويۇشۇپ ئۇندىن كېيىن ھەممە ئاستىن ـ ئۈستۈن بولغاندا يەنە باشقا ئايلانمىغا چۈشكەندە قېچىپ يوقالغان نېمىلەرنى نەدىن ئىزدىشەر، يەنە ئۇندىن قالسا ك. گ. ب بۇمۇ يوق بولدى. بەلكىم يەنەكائىناتتىمۇ باربولار ئەمەستۇر؟... يوق بولسا يوق بولغانچە پالاكەت باسسۇن!

فىلوفېينىڭ جان سىرى مۇشۇ يەردىن ئۈزۈلۈپ قالدى.

جان سىرىنىڭ تېكىستى فىلوفېيدىن قالغان بۇ ئاخىرقى خەۋەرنى ئەنتونى يۇنگېر خەۋەر قىلىپ يوللاشنىڭ ئىش بېشىدا قالدى.

ھېچكىمنىڭ بېشىغا كەلمەيدىغان قىزىقسىنارلىق ۋەقە دەپ مەيۇس ئويلىدى. ئەنتونى قىشنىڭ شۇ سەھەرىدە ماشىنىنىڭ رولىدا ئولتۇرۇپ، سىرتتا ياغقان قارغا كۆز يۈگۈرتۈش بىلەن ئۇ تۇندە ئوقۇپ چىققان فىلوفېينىڭ يېزىپ قالدۇرغان جان سىرىنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلالماي ئويلىنىۋاتاتتى.

ھەيران قالارلىق ئىش، دەپ ئويلىدى ئۇ، ھېچكىم مۇنداق ئۆلگەن ئەمەس. ئەمدى فىلوفېي كائىناتتا موميا بولۇپ ئالەمنىڭ بىر يېرىدە لەيلەپ يۈرىدىغاندۇر. سەييارىمىزنىڭ سىرتىدا ئۆز جېنىدىن ئۆزى ۋاز كەچكەن بىردىنبىر ئادەم، ئۇنىڭ جېنى تۇنجۇقۇپ جىمجىتلىقتىن جاي ئالدى. ئەمدى بۇ خېتى بىلەن ئۆزىنى قايتا ئېسىمىزگە سالماقتا.

راستىنلا ئۇنىڭ تەقدىرىنىڭ ئىبرەت بولمىغانلىقىدا قانداقتۇر بىر بۈيۈك مەنا بار دەپ ئويلاشقا بولىدۇ، شۇنداق، بىراق خۇنىنى دەڭ تېخى؟!

مۇنداق يولدا كۈن ھەمىشە قىممەت، ئۇندىن قالسا بارلىق پۈرسەتلەر ئۈچۈن بىرلا قېتىم چوڭ ئىبرەت بولىدىغۇ، تۆكۈلگەن خۇن خۇددى يېرۇسالىمنىڭ شەھەر سىرتىدىكى گولگوفا دەپ ئاتىلىدىغان روھۇللاھ مەسىھ ئېيسا ئۆلتۈرۈلگەن يەردە ئېيتىلسا تۆلىگەن خۇندەك بولدى، ھەر نەرسىنىڭ ئۆز خۇنى بار، ئۇ بولسا ئۆز خۇنىنى كائىناتتا تۆلىدى.

ئۇنى باللار باغچىسىنىڭ بوسۇغىسىغا ئېلىپ كېلىۋاتقاندا ئانىسىنىڭ تاپىنى ئاستىدىكى قارنىڭ غىچىرلىغىنى ئاڭا كائىناتتىمۇ ئۇقىلار بولىدىمىكىن؟ ئۇنى باغرىغا بېسىۋېلىپ، ئاخىرقى قېتىم كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان ئانىسىنىڭ يۈرىكىنىڭ دۈك ـ دۈك سوققىنى ئاڭا كائىناتتىمۇ ئاڭلىنار

بولدىمىكىن؟

## چىنگىز ئايتماتوۋ كائىناتى ـ ئادەم ۋە ئالەم

### ئابدۇللاھجان ئەھمەدئەلىيېۋ

چىنگىز ئايتماتوۋنىڭ «كاسساندرا تامغىسى» رومانىدىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان دۇنياۋى مەسىلىلەرنى ۋۇجۇدۇم بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئويدىن ـ ئويغا چۆمۈلۈپ يەر بىلەن كائىناتنىڭ چەكسىز كەڭلىكىدە كىشىلەرسەكراتقا چۈشۈۋاتقاندا نىمە ئۈچۈندۇر ئىلىمىزنىڭ تەپەككۇر بىلەن سۆزنىڭ ئەڭ بۈيۈك، مۇقەددەس تاۋلىنىشنى كۆرسەتكەن تاشقا تامغا باسقاندەك كۆرۈنۈشتىمۇ كۆركەم ھەم ئەھمىيەتلىك تېرەن ھەم ئېسىل خاسىيەت، كارامەتلەرنى مۇجەسسەنلىگەن ھايات بىلەن ماماتقا، ئادەم بىلەن جەمئىيەتكە مۇناسىۋەتلىك نەچچىلىگەن ماقال ـ تەمسىللەرنى بىردىنلا ئەسلەپ قالدىم، «ياخشىدىن يامان تۇغۇلسا زىيان»،«بالىنىڭ تۇغۇلغىنىغا سۆيۈنمە، تۇرارىغا سۆيۈن»، «بالا ئۆزى تۇغۇلىدۇ، خىيال ـ خۇلقى تۇغۇلمايدۇ»، «بىرى تەنتەك چىقسا، بىرى چۆنتەك چىقىدۇ»، «ئوغۇل ياخشىسى ئاتىنىڭ داڭقى، قىزنىڭ ياخشىسى ئانىنىڭ قەدرى» ۋە باشقىلار، كىشىلەر قانداقتۇر بىر قاتتىق ھۆكۈم بىلەن «تۇغۇلماي بۆشۈكۈڭدىن قالغۇر»دەپ قويۇشىدۇ،نىمە ئۈچۈن؟ سۆيقەستتىنمۇ؟! كۆرەلمەسلىكتىنمۇ؟! مۇناپىقلىقتىمۇ؟! مەندۇرمەنلىكتىنمۇ؟!

ئايتماتوۋنىڭ سەييارىلەر ئارا تەپەككۇرى ئادەمزاتى بىلەن ئالەم ماسىشتابى ئارىسىدا ئادەم ھاياتىنىڭ، تەقدىرىنىڭ كېلەچەكتىكى تەدرىجىي تەرەققىياتى ھەققىدە سۆز ئېچىشقا مۇمكىنلىك بېرىدۇ، ئايتماتوۋ دۇنيانىڭ تۆت بۇرجىكىدە ياشىغان يۈزلىگەن ئەللەرنىڭ پسىخىكىسىنىڭ ئەجەللىك ۋەزىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئۆزگىرىشنى كائىناتىي يۈكسەكلىكتىن بايقايدۇ.

كائىنات ـ بۇ مۇئەللىپ ئۇچۇن ئالەملا ئەمەس بەلكى يەنە ئادەم روھىنىڭ بايلىقىدۇر، روھ ـ ئادەمزاتىنىڭ مەڭگۈلۈك كاتېگورىيىسى، چىنغىز ئايتماتوۋنىڭ ئالەمى زامان ۋە ماكان تەرىپىدىن چەكلەنمىگەن، چەكسىز پۈتكۈل دۇنيا بولسا ئايتماتوۋنىڭ كائىناتى، ئۇنىڭ قابىلىيىتىنىڭ بۆيۈكلۈكى.

بىز يازغۇچىنىڭ ئادەم بالىسىنىڭ ئۆزىنى ـ ئۆزى تونۇپ بېرىشىنىڭ ئەڭ مۇرەككەپ باسقۇچلىرىغا جەمئىيەت ۋە تەپەككۇرنىڭ تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى سىرىغا، ماھىيىتىگە، قانۇنىيەتلىرىگە، ئىرسىيەت ھەققىدىكى نەزەرىيىلەرنىڭ ئادەمزاتىنىڭ ھاياتى ئۇچۇن ئوينايدىغان رولىغا ۋە بىئو ـ خېمىيىۋى ئامىللار،مېتودلاردىن يەككە ئادەمنىڭ پسىخولوگىيىۋى تەرەققىيات جەريانىغا، زور تەسىرىگە، مېندېلىزم بىلەن دارۋىنىزمنىڭ ئۇقۇملىرىغا، ئادەم بالىسىنىڭ تۆرەلمىلىك تەرەققىياتىغا بىكار قىزىقىپ ئولتۇرمىغانلىقىنى كۆرىمىز، تۆرەلمىلىك تەرەققىيات ئورگانىزمىنىڭ يېگانە راۋاجى ئانىلىق ئۇرۇغدىن باشلانغان بىلەن لېكىن ئۇنىڭ پۈتكۈل دۇنياۋى، ئومۇمىي، ئىجتىمائىي، پسىخولوگىيىۋى، پەلسەپىۋى خۇلقىي، ئەخلاقىي ھەم گۈزەللىك مەناسىغا ئىگە ئىكەنلىكى «كاسساندرا تامغىسى» رومانىنىڭ ئەڭ مۇھىم تېماتىكىسى.

«كاسساندرا تامغىسى» بۇ ھامىلىنىڭ تۇغۇلماي تۇرۇپ ھاياتتىن، يورۇق دۇنياغا كېلىشتىن، كېلەچەكتىكى جاۋابكارلىقتىن، مەسئۇلىيەتتىن باش تارتىشنى،جامائەتچىلىككە بىلدۈرۈش،«كاسساندرا تامغىسى»نىڭ سىگنالى، بەلگىسى ئارقىلىق ماھىيەتلىك ھامىلىسىنىڭ ئادەم بالىسىنىڭ «پىشانىسىگە يېزىلمىش تەقدىرى»نى بايقىۋالسا بولاتتى، ئۇنىڭ ئۆمۈر سۈرۈشى ئۆزىگىلا مۇناسىۋەتلىك ئەمەس،بەلكى بىئومۇھىت بىلەن

جۇغراپىيىۋى مۇھىتىغىمۇ مۇناسىۋەتلىك ئىش، كاسساندرا تۆرەلمىسىنىڭ سىگنال ـ بەلگىسىنى ئېتىبارغا ئالماي، ئادەمزات بىلەن ئالەمنىڭ مەڭگۈلۈككە، ئۆسۈپ ـ يېتىلىشىگە سەل قاراش دېگەنلىك.

«مۇنبەر» گېزىتىنىڭ باش مۇھەررىرىگە كائىناتتىن كەلگەن فاكس، ئادەمزات بالىسىنىڭ تارىخىدا دۇنياۋى ماسشتابىدا شامال دولقۇنىدەك ئەھمىيەتكە ئىگە ئىش، شۇ فاكس مەزمۇنىنى ئېلان قىلىش ئۇچۇن قانچىلىك بولسا شۇنچىلىك سەۋىيىدە جاۋابكارلىق مەسئۇلىيىتى مەۋجۇت بولىدۇ، شۇ سەۋەبتىن تەھرىرات ھەيئىتى كېڭىشى ھاپىلا ـ شاپىلا ئېلىپ بېرىلىپ ئۇلار «كەڭتاشا ئولتۇرۇپ بىۋاستە كېڭىشىپ»، «يەتتە ئۆلچەپ بىر كېسىشىپ»، قانداق قىلغاندا كائىناتىي مۇراجىئەتنى ئوقۇرمەنلەرگە يەتكۈزۈشنىڭ مۇۋاپىقلىقنى تېپىشىدۇ، مۇخبىر، خىزمەتكارلارغا كىمدۇر بىراۋنىڭ بىلەن بۇ ۋەقە توغرۇلۇق پىكىر ئېلىشقا، تېلېفۇنلارغا، فاكسلارغا جاۋاب بەرمەسلىككە، ئوقۇرمەنلەرنى تەھرىراتنىڭ ئىمارىتىگە كىرگۈزمەسلىككە قاتتىق بۇيرۇق بېرىلىپ، چەك قويۇلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە «مۇنبەر» گېزىتىدىكىلەر توساتتىن كەلگەن شامالدەك «پۇرسەت» نى قويۇپ بەرمەي قوبۇللىغان فاكسنى تېزراق يەتكۈزۈشكە ئىنتىزار بولۇشىدۇ، چۈنكى ۋاقتى كىچىككىنە كېچىكسىلا بۇ ماتېرىياللارنى باشقا گېزىتتىكىلەر ئېلان قىلىۋېلىشى تولۇق مۇمكىن ئىدى.

كائىناتتىن يەرگە يېنىپ كېلىشتىن باش تارتىپ ئوربىتىلىق ئىستانسىدا جاپادا، تەنھالىقتا قېلىپ بىر جەھەتتىن رۇس زىيالىيسى بولۇپ بىر جەھەتتىن «فىلوفبي» دەپ ئۆزىگە يالغان ئاتاق بەرگەن ئاندرېي ئاندرېيېۋىچ كىرىلتسوۋنىڭ ئىلمىي مۇھاكىمىسىنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە رىم پاپاسىغا يازغان مەكتۇپىنىڭ مەزمۇنى ئادەم بالىسىنىڭ تۆرەلمىلىك

تەرەققىياتى نەسىل قۇرۇتۇشقا، يەككە يېتىلىش بىلەن سىستېمىلىق يېتىلىشكە، ئىرسىيەتكە، ئىرسىي جۇغلانمىغا، بىئولوگىيىلىك باشقۇرۇشقا، تىرىكچىلىككە بېرىپ تاقىلىدۇ، ئاندىن تۆرەلمە پەيدا بولغان دەسلەپكى كۈنلىرىدىكى سېزىمى تۇرلۇك يوسۇندا ئالدىنئالا ئۇنى تۇرمۇشنىڭ قانداق تەقدىرى كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى ھەم ئۇ تەقدىرگە تۆرەلمىنىڭ ئۆزى قانداقچە مۇئامىلىدە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، ئەگەر ئۇ مۇئامىلە ماھىيەتلىك ئىشلاردىن بىشارەت بەرسە، ئۇنداقتا كاسساندرا دەپ ئاتالغان ھامىلە يورۇق دۇنياغا كېلىشكە قارشىلىق كۆرسىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولىدۇ.

فىلوفېينىڭ تەجرىبە مىتودى ـ ئىلمىي مۇھاكىمە ۋە بايانات ئارقىلىق كائىناتنىڭ تەكشۈرۈش تۈرنى ئىبەرتىش بىلەن ئانىلارنىڭ قورسىقىدىكى ھامىلدارلىقتىن جەمئىيەت ئۈچۈن ياخشى ياكى يامان ئادەم بالىسىنىڭ دۇنياغا كېلىشىنى بىلدۈرىدۇ، ھامىلىدارلىقنىڭ تۈپكى رېئاكسىيىسى ئايالنىڭ ماڭلىيىدىكى پىگمىنتلىق داغدىن كۆرۈنىدۇ، ئەگەر ئۇ داغقا ئالا بولماچلىق يار بولسا ئاتا ـ ئانىلاردا ئەمەس، كەڭ جامائەتچىلىكمۇ بىئارام بولۇشى كېرەك ئەلۋەتتە، فىلوفېينىڭ نەزەرىيىسى بويىچە نىگاتىۋغا چۈشكەن كاسساندرا ھامىلىگە ئۆز خاھىشى بىلەن ھاياتىغا مۇمكىنلىك بەرمەسلىكنىڭ ئۆزى كىشىلەرنى جەڭگى ـ جېدەل بىلەن قان تۆكۈشتىن، ھېقىرلىقتىن، قايغۇ ـ جاپادىن، قىيامەت قايىمدىن يىراق بولۇش جاۋابكارلىققا ئىگە قىلىدۇ.

بەلكىم فىلوفېينىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ھەققانىيلىقى باردۇر، ئۇنداق بولغاندا نەچچە قېتىم بالا چۈشۈرۈلۈپ، قانچىلىغان نارىسىدە ۋە نارىسىدىلەر تاشلاندى قىلىنىپ ئىرغىتىلىدۇ ئەمەسمۇ! ئۇلارنىڭ ئۇۋۋالچىلىقى كىمگە؟! كېلەچەكتە ھىتلىر سىياقىدىكى فاشىستىك دىكتاتورلار يارالماسمۇ؟! يۇگوسلاۋىيىدىكى ،قاراباغدىكى ،چېچەنىستاندىكى قانلىق قىلمىشلار، زەھەر

بەڭگىلىرى، سولاقتىكى باندىتلار يەنە چىقارماسمۇ؟ بەلكىم، كەلگۈسىدىكى كاسساندرا ھامىلىسىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇچۇنمۇ كېرەكتۇر! يەريۈزىدە تىركچىلىكنىڭ ئۇلىنىۋېرىشى ئۇچۇن ئادەملەرنىڭ سانسىز، سۈپەتسىز نوپۇسىنىڭ زۆرۈرلۈكى يوقتۇر! يادرولۇق، بىئولوگىيىۋى، خىمىيىۋى قورال ـ ياراقلارنى ئويلاپ چىقىرىش توختىلار! شۇنداق ياخشىلىقلار، يامانلىقلار ئۈستىدىن بىر تالاي غەلىبىنى قولغا كەلتۈرەر، بۇ خام خىيالمۇ!؟، فانتازىيىمۇ؟!، تەسىرلىنىشمۇ؟!

بەلگىلىك تەسىرى بار ئامېرىكان كېلەچەكشۇناس روبېرت بوركىنىڭ «مۇنبەر» گېزىتىدىكى كائىناتلىق مۇراجىئەتكە بولغان دانا كۆز قارىشى جامائەتچىلىك ئۇچۇن زۆرۈر ئىدى! ئۇ قانداق پوزىتسىيىدە بولىدۇ؟! ئۇنىڭ يەككە پىكرى كۆپچىلىكنىڭ ۋىجدانىنى ئۇلارنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ساقلاپ قىلىشقا تۈرتكە!

بىراق، «مۇنبەر» گېزىتىدىكى ئىلمىي مۇھاكىمىسىنى ئۇ رەپىقىسى جېسسىدىن ئاڭلىغاندا ئاڭا ئانچە ئەھمىيەت بەرمىگەن، بىراق كاسساندرا تامغىسى توغرۇلۇق ئوي ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئارامىدا قويمايدۇ. قاچاندۇر بىر چاغلاردىكى ياشلىق ۋاقىتلىرىدا كېلەچەكتىكى ئادەمزاتنىڭ ھاياتىنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارى مودېللىرىنى تۈزۈش ھەققىدىكى بەس ـ مۇنازىرىنىڭ بىردىنبىر ياقلىغۇچىسى بولۇپ، دۇنيانىڭ ئۇ چېتىدە تۇگۇلۇپ ياتقان سىرىنىڭ ھامىنى بىر كۈنى ھەل بولۇشىنى كۈتۈپ ياتقان ئىدىغۇ؟! ئەسەردە كاسساندرا تامغىسىنى چۈرىدىگەن ۋەقە بوركىنى مەپكۇرە ئۇچۇن باشقىلار بىلەن ئوچۇق ـ ئاشكارە قېقىلىشقا يەتكۈزۈشى مىزانلىق، ئۆلچەملىك قىلىنىدۇ.

چ. ئايتماتوۋ بوركىنىڭ ئوبرازى ئارقىلىق ئىلغار كۆز قاراشتىكى ئىنسانىي، ھەقىقىي، نوپۇزلۇق ئىلىمنىڭ تەرەققىياتى ئۇچۇن كۆيۈپ پىشقان

ئوقۇمۇشلارنىڭ ئوبرازىنى ئوقۇرمەنلەرگە بىلدۈرۈشنى مەقسەت قىلغان، مۇئەللىپنىڭ پوزىتسىيىسىنىڭ باش قەھرىمان تەرەپتە ئىكەنلىكىنى ئېيتمىسامۇ چۈشىنەرلىك، باش قەھرىمان ۋەقەلەرنى ئۆزى بىلەن تەھلىللەپ تۇرغان ئەڭ مەركىزىي نۇقتا.

بوركىنىڭ دانالىقتا، ئادەمگەرچىلىكتە پرىنسىپچان پىرىزدىنت بىلەن بەيگىگە چۈشۈپ ئۆزىنىڭ نامزات تەلەپكارلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرغان كونا بىر تونۇشى ئوردوك بىلەن تېلېفوندا دەسلەپ سۆزلىشىشى ئەسەرنىڭ بېشىدا بىلىنىدۇ، ئۇ فىلوفېينىڭ نەزەرىيىسىنى باشقىلارغا ئوخشاش كەمسىتىپ، قىرغىزچە ئېيتقاندا «كەلىمەلىرى ئاغزىدىن چۈشۈپ» قوبۇل قىلمايدۇ، جېمىكى ئىشقا ھوشيارلىق، سەۋرچانلىق، تەمكىنلىك بىلەن ئىلىمدىكى يىرىك ئاشكارىلىشىنىڭ بىر تۈرى قاتارىدا مۇئامىلە قىلىدۇ.

بوركىنىڭ يەر يۈزىدىكى فىلوفېي سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىرىشىدۇ، مۇئەللىپ تەرىپىدىن پسىخولوگىيىۋى مەۋقەدە تېرەن ئىشەندۈرۈلگەن، يازغۇچى تەسۋىرلىگەندەك قەھرىمانىنىڭ تەجرىبىسى،بىلىمدانلىقىغا، فىلوفېينىڭ نەزەرىيىسىگە ئوبيېكتىپ باھا بېرىشكە مۇمكىنمۇ؟ ئوقۇمۇشلۇق جامائەتچىلىك ئالدىدا ئۆز پىكىرىنى ئېلان قىلىشنى توغرا تاپىدۇ، ئۇ ماقالىسىدە «ئادەم» دېگەن چۈشەنچىگە ئومۇمىي، ئىجتىمائىي، پەلسەپىۋى، بىئولوگىيىۋى، پسىخولوگىيىۋى، ئەدەب ـ ئەخلاقىي قاتارلىق تەرەپلەردىن نەزەر تاشلاپ فىلوفېينىڭ نەزەرىيىسىنىڭ چىنلىقىنى ئىلمىي دەلىللەر نېگىزىدە مەھكەملىشى ئۇنىڭ تەقدىردىكى ئەڭ مۇھىم باش قېتىمچىلىقلارنىڭ بىرى، شۇڭلاشقا مۇئەللىپ قەھرىمانىنىڭ يالاڭ ھالدا كائىناتلىق مەپكۇرەسىنىڭ پىكىردىشىلا ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسى ئاڭا تەييار تەسۋىرلىنىدۇ، قەھرىمانىنىڭ ئۆزىنىڭ نەچچە يىللاردىن

بىرىكى ئىلمىي ئىزلىنىشنىڭ خۇلاسىسى ھامىنى بىر كۈنى قىلوفىيىنىڭ نەزەرىيىسىگە يېقىن زاھىرلىنىشنى ئاتا قىلىشقا يېقىنلاپ قالغان، بوركىنىڭ يېگانە تەقدىرىدە كائىناتتىكى فىلوفىيىنىڭ تەقدىرىگە چىرمىشىپ باغلانغان، يالغۇز قىزمۇ، ئايالىمۇ بوركىنى مەپكۇرەدىن باش تارتىشقا كۆندۈرەلمەيدۇ، ئۇ ئۆز بېشىنى تاختايغا ئېلىپ قويغان قورقماس ئەزىمەت ھاياتنىڭ ماھىيىتى، ئادەمزات تەقدىرى، ھايات يەنە مامات، دىنىي ئېتىقادلار، ئېزگۈلۈك بىلەن رەزىللىك، جان ـ جانىۋارلاردىن تارتىپ كائىناتىي سىگناللارنى ئاڭقىرىشلىرىغىچە ئەھمىيەت بېرىش بوركىنىڭ ئىلمىي ماقالىسىنى ماھىيەت نېگىزىدىن تۈزۈپ، قۇراشتۇرۇپ تۇرغان مەسىلىدۇر.

بورك ياشىغان جامائەتچىلىك بوركىنى چۈشەنگەن يوق، ئۇنىڭ ئىسمىنى، ئار ـ نومۇسىنى، ئابرويىنى بۇلغىغان ۋاراقچىلار تارقىلىشقا باشلايدۇ، كىشىلەر ئۇنىڭ دېگىنىنى ئاڭقىرالماي ئۇنى سۆرەپ، قونجالاپ ئۇنىڭ باش ـ كۆزىنى يېرىپ ئۆلتۈرۈشىدۇ، بۇ تراگېدىيە: بىرىنچىدىن ئادەم بالىسىنىڭ مەپكۇرە ئۇچۇن ئۆز بېشىنىڭ كېتىشىدىن قورقمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرسە، ئىككىنچىدىن،ياۋايىلاشقان بەندىلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىنى، مەسئۇلىيەتسىزلىكىنى، ۋىجدانسىزلىقىنى بىلدۈرىدۇ، دېمەك، ياخشىلىق يوق، يامانلىق بار.چ. ھېيد مۇھەممەدوۋنىڭ باش قەھرىمانى قايتىدىن زور تراگېدىيىگە گىرىپتار بولىدۇ، تراگېدىيە دېگەنلىك، ئۇ ئۆلۈم بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ ئەمەسمۇ! يازغۇچى ئۆز ئەسىرىدىكى باش قەھرىمانىنى ۋەقەلىكنىڭ بېشىدىن باشلاپلا تراگېدىيىلىك يېشىمگە پسىخولوگىيە تەرەپتىن تەييارلاپ ئاخىرىدا ئومۇمىي خۇلاسىلىك مىزان ـ ئۆلچەملەر يەتكۈزىدۇ، بوركىنىڭ دانالىقى، ۋەتەنپەرۋەرلىكى، جامائەت ئەرباپلىقى، پىدائىيلىقى، ھەققانىيلىقى زور تراگېدىيىنى يارىتىدۇ.

ئايال ساقچى زەھەر بەڭگىلىرى بىلەن كۆرەش قىلىپ تۇرۇپ ئۆز پېشانىسىدە كاسساندرا بەلگىسى پەيدا بولۇپ كېلەچەكتە كۆزى ئېچىلىدىغان پەرزەنتى ھەققىدە تراگېدىيىنىڭ سىگنالى بولۇۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ، بالىسى چوڭايغاندا زەھەر بەڭگىسى، جىنايەتچى بولسا نېمە بولار؟! شۇنداق بالىنىڭ يورۇق دۇنياغا كېلىشى توغرىمۇ؟ نېمە ئۈچۈن كاسساندرا ھامىلىسىنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئاياللاردا گۇناھلىق، ئەرەنلەرچۇ؟ ئۇلارنىڭ ھامىلە بىلەن مۇناسىۋىتى يوقمۇ؟! ئولىۋېر ئوردوكنىڭ بارلىقىنى سىتىشقا تەييار، ئۇنىڭ ئىككى يۈزلىملىك ھىيلىسى سايلامچىلار بىلەن يولۇقۇشقاندا ئېنىق بىلىنىدۇ، ئۇ بوركنىڭ پىكىرىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنى سېسىق سىياسەتكە ئارىلاشتۇرۇپ ھەر بىر «پۈرسەت» نى ئۆز شەخسىي نەپسى ئۈچۈن ئىشقا سالىدۇ، چ. ئايتماتوۋنىڭ تەسۋىرىدىكى ئوردوكنىڭ تراگېدىيىسى روھىي دۇنيانىڭ كەمتۈكلۈكىدە ھەم سىياسىي قارىغۇ ـ سوقۇرلۇقىنىڭ ئۆزىدە چەكتىن ئاشقان قانخورلۇق، بىر تەرەپلىمىلىك، زىيادە چاپقۇنچىلىق مەپكۇرەلىرى يىغىن ئەھلىنى چىرماپ ئالغاندا كەڭ يەر يۈزىنى سەلسىمان ئاپەت قاپلاپ كېتىدۇ، مانا شۇ ۋەزىيەتنى سەزگەن ئولىۋېر ئوردوك سايلامچىلارنى فىلوفېيدىن، بوركتىن ئۆچ ئېلىشقا ئۈندىسە سايلامچىلار بولسا ئۇنى پرېزدېنتلىققا بىر ئېغىزدىن سايلاشقا ۋەدىلەرنى بېرىشىدۇ، ياۋۇزلۇق، يامانلىق ھەقىقەتنى باسىدۇ، ئىپلاسلىق پاكلىقنى دەپسەندە قىلىدۇ، چىنلىق نالەش ياغدۇرىدۇ، بىراق ئۇنداق ئەھۋالنى ئاڭلايدىغان ھېچكىم يوق، ھېچكىمنىڭ ئاڭلىغۇسى كەلمەيدۇ، دۇنيادىكى ھايات دەل يامانلىقتىن، زورلۇق ـ زومبۇلۇقتىن، ئالدامچىلىقتىن، كۆرەلمەسلىكتىن، ئىككى يۈزلىملىكتىن، ساتقىنلىقتىن پەيدا بولىدىغانلىقتىن ئىبارەت تەسىر قالىدۇ، بۇ خاس خۇسۇسىيەتلىك تراگېدىيىمۇ!

بىراق يازغۇچى ئەنتونى يۇنگېرنىڭ يارقىن ئوبرازى ئارقىلىق ياخشىلىقتىن ئۈمىدسىزلەنمەسلىكنى ئىپادىلەيدۇ، ئەنتونى يۇنگېر ۋىجدان، ئېتىقاد، كېلەچەك، ئۇ ئىنسانىي ساپ قەلبنىڭ يۈكسەكلىكى بىلەن ئولىۋېر ئوردوكتىن قول ئۈزۈپ بورك بىلەن فىلوفېينىڭ مەپكۇرەلىرىنىڭ ياقلىغۇچىسى ۋە ۋارىسى سالاھىيىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، جامائەتچىلىككە كاسساندرا ھامىلىسىنىڭ نەزەرىيىسىنى چۈشەندۈرۈش زۆرۈرلۈكىنى چۈشىنىپ بورك فىلوفېي بىلەن تۈزدىن ـ تۈز، بىۋاستە سىمسىز تەشۋىقات ئۇيۇشتۇرۇشقا ھەرىكەتلىنىدۇ، بوغۇنلارنىڭ مۇناسىۋىتىدىن، ئادەم بالىسىغا مۇناسىۋەتلىك تارىخىي كىتاب ۋاراقلىرىدىن زور مەپكۇرە يەنى ئادەمنىڭ ئۇلۇغلۇقى، ياشاش پۈرسىتى كۆرۈنىدۇ، چىنگىز ھېيد مۇھەممەدوۋنىڭ قەھرىمانلىرى ۋىجدانلىق ياشاشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

چىنغىز ئايتماتوۋ بۇرۇنقى ئەسەرلىرىدە، يەنى «ئاق پاراخوت»، «دېڭىز بويلاپ يۈرگەن ئالادۆبۈت»(«ئالا ئىت قىياسى»)لەردە ئادەم بالىسىنىڭ يارىلىشىنى قەدىمكى ئاتا ـ بوۋىلارنىڭ تارىخىغا مۇراجىئەت قىلغان ئاساستا پەلسەپىۋى مەنالىق رىۋايەتلەرگە، ئەپسانىلەرگە باغلاپ يەشسە، «كاسساندرا تامغىسى»دا، «ئادەم بالىسى قانداق قىلىپ ئادەم بولىدۇ؟» دېگەن سوئالغا بۈگۈنكى ئىلمىي تېخنىكىۋى ئىنقىلابنىڭ يۇقىرى سەۋىيىسىدىن جاۋاب ئىزلەيدۇ، تەبىئەتنىڭ گارمونىيىسى بۇزۇلۇپ، ياسالمىلىق، ساختىپەزلىك قاپلىماقتا دەيدۇ.

فانتازىيە تېمىسى چ. ئايتماتوۋ ئۈچۈن ناھايىتى تونۇش «يۈز يىلنى قېرىتار بىر كۈن» («ئەسىردىن ھالقىغان بىر كۈن»)دىكى كائىنات باشقېتىمچىلىقى «كاسساندرا تامغىسى» ئاتلىق يېڭى رومانغا ئۇلانغان، كائىنات ـ يەر، يەر ـ كائىنات تەڭ ھوقۇقلۇق ئالەمكارلارنىڭ ئاڭ ـ

سىزىمىدىكى ئىنقىلابىي بۇرۇلۇشلارنىڭ فىلوفېيىنىڭ ئاڭ-سىزىمىنىڭ يېڭىلىنىپ بېرىشى بىكاردىن ـ بىكار ئەمەس، زور كەشپىياتلار، بايقاشلار، بۈيۈك ئوربېتالىق ئىستانسىدىن، كائىناتتىنلا پەيدا بولىدۇ. چ. ھېيد مۇھەممەدوۋ فانتازىيىلىك ئوي ـ مەپكۇرەلەرنىڭ بەرپاچىسى بولسىمۇ لېكىن، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ نېگىزىدە چىنبارلىقنىڭ «ئۇرۇغىنىڭ ئۇرۇغى» بارلىقىنى تولۇن ئايدەك ئوچۇق بايقاشقا بولىدۇ.

چ. ئايتماتوۋنىڭ رومانىنىڭ ۋەقەلىكىنىڭ نېگىزكى مەزمۇنى ھەر تەرەپلىمە يېيىلىدۇ، «كاسساندرا تامغىسى»نىڭ ۋەقەلىك قۇرۇلمىسى، تېماتىكىسى مۇئەللىپىنىڭ بۇرۇنقى ئەسەرلىرىنىڭ گۇرەن تومۇرى بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدۇ، ئەسەر نەسىھەتچىل ئۇسۇبتا يېزىلغان. مۇئەللىپ ئۇچۇن ۋەقەلىك ئايىغى چىقماس مەقسەت ئەمەس، قەھرىمانلارنىڭ ھەرىكەتلىرىدىن بەكرەك دىئالوگ ئۆزگىچە مەنا، تەپەككۇر ئاساسىي ئورنىنى ئىگىلەيدۇ، ئەڭ دەسلىپى ئىرسىيەتشۇناسلىقنىڭ مەسىلىلىرىگە پەلسەپىۋى، پسىخولوگىيىۋى، خۇلقى قاراشقا قىزىقتۇرىدۇ، روماندىكى قىيىن مەسىلىلەر بارلىق مىللەتكە، ئەلگە تەئەللۇق بولغان ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق مەسىلىلىرى.

فىلوفېيىنىڭ كاسساندرا ھامىلىسى نەزەرىيىسى ئەڭ دەسلەپ ئىنسانىيەت ئۇچۇن تراگېدىيە، كائىناتىي مۇراجىئەت سۈپىتىدە روماندىكى ۋەقەلەرنىڭ تەرەققىياتىغا شەرت تۇزۇپ، ئەسەرنىڭ ئۆزىكىنى پەيدا قىلىپ تۇرىدۇ، چ. ھېيد مۇھەممەدوۋ بىكار قەھرىمانىنىڭ مۇراجىئىتىنىڭ مەناسىنى مەيدىلەپ يازمايدۇ، ئۇ فىلوفېيىنىڭ ئىلمىي نەزەرىيىسىنى چىنبارلىق قاتارىدا كۆرستىدۇ، كائىناتىي ئىزدىنىشىنىڭ ھەقدارىغا يەتكەنلىكى ئادەملەرنى ياخشى، ئىتتىپاق ياشاشقا چاقىرىدۇ، چۈنكى زور

كۆپچىلىك مەسىلىلەر ئادەملەرنىڭ ئۆز قوللىرىدا ئەمەسمۇ! مەيلى قايسى ئىستىمالدا ياشىمىسۇن، مەيلى قايسى ئىرقتا بولمىسۇن ئادەم ئۇلۇغ، فىلوفېيىنىڭ مۇراجىتىدىن ئىجتىمائىي، بىئولوگىيىۋى، دىنىي، پەلسەپىۋى، ئەخلاقىي پوزىتسىيىدىن بىر پۈتۈنلۈك پەيدا قىلىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان تولۇق خۇلاسىنى تاللاش كېرەك، ئادەمنىڭ ھېيقلىقىغا مۇقەددەسلىكىگە شەك كەلتۈرمەسلىك بۈگۈنكى ئىشلارنىڭ قىيىنچىلىقى، بىراق، ئىككى ئاياغلىقلارنىڭ بارى ئادەممۇ؟! تۇغۇلغانلارنىڭ بارى ئادەم بولالامدۇ؟! «ئاشۇمۇ ئادەممۇ؟!» دېگەن قىرغىزنىڭ قارا پايى گېپى نەدىن كېلىپ چىققان؟!

فىلوفېيىنىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ئامېرىكىنىڭ «مۇنبەر» گېزىتىدە چىقىشى ھەممە سەيياردىكى ئادەمزاتىنىڭ «قۇيقا چېچىنى تىك تۇرغۇزىدۇ»، ئاتا ـ ئانا كېلەچەكتىكى نارىسىد، نارىسىدەلىرىدىن قانداقمۇ ۋاز كېچەلىسۇن؟! بالىنى تەربىيىلىگىلى نېمە ئۈچۈن بولمايدۇ؟! ھەر دائىم كاسساندرا ھامىلىسى ماھىيەتلىك سىگنال، بەلگە بېرىۋەرسە ئادەمنىڭ ئەۋلاد ـ پەۋلادلىرى كۆپەيمەي قالارمۇ؟ كاسساندرا ھامىلىلىرى دۇنيا يۈزىنى قاپلاپ كېتىشتە، ئادەمزاتىنىڭ تەقدىرى نېمە بولماقچى؟! بۇ «بۇ ياخشى ئاتىنىڭ قوشۇقلاپ يىغقىنىنى، يامان ئوغۇل چۆمۈچلەپ چاچىدۇ»، «ياخشىغا ياماش، ياماندىن ئاداش»، «ئاتا نومۇسىنى ئارسىز ئوغۇل يوقىتىدۇ»، «ياخشى بىلەن يۈرسەڭ يېتەرسەن مۇرادقا، يامان بىلەن يۈرسەڭ قالۇرسەن ئۇياتقا» دېگەنلىك ئەمەسمۇ؟! فىلوفېيىنىڭ نەزەرىيىسىگە ئىشىنىشكە بولامدۇ؟! يادرولۇق قۇرال يەر شارىنى قىلغۇچى زومىگەرلەرنىڭ قولىغا تەييارلا چۈشۈپ قالسا نېمە بولىدۇ؟! ۋۇدۇرد بومبىسىنىڭ ئاتىسى ساخاروۋنىڭ ئۆز مەپكۇرەسىدىن باش تارتىشى شۇنىڭدىن بولۇپ يۈرمىسۇن؟! يەنە، مەدەنىيەتنىڭ ۋايىغا يەتكەنلىكى ئادەمزاتىنىڭ كېلەچەكتىكى ئەقلىي ئىقتىدارلىق«رىم كۇلۇبى»نىڭ

مودېلىدىكىدەك قۇرۇلمىلاشتۇرۇشقا مۇمكىن بېرەرمۇ؟!

فىلوفېينىڭ نەزەرىيىسىگە قارشى مەخسۇس خەۋەرلەر ئۇيۇشتۇرۇلۇپ قۇرۇلتايلار ئۆتكۈزۈلدى، ئىنسانىي ھوقۇق نەدە؟! بۇ ئاساسىي قانۇننى بۇزۇش دېگەنلىك ئەمەسمۇ؟! دېموكراتىك دۆلەت دېگەن شۇمۇ؟! يېگانە ئىنساننىڭ تەقدىرىگە ئارىلىشىشقا، ئۇنى نەزەرىيىگە زورلاپ ياشاشقا مەجبۇر قىلىشقا كىمنىڭ ھەققى بار؟! ئۇنى ئامېرىكىنىڭ پرېزدېنتلىق نامزاتىغا كۆرسەتكەن ئولىۋېر ئوردوكمۇ ئۆز قىزىقىشى قولدىن كېلىشىچە پايدىلىنىپ، قەدىر ـ قىممىتىنى كۆتۈرۈشكە ھەرىكەتلەندى، ئامېرىكىلىقلار فىلوفېينى ئۇرۇشنىڭ جاسۇسى دېيىشسە، جۇڭگولۇقلارنى سوتسىيالىزمنىڭ دۈشمىنى، باشقىلىرى كائىناتىي شەيتان، ھۆكۈمەتسىز ھازازۇل دەپ قارىشىدۇ، ئۇنى ئېتىپ چۇشۇرۇۋېتىشنى تەلەپ قىلىشىدۇ، كېلەچەكشۇناس روبېرت بوركلا فىلوفېينىڭ نەزەرىيىسىدە چىنلىقنىڭ دانەكلىرى بار ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ ئالىدۇ، ئوكياندا ئەركىن ئۈزگەن كىتلار بىلەن، كائىناتىي ئىلمىي ئاشكارىلىنىش ئارىسىدا ئىچكى، بىلىنمىگەن، تەبئىي سىرلىق مۇناسىۋەت ياتقانلىقىنى بىلىۋالىدۇ، نېمە ئۈچۈن كىتلار توپى تۇن نىسپىدە دېڭىز جىيىكىنى كۆزلەپ ئۈزۈپ كېلىپ، ئۆلۈمگە گىرىپتار بولۇشىدۇ، كىتلار، كىتلارلا ئەمەس كرېملىنىڭ تېمىنىڭ مۇنارىسىدە كۆپ يىلدىن بېرى ئۈزۈلگان ھۇقۇشمۇ دۇنيادا بىر پالاكەت بولۇشنى سېزىپ ياتتى.

سوتسىيالىزم،كاپىتالىزم،خەلقچىللىق،يازغۇچى كرېملىنىڭ ئەتراپىدىكى نامايىشچىلارنىڭ، سايلامچىلار،قۇرۇلتايچىلارنىڭ قايناق ئەھۋاللىرىنى تەسىرلىك كىنو ئېكرانىدا كۆرسىتىلگەندەك جانلىق سۈرەتلەيدۇ، دېموكراتلار يەنە مۇتەئەسسىپلەر، فىدېلچىلار ۋە سادامچىلار، لېنىنچىلار ستالىنچىلار ۋە ھېتلىرچىلار، ئىنتېرناتسىئونالىستلار ۋە

مىللەتچىلەر، پېنسىيىچىلەر ۋە ياشلار، ئۇرۇشخۇمارلار ۋە تاماشىچىلار ھېچكىم ھېچكىمنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايدۇ، چۇقانلار، ئۆزگە يارىشا قۇراللىنىشنىڭ تەرەپدارلىرى ئۇرۇشنى خالىمايدىغان ياش يىگىتلەرنى توقماقلاپ تۇرۇشىدۇ، ئىككىنچى قېتىم نارىسىدە قىزنى ئۆلتۈرۈپ كۆيدۈرۈۋېتىدۇ، ھېكىم ھېچكىمگە جاۋابكار ئەمەس، زامان ياۋايىلاشقان، كىشىلەرنىڭ پەيلى بۇزۇلغان تولۇق ھۆكۈمەتسىزلىك، روماندا فانتازىيىۋى مەپكۇرەلەر، بەدىئىي ئوبرازلارنىڭ شالاڭ بولغانلىقىغا قارىماستىن تارىخىي شەخسلەردىن ھىتلىر، ستالىن، گورباچېۋ، ساخاروۋنىڭ نام ـ شەرىپى ئاتىلىدۇ، ئەلۋەتتە يازغۇچى شەخسلەرنىڭ نامىنى ئاددىيلا ئاتاپ قويغان ئەمەس، ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك زاماننىڭ «چاقى» ھەر قانداق بىر قانداق ئايلاندى، شۇڭا ئۇلارنىڭ تارىختىن ئالغان ئورۇنلىرى ھەم ھەر خىل.

روماندا خەلقئارالىق «ئىسسىقكۆل كېڭىشى»نىڭ سايىسى كۆرۈنىدۇ، كېڭەشنىڭ ئىشتىراكچىلىرىنىڭ ئادەم بالىسىنىڭ تەقدىرى ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرى بىر يەردىن چىقىپ دۇنياۋى پىكىرداشلىقى پەيدا بولىدۇ، روماننىڭ قەھرىمانلىرى كېڭەشنىڭ ئىشتىراكچىلىرى بولۇپ سانىلىدۇ، يېڭى تەپەككۇر ھەممىگە مەلۇم بولسىمۇ ئەقىل ـ پاراسەتكە تولغان دۇنيانىڭ كېلەچىكى ئۈچۈن قايغۇرۇش، ئۇرۇشنى يەكلەش سېزىمى بار بولۇش ئادەم ئاڭ ـ سېزىمىنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتى، كىشىلەرنىڭ مۇئامىلىلىرىدىكى ئەدەب ـ ئەخلاق ۋە پەلسەپە ياشلارغا بولغان تەربىيە، مەدەنىيەتنى ساقلاپ قېلىش ۋاھاكازالاردۇر. «ئىسسىقكۆلچى»لەرنىڭ خەلقئارالىق ئۇچرىشىشىدىكى مۇھاكىمىلەرنىڭ مەۋقەلىرى مانا مۇشۇنداق بولغان.چ. ھېيد مۇھەممەدوۋنىڭ ئىسسىقكۆل كېڭىشىنىڭ كېڭەشمىلىرىدە سۆزلىگەن نۇتۇقلىرىنىڭ ئەھمىيىتىنىڭ روماننىڭ مەپكۇرەسى بىلەن دەل كېلىپ تۇرغانلىقى ھەيراق

قالارلىق ئەمەس، ئۇنىڭ پەندى ـ نەسىھەتكە يۆلەنگەن كۆز قاراشلىرى بەدىئىي ئەسەردە زور ئىلمىي فانتازىيىۋى مەپكۇرەلەرگىچە تەرەققىي قىلىپ باردى.

دۇنيانىڭ تۆت بۇرجىكىنى ئالاتوپىلاڭغا پاتۇرۇۋەتكەن فىلوفېي بولسا رۇس زىيالىسى كرىلستوۋدۇر. (К р ы л ь ц о в دېگەن تەگات، ئاندرېي ئەپەندىنى بوۋاق چېغىدا ئانىسى باللار باغچىسىنىڭ بوسۇغىسىغا تاشلاپ قويغانلىق ئۈچۈن قويۇلغان بولۇپ К р ы л ь ц رۇس تىلىدا «بوسۇغا، پەلەمپەي، دالان» دېگەن مەنادا ـ ئۇيغۇرچىگە تەرجىمە قىلغۇچىدىن) ئۇنىڭ ئۆمرى مۇرەككەپ ئۇرۇش مەزگىلىدە يورۇق دۇنياغا بەلكىم فاشىست بولۇشى مۇمكىن، شۇڭا ئانىسى نومۇسقا چىدىماي بالىنى تاشلاپ كەتكەن، ئەجىلى يوق ئىكەن، ئۆلمەي، يېتىمەي چوڭىيىپ ئىلىم ـ پەن ئىگىلەپ ئالىملىق دەرىجىسىگە يەتكەن.

فىلوفېينىڭ نەزەرىيىسى يەردىن ئۇنگەندەكلا ئەمەس، فىلوفېي ـ ئاندرېي ئاندرېيېۋىچ كرىلتسوۋ ئۆز ئۆمرىنى ئاڭقۇرتلار دەپ ئاتالغان يېڭى ئادەملەرنىڭ تۇرىنى ساختا ئىسىم، ياسالما يول بىلەن يارىتىش مەسىلىلىرىنى يېشىشكە بېغىشلىغان.

ئاڭقۇرتلارنىڭ پۈتكۈل دۇنياۋى تارىخىي ئەھمىيىتى بار، تۇغۇلغان باللار ئاتا ـ ئانىلىرىنى بىلمەسلىكى كېرەك، ئۇلارنى ياتاقلىق مەكتەپ، يەسلىدە تەربىيىلەپ، بېقىپ ئۆستۈرۈپ بىلىم بېرىپ دۇنيا مىقياسىدا كوممۇنىزمغا بۇرۇنراق يېتىش ئۈچۈن ئىنسانىيەت ياراتقان بارلىق بىلىم بايلىقى بىلەن ئۆز مېڭىسىنى بېيىتىشى زۆۈر، بۇنىڭ ئۈچۈن ئاندرېي كرىلتېسوۋنىڭ ئىنستىتۇتتا ماتېرىيالىزملىق، تېخنىكىلىق، مالىيە ـ ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئۆز مېڭىسىنى بېيىتىشى ئۈچۈن ئايىماي ياردەملەر بېرىلىپ تۇرغان، ھەپسىگە كېسىلىپ كەتكەن قىز ـ چوكانلارغا ئىرسىي، بىئولوگىيىۋى

تەجرىبەئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىنكى ئاخقۇرتلار21 ـ ئەسىرنىڭ ئىدىئولوگىيىسىنىڭ چەۋەندازلىرى بولۇشى كېرەك، ئۇ زىيالىينىڭ ئادەملەرنى سۈنئىي ئەۋلاد قالدۇرۇش ماشىنىسىدا چىقارغاندەك تەجرىبە قىلىش ئۇسۇلىغا زىھىن بېرىپ ئىشلىگەن، ئاتا ـ ئانا مېھرىنى كۆرمەي چوڭايغان، ئائىلە راھىتىنى كۆرمىگەن زىيالىينىڭ يۈرگىنى «مۇز» قاپلاپ ئالغان ئىدى، كرىلېتسوۋ ئۆز ئىلمىي ئەمەلىيىتىدە تەجرىبىدىن تەجرىبىگە كۆچۈش ئارقىلىق ئادەمنىڭ تەقدىرى بىلەن ئوينىشىپ يۈرگەندە رۇنا لوتاپىناغا دۇچار بولىدۇ، رۇنا ئۇنى ۋىجدان ئالدىدا جاۋاب بېرىشكە مەجبۇر قىلىدۇ.

كرىلتسوۋ ئۆزىنىڭ ئىلمىي تەجرىبىسىنى ھەپسىدىكى ئايالىلارغا سىناق قىلىپ ئىشلىتىشتىن باشلايدۇ، ئۇ ئايالىلار تەجرىبىگە ماقۇل بولۇشسا، ئېنىق ئېيتقاندا ئۇلار سۈنئىي يول بىلەن نارىسىدە ۋە نارىسىدىلەرنى يورۇق دۇنياغا تۆرەلدۈرۈشتە تۆھپىسى بولسا ئۇلارنىڭ تۈرمىدىكى جازا مۇددىتى قىسقىرىپ تۇرىدۇ، گەپنى يەڭگۈشلەپ ئېيتقاندا ھەپسىدە ياتقانلارمۇ، ئىلمىي كەشپىياتقا غەمخورلۇق قىلىپ تۇرغان ھۆكۈمەت بىلەن پارتىيىنىڭ يېتەكچىلىرىمۇ مۇۋەپپەقىيەت ئاملىغا ئىگە بولۇشىدۇ.

كرىلتسوۋنىڭ ئۆز تەجرىبىخانىسىدا كۈنسايىن نەچچىلىگەن ئايالىلار بىلەن كېلەچەكتە يورۇق دۇنيانىڭ نۇرىنى كۆرىدىغان نارىسىد ۋە نارىسىدەلەرنىڭ تەقدىرلىرى بەلگىلىگەن، پاخقۇرت سىياقىدىكى ئىككى تەرەپ تەڭلا يۇقىرىدىن كەلگەن پەرمانلارنى «غىڭ» قىلماي ئاتقۇزۇپ تۇرۇشقان ئىدى، ئىلمىي تەجرىبىنىڭ نەتىجىسىدىن بېشى ئايلانغان كرىلېتسوۋنىڭ مۇزلاق يۈرىكىنى تۈرمىغا قانداقتۇر بىر سەۋەبلەر بىلەن چۈشكەن بىراق ۋىجدانىنى، ئادەمگەرچىلىكنى ساقلاپ قالغان رۇنا لوپاتىنالا ئويغىتىپ،

ئادەمچە تەپەككۇر قىلىشقا تەۋسىيە قىلىپ ئىلىم بىلەن ۋىجدانىنىڭ، ئىلىم بىلەن جىنايەتنىڭ ئارىسىدىكى چوڭ پەرقىنى يۈز خاتىرە قىلماي ئېيتىدۇ، مانا شۇ يەردىكى كىرىلېتسوۋنى تۈن بويى كىرپىك قاقتۇرماي، كېرەك بولسا رۇناغا تەزىم قىلىشقا ئۈندەپ ئۆمۈرلۈك يولداش بولۇشقا، ئىلىمنى تاشلاپ كېتىشكە تەييارلاتقۇزۇپ، مەھكەملەنگەن زىددىيەتلىك پىكىرلەرگە تاقاشتۇرىدۇ، داۋالغۇش سېزىمىگە ئىگە قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ رۇنا بىلەن تەجرىبىخانىدا ئىككىنچى رەت كۆرۈنۈش پەيتىنىڭ تېزراق كېلىشىنى تىلەيدۇ. ۋەھالەنكى، رۇنانىڭ تەقدىرىمۇ تراگېدىيىلىك، ئۇ ئايال كىرىلېتسوۋ تەرەپكە ئېلىپ كېلىنىۋاتقان كۈنى قېچىپ كېتىشكە ھەرىكەتلەنگەچكە ئوق بىلەن بەدەل تۆلەيدۇ، تراگېدىيە، سۈنئىي ئادەملەرنى يەنى ئاڭقۇرتلارنى يارىتىش تەجرىبىسىگە قارشى چۇقان سالغان رۇنانىڭ سىماسىنىڭ كىرىلېتسوۋنىڭ قەلبىدە قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى تۇرمۇشىدىكى يېڭىلىشلارنى بويىنغا ئېلىپ ئادىمىي، ئىمانىي نەرقى، نەسلىگە قايتۇرۇپ كېلىدۇ.

ئىسلاھات، قايتا قۇرۇش مەزگىلىدە كىرىلېتسوۋ ئاڭقۇرتنى ئىشلەپچىقىرىش مەسىلىسىنى ئىلىمنىڭ جىددىي كۈن تەرتىپىدىن ئېلىپ تاشلايدۇ، كىرىلېتسوۋ كائىناتقا سەپەر تارتىدۇ، ئوربېتىلىق ئىستانسىسىنىڭ مۆھلىتى پۈتكەندە خىزمەتداشلىرى بولغان ئامېرىكان، ياپون ئالەمكارلىرىدىن بۆلۈنۈپ قالىدۇ، كائىنات ئۇنىڭ بۆسۈپ ئۆتكەن تارىخىي، مۇرەككەپ، زىت يولىغا باھا بېرىشكە مۇمكىنلىك بېرىپ تۇرىدۇ، ئۇ ئادەمنىڭ يېڭى تىپىنى سۈنئىي چارىلەرنىڭ نىگىزىدە يارىتىش بىلەن زور تراگېدىيىگە يولۇقۇپ تۇرىدۇ.

ئاندرېي كىرىلېتسوۋ نېمە ئۈچۈن ئۆزىنى «فىلوفېي» دەپ ئاتايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن باشقا ئىسمىنى ئۆزىگە ھەرگىز قويمايدۇ، فىلوفېيدىن باشقا

كاھىنلارنىڭ ئىسمى تارىخىي كىتابلاردا، جەمئىيەتتە كۆپ ئەمەسمۇ، قارىساق ئۇ ئىسىمدا بىر مەنا بار ئىكەن، فىلوفېي تارىخىي كاھىن بولۇپ پىسكوۋ ئازاروۋ مۇناستىرىنىڭ ئوبۇشقىسى16 ـ ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا ياشىغان يازغۇچى، ئۇ «موسكۋا ئۇچۇن رىم» سىياسىي نەزەرىيىسىنىڭ لايىھەچىسى، ئۇنىڭ ھاياتى ھەققىدە كەڭرى مەلۇماتلار يوق، بىراق، فىلوفېينىڭ پىسكوۋلۇقلارغا موسكۋالىق كىنەز ۋاسىلىيىگە، پادىشاھ ئىۋانوۋىچ ۋە باشقىلارغا بېغىشلاپ يازغان خەتلىرى، قولىيازمىلىرى بار، ئۇ بۇ خەتلىرىدە پىسكوۋنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش تىرىكچىلىكىنى، پىسكوۋنى موسكۋاغا قوشۇشنى موسكۋالىق كىنەز بىلەن پادىشاھنىڭ چەكسىز ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاساسى قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئادەمزات بالىسىنىڭ تەقدىرىگە ئادەمزاتنىڭ تارىخىي يۇلتۇزلار بىلەن بىز سەييارىلەرنىڭ ھەرىكەتلىرىگە ھامىي دېگەن مۇنەججىملەرنىڭ ئوقۇشلۇقلىرىنى تەسۋىرىگە كىرگۈزىدۇ، دېمەك، كىرىلېتسوۋنىڭ تاللىۋالغان ئىسمى چىن شەخس فىلوفېينىڭ ئۆزىگە دەل كېلىپ تۇرىدۇ.

گاھىدا ئادەملەر ئېزگۈلۈكنى باھالىيالمايدۇ، باھالىغۇسىز كەلمەيدۇ، كېلەچەكشۇناس روبېرت بورك فىلوفېينىڭ نەزەرىيىسىنى ياقلىغالىقى ئۈچۈن قۇرۇلتايچىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ، فىلوفېي ئادەمزات بالىسىغا، كېلەچەككە نەزەر ئاغدۇرۇپ ئويلاپ كۆرۈش ھەققىدىكى مەپكۇرەسى ماقۇ بولمىغان چۈشەنگۈسى كەلمىگەنلەرگە نارازى بولۇپ ئوچۇق كائىناتتا جېنىنى بوشلۇققا ئاتىدۇ.

بوركمۇ، فىلوفېيمۇ كىتلاردەك تراگېدىيىگە گىرىپتار بولۇشىدۇ، جامائەتچىلىككە نارازلىق بىلدۈرۈش قوزغىلىڭنى كۆتۈرۈش سىياقىدا ھەقىقەتنى، ئىزگۈلۈكنى ياشاشتىن يۇقىرى قويۇش بىلەن ئۆلار ئۆلۈمگە

بىۋاستە، ئۆز مەيلىچە يول ئېلىشىدۇ.

كىتلار، كىتلار... ئۇلارمۇ دۇنيادا يەر تەۋرەشنىڭ، توپان بالاسىنىڭ، قىيامەت قايىمنىڭ بولۇشىنى ئالدىنئالا سېزىشىپ ئادەملەرگە خەۋەر بېرىش نىيىتىدە دېڭىز جىيىكىگە ئۇرۇپ كېلىشىپ ئۆزلىرىنى ـ ئۆزلىرى ئۆلتۈرۈشۈپ ياتامدۇ؟! كەم ئۇچرايدىغان تۇيۇقسىز ئىگە كىتلارنىڭ توپ ـ توپى بىلەن بۇنداق ھەممىگە مەلۇملۇق تراگېدىيىگە ئۇچرىغانلىقى، يەر يۈزىدىكى ۋەقەلەرگە دۇنياۋى ھۇشيارلىقنىڭ تىمسالى مەنادا تەسۋىرلىنىدۇ، رىۋايەتلەر، ئەپسانىلەر بويىچە كىتلاردىن ئىنسان بالىسى تۆرەلگەن، كىتلار ئادەملەرنى مۇرەككەپ ئاپەتلەردىن ساقلاپ كېلىشكەن، ئادەملەر ئۇچۇن ئۆزلىرىنى قۇربانلىق قىلىشقان، بورك فىلوفىي ئۇچۇن كىتلار تېپىشماقلىق بىئو مۇھىت بىلەن جۇغراپىيىۋى مۇھىتنى تونۇپ بىلىشنىڭ ئەڭ دەسلەپكى دالالىتى، شۇڭا باش پېرسوناژلارنىڭ ئاڭ ـ سېزىمىدىن، تەپەككۇردىن، چۈشىدىن كىتلار نېرى بولۇشمايدۇ، تىمسالىي مەنا ـ ئادەمزات بىلەن كائىناتىي باغلاپ تۇرغۇچى سىرلىق كاتالىزاتورلۇق كۆچكە ئىگىدۇر. چىڭغىز ھېيدمۇھەممەدوۋ جانىۋارلار دۇنياسىنىڭ مەنزىرىسى ئارقىلىق پۈتكۈل سەييارىدىكى ئۇچارلىق ـ تىنارلىقلارنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن زىچ ئورگانىك باغلىنىشىنى ئېنېرگىيىلىرىنىڭ ئۆز ئارا باردى ـ كەلدىسىنى بايان قىلغان، مۇئەللىپ بىئولوگىيىۋى ئىرسىي، تېببىي ئىلىملەردىكى ۋايىغا يەتكۈزۈشلەرنى پەلسەپىۋى، ئەدەب ـ ئەخلاقىي، پسىخىكىۋى چىقىش يولى قىلىدۇ، روماندىكى ئىچكى قۇرۇلمىسىنىڭ ئادەمزاتنىڭ ئەخلاقىي مەپكۇرەلىرى بىلەن نورمىلىرىغا كەڭ جامائەتنى ئىشەندۈرۈش، ئاڭ ـ سېزىمنىڭ كەڭ ـ كۆشادە ئۆسۈشى، ئادەمنىڭ ئەركى بىلەن روھىي بايلىقنىڭ ماس كېلىشى، ۋىجدان بىلەن ھەقىقەتتە تەربىيىلەش، ئىلغار تەرەققىياتقا

ئۇمتۇلۇش قاتارلىق ئەدەب ـ ئەخلاق مەسىلىلىرى چىقىشقا باشلايدۇ، ئايتماتوۋنىڭ روھىي پەلسەپىسى ئادەم، تەبىئەت، جەمئىيەت ھەققىدە سەييارە ئارا تەپەككۇر قىلىشقا بېرىپ تاقىلىدۇ.

ھۇقۇش ئەرۋاھلارنىڭ، سىياسىي ئەربابلارنىڭ ئۆز ئارا «تالاش ـ تارتىش» لىرىغا گۇۋاھ، ئەرۋاھلار بىر چاغلاردىكى سوتسىيالىزمنىڭ تايانچىلىرى ۋە قۇغۇچىلىرى، ئۇلار سىرتقى دۇنيادىكى قالايمىقانچىلىقتا نارازى، ھەتتا دۇنيادىن نارازى بولۇپ غۇدۇرىشىدۇ، ھازىرقى ۋاقىتتىكى ئادەملەرنىڭ يەڭگىلتەك كۆز قارىشىنىڭ ئۆزگىرىشلىرى بىلەن كېلىشەلمەيدۇ، بۇمۇ بىر خىل تراگېدىيىلىك كۆرۈنۈش.

رومانىنىڭ ئۆزگىچە مەناسى ئارقىلىق بېرىلگەن يوشۇرۇن قەھرىمانلارمۇ ناھايىتى كۆپ، ئۇلارنى يازغۇچى ئىككىنچى پىلانغا قويۇپ تەسۋىرلىگىنى بىلەن ئەسەرگە يەنىلا كۆپ مەقسەتلىك مۇكىنچىلىك بېرىپ تۇرىدۇ، چ. ئايتماتوۋ قوشۇمچە مەنادىكى قەھرىمانلىرى بىلەن ھەر بىر بېسىپ ئۆتكەن زامانىنىڭ، دەۋرنىڭۋاقىتلىرىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ بېرىدۇ. رومانىدىكى ھۇقۇش كرېمىلنىڭ مۇنارىسىدىن ھەممىنى بايقاپ ئولتۇرىدۇ، نېمە ئۈچۈن ئەقەللىسى ھۇقۇشمۇ دۇنيادىكى زىددىيەتنىڭ مۇرەككەپلىكىنى «قوبۇل قىلالماي» ئۆلۈپ قالدى؟! نېمە ئۈچۈن مۇئەللىپ ھۇقۇشنى تەسۋىرلەيدۇ؟! بۇمۇ تراگېدىيە؟ رومانىدىكى تراگېدىيىنىڭ يۇقىرى چېكى بولامدۇ؟!

تەبىئەتمۇ ئادەم بالىسىنىڭ بېشىغا چۈشكەن ئېغىر مۇشكۈلنى كۆتۈرەلمەي قالىدۇ، تەبىئەتنىڭ ئادەمگە «ئىچ ئاغرىتىشى»، «ئاچچىقلىنىشى» بىلەن دۇنيانىڭ تەڭپۇڭلۇقى ساقلىنىپ تۇرغانلىقى يوقمۇ؟!

چ. ئايتماتوۋ تراگېدىيىنىڭ كۆپ قاتلاملىق مەنا ـ ماھىيىتىنى

ئادەملەرنىڭ تەقدىرلىرى ئارقىلىقلا ئىچىپ بەرمەستىن، تەبىئەتنىڭ سىرلىق خاسىيىتى بىلەن ئىپىقلاشتۇرىدۇ، كونكرېت ئېيتقاندا «كاسساندرا تامغىسى» چ. ئايتماتوۋنىڭ بۇرۇنقى ئەسەرلىرىدىكى تراگېدىيىلىك باشقىتىمچىلىقىغا قايتىدىن، باشقىچە پوزىتسىيىدىن تۇرتكە بېرىدۇ، سۇنئىي يول بىلەن ئادەمنى تۆرەلدۈرۈشكە تىببىي ئىلىمنىڭ يېتىشكەنلىكىدىن كۆپلىگەن دەل تۇرۇشلۇق پاكىتلار گۇۋاھلىق بېرىپ تۇرمامدۇ؟! ئاممىۋى تەشۋىقات ۋاستىلىرىنىڭ مەلۇماتى بويىچە ئادولېف ھىتلىرىنىڭ ئۇرۇقىدىن تۆرەلگەن باللار بار، يۇقىرىقىدەك ۋەقەلەرنىڭ دۇنيادا خېلى كۆپ ئۇچراپ تۇرغانلىقىنى قانداق تونۇپ ئالىمىز، روماندىكى قەھرىمانلارنىڭ تەجرىبىۋى ئىلمىي ئىزدىنىشلىرى يوق يەردىن تاسادىپىي چىقىپ قالماپتۇغۇ؟!

ھازىرقى ئىلىمنىڭ ئۆسۈپ تەرەققىي قىلىشى ئادەمنى قايتىدىن ھەيرانۇ ـ ھەس قالدۇرىدۇ، ئانىنىڭ قورسىقىدىكى ھامىلىدىن جۇمە كۈنىدىن يەتتىسى ئۆتكەندە كېلەچەكتىكى نارسىد ۋە نارسىدەنىڭ سالامەتلىكىنىڭ ھالئەھۋالىنى بىلسە بولىدۇ، تىببىي ئاپپاراتلار بىلەن «كەمتۈكلۈكى» بار كېلەچەكتىكى نارسىد ـ نارسىدەلەرنى ئوڭلاپ تۈزەشكە قۇدرەت يېتىپ قالغانلىقىنى چىنبار تەجرىبىلەرنىڭ ئوڭ خۇلاسىسى كۆرسىتىپ تۇرغانلىقىدىن بىلىۋېلىشقا بولىدۇ ئەمەسمۇ؟! چ. ئايتماتوۋ رومانىنىڭ ئومۇمىي نەزەرىيىسى ئارقىلىق تىببىي، بىئولوگىيىۋى، روھانىي، تېخنىكىۋى ئىلىملەردىكى نەتىجىلەرگە قاراپ چىقىپ نەتىجىلىك بولۇشقا كېپىللىك بېرىلسە بولىدۇ.

ئەسەردە پايدىلانغان مەنبە بىلەن تېما گرېك ئەپسانىسى بىلەن باغلىنىپ رومانىدىكى ۋەقەلىكلەرنىڭ مەزمۇنىنى روشەنلەشتۈرىدۇ، كاسساندرا ـ ترويا پادىشاھى پرئامنىڭ كۆزى ئوچۇق، سەگەك قىزى، لېگېندىغا مۇناسىۋەتلىك

ئاپوللون كاسساندراغا سەگەكلىك، كۆزى ئوچۇقلۇق خاسىيىتىنى ھەدىيە قىلغان، قاچان كاسساندرا ئاپوللونىڭ مۇھەببىتىنى قوبۇل قىلمىغاندىن باشلاپ ئۇ ئۇنىڭ ئالدىنئالا سەگەكلىك، كۆزى ئوچۇقلۇق بىلەن ئېيتقانلىرىنى ئورۇنلانغىنىغا قارىماستىن، ئۇنىڭغا ھېچكىمنىڭ ئىشەنمەسلىكى ئۈچۈن ئۇنى جازالىغان، گرېكلار تروياني بېسىۋالغاندىن كېيىن ئاگا مېمنونغا دۇچار بولۇپ ئۇنى مىكېناغا ئېلىپ كەلگەن، ئاگامنون بىلەن بىرگە ئۇنىڭ ئايالى كىلتەمنەسترا تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

مانا مۇشۇ رىۋايەتلەردىكى كاسساندرانىڭ كۆز ئوچۇقلۇقى بىلەن چ. ئايتماتوۋنىڭ باش قەھرىمانى فىلوفېينىڭ ئىلمىي تەجرىبىلىك كەشپىياتىنىڭ ئىچكى باغلىنىشىنىڭ ئۈچرىشىش نۇقتىسى ئالدىدا بولىدىغان كۆرۈنۈشلەر ئالدىنئالا يېزىلغان قەيت بولۇپ سانىلىدۇ، ئاپوللون كاسساندرانى قانداق جازالىغان بولسا، جامائەت فىلوفېينى، بوركىنىمۇ شۇنداق جازالايدۇ.

دۇنياۋى ئەدەبىياتتا تروياليق سەگەك، كۆزى ئوچۇق كاسساندرانىڭ ئوبرازى كۆپچىلىك يازغۇچىلار بىلەن شائىرلارنىڭ كۆڭلىنى بۇراپ كەلگەن ئىدى، بۇ يەردە شۇ ئەدەبىياتلار ھەققىدە بىر ئاز ئەسكەرتىش قىلساق ئوشۇق بولماس بۇ بىر تەرەپتىن چ. ئايتماتوۋنىڭ رومانىنى چوڭقۇر چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ.

ھومېرنىڭ «ئىلئادا» سىدا، ئېسخىلنىڭ «ئاگا مېمنون»، ئېۋرىپىدنىڭ «گېكۇبا» تراگېدىيىسىدە كاسساندرانىڭ تەقدىرى قىسقىچە تەسۋىرلىنىدۇ، ئېسخىلنىڭ تراگېدىيىسىدىكى ۋەقە تۆۋەندىكى ۋەقەلىك تەرەققىياتىدىن كېلىپ چىقىدۇ، ئاگا مەمنون تروىيا جېڭىدىن ئون يىل ئۆتكەندىن غەلىبە بىلەن قايتىدۇ، بۇ غەلىبە ئاسان قولغا كەلمەيدۇ، نەچچىلىگەن ئادەملەرنىڭ قېنى تۆكۈلۈپ، ئەل قىينىلىپ، شەھەرلەر چۆلدەرەپ چارەسىزلىكتىن ئاگا

مەمنۇن ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرگەن قىزى ئېفىگېدىيالىنىڭ ھاياتىدىن كۆز قىيىشقا توغرا كېلىدۇ، ئاگا مەمنونىنىڭ رەپىقىسى گىلتەمنەستىرا «ئالايىپنى ئاتلاپ ئۆتۈپ»، «ئابروي»نى قوغداش ئۈچۈن ئېرىنىڭ ئالدىغا قىزىل پاياندار سالدۇرۇپ ئۇنى ئىللىق يۇمشاق تۇتۇۋالىدۇ، بىراق، خىيالىدىكى ھارام ئوي ئۆلتۈرۈش تىنچىنى بەرمەي تۇرغان ئاگا مەمنون بىلەن بىرگە بىر جەھەتتىن تۇتقۇنلۇق، بىر جەھەتتىن ئويناشلىقى بار كاسساندرانىڭمۇ قەدەم تەشرىپى كىلتەمنەستىرانىڭ قىزغانچۇقلۇق ھېسسىياتىنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ.

كاسساندرا تروياننىڭ قايغۇ ـ ئازابىنى، نالەشلىرىنى ئاگا مەمنۇننىڭ يېرى ئارتوستىكى بەختسىزلىكىنى ئالدىنئالا كۆرمىسىمۇ ھېچكىم ئاڭا ئىشەنمەيدۇ، چۈنكى ئاپوللۇن مۇھەببىتىنى دەپسەندە قىلغان كاسساندرانىڭ ئېيتقانلىرى كىشىلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنماسلىقى ۋەجىدىن جازالانغان.

كاسساندرا ئۆز كۆزىنىڭ ئوچۇقلۇقى، سەگەكلىكى ئالدىدا ئاجىزلىق قىلىدۇ، ئاڭا كىم ئىشىنىدۇ؟ كىم ئىچ ئاغرىتىدۇ؟!

ئۇ ئاگا مەمنۇننىڭ ئاق سارىيىنىڭ قان ھىدى بىلەن تولغانلىقىنى چوڭ بىر بىخەستەلىكتىن پاجىئە بولىدىغانلىقىنى تۇيىدۇ، ئاگا مەمنۇن ئۆزىنىڭ ئاق سارايدىكى توي سەلتەنەت، تاماشالارغا چاقىرىلىش بىلەن ئۆلۈم كۈتۈپ ياتقانلىقىنى بىلىدۇ، ئاچچىقلىنىپ، قايغۇرۇپ ئاگا مېمنوننىڭ يەنە ئۆزىنىڭ ئۆلۈمىنىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەرلىنىدۇ، ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ، ئىشەنگۈسىمۇ كەلمەيدۇ.

كاسساندرا ئۆز ئۆلۈمىنى پسىخولوگىيىلىك جەھەتتىن قوبۇل قىلالمايۋېرىپ ئۇ خۇدنى يوقاتقان ئەھۋالغا يېتىدۇ. كىستارا ئۆتكەندىن كېيىنلا كىشىلەر سارايغا چاقىرىلىپ تويغا. ئۆلۈمگە بارىدۇ.

ئېسخىلنىڭ كاسساندراسىدەك تراگېدىيىلىك، دراملىق، پسىخولوگىيىلىك ئوبرازنى گرېك تراگېدىيىسىدىن ئۇچرىتىش قىيىن، دەۋرىمىزگىچە گرېك شائىرلىرىدىن بىرسى «كاسساندرا، پراما دوچىپ» دېگەن شېئىر يازغان ئىكەن.

فرانسوز يازغۇچىسى لاكولىب پىرېندېنىڭ «كاسساندرا» (1645 ـ 1642)، شىللېرنىڭ «كاسساندرا» (1820 ـ يىلى)، لىكوفىروننىڭ «كاسساندرا» دېگەن ئەسەلىرىمۇ ئەستىن چىقارماسلىقىمىز كېرەك.

فىدرىخ شىللېرنىڭ «كاسساندرا» ناملىق ئەسىرىنىڭ كارامەت كۈچىنىڭ كىتابخانىلارنىڭ دۇنياسىغا زىلزىلە سالارى ئېنىق، لېرىكىلىق قەھرىماننىڭ ئىچكى قايغۇسى، قايغزملۇق شېئىرىيەتنىڭ يۈكسەك ئۆلگىسى سۈپىتىدە بېرىلگەن.

شۇنداقلا ئېۋرىپىدنىڭ «گېكۇيا» تراگېدىيىسىدە پىرئامىننىڭ ئائىلىۋى تەقدىرى تەسۋىرلىنىپ كاسساندرانىڭ سىماسىنىڭ ئاستىرىتتىن تەسۋىرلەنگەنلىكىنى كۆرىمىز، كاسساندراغا بېغىشلانغان ئەسەلەرنىڭ ئىچىدىن گېرمان يازغۇچىسى كرېلتسوۋلىبىفىنىڭ «كاسساندرا» پوۋېستى ئايرىم پەرقلىنىپ تۇرىدۇ، هومېرنىڭ «ئىلئادا» سىدىن باشلاپ ئېسخىلنىڭ تراگېدىيىسىغىچە كاسساندرانىڭ ئوبرازى بىر ياقلىق سىخېما سۈپىتىدە مىفولۇگىيىلىك رامكىدا تەسۋىرلەنسە بۇ پروزىدا ئاددىي قىزنىڭ نەسرىي ئوبرازى ئارقىلىق ئادەمزاتنىڭ مەسىلىسى بىلەن مۇناسىۋەتلەشتۈرۈلىدۇ، كرىستاۋولوف گرېك رىۋايەتلىرىنىڭ لېگېندىلىق ۋەقەلىكىنى ئەسلىگە سادىق، بەدىئىي چېۋەرلىك بىلەن ئىشلەپ چىققان، يازغۇچىنىڭ فانتازىيىسىدىن يېڭى ۋەقەلەر، قەھرىمانلار يارالغان مۇئەللىپ ئۆلۈم بوسۇغىسىدىكى كاسساندرانىڭ مونولوگى ئارقىلىق پۈتكۈل ۋەقەنى

يازغان، قەھرىمانىنىڭ كۆز ئالدىدىن تروپا ئۇرۇشىنىڭ ئون يىللىق قايغۇ ـ ھەسرىتى گېكتورنىڭ ئاخىلىنىڭ، فولىكېنانىڭ ئۆلۈمى، ئاتا ـ ئانىسى پىريام بىلەن گېكوبانىڭ مۇرەككەپ تەقدىرى بىر ـ بىرلەپ ئۆتىدۇ، كاسساندرانىڭ سەگەك كۆزئوچۇقلۇقى ـ ئۇرۇش ئۇلار ئۈچۈن مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلىشىدىغانلىقىدىن بەلگە بېرىپ تۇرسىمۇ، ھېچكىم ئۇنى ئېتىبارغا ئالمايدۇ، ئۇلار ئەمەس كاسساندرانى كىشىلەر ئۆزىنىڭ جان كۆيدۈرگۈچىسى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىشماي، ئۇلى دۈشمەنىنىڭ ياقىلىغۇچىسى سۈپىتىدە كۆرۈشىدۇ، لىگېندىلىق، پسىخولوگىيىلىك جەھەتتىن چوڭقۇرلاشتۇرۇش مەقسىتىدە كاسساندرا بىلەن ئېيىنىڭ مۇھەببەت مۇتىۋنى كىرگۈزىدۇ.

دېمەك، كاسساندرانىڭ ئوبرازىنى بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك تەسۋىرلەش بىلەن ھەر بىر سۆز چېۋەرى بەدىئىي مەقسەتلەرگە يېتىشكەن ئىدى، ھومېر بىلەن ئىسخىلنىڭ ئەسەرلىرىدىن قەھرىمانىنىڭ تراگېدىيىلىك تەقدىرىنى خاس خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلسەك،ھەمدە كىرستا ۋولېفنىڭ پوۋېستى، چېنگىز ئايتماتوۋنىڭ رومانى گرېك مىفولوگىيىسى بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ بۈگۈنكى ـ ئەتىكى ئۇلۇغ ساۋاق ئېلىشى ئۈچۈن ئۆز ئارا باغلىنىدۇ، بىراق يازغۇچىلاردا پەرق ئاسمان بىلەن يەردەك، «كاسساندرا» پوۋېستىدە قانداقلا بولمىسۇن بەلگىلىك مىفولوگىيە سىخېمىسىدا تەرەققىي قىلىپ ئىنسانىيەتنىڭ ھازىرى، كېلەچىكى ئۈچۈن ئارامسىزلىق ئاتا قىلىشى ئەگىتمە مەنا ئارقىلىق بېرىلىدۇ، «كاسساندرا تامغىسى» رومانىدا مىفولوگىيىلىك ۋەقەلىك تاپتاقىر يوق، بىراق سەگەكلىككە، كۆز ئوچوقلۇققا ئىشەنمەسلىك مەپكۇرەسى رومان بىلەن گرېك مىفولوگىيىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئومۇمىيلىقنى بىلدۈرۈپ بىئارامىلىق ئوپئوچۇقلا، قوشۇمچە مەنالاردا قاتلامىسېرى تەسۋىرلىنىدۇ.

كاسساندرانى ئەڭ مۇھىمى ئايتماتوۋ مىفولوگىيىدىكى قىزلار ئەمەس، ئادەملا ئەمەس، بەلكى ئۇنى سەگەكلىكنىڭ تىمسالى قاتارىدا قوبۇللايدۇ، شۇنداق، رومانىنىڭ نامىنى قويۇشقا، ئۇنىڭ ئىلاۋىسىنى يېزىشتا، ئاخىرىدا ئەسەرگە چېكىت قويۇشتا ۋە فىلوفېينىڭ كائىناتتىكى ئىلمىي نەزەرىيىسىنىڭ ئاشكارىلىنىشىنىڭ ئەھمىيىتىگە ھەققىدە توختىلىشقا يازغۇچىنىڭ ئاڭ ـ سېزىمىدە مىفولوگىيىلىك كاسساندرانىڭ ئوبرازىنىڭ ياشىغانلىقىنى ئېيتمىسامۇ مەلۇم.

ئايتماتوۋنىڭ كاسساندراسى بۇ يېگانە ئادەمنىڭ شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرى، مۇئەللىپنىڭ كاسساندراسى ئادەمنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىدا، ئۇنىڭ ئىچكى ۋە سىرتقى كۆرۈنۈشىدە، ئىچكىسى ھېلىلا يورۇق دۇنياغا كېلىدىغان ئانىنىڭ قورسىقىدىكى ھامىلىدۇر، ئۇلاردىن ئادەمزات ئەپلەپ بىر ئاماللاپ قۇتۇلسا بولىدۇ، بىراق سىرتقى كۆرۈنۈشتىكى ئادەم بولغان ئىككى پۈتلۈق ئادىمىي ھايۋانلاردىن قانداق قۇتۇلۇش كېرەك؟! ھېيد مۇھەممەدوۋنىڭ كاسساندراسىنىڭ ھەم ئوڭ، ھەم تەتۈر مەناسى بار، ئوڭ مەناسى دېگىنىمىز ـ دائىم كۆزى ئوچۇق، سەگەك بولۇش، ئالدىنئالا ئەسكەرتىش ئارقىلىق ئادەمگە، ئادەمزاتقا بېشارەت بېرىش، ياخشىغا ياخشىلىق قىلىش، ئادالەتلىك بولۇش، ھايات قەدرىنى بىلىش، بەختلىك بولۇش، تەتۈر مەنا دېگىنىمىزنى دېمىسەممۇ چۈشىنىشلىك بولۇپ دەسلەپكىسىنىڭ قارىمۇ قارشى، بىراق، ئادەم بالىسىغا تەئەللۇق بىر مىجەز خاسىيىتى شۇكى ئادەم ياخشىلىققا قارىغاندا يامانلىقنى تېز قوبۇل قىلىۋالىدۇ ئەمەسمۇ؟! شۇڭا كىشىلىرىمىز «ئادەم بولۇش ئاز ـ ئازدىن، ھايۋان بولۇش بىردەمدىن» دەپ قويۇشىدىغان ئوخشايدۇ.

تراگېدىيە! تراگېدىيە! كائىناتتىكى فىلوفېي بىلەن يەردىكى ئادەم

بالىسىنىڭ قارىمۇ قارىشىلىقى، بورك بىلەن ئوردوك سىياقتىكى زاماناداشلارنىڭ يارىشىشى، قارشىلىقى، ھەقىقەت بىلەن ناھەقلىقىنىڭ، ۋىجدان بىلەن ۋىجدانسىزلىقىنىڭ، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقىنىڭ زىددىيىتى، ئوڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيەتچانلىقىنىڭ يېشىلىشى تراگېدىيىنىڭ تۈگۈلۈشىدۇر.

«كاسساندرا تامغىسى» قەھرىمانلارنىڭ قايغۇلۇق قارىمۇ قارشى ۋەزىيەتتىگە نېگىزلەنگەن فانتازىيە بىلەن چىنار تۇرمۇش چىرماشقان ئەسەر، ھەمدە ئۇنىڭ مەزمۇنلۇق ئەھمىيىتى كېلەچەكتىكى ئەۋلادلارنىڭ «بېشىنى قاتۇرىدىغان»قايناق ئىلمىي مەسىلە،بۇتېبابەتتىكى ئەمەلىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ۋە ئەقىل ـ ھۇشىنىڭ مەنتىقىسىگە دەل كېلىپ قېلىشى مۇمكىن، شۇنداقلا ئايتماتوۋنىڭ رومانى قۇرۇق خىيالدىن يارالغان مەۋھۇم ئويلار ھەققىدە بولمايدۇ، روماندا ئادەمزات كېلەچەكتە يولۇقىدىغان مەنزىرىنى كۆرەلىگەنلىك بىلەن ئالدىنئالا بېشارەت بېرەلىگەنگە ھەيران قالمىسا بولدى، ھازىر «كاسساندرا تامغىسى»نى بەدىئىي ئەسەر قاتارىدا قوبۇل قىلىپ ئۇنىڭدىكى قەھرىمانلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇرەككەپ پسىخولوگىيىلىك ھال ـ ئەھۋالغا كىتابخانلىق سېزىم، كۆيۈنۈش بىلەن مۇئامىلە قىلىمىۋاتىمىز، بۇنىڭغا پۈتۈنلەي سەل قارىشىمىزمۇ مۇمكىن، بىراق، ئەتە ـ ئۆگۈن كاسساندرا ھامىلىسى ھاياتلىق تۇرمۇشىمىزدا چىنبارلىقتا ئايلىنىپ قالسا، جامائەتچىلىكتە،ئۆزىڭىزدە قايسى خىل پسىخىك يارىلىش پەيدا بولىدىغانلىقىنى ئاڭقىرىپ كۆرۈڭچۇ؟!